«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# ئۆتمۈشنىڭ تامغىسى- يەر ناملىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# ئۆتمۈشنىڭ تامغىسى— يەر ناملىرى

(بەشىنچى توم)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭدا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھ - بەرلىكى ۋە يېقىندىن قوللىشى، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇ - مىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى 86 توملۇق كەسپىي تەزكىرە، 100 نەچچە توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى، يىلدا بىر توم نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

كەسپىي تەزكىرىلەر ۋە جايلار تەزكىرىلىرىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئۆز ئال - دىغا پەسىللىك «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى نەشر قى - لىپ ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ژۇرنالدا تەزكىرىچىلىككە دائىر مۇھىم ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنىپلا قال - ماستىن، يەنە تەزكىرە تۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور - زور ئىش ھەم ۋەقەلەر، بۇ ئىش ھەم ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق، ئەمەلىي ما - تېرىيال ئاساسىدا يېزىلغان، كۆزقاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوخشاش بولمىغان ماقالىلەرمۇ ئەينەن، كەڭ تۈردە ئېلان قىلىن - نىپ، تارىخ ـ تەزكىرە ساھەسىدىكى خادىملارغا ھەم كەڭ ئوقۇر -

مەنلەرگە ئوبدان ئەينەك، ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق بولدى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتقان مىللەتلەر نەشرىياتى رەھبەرلىكىنىڭ ھاۋالە قىلىشى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى ھەم قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سانلىرىنىڭ «تارىخىي شەخسلەر»، «تارىخ سەھىپىسىدە»، «تارىخىي ئەسلىمە»، «ئىلمىي مۇھاكىمە»، «يەر ــ جاي ناملىرى تەتقىقاتى» قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم ماقالىلەر ئىچىدىكى ئەنئۇزارلاپ ساقلاش، تەتقىق قىلىش ھەم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى تاللاپ سۇندۇق. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئەسلىدە شىنجاڭدىكى تارىخ ــ تەزكىرىچىلەر قوشۇنىنى تەربىيىلەش، ئۇلارنى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت، ئوبلاست ھەمدە ھەرقايسى كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈشتە زۆرۈر بولغان خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغاچقا، تارىختا سەلبىي ــ ئىجابىي رول ئوينىغان ھەر خىل شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىمۇ تەزكىرىچىلىك ئىلمىنىڭ جىنى ھېسابلانغان «بايان قىلىش، مۇھاكىمە يۈرگۈزمەسلىك» پرىنسىپى ئاساسىدا ماتېرىيال سۈپىتىدە بېرىلگەن.

شۇڭا كىتابخانلارنىڭ بۇ خىلدىكى ماتېرىياللارغا مۇشۇ زامان تۇرغۇسىدىن ئەمەس بەلكى ئەينى دەۋر نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشى ۋە تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى
2010 ــ يىلى نويابىر

NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# مۇندەرىجە

تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر ........................
........................ ئىبراھىم مۇتىئىي 1
توپونىمغا دائىر ئىزدىنىشلەر ..................... ئىمىن تۇرسۇن 23
يەنە بىرقانچە تارىخىي يەر نامى توغرىسىدا ...... ئىمىن تۇرسۇن 77
يەر ناملىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەيلى ......... غازى ئەھمەد 87
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن قىسمەن يەر ـ جاي ۋە
قەبىلە ناملىرى ........................... يارمۇھەممەت تاھىر 93
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن يەر ـ جاي نامىلىرىنىڭ
تارىخىي قىممىتى ........................ غوجائەخمەت يۇنۇس 110
يەر ـ جاي نامىلىرى تەزكىرىلىرىدىكى ئىلمىيلىك مەسىلىسى ...
........................................ ئابلەت ئابباس 119
شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىختىكى بەزى نامىلىرى ......................
........................................ ئەخمەتجان مۆمىن 127
يەر ـ جاي نامىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ......................
........................................ رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا 131
شىنجاڭدىكى بىرقىسىم ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يەر ـ جاي نامىلىرى
بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىشى ............... ئابلىمىت ئابدۇقادىر 139
ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تارىختىكى نامىلىرى .....................
........................................ ئابدۇراخمان مامۇت دىيار 144
«يوپۇرغا» نامى ھەققىدە ...................... ئابدۇكېرىم روزى 147
تارىختىكى ئونسۇ....................... ئابدۇراخمان مامۇت دىيار 150
«ئۇيغۇر ئېلى» نامى ھەققىدە ......................... غالىپ بارات 154
«پاسىيان» ۋە «گۇما» دېگەن نامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىـ

سىدا ............................................ ئادىل مۇھەممەت 158
شىنجاڭدىكى قىسمەن يەر ناملىرى توغرىسىدا ....................
.......................... ئامىنە ئابلىز، ئابدۇرېشىت ياقۇپ 164
قەدىمكى قوچو - بېشبالىق يولى — «تادى يولى» ھەققىدە .......
.................................................. ئابلىم قېيۇم 171
ئۈرۈمچىدىكى ئىلگىرىكى بەزى يەر - جاي نامىلىرى توغرىسىدا
................................................ نىياز كېرىمى 173
قەشقەر دېگەن نام قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغان؟ ...............
........................................... يۇنۇسجان ئېلى 180
تارىختىكى «سۇلى» بىلەن بۈگۈنكى «سۇلى» بىر جاي ئەمەس .....
.................................................. ئابلەت ئابباس 185
قەدىمكى شەھەر — روران ..................... توختى تۇراخۇن 189
قەشقەر شەھىرىدىكى بىرقىسىم يەر - جاي نامىلىرىدىن قەشقەر -
لىكلەرنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىك شەكلىگە نەزەر ................
........................................... مۇختەر ئابدۇرېشىت 195
يەكەن دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ......... ياقۇپ ئەمەت 204
«سوقاق يولى» توغرىسىدا مۇلاھىزە ............ مامۇت زايىت 207
«قاغىلىق» نامى توغرىسىدا .................. سۇلتان مامۇت 213
خوتەندىكى بىرقىسىم يەر نامىلىرىغا دائىر رىۋايەتلەر .............
.......................................... مەتقاسىم ئابدۇراخمان 215
«بۆگۈر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ... ئەنۋەر سەيدۇللا 218
بۆگۈر نامى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزە ........... قۇربان تۇران 224
ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بىرقىسىم يەر نامىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ...
............................................ بەيتۇللا جانئەخمەت 229
«ئاق ئوردا» ۋە «تۇرۇمتاي كۆلى» دېگەنناملار ھەققىدە ..........
........................................... ئوسمان مۇھەممەت 235
قاغىلىقنىڭ تارىختىكى نامىلىرى ۋە «叶城» توغرىسىدا مۇلاھىزە
......................................... مۇختەر مامۇت مۇھەممىدى 237

سەددىچىن، بوغدا، توپئاتار، فۇكاڭ دېگەن يەر نامىلىرى توغرىسىدا ............ ئىمىن تۇرسۇن 240
«گۇما» نامىغا دائىر رىۋايەتلەر ........... ئابدۇلئەھەت ئالىم 243
پەيزاۋات ۋە مارالبېشى ناھىيىلىرىدىكى قىسمەن يەر نامىلىرى توغرىسىدا ........................ ئابلەت ئابباس 246
چاقىلىق نامى ھەققىدە مۇلاھىزە ................ غالىپ بارات 254
«چىن» ۋە «ماچىن» نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ........................................ غالىپ بارات ئەرك 259
«چىرىيە» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ........................... غەيرەتجان ئابدۇللا 265
«دامىكۇ» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى بىرنەچچە خىل قاراش ........................ غەيرەتجان ئابدۇللا 271
ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى بېشبالىق ............................................ ئەخمەت سۇلايمان، ھەبىبۇللا 274
سايرام كۆلىنىڭ قەدىمكى نامى ـــ «سۇتكۆل» ........................................... ئابدۇرېشىت تۇداجى 280
«مەكىت» دېگەن نام ھەققىدە ......... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 283
تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بىرقىسىم يەر نامىلىرى ھەققىدە ......................................... ئابلىم قېيۇم 290
«تويۇق» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ......................................... غاپپار روزى، ئۆمەر قادىر 293
تۇرپاندىكى بەزى يەر نامىلىرى توغرىسىدا ... رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا 300
قومۇل رايونىدىكى بەزى يەر ـ جاي نامىلىرى ھەققىدە ......................................... سەمەت ئەسرا 303
شوتا يېزىسى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شوتا تەۋەسىدىكى يەر ـ جاي نامىلىرى ......................... قۇربان رەھىم 313
چېڭدې ۋە ئىلى ........................ ئابلىمىت مەھەممەت 317
خوتەننىڭ قەدىمكى نامى ھەققىدە ... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 321

يەنە «تارىم» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ..........
.......................... ئېلى غوپۇر 327
تۇرپاننىڭ تارىختىكى ناملىرى توغرىسىدا .........................
..................... ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق 333
خاتا ئىزاھلانغان بىرقانچە يەر نامى توغرىسىدا ......................
................................. يۇسۇپ پاۋان 341
تاشقورغان رايونىنىڭ تارىختىكى ناملىرى توغرىسىدا ...........
............................... شېرىن قۇربان 345
قومۇلدىكى «ساقا»، «دۆڭگۇرساقا»، «ئالتىنزاق» دېگەن يەر ناملىرى
ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە ................. شەۋكەت ھامۇت 350
«قۇمۇل» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا تو-
لۇقلىما ............................. ئابلىز مەمتىلى 354
تارىختىكى ئاراتۇرۇك ۋە «ئاراتۇرۇك» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى
.................................. ئايشەمگۇل ئايۇپ 364
لوپ رايونىدىكى يەر ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ........
.............................. غالىپ بارات ئەرك 369
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەسلىي نامى ھەققىدە ئىزدى-
نىش ............................... ئابدۇغېنى سەيدىن 382
كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلارنىڭ قەدىمكى ناملىرى ................
...................................... پائۇل پېللىئوت 390
ئېمىل دەرياسى ۋە ئېمىل شەھىرى ........ تاھىر تاشبايېف 398
يەر ناملىرى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر ....................
......................... قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى 412
كەلپىندىكى بەزى يەر ناملىرىغا ئىزاھات ....... مامۇت قۇربان 422
«ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى توغرىسىدا ....... ئىسرائىل مۇتىللا 431
يوپۇرغا ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىكى يەر
نامىلىرى .............................. ئوبۇل مەخمۇت 436
قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلاردىكى يەر نامىلىرى .....................
.................................... پائۇل پېللىئوت 443

ئۈرۈمچىدىكى «دۆڭكۆۋرۈك» ۋە «ئەرداۋچىياۋ» ناملىرىنىڭ كېلىپ
چىقىشى ھەققىدە ........ ئابدۇراۋۇپ ئابدۇللا 456
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بالىقچەلەر ..................
............................................ ئىسمائىل تۆمۈرى 459
كەلپىنلىكلەر ۋە كەلپىندىكى بىرقىسىم يەر ناملىرى ..........
......................................................... مامۇت قۇربان 463
«توقسۇ» نامى ۋە توقسۇ ناھىيىسىدىكى بەزى يەر ناملىرىنىڭ
ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ............ ئەخمەت روزى توغرۇل 474
قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىرقىسىم يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىـ-
قىشى ............................ مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 480
ئىلى ۋىلايىتىدىكى يەر ناملىرى ھەققىدە ..........................
.................. ئابلىمىت مۇھەممىدى، ئىسھاق باستى 485
پىچان ناھىيىسىدىكى مەھەللە ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بەزى
يەر ـ جاي ناملىرى توغرىسىدا ....... ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر 494
ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىكى قىسمەن تارىخىي يەر ـ جاي ناملىرى
............................................ ئىسمائىل تۆمۈرى 499

# تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر

## ئىبراھىم مۇتىئىي

يېقىندا «شۇەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ لېنىنگرادتىكى شەرقشۇ- ناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇس- خىسىغا ئاساسەن ل . يۇ . تۇگۇشېۋا تەرىپىدىن نەشرگە تەييار- لىنىپ، موسكۋا پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇس- خىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا چېلىققان تەكلىماكان ئەتراپىدىكى 7 ـ ئەسىرگە ئائىت بىر مۇنچە شەھەرناملىرى دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتتى. مەھمۇد كاشغەرىيدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تەرجىمان، تىلشۇناس سىنقۇسېلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەردە شۇەن زاڭ تەرىپىدىن خەنزۇچە خەتلەر بى- لەن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان ياكى مەنە تەرجىمىسى بېرىل- گەن بىر مۇنچە يەر ناملىرىنىڭ يەرلىك خەلق تىلىدىكى ئەسلىي تەلەپپۇزى ئېنىقلاپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلغان ئا- لىملار سىنقۇسېلى تۇتۇڭ بۇ ئەسەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قى- لىش جەريانىدا ئىلگىرى شۇەن زاڭ يۇرۇپ ئۆتكەن يەرلەرنى بىر قېتىم ساياھەت قىلىپ بۇ يەرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چىققان، بولمىسا خەنزۇچىدىن ئەسلىي تەلەپپۇزنى بىلىش بەك قىيىن بولغان يەر ناملىرىنىڭ مۇنداق توغرا تەرجىمە قىلىنىشى بەك تەس، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

مەن سىنقۇسېلى تۇتۇڭ تەرجىمىسىدە ئۇچرىغان بۇ شەھەر ناملىرىنى شۇەن زاڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى

غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» (قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى «كېرۈگى ئەللەر ئۆتۈگى»)نىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى ئا-تاقلىق سانسكرتشۇناس ئالىم جى شيەنلىن ئەپەندى تەھرىرلىك-دە نەشرگە تەييارلانغان شەرھى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، مەزكۇر شەھەر ناملىرى ھەققىدە بەك قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. بۇ مەلۇماتلارنىڭ شىنجاڭغا ئائىت قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور گېڭ شىمىن تەرىپىدىن تەييارلانغان. تۆۋەندە مەن «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قە-دىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىكى ئەنە شۇ شەھەر ناملىرىنى ۋە بۇ ھەقتە «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى،گە شەرھى» دەپ توپلانغان مەلۇماتلارنى كىتابخانلارغا قىسقىچە تو-نۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

**كەش بالىق (قەشقەر)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 78 ـ ۋاراق، 9 ـ قۇر)دا «قەشقەر»، «كەش بالىق» دې-يىلگەن، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە «بالىق» شەھەر دېگەن بولىدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ تاڭ سۇلا-لىسى دەۋرىگىچە قەشقەر سۇلېگو (疏勒国) دەپ ئاتىلىپ كەل-گەن. شۈەن زاڭ بۇشەھەرنى «چۈشاگو» (去沙国) دەپ ئاتىغان. بۇ «كەشبالىق»نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ ـ مەنە تەرجىمىسى. بۇنىڭدىن باشقا خەنزۇچە مەنبەلەردە «竭石» (جيېشى) «竭叉» (جيېچا)، «迦舍» (جياشى)، «伽师» (جياشى)، دېگەندەك خىلمۇخىل شە-كىللەردە يېزىلغان يەر ناملىرى «كەش» ياكى «كاش» دېگەن يەر نامىنىڭ ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن ھەر خىل خەنزۇچە خەتلەر بى-لەن يېزىلغان ئاھاڭ تەرجىملىرىدىن ئىبارەت. شۇ دەۋردە ھىن-دىستانغا ساياھەتكە بارغان خۇي چاۋ ئۆز ساياھەتنامىسىدە «سۇ-لېغا يېتىپ كەلدىم. چەت ئەللىكلەر (يەرلىك خەلقنى دېمەكچى) بۇ شەھەرلەرنى «伽师祇离国» (جياشىدىلى مەملىكىتى) دەيدۇ» دەپ يازىدۇ.

بۇ ئاھاڭ تەرجىمىلىرى ئىچىدە جىياشىدىلى (伽师祇离) ياكى «جىياشىجىلى» (伽师吉黎) دېگەنلەر «كاشغەر» دېگەن ئىسمىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئەڭ كونا ئاھاڭ تەرجىمىسى. دېمەك، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇزاق مۇددەت «سۇلې» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ يەر ئىسمى شۇ دەۋردىلا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «كاشغەر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

قەشقەرنىڭ «سۇلې» دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئىسمنى «سوغلاق» ياكى «سوغداق» دېگەن مىللەت ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ (سوغدى تىلىدا ‹ل› تاۋۇشى بىلەن ‹د› تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسى بار. سوغدى تىلىنىڭ بىر شېۋىسىدە بۇ مىللەت نامى سوغداق دېيىلسە، قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلار شېۋىسىدە سوغلاق دېيىلىدۇ). خېرمان تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پىكىرگە فىرانسىيە[1] ئالىمى پېللىئوت رەسمىي ھۆججەت ئاساسى يوق، دەپ قوشۇلمايدۇ. «سوغداق» دېگەن ئىسىم تۈركىي خەلقلەرنىڭ «سوغداق»لارنى ئاتىشى، قەشقەردىن باشقا لوپنۇر ۋە دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى دەريالارنىڭمۇ «سۇلې» دەپ ئاتىلىشى بۇ يەرلەردىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە سوغدى سودا مەركەزلىرى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىسىمنى بەزى ئالىملار تۈركىي تىلىدىكى «سۇلىق» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېسىمۇ، لېكىن بۇمۇ بىر پەرەز دىنلا ئىبارەت. بۇنىڭمۇ ھازىرچە ھېچقانداق يازما ھۆججەت ئاساسى يوق.

كاشغەر دېگەن ئىسىمغا كەلسەك، بۇ ئىسىم كاش (خەنزۇچە جىياشى 伽师) بىلەن «غار» دېگەن ئىككى قىسىمدىن قۇرۇلغان. قەدىمكى ساك تىلىدا «غاررى» دېگەن سۆز «رايون، مەملىكەت ياكى شەھەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ[2]. «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان سىنقۇسېلى تۇتۇڭ «غار»نى «بالىق» دەپ تەرجىمە قىلىپ كاشغەرنى «كەش بالىق» دەپ ئىپادىلىگەن.

بۇ ئىسىم تەركىبىدىكى بىرىنچى سۆز «كەش» ياكى «كاش»قا كەلسەك، بەزى ئالىملار بۇ سۆز قەدىمكى ھىندى مەنبە-لىرىدە ئۇچرايدىغان ھىمالايا تاغلىرىدا ياشايدىغان كاشال دېگەن قەبىلە ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەيدۇ. خوتەن ساك تىلىدىكى «تاڭغۇت يولىغا ساياھەت خاتىرىسى»[3] دېگەن ھۆججەتتە قەشقەر «گاسجاڭ» دېيىلگەن. بۇ ھۆججەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، «خوتەن ھۆكۈمدارى ۋىساراسىياخا قەشقەر ھۆكۈمدا-رىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، قەشقەردە گاسونا («قەشقەرلىك») دېگەن نامدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان. خوتەن ساك تىلىدا بوغۇم بېشىدا كەلگەن «گ» تاۋۇشى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ئومۇمەن «ق» ياكى «خ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن ساك تىلىدا «گا» سۆزى قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقى ھۆججەتتىن «يۇمېن» شەھىرى گاكامانا دې-يىلگەن. بىزگە مەلۇم، خەنزۇچە 玉 (يۇ) قاشتېشى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ پاكىتلاردىن قارىغاندا، كاشغەردىكى «كاش» سۆزى قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

دېمەك، «كاشغەر» دېگەن ئىسىم كاش + غار دېگەن ئىككى سۆزدىن قۇرۇلغان بولۇپ، بىرىنچى سۆز قاشتېشى بىلەن مۇنا-سىۋەتلىك، ئىككىنچى سۆز «شەھەر» دېگەن بولىدۇ.

شۇ ئەن زاڭ بۇ يەردىكى خەلقنىڭ يېزىقى ئەنەتكەك (ھىندى) يېزىقىدىن كەلگەن، تىلى باشقا ئەللەر تىلىدىن پەرقلىنىدۇ دەي-دۇ. ھازىر يەر ئاستىدىن تېپىلغان خەت ـ چەكلەردىن قارىغاندا 3 ـ ئەسىردىن بېرى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى خوتەن ۋە غەربىي ئېتەكلىرىدىكى بارچۇق (مارالبېشى) ئەتراپىدا (قەشقەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن) ياشىغان خەلق ھىند-دى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىرىغا كىرىدىغان بىر قانچە خىل دىئالېكتىدا سۆزلىگەن. بۇ تىللار ھازىرقى تاشقورغان تاجىك تىلىنىڭ شۇغنان ۋە ۋاخان دى-ئالېكتلىرى بىلەن بىر سىستېمىغا كىرىدۇ. بۇ يەرلەردىن تې-

پىلغان ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت يازما يادىكارلىقلار تىلىنى ھازىر ئالىملار «خوتەن ساك تىلى» دەپ ئاتايدۇ. بارچۇقتىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار تىلىنى «تۇمشۇق ساك تىلى» دەپ ئاتايدۇ.

**ئۇسار بالىق (يەكەن)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى V باب، 59 ـ ۋاراق، 24 ـ قۇردا «ئۇسار بالىق» دېگەن شەھەر ئىسمى ئۇچرايدۇ (خەنزۇچىدە بۇ شەھەر乌剎国 – ئۇسار مەملىكىتى دېيىلگەن)، بۇ شەھەرنى تۇگۇشېۋا «يېڭىسار» دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ[4]. يېڭىسار كونا ئۇسار بالىق ئورنىدا مەيدانغا كەلگەن بولغاچقا، بۇ شەھەر يېڭى ئۇسار– يېڭىسار بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ستەيىن ئۇسار بالىقنى يەكەن بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدا بولغان بىر شەھەر، دەيدۇ. فىرانسىيە ئالىمى پېللىئوتمۇ ستەيىننىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ. ئەمما، ياپون ئالىمى شىراتورى كۇراكىچى ئۇسار بالىق يەكەندۇر، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەزىلەر ئۇسار بالىق تاشقورغاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چېھىل گۇمبەز ياكى يېڭىسارنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز ياردا بولسا كېرەك دەيدۇ.

«غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى بۇ شەھەر، پامىردىن شەرققە قاراپ 800 يول يىراقلىقتا، جەنۇبتا سىت ئۆگۈز (يەكەن دەرياسى)گە تۇتىشىدۇ، دېگەن سۆزلەردىن ۋە شۈەن زاڭنىڭ بۇ مەملىكەت ھەققىدىكى بايانلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان ئۇسار ناھايىتى چوڭ بىر بوستانلىق بولۇپ، بۇ ئەتراپتا پەقەت يەكەنلا ئەنە شۇنداق زور كۆلەمدىكى بوستانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا «ئۇسار بالىق» يېڭىسار ئەمەس، بەلكى يەكەن بولۇشى كېرەك، دېگەن كۆز قاراش بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق.

تارىختىن بىزگە مەلۇم، مىلادىيىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ خەنزۇچە يىلنامىلەردە يەكەن «沙车» (ساچې) دەپ خاتىرىلىنىپ

كەلمەكتە. خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ پىكرىچە بۇ ئىككى خەتنىڭ قە-دىمكى ئوقۇلۇشى Sake ياكى Saka بولۇپ، بۇ ئىسىم شۇ دەۋردە بۇ يەردە ھۆكۈمران بولغان ساك دېگەن قەبىلە ئىسمىنىڭ خەن-زۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. سىنقۇسىلى تۇتۇقدىن بىر ئەسىر كېيىن ئۆتكەن مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋا-نى»دا بۇ شەھەرنى «ياركەنت» دەپ يازىدۇ. بۇ ئىسىم ئېگىز يار دېگەن مەنىدىكى يار بىلەن شەھەر دېگەن مەنىدىكى پارسچە «كەنت» دېگەن سۆزلەردىن قۇرۇلغان.

يەكەن دەرياسى بۇ يەردە «سىت ئۆگۈز» دەپ ئاتالغان، قەدىم-كى ئۇيغۇرچىدىكى «سىت» سانسكرىتچە «Sita» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇددا نوملىرىدا يەكەن دەرياسى شۇ جۈملىدىن پۈتۈن تا-رىم دەرياسىمۇ «سىت ئۆگۈز» (سىتا دەرياسى) دەپ ئاتىلىپ كەل-گەن. خەنزۇچە بۇددا نوملىرىدا بۇ دەريا ئىسمى «死多» (سىدو)، «私他» (سىتا)، «私多» (سىدو)، «私陀» (سىتو) شەكىللىرىدە يېزىلىپ كەلمەكتە. «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە «徒多河» (تۇدوخې) دېيىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى «سىتا» دېگەن سانسك-رىتچە ئىسمىنىڭ ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىملىرى.

**كاۋانتا (تاشقورغان)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا بۇ شەھەر نامى «劫盘陀» (چىېپەنتو) دېيىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىدا «كاۋانتا» دېيىلگەن. خەنزۇچە مىلادىيىنىڭ باشلىرىغا ئائىت تارىخنامە-لەردە «蒲梨» (پۇلى) دەپ ئاتالغان. بۇ يەر ئىسمى بۇددا نومل-رىدا «诃盘陀» (كېپەنتو)، «汉盘陀» (خەنپەنتو) دېگەندەك شە-كىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كاپانتا ياكى كاۋانتا دېگەن ئىسمىنىڭ ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىملىرى. «تاشقورغان» دېگەن نام ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردىن «ھۇ-دۇدۇلئالەم»دە 1 ـ قېتىم تاش مىنار ياكى تاشقورغان شەكلىدە ئۇچرايدۇ. دېمەك، 7 ـ ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا تاشقورغان «كاۋانتا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**چەكۆك بالىق (قاغىلىق)**

«شۆەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا بۇ شەھەر «斫句迦» (جېجۇجيا) دەپ يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ( V باب، 16 ـ ۋاراق، 19 ـ قۇر)دا بۇ «چەكۆك بالىق» دەپ يېزىلغان. «چەكۆك» دېگەن بۇ نام سانسكرىتچە يادنامىلەردە چاكۇكا ياكى چاكۇكالا شەكلىلىرىدە يېزىلغان. بۇددا دىنىغا ئائىت باشقا خەنزۇچە يادنامىلەردە بۇ يەر ئىسمى «周吉河» (جۇجىخې)، «遮拘迦» (جى جۇجيا)، «遮启迦» (جىچىجيا) دېگەن شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىسىمنىڭ سانسكرىتچە شەكلى چاكۇكانىڭ ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىلىرى. سىنقۇسېلى تۇتۇڭ بۇ نامنى تەرجىمە قىلغاندا ئۇنىڭ سانسكرىتچە شەكلىنى ئاساس قىلىپ ئالماي يەرلىك خەلق تىلىدىكى جانلىق ئاتىلىشىنى ئاساس قىلىپ ئالغان. دېمەك، قاغىلىق شەھىرى 7 ـ ئەسىرلەردە «چەكۆك بالىق» دەپ ئاتالغان.

**ئۇدۇن (خوتەن)**

«شۆەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا ( V باب، 63 ـ ۋاراق، 21 ـ، 22 ـ قۇرلار) خوتەن دېگەن نام «ئۇدۇن» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ بۇ شەھەر «ئۇدۇن» دېيىلگەن. خەنزۇچە يىلنامىلەردە بۇ شەھەر ئىسمى «兀丹» (ۋۇدەن)، «于阗» (يۈتيەن)، «于窴» (يۈجى) شەكىللىرىدە يېزىلىپ كەلگەن.بۇلار «ئۇدۇن» دېگەن ئىسىمنىڭ ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىلىرى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسەرلەردە بۇ شەھەر ئىسمى «斡端» (ۋودۇەن) ياكى «忽炭» (ۋۇتەن) شەكىللىرىدە يېزىلغان. بۇ «خوتەن» دېگەن ئىسىمغا ئەڭ يېقىن ئاھاڭ تەرجىمىسى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تارىختىن خەۋەرسىز بەزى مەنسەپدارلارنىڭ خاتالىقى سەۋەبىدىن خوتەننىڭ قەدىمكى ئىسمى بولغان «ئۇدۇن» (于阗) ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسىگە يۆتكەپ قويۇلغان. «شۆەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا خوتەن «瞿萨旦那» (چۈسادەننا) دېيىلگەن. بۇ خوتەننىڭ

ئەسلىي ئىسمى بولغان Gostana (گوستانا) دېگەن سانسك-رىتلاشقان شەكلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «于 闐» (يۈتيەن) دېگەن خەت «odan» (ئودان) دەپ ئو-قۇلغان. «تۈنيۈقۇق» ئابىدىسىدە خوتەن دېگەن ئىسىم «قورتان» دەپ يېزىلغان. بۇ شەكىل خوتەننىڭ قەدىمكى كۇسەن (توخار) تىلىدىكى ۋارىيانتى بولغان «كورتتانا»دىن كەلگەن بولسا كېرەك⑤.

شۇەن زاڭ «گوستانا» سۆزىنى ئىزاھلاپ «گو ـ يەر، يەر ـ زېمىن» دېگەن بولىدۇ، «ستانا» سانسكرىتچە ئەمچەك دېيىلىدىك-تۇر، شۇڭا «گوستانا» دېگەن سۆز «يەر ئەمچىكى» دېگەن بولىدۇ. بۇ خىل تەھلىل خوتەننىڭ بىنا بولۇشى ھەققىدىكى بىر ئەپسا-نىۋىي رىۋايەتتىن كەلگەن⑥.

بۇ رىۋايەت بويىچە، قەدىمكى زاماندا (ئالىملارنىڭ تەھلىلىچە مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 1 ـ ئەسىردە) خوتەننى بىنا قىلغان ھۆ-كۈمدار ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەۋلادى بولماي، خەلق قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئاقساقاللارنىڭ مەس-لىھەتى بىلەن خوتەننىڭ ھامىيسى ھېسابلانغان بىسامىن تەڭرى ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، بىسامىن تەڭرىدىن بىر بالا تەلەپ قىل-غان. بىسامىن تەڭرى ئۆلارنىڭ يالۋۇرۇشلىرىدىن تەسىرلىنىپ پېشانىسىنى يېرىلدۇرۇپ بىر بوۋاق چىقىرىپ بەرگەن. خوتەن خەلقى بەك خۇشال بولۇپ، بۇ بوۋاقنى شەھەرگە ئېلىپ كەلگەندە بوۋاق ئەمچەك ئەممەي تۇرۇۋالغان. خەلق بوۋاقنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يەنە بىسامىن تەڭرى ئالدىغا نەزىر ـ نۇزرەت قىلىپ بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلغان. بىسامىن تەڭرى بۇلارغا بىر كارامەت كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى يەردىن ئەمچەككە ئوخشاش بىر كىچىك دۆڭ پەيدا قىلغان، ئاندىن بۇ دۆڭدىن شېكەر قومۇشى كۆتۈرۈلۈپ، بۇ قومۇشتىن سۈتكە ئوخ-شاش ئاق شەربەت قايناپ چىققان. خەلق شۇ شەربەت بىلەن بوۋاقنى ئوزۇقلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بوۋاق ساغلام چوڭ بو-

لۇپ، ھەر جەھەتتىن ئەقىل ـ پاراسەتلىك، باتۇر بىر يىگىت بو ـ لۇپ يېتىشكەن. تەختكە ئولتۇرۇش يېشىغا يەتكەندە خوتەن خەل ـ قى ئۇنى خوتەنگە پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرگەن. مۇشۇ سەۋەبلىك خوتەن شەھىرىنىڭ نامى «گوستانا» (يەر ئەمچىكى) بولۇپ قال ـ غان. ئەلۋەتتە، بۇ پەقەت بىر رىۋايەت. فىرانسىيە ئالىمى پېللى ـ ئوت بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرنى يەكۈنلەپ: خوتەن دېگەن ئىسىم مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 2 ـ ئەسىردە «Gotan» (گوتان) دېيىل ـ گەن، مىلادىيىنىڭ باشلىرىدا «Gostana» (گوستانا) دېيىلىپ، ھەر ئىككى ئىسىم تەڭ ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بۇ ئىسىملارنىڭ ھەر ئىككىسى «گو ئېلى» ياكى «گوئىستان» (گو مەملىكىتى) دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «گو» خوتەندىكى بىر قە ـ دىمكى قەبىلە ئىسمى. خوتەندە ئومۇمەن گو، گوي بوغۇملىرى ئارىلاشقان يەر ناملىرى كۆپ[7].

قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە «خوتەن»نىڭ «ئۇدۇن» دېيىلىشىگە كەلسەك، تۈركىي تىللاردا بوغۇم بېشىدا كەلگەن «گ» ياكى چۇ ـ شۈپ قالىدۇ، ياكى بولمىسا «ق»، «خ»غا ئالمىشىدۇ. چۈشۈپ قې ـ لىشىغا «ئۇدۇن» (گوتان سۆزى لەۋزىلىشىپ «ئۇدۇن» بولغان)، «ق»، «خ»غا ئۆزگەرگىنىگە قورتان ياكى «خوتەن» ۋەكىللىك قى ـ لىدۇ.

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا خوتەننىڭ تىل ـ يېزىقى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىككى بىتىكى (بار)، يىراقتا ئەنەت ـ كەك ئۆزىكىن ئاغىرلايۇرلار، ياغۇقتا ئۆز ئۆزىكلەرىن تۇتار. ئۆز ئۆزىكلەرى يەمە ئەنەتكەكچەسىگ ئۆك ئەرىپ، ئىنچا يەنە ئانچە قىيا تەگشىلۇر». (ئىككى خىل يېزىقى بار، تاشقىرىغا نىسبەتەن ئەنەتكەك (ھىندى) يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ، ئۆز ئىچىدە ئۆز يېزىق ـ لىرىنى ئىشلىتىدۇ، ئۆز يېزىقىمۇ ئەنەتكەك يېزىقىغا ئوخشاش بولسىمۇ (ئەمما) ئۇنىڭدا يەنە بەزى ئۆزگىچىلىكلەر بار)[8].

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەر خارابىلىرى بىلەن دۇنخۇاڭدىكى

مىلىڭ ئۆيلەردىن قەدىمكى براخما يېزىقىدا (ياكى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋارىيانتىدا) يېزىلغان نۇرغۇن قوليازمىلار تېپىلدى. باشتا بۇ قولىيازمىلارنى ھېچكىم ئوقۇيالمىدى. نېمىس ئالىمى لېۋمان (Levman) بىرىنچى بولۇپ بۇ يېزىقنى ئوقۇپ چىقىپ، بۇ تىل ھەققىدە توغرا بولمىسىمۇ بەزى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بۇ تىل بىر خىل قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلى بولۇپ، ئۇ-نىڭدا شەرقىي ئىران تىلىغا خاس گىراماتىك قۇرۇلمىلار ئاسا-سىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەمما، لېكسىكا جەھەتتە ئۇنىڭدا ھىند-دى تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. 1914 - يى-لى نورۋېگىيە ئالىمى ستېن كونوۋ «خوتەن تىلى ھەققىدە تەتقى-قات»[9] ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، بۇ تىلنىڭ قەدىمكى خو-تەندىكى يەرلىك خەلق تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ تىل بىر خىل ساك تىلى بولغانلىقتىن، باشقا ساك تىللىرىدىن پەرق-لەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا «خوتەن ساك تىلى» دەپ ئات قويۇلدى.

ئەنگلىيە ئالىمى ھ. ۋ. بەيلى بۇ تىلدىكى ھۆججەتلەرنى تەت-قىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى 1 - ئەسىردىن 6 - ئە-سىرگىچە بولغان دەۋرگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى[10]. بۇ يازما يادىكارلىقلار تىلىدا شېۋە پەرقىمۇ مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ تىل قەدىمكى خوتەن ساك تىلى ۋە كېيىنكى خوتەن ساك تىلى دېگەن تۈرلەرگىمۇ بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ خېلى چوڭ پەرق بار. بەزى پارچە - پۇرات ھۆججەتلەردىن قارى-غاندا، ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىردە قەشقەر رايونىدىكى يەرلىك خەلقمۇ بىر خىل ساك تىلىنى ئىشلەتكەن.

ھازىر ئېلان قىلىنغان خوتەن ساك تىلىدىكى ئەسەرلەر خې-لى كۆپ، بۇلار مەزمۇن جەھەتتىن بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر، تېبابەتكە ئائىت ئەسەرلەر، خەت - چەكلەر دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر نوملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دې-گۈدەك بۇ تىلدىكى تەرجىمىلىرى بار. مەشھۇر تېببىي ئەسەرلەر-دىن سىددا سارا «Siddhasara» ئەنە شۇ خوتەن ساك تىلىدا يې-

ـزىلغان. هازىر تۇبۇت (قەدىمكى تىبەت) تىلىدا ساقلانغان «خوتەن تارىخى»نى بەزى ئالىملار ئەسلىي خوتەن ساك تىلىدا يېزىلىپ، تۇبۇتچە تەرجىمە قىلىنغان دېگەن كۆز قاراشتا. بۇ ئەسەرنىڭ خوتەن ساك تىلىدىكى نۇسخىسى يوقالغان. خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئەدەبىي ئەسەرلەر (بولۇپمۇ شېئىرلار)مۇ بار. مۇشۇنداق شېئىرلار ئىچىدە بىر قەدىمكى خوتەن شائىرىنىڭ باھارنى كۈيلىگەن شېئىرى هازىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد شەھىرىدە ساقلانماقتا. قەدىمكى خوتەن هۆكۈمدارلىرىدىن سانىرانىڭ گەنسۇدىكى ساجۇ (دۇنخۇاڭ)غا ياتلىق قىلىنغان مەلىكىسىنىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەۋەتكەن بىر شېئىرىمۇ فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدە ساقلانماقتا.

قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدا ئەسەر يازغان يازغۇچىلاردىن بىزگە ئىسمى مەلۇم بولغان ئۈچ ئادەم بار. بۇلار:

Sikxananda (سىكشاناندا)، Divaprajna (دىۋاپىراژنا)، Vedyesila (ۋېدىيېسىلا). بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋېدىيېسىلا تەرىپىدىن يېزىلغان «بۇددا هاياتىغا مەدھىيە» ناملىق 600 مىسرالىق داستان تولىمۇ قىممەتلىك ئەدەبىي ئەسەر هېسابلىنىدۇ[11].

**مىركەي بالىق (گۇما)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىهالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا، V باب، 70 ـ ۋاراق، 7 ـ قۇر) «مىركەي» ياكى «مىركەچى بالىق» دېگەن شەھەر نامى بار. خەنزۇچە نۇسخىسىدا بۇ شەھەر نامى «勃伽夷城» (بوجايىچېڭ) دەپ يېزىلغان. ستەيىن بۇ شەھەرنىڭ ئورنىنى خوتەن بىلەن قاغىلىق ئوتتۇرىسىدىكى پىيالمىغا توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ[12]. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى گۇما ناهىيىسىگە قاراشلىق زاڭگۇي بازىرى يېنىدىن دائىرىسى ئون يول كېلىدىغان بىر چوڭ شەھەر خارابىسىنى تاپقان. بۇ خارابە سوراشان بۇغرا مازار دېگەن جايغا توغرا كېلىدۇ. «غەربكە ساياهەت خاتىرىسى»دە بۇ شەھەر (يەنى مىركەي شەھىرى) خوتەندىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا تەخمىنەن

300 يول يىراقلىقتا دېيىلگەن. بۈگۈنكى خەرىتىدىمۇ خوتەن بىلەن زاڭگۇي بازىرىنىڭ ئارىلىقى 270 يول ئەتراپىدا، بۇ ئارىلىق شۈەن زاڭ ئېيتقان 300 يولدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ. شۇڭا، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ پىكرى بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق[13]. شۇنداق بولغاندا قەدىمكى مىركەي شەھىرى هازىرقى گۇما ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.

**بىم بالىق (چىرا)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 83 ـ ۋاراق، 16 ـ قۇر)دا «بىم بالىق» دېگەن شەھەر نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ نام خەنزۇچە «媲摩» (پىمو) دەپ يېزىلغان[15]. تۈبۈتچە يادنامىلەردە بۇ شەھەر bye – ma ياكى phye – ma دەپ يېزىلغان. بۇ نامنىڭ نېمىدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار: 1. بۇ نام سانسكرىتچە Bhima دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ خوتەن خەلقى ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئىلاھنىڭ ئىسمى[16]. 2. بۇ نام تۈبۈتچە Bye – ma (قۇم) دېگەن سۆزدىن كەلگەن[17]. بۇ شەھەر ستەييننىڭ ئېنىقلىشىچە چىرا ناھىيىسىدىكى ئۇزۇن تات ياكى ئۇلۇغ مازار دېگەن جايلارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسى بولغان.

**ئۇغاي بالىق (نىيە)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 84 ـ ۋاراق، 21 ـ، 22 ـ قۇرلار)دا «ئۇغاي بالىق» دېگەن شەھەر نامى ئۇچرايدۇ. خەنزۇچە نۇسخىدا بۇ شەھەر نامى «尼壤» (نىراڭ) دەپ يېزىلغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە Nina دەپ يېزىلغان. خەن سۇلالىسى يىلنامىلىرىدە بۇ يەردىكى شەھەر دۆلىتى «精绝» (جىڭجۆ) دەپ ئاتىلىدۇ. قارۇشتىكى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە بۇ دۆلەت ئىسمى Cadota دەپ يېزىلغان. دېمەك بۇ يەردە قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ ئەسلىي ئىسمى «چادوتا» بولۇپ، خەنزۇچىگە «精绝国» (جىڭجۆگو) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ دۆلەتنىڭ ئورنى مانا شۇ نىيە ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ شە-

ھەر خارابىسى ھازىرقى نىيە ناھىيە بازىرىنىڭ 65 كىلومېتىر شىمالىدىكى قۇملۇقتا، خارابە دائىرىسى 25 كىلومېتىرغا سوزۇ-لىدۇ[18].

**ئەسكى توخرى بالىق (ئەندىرە)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 85 ـ ۋاراق، 8 ـ قۇر)دا توخرىلارنىڭ ئەسكى بالىقى دېگەن شەھەر نامى ئۇچرايدۇ. ستەيىن بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى ئەندىرەگە توغرا كېلىدۇ، دەپ مۇقىملاشتۇرغان. ستەيىن بۇ شەھەر خارابى-سىدىن نۇرغۇن مىقداردا قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تاپ-قان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا 719 ـ يىلىغا ئائىت خەنزۇچە ھۆججەتمۇ بار. ئىبادەتخانا خارابىسىدىن براخما ۋە تۈبۈت يېزىقلىرىدا يې-زىلغان نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلار تېپىلغان[19].

شۈەن زاڭ تىلغا ئالغان بۇ توخرى شەھىرى ھەققىدىكى مە-لۇمات نۇرغۇن ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولدى. ھازىرغىچە بۇ يەردە ئېيتىلغان توخرىلارنىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكى ھەق-قىدە ئورتاق پىكىر يوق. بۇ يەردە ئېيتىلغان توخرىلار كىچىك يۆشىلەر (小 月 氏) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دېگەن پىكىرمۇ بار. كۇچادىن تېپىلغان توخرى تىلىدىكى ھۆججەتلەر-دىن قارىغاندا تەكلىماكاننىڭ شىمالى (قارا شەھەر، كۇچالار)دا ياشىغان توخرىلار بىلەن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا ئۆتمۈشتە يا-شىغان توخرىلار ئارىسىدا قانداقتۇر بىر مۇناسىۋەت بولغان بول-سا كېرەك.

**سارامادان بالىق (چەرچەن)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 85 ـ ۋاراق، 10 ـ قۇر)دا «سارامادان بالىق» دېگەن شەھەر ئىسمى ئۇچرايدۇ. خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە بۇ شەھەر ئىسمى «چالمادان» دەپ يېزىلغان. خەنزۇچىسىدە بۇ شەھەر نامى «折摩驮那» (جېمودونا) ياكى «且末» (چيېمو) دەپ يېزىلغان. تۈبۈتچە ھۆج-جەتلەردە Car – Can (چارچان) ياكى Cercen (چەرچەن) دەپ

يېزىلغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ بۇ نام «چەرچەن» دەپ يېزىلـ-غان. مىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە بۇ شەھەر «址昌» (جىچاڭ)، چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە «车尔城» (چېئېرچېڭ) شەكلىدە يېزىلغان. ھازىر خەنزۇچىدە «且末» (چيېمو) ئۇيغۇرچە «چەرچەن» دەپ ئاتالماقتا.

بۇ كونا شەھەر خارابىسىنى بەزى ئالىملار چەرچەن ناھىيە بازىرىنىڭ 15 كىلومېتىر جەنۇبىدا دىسە، بەزىلەر چەرچەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى كاچاڭ دېگەن جايدا، دەيدۇ. فىرانسۇز ئالىمى گرېنارد بۇ شەھەر خارابىسى چەرچەننىڭ 120 كىلومېتىر شىمالىدىكى تارتىراڭ دېگەن جايدا، دەيدۇ[20].

**نوپ (چاقىلىق)**

«شۆەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 85 ـ ۋاراق، 15 ـ، 17 ـ قۇرلار)دا «نوپ» دېگەن شەھەر ئىسمى بولۇپ، بۇ لولەن دېگەن يەردۇر، دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇ يەر خەنزۇچىدە «纳缚波» (نابوپو) دەپ يېزىلغان. قەدىمكى تۇبۇتچە ھۆججەتلەردە بۇ ئىسىم Nop (نوپ) دەپ يېزىلغان. «ماركوپولو ساياھەتنامىسى»دە بۇ يەر ئىسمى «لوپ» دەپ يېزىلغان. بۇ يەر ھازىرقى چارقىلىقتا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خوتەننىڭ شەرقىدىكى بىر ناھىيە لوپ دەپ ئاتىلىدۇ.

«نوپ» دېگەن يەر ئىسمى بەزى ئالىملارنىڭ تەھلىلىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بۇ يەردە ياشىغان سوغدىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىسىم سوغدى تىلىدا «نەۋئاب» (يېڭى سۇ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. نەۋئاب تۇبۇتچە «نوپ»قا ئۆزگەرگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا لوپ بولۇپ قالغان. مىرەندىن تېپىلغان تۇبۇتچە ھۆججەتتە «نوپ چىن» ۋە «نوپ چاڭ» دېگەن ئىسىملار ئۇچرايدۇ (چارقىلىقنىڭ شەرقىدە ھازىرمۇ نوپچاڭ دېگەن بىر يەر بار). بۇ چوڭ نوپ، كىچىك نوپ دېگەن بولىدۇ. بۇلاردىن ئالدىنقىسى چارقىلىقنى، كېيىنكىسى مىرەننى

كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ ئىسمىنىڭ خەنزۇچىدىكى «纳缚波» شەكلىنى مەزكۇر ئىسمىنىڭ سانسكرىتلاشقان شەكلى Navapa نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. «ناۋپا» سانسكرىتچە Nava – para دىن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «يېڭى سۇ» دېگەن بولىدۇ. بۇ مەنە مەزكۇر ئىسمىنىڭ سوغدىچىدىكى سۆز مەنىسىگە ئوخشايدۇ[21].

ھازىر چوڭ لوپنور كۆلى بىلەن كىچىك لوپنور كۆلى ئارىلىقىدىكى قۇرۇقلۇقتا «يېڭى سۇ» دېگەن بىر يەر بار. بۇ ئۇيغۇرچە ئىسمى سوغدىچە «نەۋئاب»، سانسكرىتچە «ناۋاپا» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ ئەسلىي نامى «يېڭى سۇ» بولۇپ، سوغدى ۋە سانسكرىت تىللىرىغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ يەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇچە « 楼 兰» (لولەن) ئۇيغۇرچە كىروران دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، كېيىن « 鄯 善» (شەنشەن)گە ئۆزگەرگەن.

بۇ شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى ئالىملار ھەر خىل كۆرسىتىدۇ. سۋېن ھېدىن لوپنور كۆلىنىڭ شىمالىدىن تاپقان بىر كونا شەھەر خارابىسىنى مەزكۇر شەھەر (نوپ) بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. كېيىن ستەيىن بۇ خارابىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتتە ئۇچرىغان كرورايىنا دېگەن ئىسمىنى لولەن دېگەن خەنزۇچە ئىسمىغا توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ. فىرانسىيە ئالىمى شاۋان 77 ـ يىلى بۇ شەھەر (كىروران)نىڭ نامى پىشامشانغا ئۆزگەرگەن. دۆلەت نامى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، پايتەختىمۇ باشقا ياققا كۆچۈرۈلگەن بولسا كېرەك، دەيدۇ. شۇڭا سۋېن ھېدىن لوپنورنىڭ شىمالىدىن تاپقان كونا شەھەر خارابىسى كىروران بولمىسا كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ[22]. مەملىكىتىمىز ئالىمى تاۋباۋلىيەن ھازىرقى چارقىلىق قەدىمكى كىروراننىڭ نەق ئۆزىدۇر، دەيدۇ. فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى كىروران بىلەن پىشامشان مەسىلى-

سى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كىروران بىلەن پىشامشانىنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ بولغان، ئەمما پايتەختى ئىزچىل تۆردە لوپنورنىڭ جەنۇبىدا بولغان، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

بۇ مۇلاھىزىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، لوپنور كۆلىنىڭ نامىغا ئاساس بولغان «نوپ» سۆزى مەيلى سوغدىچە «نەۋئاپ» شەكلىدە بولسۇن ياكى سانسكرىتچە Navapa شەكلىدە بولسۇن ھەممىسى «يېڭى سۇ» دېگەن مەنىدىن كەلگەن بولۇپ چىقىدۇ.

**ئاگنى (قاراشەھەر)**

ئاگنى دېگەن نام سانسكرىتچە Agni – ئوت دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ ئىسىم خەنزۇچە «阿焉尼» (ئاجىنى) دەپ يېزىلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بۇ نام خەنزۇچە مەنبەلەردە «焉耆» (يەنجى) دەپ يېزىلىپ كەلگەن، بۇمۇ بۇ شەھەرنىڭ قەدىمكى قاراشەھەر تىلىدىكى ئارگى (Argi) ياكى ئارسى (Arsi) دېگەن شەكلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى[23]. ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادنامىلەردە بۇ شەھەر سۇلمى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن («تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ شۇنداق)، (گېيىڭ شىمىن، جاڭ گۇاڭدالارنىڭ پىكرى). 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى بۇ يەرگە تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن بۇ شەھەر نامى «چالىش»قا ئۆزگەرگەن. كېيىنكى زامانلاردا قارا شەھەر دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

قەدىمكى ئاگنى دۆلىتى شەرقتە ئۇششاقتال ئارقىلىق قوچو بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربتە بۈگۈر ئارقىلىق قەدىمكى كۇسەن دۆلىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

شۇ ئەن زاڭنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئاگنىلىقلارنىڭ يېزىقى ئەنەتكەك يېزىقىدىن كەلگەنىكەن. يېقىنقى يىللاردا تارىم ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىكى ئەڭ زور تېپىلمىلاردىن بىرى ئاگنى ۋە كۇسەن تىلىدىكى (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە بۇ تىل توخرى تىلى دېيىلىدۇ) ھۆججەتلەر ھېساب-

لىنىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپان، قاراشەھەر، كۇ ـ چالاردىن براخما يېزىقىدا (توغرىسى براخما يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋارىيانتى) يېزىلغان كۆپلىگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى. دەسلەپتە بۇ يېزىقلارنى ھېچكىم ئوقۇيال ـ مىدى. نېمىس ئالىمى لېۋمان بۇ ھۆججەتلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، بۇ تىلغا «قەشقەر تىلى» دەپ ئات قويىدى. كېيىن بۇ تىلنى «بىر ـ رىنچى تىل» دەپ ئۆزگەرتتى. كېيىن ف. ۋ. ك. مۇللېر (F. W. K. Muller) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نامەلۇم بىر تىل» دې ـ گەن ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىر بۇددا نومى خاتىمىسىدى ـ كى «بۇ كىتاب ئەسلىي ئەنەتكەك تىلىدا يېزىلغان، كېيىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئەمدى توخرى تىلىدىن تۇرك ـ ئۇي ـ غۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى» دېگەن سۆزلەرگە ئاساسەن بۇ تىلنى «توخرى تىلى» دەپ ئاتىدى.

نېمىس ئالىملىرىدىن ئې. سەيگ ۋە ۋ. سەيگلىڭ (W. Sigling)لەر بۇ ھۆججەتلەر تىلىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ بۇ تىل ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ كانتۇم (Kantum) گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە «ئا»، «ب» دىئالېكت دەپ ئىككى دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

1913 ـ يىلى فىرانسۇز ئالىمى س.لېۋى (S. Levi) توخرى تىلىنىڭ «ب» دىئالېكتى 12 ـ ئەسىردە كۇسەنلىكلەر كەڭ ئىشلەتكەن ئەدەبىي تىل، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فىرانسىيە ئارخېئولوگلىرى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىن يۇنان ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان بىر خىل ئىران تىلىنى ھەقىقىي توخار تىلى دەپ، تۇرپان، قاراشە ـ ھەر، كۇچا، ئاقسۇلاردا ئىشلىتىلگەن تىلنى ئاگنى تىلى ۋە كۇ ـ سەن تىلى دەپ ئاتاش كېرەك، دېدى.

قەدىمكى توخرى تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئەڭ مۇھىملىرى «مائىترى سىمىت»، «ناندا كارىتا ناتاكا» (بۇددانىڭ شاگىرتى ناندانىڭ ھاياتى ھەققىدىكى سەھنە ئەسىرى) ھېسابلى ـ

نىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە مۇھەببەت شېئىرلىرى، «رەسسام بىلەن ياغاچچىنىڭ ھېكايىسى»، «شاھزادە ھېكايىسى»گە ئوخشاش خەلق چۆچەكلىرى، تېبابەتكە دائىر ئەسەرلەر، سانسكرىتچە - توخرىچە، توخرىچە - ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر، ئىبادەتخانا كالىندارلىرى، ھۆكۈمەت خەت - ئالاقىلىرى، تام رەسىم بېغىشلىمىلىرى بار.

بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەردىن توخرى تىلىدا يېزىلغان بىر قەدەر چوڭ ئەسەر «دارماپادا» (Darmapada)، «150 كۇبلېتلىق مەدھىيە»لەرنى ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىن.

قەدىمكى كۇسەن، قاراشەھەر، قوچو تىللىرىدا (توخرى تىلىدا) ئەسەر يازغان يازغۇچىلاردىن كۇچالىق كۇماراجىۋا، قاراشەھەرلىك ئارياچاندرا، قوچۇلۇق كۇمارا بۇددى (Kumarabuddhi)، كۇچالىق ماكشاگۇپتا (Maksa gupta) ۋە ئۇتپايسىراۋنە (- Utpait sirauwne) لەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

قەدىمكى ئاگنى (قاراشەھەر) دۆلىتىنىڭ پادىشاھلىرى كۇشىپىنا (Kushipina) دېگەن پادىشاھنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ فامىلىسى «ئەجدەرھا» ئىدى.

«شۇەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى (ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 28 - ۋاراق، 9 - قۇر)دا «كۇسەن» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان. خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ نام «龟兹» (چيۇزى)، «丘兹» (چيۇزى)، «屈兹» (چۇسى)، «屈支» (چۇجى) شەكىللىرىدە يېزىلىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ شەھەرنىڭ كۇسەن تىلىدىكى كۇتسى (Kutsi) دېگەن شەكلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. 9 - ئەسىرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە بۇ كۇسەن دېيىلىدۇ. بۇ دەۋرگە ئائىت خەنزۇچە ھۆججەتلەردىمۇ بۇ شەھەر «曲先» (چۇشيەن) ياكى «苦先» (كۇشيەن) دەپ يېزىلىپ كەلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ شەھەرنىڭ كۇچا ۋە كۇسەن دەپ ئىككى خىل نامى كۆرسىتىلگەن.

بۇ ئىسمىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە كەلسەك، قەدىمكى كۇسەن مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە خەنزۇچە مەنبەلەردە «و» (ئاق) فامىلىلىك دەپ يېزىلىپ كەلگەن. كۇچانىڭ ئىسمى بولغان «كۇتسى»مۇ قەدىمكى كۇسەن تىلىدا «ئاق»، «يورۇق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەنگلىيىلىك ئالىم ھ . ۋ . بەيلىنىڭ پىكرىچە ھۆكۈمدارلارنىڭ فامىلىسى ئەنە شۇ يەر نامىدىن كەلگەن. بۇ ئىسىمنىڭ «كۇسەن» ياكى «كۇشەن» دېگەن شەكلى Kutsiنىڭ سۈپەت شەكلى بولغان Kucanne (كۇچەننە)دىن كەلگەن. «كۇچا» دېگەن شەكلىدىمۇ ئەنە شۇ كۇچەننەنىڭ سۈپەتلىك ئالامىتى بولغان ئاخىرقى nne (نە)نىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن پەيدا بولغان.

دېمەك «كۇسەن» ياكى «كۇچا» دېگەن ئىسىملارنىڭ ھەممىسى «ئاق» دېگەن مەنىدىكى «كۇتسى» دېگەن قەدىمكى كۇسەنچە سۆزنىڭ سۈپەت شەكلى بولغان كۇچەننەدىن كەلگەن. «كۇچا» دېگەن نام «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ر» قوشۇلماي يېزىلغان. ۋەھالەنكى، خەلقىمىز ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇ ئىسىمنى بىر «ر» قوشۇپ «كۇچار» شەكلىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. بۇ «ر»نىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى ھەققىدە بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: بۇ شەھەر Kucatri دېيىلگەن. بۇ يەردە قوشۇلغان «ri» توخرى تىلىدا «شەھەر» دېگەن بولىدۇ. «كۇچا» دېگەن ئىسىمغا «رى» قوشۇلسا «كۇچا شەھىرى» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرچىدا بۇ «ri»نىڭ ئاخىرىسىدىكى «i» ھەرپى «شەھەر» دېگەن مەنىسىنى يوقىتىپ كۇچا ئىسمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

**بالۇكا (ئاقسۇ)**

شۈەن زاڭنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە كۇچادىن كېيىن بالۇكا (خەنزۇچە بولۇجيا «跋禄迦») دېگەن شەھەر تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ شەھەر نامى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «姑墨» (گومۇ)، «亟墨» (جىمو) دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «拨换» (بوخۇەن) دېيىلگەن. مۇسۇلمان ئاپتورلار بۇ شەھەر نامىنى با-

قوان، بارۋان، بارمان شەكىللىرىدە يېزىپ كەلگەن.

بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھەققىدە بىر قانچە خىل كۆز قاراش بار:

1. ئاقسۇ كونا شەھەر؛ 2. قاراباق؛ 3. ياقا ئېرىق؛ 4. قارا يۇلغۇن؛ 5. باي دېگەندەك.

بۇ شەھەرنىڭ كۇچاغىچە بولغان ئارىلىقى ۋە بۇ مەملىكەت دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدىن قارىغاندا، بۇ شەھەر ئاقسۇ بولۇشى كېرەك دېگەن پىكىر بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق.

بالۇكا ياكى ۋالوكا دېگەن ئىسىم سانسكرىتچە بولۇپ، مەنىسى «قۇم» دېگەن بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ شەھەر «قۇم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئاقسۇدىكى قۇمباشمۇ بۇنىڭ بىر دەلىلى. «قۇم» دېگەن بۇ تۈركىي سۆزنىڭ مەنىسى سانسكرىتچىدىكى قۇم دېگەن مەنىدىكى «بالۇكا»نىڭ مەنىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىمۇ بۇ شەھەرنىڭ ئاقسۇ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھازىر ئاقسۇ كونا شەھەرنىڭ «温宿» (ۋېنسۇ) دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، بۇ ھەقتىمۇ بىر قانچە خىل كۆز قاراش بار: بەزىلەر بۇنى «ئونسۇ» (ئون سۇ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېسە، بەزىلەر ئاقسۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى بولغان «ئۈرۈن سۇ»دىن كەلگەن دەيدۇ (ئۈرۈن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاق دېگەنلىك بولىدۇ. خوتەندىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئىسمىدىمۇ «يۇرۇن» سۆزى ئاق دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن)، كېيىنكى پىكىر بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق.

ئىزاھلار:

① سۆيېن ھېدىن: «جەنۇبىي تىبەت» 8 ـ توم، 448 ـ بەت.

②⑦ پېلىئوت: «‹ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى›گە شەرھى»نىڭ «قەشقەر» دېگەن ماددىسى ۋە شۇ كىتابنىڭ 1 ـ توم، 420 ـ بېتىگە قاراڭ.

③ بۇ ئەسەرنى ستېن كونوۋ 1947 ـ يىلى تەرجىمە قىلىپ

«شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 20 ـ توم، 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

④ ل . يۇ . نۇگۇشېۋا: «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى»، 379 ـ بەت، 1991 ـ يىلى موسكۋا، «پەن» نەشرىياتى.

⑤ گ . كلاۋسون: «تۇنيۇقۇق ئابىدىسىدىكى بىر قانچە سۆز ھەققىدە شەرھى»، «تۈركولوگىيە» ژۇرنىلى، بۇداپېشت 1971 ـ يىللىق سانى، 127 ـ، 128 ـ بەتلەر.

⑥ بۇ رىۋايەت تۈبۈت تىلىدىكى يادنامىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە تۈبۈتچە «خوتەن تارىخى»نىڭ 3 ـ بابىغا قارالسۇن. ف. ۋ. توماس: «شىنجاڭغا ئائىت تۈبۈتچە يازمىلار ۋە خەت ـ چەكلەر» دېگەن ئەسىرى ۋە ۋ. ئېممېرىك: «خوتەنگە دائىر تۈبۈتچە ھۆججەتلەر»، 1967 ـ يىل نەشرى.

⑧ «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى V باب، 64 ـ ۋاراق، 7 ـ، 13 ـ قۇرلار.

⑨ ستېن كونوۋ: «خوتەن تىلى ھەققىدە تەتقىقات».

⑩ ھ . ۋ . بەيلى (H. W. Bailey): «ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئىلمىي جەمئىيىتى مەجمۇئەسى»، 1972 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑪ خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ھەققىدە ئا . گۇيدې (A. Guide)نىڭ «خوتەن تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىگە، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەر ھەققىدە ج . درېزدېن (J. Dresden)نىڭ «خوتەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار كاتالوگى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ.

⑫ ئا . ستەيىن: «قەدىمكى خوتەن»، 117 ـ بەت.

⑬ خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» 55 ـ بەت.

⑭ ف . ۋ . توماس: «شىنجاڭغا ئائىت تۈبۈتچە يازمىلار ۋە خەت ـ چەكلەر»، 1 ـ جىلد، 24 ـ بەت، 2 ـ جىلد، 309 ـ بەت.

⑮ گ. فېرراند: «ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە ساياھەت خاتىرىلىرى ۋە جۇغراپىيىلىك ئەسلىمىلەر»، 1 ـ جىلد، 217 ـ بەت.

⑯ تۈبۈتچە ھۆججەتلەردە بۇ ئىلاھ ئىسمى «سىرى ماخادېۋى» (Siri Mahadevi، مەنىسى ئۇلۇغ ئايال تەڭرى) دېيىلىدۇ. ت. ۋاتتېرس: «يۈەن چاڭنىڭ ھىندىستانغا قىلغان ساياھىتى»، 2 ـ جىلد، 1961 ـ يىلى دېھلى نەشرى.

⑰ شىراتورى كۇراكىچى: «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»،

1 ـ قىسىم، 259 ـ بەت، 1941 ـ يىلى يەنبو كىتابخانىسى. بۇ شەھەر نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە «خەنمى» (扜罙)، (扜弥)، «جۈمى» (拘弥) ياكى «دادې» (达德) دەپ يېزىلغان. بەيلى بۇ شەھەر بەلكىم كەن شەھىرى (坎城) بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

⑱⑲ ئا . ستەيىن: «قەدىمكى خوتەن»، 1907 ـ يىل، 3 ـ جىلد، ئوكسفورد نەشرى.

⑳ گرېنارد: «ئاسىيا ئېگىزلىكىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىسى».

㉑ جى شيەنلىن: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى، ـگە شەرھى»، 1985 ـ يىل، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى.س. بەيلى (S. Bailey) بۇ ئىسىمنى يېڭى شەھەر دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. «بۇددىستلارنىڭ غەرب ئەللىرىگە ساياھىتى»، 1884 ـ يىلى، لوندون نەشرى. «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ( V باب، 84 ـ ۋاراق)دا «ئارا ئورەك بالىق» دېگەن شەھەر نامى ئۇچرايدۇ. خەنزۇچىدە بۇ نام «گېلولوجياچېڭ» (曷劳落迦城) دېيىلگەن. قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە بۇ شەھەر rourata (روراتا) دېيىلگەن. بۇنىڭ سانسكرىتچە شەكلى rouraka (روراكا) بولۇپ، بۇ Kroya (كرويا) ياكى Kroraina (كرورارينا) دېگەن ئىسىمنىڭ ھەر خىل تىللاردىكى ۋارىيانتلىرىدۇر.

㉒ توماس ۋە كونوۋ: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت ئىككى پارچە ھۆججەت»، 147 ـ بەت، 6 ـ ئىزاھ.

㉓ ۋ. ب. ھېنىنىڭ (W. B. Henning): «ئارگى ۋە توخرى تىلى» 564 ـ، 671 ـ بەتلەر.

# توپونىمغا دائىر ئىزدىنىشلەر

## ئىمىن تۇرسۇن

«توپونىم» گرېكچە «توپوس» — ئورۇن، يەر، «ئونومو» — نام، ئاتالغۇ دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكمىسى. بۇنىڭدىن تۇرلەنگەن «توپونىمىكا» (»توپونىمىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ: بىرى، بىرەر مەملىكەت ياكى رايوندىكى جۇغراپىيىلىك ناملارنىڭ يىغىندىسى؛ يەنە بىرى، تىلشۇناسلىقتا — تىل ئىلمىنىڭ جۇغراپىيىلىك ناملارنى تەتقىق قىلىش بۆلۈمى. قازاقىستان ئالىملىرىدىن ئايتىم ئابدۇراخمانوفنىڭ «قازاقىستاننىڭ يەر - سۇ ئاتلىرى» دېگەن ئەسىرىدە (1959 - يىل، ئالمۇتا) توپونىمىكا مۇنداق تەھلىل قىلىنغان: «توپونىمىكا تىل ئىلمىدە ئاساسەن ئۈچ جەھەتتىن تەھلىل قىلىنىدۇ، بىرىنچىدىن، تىلنىڭ كونا فورمىلىرىنى ئۆزىدە ساقلىغان توپونىملار تىل تارىخى ئۈچۈن، تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن ماتېرىيال بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، توپونىملارنىڭ ياسىلىشىدىكى لېكسىكا - مورفولوگىيىلىك، لېكسىكا - سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى تەھلىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ سۇبستانتىۋلىشىش (ئىسىمغا ئايلىنىش، ئىسىم كاتېگورىيىسىگە تېگىشلىك بولۇش — نەقىلچى) ۋە ئابستراكتلىشىش قانۇنىيەتلىرى ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، توپونىملار سېمانتىكىلىق ۋە ئېتىمولوگىيىلىك جەھەتتىن تەھلىل قىلىنىدۇ».

توپونىمىكا — خەلق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى. ئىلىمنىڭ بۇ ساھەسى تېخى بىرەر يەرنىڭ تارىخىي سىرىنى ئېچىشقىمۇ ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى، قەدىمكى

زاماندىن تارتىپ خەلقلەر كۆپىنچە سۇلۇق ـ ئوتلۇق جايلاردا، بو-لۇپمۇ دەريا ـ غول بويلىرىدا ماكانلىشىپ ياشاپ كەلگەن. شۇڭا، يەر ـ جاي، تاغ ـ دەريا، كۆل ـ دېڭىز ناملىرى شۇ يەرلەردە قە-دىمكى زاماندا ياشىغان خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا قويۇلغان. بەزى مىللەتلەرگە شۇ يەر ـ سۇلارنىڭ ناملىرى مىللەت نامى بولۇپ قالغان ياكى شۇ يەر ـ سۇلارغا شۇ جايدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ناملىرى قويۇلغان. شۇ سەۋەبتىن، نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار دەريا نامىنى تەتقىق قىلىش قەدىمكى دەۋر تارىخىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى، دەپ قارايدۇ.

توپونىمىكا ماتېرىياللىرى تىلنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماتېرىيال-لىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. توپونىمىكا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مەنبەلىرىنى ۋە باسقۇچلىرىنى، ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىشقا ياردەم بېرىدۇ؛ شۇنداقلا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا تىللار، بولۇپمۇ تۇغقان تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاشقىمۇ ۋاسىتىچى بولىدۇ.

قەدىمكى زاماندا، خەلقلەر ياشاش ئېھتىياجى ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى، جۇملىدىن تەبىئىي ـ ئىجتىمائىي شارائىتلار تۇ-پەيلىدىن، ئۇياقتىن ـ بۇياققا كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇلار ماكانلاشقان جايلاردا، ئۆزلىرىنىڭ يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىزلىرىنى قالدۇراتتى. بەزى مىللەتلەر بىرەر جايدا نەچچە ئە-سىرلەپ، ھەتتا مىڭ يىللاپ ياشاپ قالاتتى. ئىقتىساد ۋە مەدەنى-يەت ئالاقىلىرى نەتىجىسىدە، قوشنا مىللەتلەر ئارا تەسىرلەر ئۆز-تۇشۇپ تۇراتتى. جەڭگى ـ جېدەللەر تۈپەيلىدىن بەزى مىللەتلەر ئارىلىشىپ كېتەتتى. بۇ ھادىسىلەر تەبىئىي يوسۇندا مىللەتلەر-نىڭ تىللىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى قالدۇراتتى.

ئېتنوتوپونىملارنى تىل تارىخى جەھەتتىن ھەر تەرەپلىمە ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بەزى ناملار قوشنا مىل-لەتلەرنىڭ تىللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تىل قانۇنىيەتلىرىگە بېقىنىدۇ-رۇلۇپ، تەلەپپۇزى ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن: «خوتەن» ئەس-

لىدە «ئۆتېن/ئۆدۇن» بولۇپ، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئەسىرلەردە ھىندى پراكرىت تىلىدا «خوستېن» ياكى «كھوستانا»، خەنزۇ تىلىدا «يۇتېن/ يۇتيەن» قىلىپ ئىپادىلەنگەن؛ 13 ـ ئەسىردىن كېيىن موڭغۇل تىلىدا بوغۇم بېشىدىكى تاۋۇش بوغۇزدا تەلەپپۇز قىلىنىپ، «خوتېن/ خوتەن» بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغان. بەزىناملار باشقا مىللەت تىلىغا ئەينەن تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغان. مەسىلەن: «تەڭرىتاغ» خەنزۇ تىلىغا دەسلەپتە ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن «دەنلىنشەن» دەپ ئېلىنىپ، كېيىن «تيەنشەن» («تيەن» — تەڭرى دېگەن سۆز) دەپ تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغان؛ لېكىن، بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ ئېگىز چوققىسى «خانتەڭرى» بولسا، ئەينەن «خەنتېڭگېلى» دەپ ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن ئېلىنغان. بەزى تارىخىي ناملار گرېك ـ ئىران ياكى ھىندى تىللىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئۆزلەشتۇرۇپ ئېلىنغان، كېيىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىدىكى ئېتنوتوپونىملار ئۆزگىرىپ، گوياكى گرېك ـ ئىران ياكى ھىندى تىللىرىدا قويۇلغان نامدەك بولۇپ قالغان. مۇنداق ناملار ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋەرائۇننەھىر رايونلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «قورۇم تاغ» ئەسلىدە تۈركىي تىلدا قويۇلغان نام بولۇپ، ھىندى پراكرىت تىلىدا «كوم ـ روم» دەپ ئۆز تىلىغا بويسۇندۇرۇپ ئېلىنغان؛ خەنزۇ تىلىغا «كۇن ـ لۇن» دەپ ئۆزلەشكەن؛ بۇ ياۋروپا تىللىرىدا «كۇئىن ـ لۇن» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. ھالبۇكى، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىسى ئېلىنماي، ياۋروپاچىلاشقان «كوئىنلۇن» دېگەن نام بىلەن قوللىنىلدى. «قەشقەر»نى ئالساق، ئەسلىدە ئالتاي تىللىرىدا «قاش ـ غار» (يەنى «قاش يەر») دەپ قويۇلغان نام گرېك ـ ئىران تىللىرىدا ياكى ھىندى ـ ئەرەب تىللىرىدا «كاش ـ گەر» ياكى «كاش ـ غەر» دەپ ئۆزلەشكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، يېزىق ئەدەبىي تىلىمىزدا «كاشغر» (كاشغەر)، جانلىق تىلىمىزدا «قەشقەر» دەپ ئېيتىلىپ كەلدى.

ئالتاي، تەڭرىتاغ، ئالتۇنتاغ، قاراقۇرۇم، كۆكئارت تاغلىرى-نىڭ ئېتەكلىرىدە، يارىش يازىقى (هازىرقى جۇڭغارىيە)، تۇرۇم ساي (تەكلىماكان چۆلى)دىكى دەريالارنىڭ بويلىرىدا، قەدىمكى زامانلاردا ئارىيان تىپى، ئاسىيا تىپى (ئېنىقراقى موڭغۇل - تۇران تىپى)گە خاس قوۋملار ياشىغان. تىل پەرقى بويىچە ئال-غاندا، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ۋە ئۇرال - ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ بىرى كەينىدىن بىرى ياكى تەڭ ياشىغان. ئىشقىلىپ، تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ، بۇ رايوندا ئىنسانلار ياشىغانلىقى ۋە بۇ رايوننى ئۆزلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت بەرپا قىلغانلىقىنى ئارخې-ئولوگىيىلىك تېپىندىلار كەينى - كەينىدىن ئىسپاتلىماقتا. شۇ سەۋەبتىن، شىنجاڭ توپونىملىرىدا، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى-دىن قالغان سارقىنتىلارمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى ھۇن تىللىرى (ياكى ئورال - ئالتاي تىللى-رى) سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسى، موڭغۇل تىل-لىرى ئائىلىسى ۋە تۇڭ - خۇ (تۇڭ - غۇز يەنى شەرقىي غۇز) تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا قويۇلغانناملار كۆپ ئۇچرايدۇ. كونكرېتراق ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ توپو-نىملىرىدا ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىدا قويۇلغان ناملاردىن باشقا، موڭغۇل - مانجۇ تىللىرىدا قويۇلغان ناملار، شۇنىڭدەك خەن - زاڭ تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللاردا قويۇلغان ناملارمۇ بار.

توپونىملارنىڭ مەنىلىرىنى ئېنىقلاشتا، قۇرۇق پەرەزگىلا تا-يانغىلى بولمايدۇ. توپونىملارنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تەھقىق-لەشتە، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، جۈملىدىن قېرىنداش تىللار-نى، يەنى بىر سىستېمىدىكى تىل ئائىلىلىرىنى، بىر مىللىي تىلنىڭ ئۆزىدىمۇ دىئالېكتلارنى لېكسىكىلىق - فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر بويىچە، بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش يولىنى

قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۆپچىلىك توپونىملىرىنى ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن ئېنىقلاشتا، ئورال ـ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرگەن تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى، شەرقىي غۇز تىللىرى ۋاستە بولۇپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: بەزى توپونىملار شەرقىي غۇز تىللىرى ئائىلىسىگە كىرىدۇ دەپ تەھقىقلەنگەن قەدىمكى گۇز/ ئۆگۇز (غۇز/ئوغۇز) ـــ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئىلگىرى «يۇجى»، كېيىنرەك «يۆجى» دەپ ئاتالغان قوۋمنىڭ تىلىدا قويۇلغان بولغاچقا، ئۇنى تۇڭ ـ غۇز تىللىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولغان مانجۇ تىلىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. خەلقئارادا تىلشۇناسلارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىچە، ئورال ـ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى قەدىمكى ھۇن (ھۇنغۇر) تىلى تېخى ئائىلىلەرگە ئېنىق بۆلۈنمىگەن چاغلاردا، تىل ئامىللىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاق ـ ئوخشاش ئىدى. دەرۋەقە، شىمالىي شىنجاڭدا بەزى توپونىملار موڭغۇل تىلىدا (13 ـ ئەسىردىن كېيىن)، بەزى توپونىملار مانجۇ تىلىدا (18 ـ ئەسىردىن كېيىن) قويۇلغانلىقى مەلۇم.

ئۇيغۇرلار ياشىغان رايونلاردىكى بەزى توپونىملارنى ئېنىقلاشتا، كۆپرەك خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەرگە تايىنىمىز. خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن توپونىملارنى ئەينى زاماندىكى خەنزۇ تىلىنىڭ ترانسكرىپسىيە ۋە تەلەپپۇز قائىدىلىرى بويىچە ئوقۇسا، كۆپ ھاللاردا، ئىزدەنگەن توپونىملارنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن: «巴楚» (با ـ چۇ)نىڭ خەنزۇچىدە قەدىمكى ئوقۇلۇشى «با ـ چۇق» بولۇپ، ئۇيغۇرچىدىكى «بارچۇق»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. شۇنىڭدەك، «莎车» (شاجۇي)نىڭ خەنزۇچىدە قەدىمكى ئوقۇلۇشى «سار ـ كۇ» بولۇپ، «سارىق كۆل» (ياركەنت شەھرىنىڭ قەدىمكى ئورنى)نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

توپونىملارنىڭ سۆز تۈزۈلۈشىنى فونېتىكىلىق جەھەتتىن

تەھلىل قىلساق، كۆپىنچە توپونىملارنىڭ ئاخىرى «ئا ــ ئە»، «ئان ــ ئەن»، «ئار ــ ئەر» (غار ــ غەر)، «ل ــ ئال» ياكى «م ــ ئام» (ن ــ ئان)، «س/ ز ــ ئاس» (ش ــ ئاش)، «غ ــ ق ــ ك» ۋە «ي» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈگىگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنداق فونېتىكىلىق ھالەت ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدا كۆپ ئۇچرايدۇ؛ شۇنداقلا ئالتاي تىللىرى تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ھىندى ــ ياۋروپا تىللىرىنىڭ تەسىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئەسلەتمە: بەزى تىلشۇناسلار قەدىمكى يەنجى (ئاگنى) تىلىنى «A توخار تىلى»، قەدىمكى كۇچا تىلىنى «B توخار تىلى» دەپ تەخمىنەن ئاتاپ كەلمەكتە. «توخار» ياۋروپا تىلشۇناسلىرىنىڭ تەلەپپۇزى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «توخرى» دەپ ئاتالغان. «توخرى» ئالتاي تىللىرىدا (ھازىر بولسا مانجۇ تىلىدا) «ھارۋا» دېگەن سۆز. ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان قاتناش ۋاستىسى نامى بىلەن «قانقىلار» (خەنزۇچىدە «گاۋجۈي») دەپمۇ ئاتالغان. ئىككىنچى بىر مەسىلە، قەدىمكى خوتەن ئاھالىسىنىڭ تىلى قارۇشتى يېزىقىنى قوللىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھىندى پراكرىت تىلىنىڭ تەسىرىگە ۋە بۇددا نوملىرىنى قوللىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھىندى سانسكرىت تىلىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغان. ئەمما، تەگ تىلى ئالتاي تىللىرىدىن بولغاچقا، «خوتەن تىلى» دەپ ئاتىغىنىمىز تۈزۈك دەپ ھېسابلايمەن.

توپونىملارنىڭ مەنىلىرىگە قارىساق، بەزىلىرى مۇقەددەس دەپ تونۇلغان شەيئىلەرنىڭ نامىدىن ئېلىنغان؛ بەزىلىرى شۇ زېمىندىكى تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە بايلىقلار، يەر تۈزۈلۈشى، ئىگىلىك ئەھۋالى ھەم باشقا شارائىتلاردىن ئېلىنغان. بەزىلىرى قەبىلە ناملىرى ياكى مەلۇم شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە بىرەر ھادىسىگە باغلىق سۆزلەر بىلەن ئاتالغان. بەزى توپونىملار شۇ يەرنىڭ ئىگىسى ياكى تۇرالغۇ قىلغان كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان كەسىپ ــ ھەرىكەتلىرىگە، ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىگە، شۇ يەرنىڭ جايلاشقان ئورنىغا، شۇ يەرلەردە ياشايدىغان جان ــ جا-

نۋارلارغا بېغىشلانغان بولىدۇ. توپونىملارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىرەر جاينىڭ تارىخىي ئەھۋالىنىلا ئەمەس، ھەتتا جۇغراپىيىلىك ـ ئىگىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشكە بولىدۇ. دېمەك، توپونىم تارىخى، ئارخېئولوگىيە، جۇغراپىيە، تىلشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق قاتارلىق نۇرغۇن پەنلەرگە چېتىلىدۇ.

تۆۋەندە، تەتقىقات جەريانىدا ئىزدىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن كۆزدىن كەچۈرگەن تۈرلۈك ماتېرىياللاردا ئۇچرىغان بەزى توپونىملارنى تەتقىقاتچى كەسپداشلىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىسىگە سۇندۇم. توپونىملارنى ۋاقتى، رايونلىرى ۋە كلاسسىپىكاتسىيە بويىچە تىزىشقا ماتېرىيال كەملىك قىلدى. شۇڭا، ئاددىيلا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ قويدۇم.

**ئاراتۇرۇك**

بۇ توپونىمنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇنداق مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ: 1. ئارت تۇرۇغ ـــ يەنى داۋان تۇرا، داۋان تۇرالغۇ؛ 2. ئارغۇتۇرۇغ ياكى ئاراتۇرۇغ ـــ يەنى ئىككى تاغ ئارىسىدىكى تۇرالغۇ ياكى تۇر. («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد، ئۇيغۇرچە 59 ـ، 483 ـ بەتلەر). ھازىر خەنزۇچىدە «يى ۋۇلۇ» توپونىمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، تۈركىي سۆز بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن؛ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «يى» ـــ يىگ، «ۋۇ ـ لۇ» ـــ ئۇگ ـ رۇگ دەپ ئوقۇلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، «ئىدىز ئوغرۇق» يەنى «ئېگىز ئوغرۇغ»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولىدۇ. مەنىسى: ئوغرۇغ ـــ ساينىڭ تۆگىگەن يېرى، مەسىلەن: «تاغ ئوغرۇغى ـــ تاغنىڭ تۈگىگەن يېرى» («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد، ئۇيغۇرچە 133 ـ بەت). بۇ نام شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىگىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى مەن «يى ۋۇلۇ»نى «ئىۋىرغول» دەپ خاتا مۆلچەرلىگەن ئىكەنمەن.

**ئارتۇش**

بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «ئارتۇچ» بولۇپ، «چ» تاۋۇشى «ش»غا

ئالماشقان. ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا «چ»نىڭ «ش» قىلىپ ئېيتىلىشى نورمال ئەھۋال. (مەسىلەن: «ئاچلىق» — «ئاشلىق»، «قارا مۇچ» — «قارا مۇش» ۋ. ب) مەھمۇد كاشغەرىينىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «ارتج — ئارتۇچ دەرىخىدۇر، قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار». «تاغ ئارتۇچلاندى (تاغ ئارتۇچ دەرەخلىرى بىلەن قاپلاندى)». دېمەك، بۇ يۇرتنىڭ نامى دەرەخنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانىكەن. «ئارتۇچ» سۆزىگە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئەرئەر» دەپ ئەرەبچە ئىزاھ بېرىلگەن، بۇ دەرەخ پارسچىدە «سەرۋكۇھى» (تاغ سەرۋىسى) دېيىلىدىكەن، «ئەبھەل» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. بۇ دەرەخ يۇمىلاق ئارچا (ئىلمىي نامى Sabinchinensis) ئائىلىسىگە كىرىدىغان قوچۇرلارنىڭ بىر خىلىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مىسال كەلتۈرۈلگەن قوشاق - بېيىتلاردىن بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«تامغا سۇۋى تاشرا چىقىپ تاغىغ ئۆتەر،
ئارتۇچلارى تەگرە ئۇنۇپ تىزگىن يەتەر».

(تامغا سۈيى تېشىپ چىقىدىغان تاغدىن ئۆتىدۇ، ئارتۇچ دەرەخلىرى ئۇنۇپ خۇددى تىزگىندەك قاتار يېتىلىدۇ.) ھازىر ئاتۇشتا ئاغۇ (ئەسلىي ئارغۇ) ئارقىلىق كېلىدىغان «تەمگە سۈيى» بوغازدىن ئۆتۈپ ئۈچ ساي بولۇپ ئاقىدۇ. بۇ ئۈچ ساي پاچىق ساي، ئازاق ساي، تىجەن ساي دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن «تەمگە سۈيى» ئەسلىدە «تامغا سۈيى» بولسا كېرەك. («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد، ئۇيغۇرچە 128 -، 410 -، 553 - بەتلەر).

ئاغۇ

بۇ نامنىڭ ئەسلىسى «ئارغۇ» بولۇپ، جانلىق تىلدا «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «ئا» سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىزاھلىنىشىچە: «ئارغۇ — ئىككى تاغ ئارىسى» دېگەنلىك بولىدىكەن. مەسىلەن: «ئارغۇ بۇلاق» — ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بۇلاق (بۇ جانلىق تىلدا «ئاغىر بۇلاق» دەپ ئۆز-

گىرىپ كەتكەن). ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، ھازىر بوغۇز دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان «تامغا سۇيى»گە ياسالغان ئاچچىق سۇ ئامبىرىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان بىر يېزا، باشقا ناھىيەلەردىمۇ «ئاغۇ» دەپ ئاتىلىدىغان جايلار بار. مەسىلەن: قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ شىخشۇ يېزىسىنىڭ غەربىدىكى تاغ (ئارىسىدىكى ئوتلاق) «قۇلان ئاغۇ» دېيىلىدۇ.

ئازاق

بۇ توپونىمنىڭ ئەسلىي يېزىلىشى «ازاق» بولۇپ، ئىككى «ا» ئارىسىدىكى تاۋۇش «ز» ۋە «ي» بىلەن ئالماشقان. مەنىسى «ئاياغ» (گاھىدا «د» بىلەن ئېيتىلىپ، «ئاداق»مۇ دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئاداققىچە — ئاخىرغىچە). ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىدە، «ئازاق» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى يەر بار: بىرى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا، تۆۋەنكەنت بىلەن قۇمسېغى ئارىلىقىدا، يەنە بىرى، شەرقتە، بويامەت بىلەن ئاق مەيدان ئارىلىقىدا. يەنە، ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا، نوم يېزىسىنىڭ جەنۇبىدا «ئاداق» دەپ ئاتىلىدىغان يەر بار.

ئاستانە

بۇ توپونىمنىڭ مەنىسى «بوسۇغا»، «ساراي»، «بىرەر ئۇلۇغ زاتنىڭ ھۇزۇرى» دېگەنلىك بولىدۇ، ئەسلى پارسچە سۆز. تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدە، قاراغوجىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر يېزا؛ قومۇل شەھىرىنىڭ غەربىدە، قوش تىكەن بىلەن توغۇچى ئارىلىقىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

ئاغىر بۇلاق

«ئاغىر»نىڭ ئەسلىسى «ئارغۇ» بولۇپ، «ئىككى تاغنىڭ ئارىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. «ئارغۇ بۇلاق» — ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بۇلاق. توقسۇن ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا، ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى شۇ يەردىن ئۆتىدۇ. تەڭرىتاغ بىلەن قۇرۇق تاغ تىزمىلىرى ئارىلىقىدىكى ئارغۇ ۋە قارا تاغلىرىدۇر.

ئاقساي

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «بىر يەرنىڭ نامى» دېيىلگەن. بۇ

توپونىمغا ئاھاڭ جەھەتتىن يېقىنلىشىدىغان يەنە بىر «ئاقساي چىن» دېگەن بىر توپونىم بار، بۇ جاي جوڭگو بىلەن ھىندىستان چېگرىسىدا، جوڭگوغا تەۋە بىر يەرنىڭ نامى، ئەسلىي «ئەقسايى چىن» بولۇپ، «چىنىنىڭ يىراق چېگرىسى» دېگەن مەنىدە. «ئاق ساي» بولسا، كونەسىنىڭ شىمالىدىكى ئاۋرال تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى بىر يەر.

### ئالتاي

ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى چوڭ تاغ تىزمىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى. بۇ ھەقتە بەزى مۇلاھىزىلەر بار: بىرىدە بۇ نام «ئالتۇن ـ تاغ» دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان دېيىلىدۇ. «تاغ» سۆزى تۈركىي تىللاردىن قىرغىز ـ قىپچاق تىللىرىدا «تاۋ» دەپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: تاغ ـــ تاۋ، توغ ـــ توۋ، باغ (باغلام) ـــ باۋ ۋە باشقىلار. لېكىن، «غ»نىڭ «ي» تاۋۇشى بىلەن ئالمىشىش ھادىسىسى ئۇچرىمايدۇ. يەنە بىر مۇلاھىزىدە، «ئال ـ تاي» ـــ «ئالتىن ـ تە» دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان ۋە ئىخچاملىنىپ «ئالتاي» بولۇپ ئۆزگەرگەن دېيىلىدۇ. قەدىمكى ھون تىلىدا (ئالتاي تىللىرىدا) «تە/تەي» «لىق ـ لۇق» قوشۇمچىسى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن؛ «ئالتىن ـ تە» دېگەن سۆز «ئالتۇنلۇق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

### بارچۇق

ھازىر «مارالبېشى» دەپ ئاتالغان ناھىيىنىڭ ئەسلىي نامى. «بارچۇق» ـــ «ئافراسىياب قۇرغان بىر شەھەر». («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد، ئۇيغۇرچە 608 ـ بەت). ئەسلىي شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى چارباغنىڭ شىمالىدا، ئوقۇرمازار تەرەپتىكى توقـ قۇز ساراي خارابىسى بولۇشى مۇمكىن (مۇنداق تارىخىي ئورۇنلار ـ دىن مارالبېشى بازىرىنىڭ جەنۇبىدا ئوغلاقچى بىلەن قاشقىشا قۇم ئارىلىقىدا ۋە ئاق قۇم بىلەن تۇزلۇق قاش ئارىلىقىدا خارابىلەر بار). «بارچۇق» دېگەن نام خەنزۇچىدە ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىـ لەن «巴楚» (باچۇ) شەكلىدە ساقلانغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىـ

لەن، ناھىيىنىڭ مەركىزىي بازىرى «مارالبېشى» دەپ ئاتالغان يېزىغا يېڭىدىن بىنا قىلىنغاندا، يەرلىك ئاھالە بۇ تارىخىي شەھەرنى يېزا نامى «مارالبېشى» بىلەن ئاتىغان. «بارچۇق» بەزى مەنبەلەردە يولبارس ئائىلىسىگە كىرىدىغان يىرتقۇچ ھايۋان دېيىلگەن. قارىقاش ناھىيىسىنىڭ قويچى يېزىسىدىمۇ «بارچۇق» دېگەن كەنت بار.

**باركۆل**

باركۆل ـــ ئەسلىي كۆلنىڭ نامى، قومۇل ۋىلايىتىدە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە، داچا چۆلىنىڭ جەنۇبىدا، دېڭىز يۈزىدىن 1585 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كۆل. ناھىيىگە مەزكۇر كۆلنىڭ نامى قويۇلغان. ئەسلىدە، قەدىمكى بەگلىكنىڭ مەركىزى قاراغول (يەنى قارايىغاچلىق)دا بولغان. «بالباللىق» (شىرىبىزى) شۇ جايغا يېقىن. بۇ يەردە، مىلادىيىدىن ئىلگىرى «ئا ـ ۋۇ» (ئاغۇر) ۋە «يى ـ زى» (يىش) ئەللىرى ياشىغان. «باركۆل»نىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار: بىرى، «بۆرى كۆل»، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «پۇ ـ لېي» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭ ئوقۇلۇشى «بۆرى» يەنى «بۆرە»، بۇ نام كۆلنىڭ شەكلىگە قاراپ قويۇلغان نام دېگەن قاراش. يەنە بىرى، «باركۆل»نىڭ ئەسلىسى «بارس كۆل» (يولۋاس كۆل) بولۇپ، تەلەپپۇزدا كېيىن «س» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان، بۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى ئاھالە «بارس» (يولۋاس)نى ئۆزىگە توتېم قىلغاچقا، كۆلگە شۇنداق نام قويغان دېگەن قاراش.

**باغراش**

مەملىكىتىمىزدە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلىنىڭ نامى. قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن يېرىگە توغرا كېلىدىغان تاتلىق سۇلۇق كۆل. كۆلىمى 1048 كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 15 مېتىردىن ئاشىدۇ. غەربىي تەڭرىتاغنىڭ ئېرۋىنغىن ئۇلا ۋە كۆكتېكە تاغ دېگەن تارماقلىرى ئارىلىقىدىكى يۇلتۇز يايلىقىدىن ئۆتىدىغان قاپچىغان غول، بايىنبۇلاق، چاغاد-

ساي، كۆكسۇ، ئۇلاستاي قاتارلىق ئېقىنلاردىن ھاسىل بولغان قايدۇ دەرياسى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ كېلىپ باغراش كۆ-لىگە قۇيۇلىدۇ. كۆلنىڭ نامى قايدۇ دەرياسىنىڭ كۆلگە قۇيۇلۇش ئاغزىدىكى «دېلتا»دىن ئېلىنغان. كۆلنىڭ چىقىش ئاغزى، يەنى ھازىرقى كۆنچى دەرياسى باشلانغان ئېغىز نۇرغۇن داش (كۆل-چەك)لەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەتراپى بۈك - باراقسان قومۇشلۇق ۋە قېلىن ئوتلاق بولغاچقا، «بوستان» دەپ ئاتالغان. شۇڭا، بۇ كۆلنىڭ «باغراش» ۋە «بوستان» دېگەن ئىككى نامى بار.

بايانداي

بۈيۈك چىڭ ئىمپېرىيىسى چيەنلۇڭنىڭ 26 — 45 - يىللىرى (1761 - 1780) غۇلجا شەھىرى ۋە ھازىرقى غۇلجا، قورغاس نا-ھىيىلىرى تەۋەسىدە قۇرۇلغان «ئىلى توققۇز قەلئە»دىن بىرى، ئۇ چاغدا «خۇيىنىڭ» دەپ نام قويۇلغان. ئىلى جياڭجۈنى «خۇيىيۈەن» (كۈرە)دە تۇراتتى. بۇ توققۇز قەلئەدىن خۇيىنىڭ، خۇيىيۈەن قەلئە-لىرىدە مانجۇ گازارمىسى، قالغان يەتتە قەلئەدە قارام گازارمىلار جايلاشقان. «بايانداي» بىلەن «كۈرە» غۇلجا شەھىرى بىلەن ھا-زىرقى قورغاس ناھىيە بازىرى ئارىلىقىدا. سېپىل ئىچىگە ئې-لىنغان ساراي ياكى ئىبادەتخانىنى موڭغۇلچە «كۈرە» دەيدۇ (تۇر-پان رايونىدا ھويلا «كۈرە» دېيىلىدۇ). «خۇيىنىڭ» قەلئەسىدە «با-يانتاي» ئىسىملىك مانجۇ قوماندان تۇرغاچقا، ئاھالە ئىچىدە «با-يانتاي كۈرەسى» دەپ ئاتىلىپ، بارا - بارا ئىخچاملىنىپ «با-يانداي» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

بورتالا

تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن ئالاتاۋنىڭ جەنۇبىدا، ئېبىنۇر ۋە سايرام كۆللىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى كەڭ دالا. «بور» بىلەن «بوز»نىڭ تۈپى بىردۇر. تۈركىي تىللارنىڭ تولىسىدا «بوز»، موڭغۇل ۋە شەرقىي خۇ تىللىرىدا «بور». مەسىلەن: «بوز يەر» — موڭغۇل ۋە شەرقىي خۇ تىللىرىدا «بورغار». «بوز» — ئېچىلمى-غان، ياش مەنىلىرىدە، شۇنىڭدەك «كۆچى تولۇپ تۇرغان» مەنى-

لىرىدە. «دالا» ـــ «تالا» تۈپى بىر سۆز. ئۆي ـ كوينىڭ تاشقىرد-سى، سىرتى، ئوچۇقچىلىق. كەڭ تۈزلۈك «دالا» ياكى «تالا» دېيىد-لىدۇ (مەسىلەن: ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا، بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا» ماقالىۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ). دېمەك، «بورتالا» ـــ «بوز دالا» دې-گەنلىك. «بوز» رەڭنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بوزقارچىغا، ئاق بوزئات. «تالا» ياكى «دالا» بىلەن ئاتالغان توپونىملار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئاق تالا» ـــ قەشقەر ئوپالىنىڭ 13 كىلومې-تىر غەربىدىكى كەڭ يايلاق؛ «كۆك تالا» ـــ قورغاس ناھىيىسىد-نىڭ غەربىدە، قاراسۇ ۋە ئورتا ئاقسۇ دەريالىرى ئارىلىقىدا. خو-شۇت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىي چېتىدىكى ئېدىرلىق دالا ۋە ئاتۇشنىڭ شىمالىدا قورۇم-لۇق ئېقىن بويىدىكى بىر دالامۇ «بورتالا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**بۇرۇلتوقاي**

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا، ئالتاي ۋە جې-مىنەي بىلەن تۇتاشقان جايدىكى چوڭ كۆلنىڭ نامى. كۆلنىڭ كۆلىمى 468 كىۋادرات كىلومېتىر، كۆك توقايدىن ئېقىپ كىرگەن ئۇلۇڭگۇر دەرياسى بۇ كۆلگە قۇيۇلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ نامى مەزكۇر كۆلدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك. «بورۇل» ـــ «بوغ-رۇل» ياكى «بۆگرۇل»نىڭ ئىخچاملىنىشى بولۇپ، «ئالا»، «ئاق بويۇن» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز موڭ-غۇلچە «بورۇلداي» ياكى «بورۇلدا»دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «ئە-مەن»، «ياۋشان» ئوتلىرىنىڭ نامى دەيدۇ. «توقاي» ـــ چاتقاللىق، دەرەخلىك جاي دېگەن مەنىدە؛ جانلىق تىلدا «ئەگرى ـ توقاي» دەپمۇ قوللىنىلىدۇ. «كۆك توقاي»، «سارى توقاي» دېگەن ناملارغا نىسبەتلەشتۈرگەندە، «بورۇل توقاي» «ئالاتوقاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

**بۇرچىن**

«بۇرچىن» ياكى «بارچىن» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. بۇ ئالتاي ۋە قابا ناھىيىلىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ناھىيىنىڭ نامى. نا-

ھىيە مەركىزى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىغا، بۇرچىن دەرياسى مەنبەسىگە جايلاشقان. بۇ يەردە بۇلاق، سازلىق كۆپ. «بۇرچىن» — چىشى ئۆردەك دېگەنلىك بولىدۇ.

**بورختاي**

قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى چارباغ بىلەن قارىباغنىڭ جەنۇبىدا ۋە تاغارچىنىڭ غەربىدىكى بىر يېزا، ھازىر بۇ نام «بۇلاقسۇ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ ئەسلىدە «بورختاي» ئەمەس «بورختا» بولۇپ، مانجۇچە «چېتىن»، موڭغۇلچە «بورخ» قومۇش دېگەنلىك بولىدۇ، دېمەك، «بورختا» — «قومۇشلۇق» ياكى «چېتىنلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بوغازلەڭگەر**

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. كېرىيە دەرياسىنىڭ باش لايقادىن كېيىنكى ئېقىنى توغرا دېگەن جايدىن ئۆتۈپ جىرا ئارقىلىق ئاقىدۇ. ئەنە شۇ جىلغىنىڭ بوغۇزىغا جايلاشقان لەڭگەر (قونالغۇ ـ ئۆتەڭ) «بوغاز لەڭگەر» دەپ ئاتالغان. بۇ، كېرىيە بويىچە ئەڭ چوڭ ئۈزۈملۈكتۇر.

**بولغۇنتاي**

بۇ نام ھازىر «بالغۇنتاي» بولۇپ ئومۇملاشقان. بۇ خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئۇلاستاي ئېقىنى بىلەن بايىنغولىن ئېقىنى قوشۇلغان جايدىكى بىر رايون. «تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلدىدىكى مەلۇمات بويىچە، «بالغۇن»نىڭ ئەسلىسى «بۇلغۇنا» بولۇپ، «بۇلغۇن» ~ «بالغۇن» دەپ ئىخچاملانغان. «بۇلغۇنغا ئوخشاش پوستى قىزىل بىر خىل چاتقال، بۇنى تۆگە يەيدۇ». «بالغۇنتاي» — بالغۇنلۇق دېگەنلىك بولىدۇ.

**بويلۇق**

تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى «باغرى» يېزىدىسىغا تۇتاش يېزا نامى. بۇ يېزا «قارايۇزى» ئېقىنى ئۆتىدىغان جىرا ـ غولغا جايلاشقان ئۈزۈم بازىسى. «بويلۇق» ئەسلىي «بورلۇق» بولۇپ، «بور» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈزۈم» دېگەنلىك

بولىدۇ. «بورلۇق» — «بۈيلۇق» — ئۈزۈملۈك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەزكۇر نام بىلەن ئاتىلىدىغان بىر يېزا (كەنت) يەكەندىمۇ بار. يەنى، يەكەننىڭ شىمالىدا، مارالبېشى بىلەن يوپۇرغا ناھىيىلىرىگە چېگرىداش يەردە، قاراكۆل بىلەن چىڭگىلىك ئارىلىقىدا؛ پوسكام ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىمۇ «بويلۇق» كەنتى بار.

بۇلغاسۇن

غۇلجا شەھىرى چاغاتاي خان زامانىدا «بۇلغاسۇن» دەپ ئاتالغان. «ئۇيغۇر قاغانلىقى»نىڭ پايتەختى «قۇت بالىق» چىڭگىزخان زامانىدا «قارابالغاسۇن» ئاتالغان. شۇنىڭغا نىسبەت بېرىپ غۇلجا شەھىرىنىمۇ «بۇلغاسۇن» دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈر

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە نامى. ئۇرنى كورلا بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا، شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ كۆكتېكە، خورا تارماقلىرى، جەنۇبىي تارىم دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ناھىيە مەركىزى دىنار ۋە قىزىلئېقىن دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا. قەدىمكى ھۆججەتلەردە «مۆرە»، «بوگرى»، «بۆگرە» (بۆرەك) سۆزلىرى بىلەن ئاھاڭداش بولغان «بۆگۈر» ياكى «بۈگۈر» دەپ يېزىلغان. 9 — 12 - ئەسىرلەردە «بۈيۈك ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى» بىلەن «قاراخانىيلار» سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىدى. شۇڭا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «بۈگۈر، كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە، بۇ يەر چېگرا» دەپ يېزىلغان. قومۇلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئاقتاش يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان «ساسىق» بىلەن «توشۇ» ئارىلىقىدىكى كەنتمۇ «بۈگۈر» دەپ ئاتىلىدۇ.

پىچان

ھازىرقى تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى ناھىيە نامى. تارىختا «چالمچانا» دەپ ئاتالغان قەدىمكى شەھەر - دۆلەت ئۇرنى لوپ كۆللىرىنىڭ شەرقىدە، يەنى پىچان (ساق - سوغد تىلىدا)

Phucamui ياكى بۇران ـ بۇرۇل كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىدى. خەنزۇچىدە «شەنشەن» دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئې-لىنغان. «شەنشەن»نىڭ ئەسلىي نامى (كرورەن) Kroraina بولۇپ (خەنزۇچىدە لۇلەن دېيىلىدۇ)، سانسكرىت تىلىدا قويۇلغان. بۇ كۆل تىبەتچىدە «ناۋاب»، «نوب» دەپ ئاتالغان. بارا ـ بارا «ن» تا-ۋۇشى «ل» بىلەن ئالمىشىپ «لوب» بولۇپ ئۆزگەلەشكەن. بەزى مەنبەلەردە: «ئۇيغۇر تىلىدا لوب ـــ سۇ يىغىلىپ قالغان جاي دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ يېزىلغان. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن «شەن ـ شەن»، «يى ـ شۈن» (ئىشەم) شەھەرلىرى قۇم ئاستىدا قېلىپ، ئاھالە كۆچۈپ كەتكەن. شىمال تەرەپكە كۆچكەنلەر ھا-زىرقى قومۇل يېنىدا «نوپچۇق»، «تەن خا» (تۈن ئالپ) ۋە «ناج كەند» شەھەرلىرىنى قۇرغان. قەدىمكى «شەنشەن» دېگەن نام قو-مۇل يېنىدا قۇرۇلغان شەھەرگە بېرىلگەن. ئەمما، يەرلىك ئاھالە «ناپچۇق» دەپ ئاتىغان. ھازىرقى «پىچان» بولسا «ناج كەنت» ياكى «تۈن ئالپ» شەھىرىگە نام بولۇپ قالغان. يېقىنقى زاماندا «شەن-شەن» ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، ئاھالە «پىچان» دەپ ئادەتلەنگەن. «پىچان» ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىرى «يەكەن»، يەنە بىرى «بېدە». كوناشەھەر ئورنى «چىق تام»دا ئىدى.

**پەيزاۋات**

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى ناھىيە نامى. تارىختىكى نامى «قاشۇ» بولسا كېرەك. قوچۇدىن تېپىلغان مانىي دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەردە، «قاشۇ» قەشقەر ئەتراپىدىكى بىر شەھەر نامى دېيىلگەن. بۇ شەھەرنىڭ قەدىمكى نامى ئېھتىمال ناھىيە بازىرى-نىڭ شىمالىدىكى «قوش ئاۋات» دېگەن نامدا ساقلىنىپ قالغان. 1902 ـ يىلى ناھىيە تەشكىل قىلىنغاندا، خەنزۇچىدە قەدىمكى نامى بىلەن «جاشى» (قاش) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچىدە بولسا، ئا-ھالە ناھىيە بازىرى قۇرۇلغان يېزىنىڭ نامى بىلەن «پەيزئاباد» دەپ ئاتالغان. يەنى «پەيزى بار، ئاۋات يەر» دېگەن چۈشەنچىنى

بىلدۈرىدۇ. كۇچا ناھىيىسىدىمۇ «پەيزاۋات» دېگەن يېزا بار.

**پوسكام**

قەشقەر ۋىلايىتىدە، يەكەن بىلەن قاغىلىق ئارىلىقىدىكى ناھىيە نامى. خەنزۇچىدە يەكەن دەرياسىنىڭ يەنە بىر نامى — زەرەپشان (ئالتۇن ئاقار)نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى — «زېلىپۇشەن» ئىختىسارلىنىپ «زېپۇ» دەپ ئاتالغان. يەرلىك ئاھالە بولسا، ناھىيە نامىنى ناھىيە مەركىزى جايلاشقان كەنت «پوسكام — پوسكان» بىلەن ئاتىغان. پوست كەن — پوسكام — زىرائەتنى ئاقلايدىغان ياغۇنچاقخانا، قول تۈگمەن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تارباغاتاي**

ھازىر شىمالىي شىنجاڭدا، ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن بورتالا ئوبلاستى ئارىلىقىدىكى ۋىلايەت نامى. ئەسلىي بۇ، ۋىلايەتنىڭ شىمالىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. «تارباغان» (دابغان يەنى سۇغۇر) دېگەن ھايۋان نامى، «تارباغان - تە» (دابغانلىق) دېگەن سۆز بىرىكمىسىدىن ئۆزگىرىپ «تارباغاتاي» بولۇپ ئۆزلەشكەن.

**تارىم**

مەملىكىتىمىزدە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىنىڭ نامى. ئەسلىي ئۇزۇنلۇقى 2750 كىلومېتىر، دەريا ۋادىسىنىڭ كۆلىمى 972 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 3.59 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. «خەن زامانىسىدىكى غەربىي يۇرت خەرىتىلىرى ھەققىدە» دېگەن كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە يېزىلىشىچە، تارىم دەرياسىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە، چۆبىن دەريا، جىشۇسۇيى، جىشى سۇيى، جىشۇي سۇيى ۋە سېرىق دەريا دەيدىغان ھەر خىلناملىرى بولغان. بۇلار ئېھتىمال تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدىغان غول - ئۆگۈزلەرنىڭ ناملىرى بولسا كېرەك. «ئابىدارما ۋىباشا شاسترا» ۋە «ناسار بىكسۇ سۇترا» نوملىرىدا يېزىلىشىچە، تارىم ۋە يەكەن دەريالىرىنى «سىتا» دېگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يېزىلىشىچە: «تارىم — كۆلگە قۇيۇلىدىغان ۋە قۇمغا سىڭىپ كېتىدىغان دەريا تارماقلىـ

رى... كۇچا دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جايدا... ئاقىدىغان بىر دەريامۇ تارىم دېيىلىدۇ». «تارىم» — «تار» (تەرمەك) دىن ياسالغان ھەرىكەتنام. «تار» تېرىلغۇ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزدىن «تارىغ» (بۇغداي، بۇنىڭدىن كېڭىيىپ ئاشلىق)، «تارلاغ» (زىرائەتلىك، ئېتىزلىق) قاتارلىق سۆزلەر ياسالغان. دېمەك، «تارىم» — «ئېقىن ـ ۋادا»، «ئېتىز ـ ئۆلكە» (ئۆلكەيەر) دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. «تارىم»نى ئۇلۇغلاپ ـ مۇقەددەس بىلىپ، ئافراسىياپ (ئالپ ئەر تۇڭا) خاقانىنىڭ تېگىنلىرىگە (خانزادىلىرىگە) سۇپەت ـ نام قىلىپ قوللانغانىكەن.

### تاشمىلىق

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇغۇن يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى يېزا نامى؛ قومۇل شەھىرىنىڭ شەرقىدە، قارلىق تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى بىر جاينىڭ نامى، بۇ يەر «تاشۋېلىق» دەپ ئاتالغان. ھەر ئىككى نامنىڭ ئەسلىسى «تاش بالىق» بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تاش شەھەر»، «تاش كەنت» دېگەنلىك بولىدۇ. «بالىق» سۆزىدىكى «ب» تاۋۇشى قەشقەر شېۋىسىدە «م»غا، قومۇل شېۋىسىدە «ۋ»غا ئۆزگەرگەن.

### تەكلىماكان

دۇنيادىكى چوڭ چۆللەردىن بىرىنىڭ نامى. بۇ چۆلنى تەڭرىتاغ، كۆكئارت (پامىر)، قاراقۇرۇم، ئالتۇنتاغ ۋە قۇرۇق تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. ھازىرقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 900 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 500 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 370 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر. قەدىمكى دەۋردە بولسا، بۇ جاي ھازىرقىدەك چۆل ـ باياۋان ئەمەس، مۇنبەت بوزلۇق ۋە ئۆلكىدىكى سەھنە ـ سۇپا ئىدى. تەكلىماكانىنىڭ چۆرىسىدە مۇھىم راق مۇنبەت ئۆلكە يەرلەر 60تىن ئاشىدۇ. دېمەك، ئۈچ ياندىن تاشلار بىلەن ئورالغان «تۇرۇن» يەنى نۇرغۇن تايغا (تۇراقلىق تەكچە ئورمانلىق) ئىدى. شۇڭا «تاڭ نامە»دە ئىلگىرى بۇ يەر «تۇرۇن ساي» دەپ ئاتالغانلىقى

قەيت قىلىنغان. تەكلىماكان — كىيىنرەك پەيدا بولغان نام بولسا كېرەك. چۈنكى، قەدىمكى تارىخىي يازما مەنبەلەردە بۇ نام ئۇچرىمايدۇ. «تەكلىماكان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەر خىل ئىمزاھلار بار. خوتەن ـ كېرىيە تەرەپلەردىكى قېرى ـ ساللار «چېھلى ماكان» (ھىندى ـ ئىران تىللىرىدا «قىرىق ماـ كان») دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ. خەلق ئىچىدىـ كى رىۋايەتلەردە «خوتەندىكى ئۆگزىگە چىقىۋالغان توخۇ مىرەنگە بارغىچە يەرگە چۈشمەيتتى. چۈنكى، بۇ جايلار تۇتاش كەتكەن شەھەر ـ يۇرت ئىدى، ھازىر قۇم تېگىدە قالغان» دېيىلىدىكەن. بەزىلەر «تەركى ماكان» (تاشلاندۇق جاي) دىن ئۆزگەرگەن دېيىـ شىدۇ. كۇچا ـ كورلا تەرەپلەردىكى بوۋايلار بولسا، «تەھلىك ماـ كان» دەيتتى، ھازىر تەكلىماكان بولۇپ كەتتى دېيىشىدۇ («تەھـ لىك» سۆزى ھىندى ـ ئىران تىللىرىدا «يوقالغان»، «بىكار قالـ غان» دېگەن مەنىدىكى سۆز). بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا، تەكلىماكان سۆزىنىڭ مەنىسى «خارابە»، «تاشلاندۇق» دېگەنلىك بولىدۇ.

**تەلكى**

سايرام كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى ئاقتاغ جىلغىلىرى ئىچىگە جايلاشقان كەڭساي دەپ ئاتالغان چوڭ جىلغا ئارىلىقىدىكى يەر نامى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى («تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يېزىلىشىچە) «تالقىغ» بولۇپ، «تاغلارنىڭ تۇتاشـ قان يېرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 18 ـ ئەسىردە، غۇلجا ـ قورغاس ناھىيىلىرى تەۋەسىدە تەسىس قىلىنغان «ئىلى توققۇز قەلئە»دىن بىرى «تەلكى» دەپ ئاتالغان.

**توخۇلا**

بۇ توپونىم كۆپ ناھىيىلەردە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن: قارىقاش، كۇچا ناھىيىلىرىدە خېلى چوڭ كۆجۈم يېزىلاردىن بىرى. بۇ نامـ نىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەر خىل پەرەزلەر بار. مەسىلەن: بەزى ناـ ھىيىلەردىكى «چۆجىلەر»، «شىپىخلار» دېگەندەك توپونىملارغا نىسبەت قىلىپ، «توخۇلار» (يەنى توخۇ لەقەملىكلەر) مەھەللىسى

دەپ پەرەز قىلىنغان. لېكىن تۈركولوگلار بۇ توپونىمنى «توخار»، «توخرى»نىڭ ئۆزگىرىشى دەپ قارايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «هارۋا»نى «قاڭقى» دەيتتى. بۇ قاتناش قورالىنى ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم قوۋملىرىنى قوشنا قوۋملار «توخرىلار» دەپ ئاتىغان. قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدىن شەرقىي خۇز تىلىدا «هارۋا»نى «توخرى» دەيدۇ. غەربكە كۆچۈپ، هاكىمىيەت قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنى غەربىي ئەللەر «توخار» دەپ ئاتىغان. 10 ـ ئەسىردىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرىدە «توخرى تىلى» دەپ ئۇچرايدۇ. توغرىسى «توخرى» بولۇشى مۇمكىن.

**تورغات**

ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى بىر داۋان ھەم يېزىنىڭ نامى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا چۈشەندۈرۈلۈشىچە: «تۇرىغ ئارت تېز ـــ قەشقەردە بىر يايلاقنىڭ نامى». «تورغات» ـــ «تۇرىغ ئارت» سۆز بىرىكمىسىدىن ئىخچاملانغان سۆز بولسا كېرەك. «تۇرىغ»، «تۇرۇغ» (تۇراق، تۇرا، تاغ تۇرا)نىڭ بىر ۋارىيانتى بولسا كېرەك. «ئارت» ـــ «داۋان، ئارت» (ئارتىلىپ ئۆتىدىغان) جاي. دېمەك، «تورغات» ـــ «تۇرا داۋان» (تۇرا ياسالغان داۋان) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

**توققۇزتارا**

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدا، غۇلجا ناھىيىسىگە تۇتاش ناھىيىنىڭ نامى. ئىلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ چوڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولغان تېكەس دەرياسى ئارىلىقىدىكى نۇرغۇن ئوتلاقتىن تەركىب تاپقان بۇ جاي، تۈركىي تىلدا خاسىيەتلىك ھېسابلانغان ۋە سانسىزلىغان مەنىنى بىلدۈرىدىغان «توققۇز» سۆزى بىلەن سۈپەتلەنگەن. شائىر بىلال نازىم ۋە تارىخچى موللا مۇسا سايرامىلارنىڭ ئىزاھلىشىچە «تارا» ئەمەس، «تالا» يەنى «دالا» بولۇپ، كەڭ دالا ـــ كەڭ يايلاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**توقسۇ**

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدە، كۇچاغا يانداش ناھىيە نامى.

باغراقلىرى كۆپ ۋە مېۋە - چېۋىلىرى مول جاي بولغاچقا، خەلق ئىچىدە «توقسۇ — كۇچانىڭ باغچىسى» دېگەن تەرىپى بار. بۇ توپونىمنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل چۈشەنچە بار: بىرى، «توقسۇ» - «توق سۇ»، يەنى سۇيى مول جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن سۇ توق، ئاچ دەپ سۈپەتلەنمەيدۇ؛ يەنە بىرى، شەرقىي خۇز تىللىرىدىن مانجۇ تىلىدا «توقسۇ» — «باغ، گۈلىستان» دېگەنلىك بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا، خەنزۇچە تەلەپپۇزدا «توقسۇن» ناھىيىسى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ دېگەن باھانە بىلەن «شىنخې» دەپ ئۆزگەرتىپ قويۇلغان.

توقسۇن

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى ناھىيە نامى. «مېھر - شەپقەت ئىبادەتخانىسىنىڭ تەزكىرىسى»دە «دۇجىن» دەپ يېزىلغان توپونىم، ئېھتىمال، Toqcin نىڭ ترانسكرىپسىيىسى بولسا كېرەك. ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا «توقسۇن» دەپ ئېيتىلىدۇ. ئەگەر «تۈكسىن»دىن ئۆزگەرگەن بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تۈكسىن — ئاددىي خەلقتىن بولۇپ، خاندىن ئۈچ دەرىجىدە تۆۋەن مەنسەپتىكى كىشى» («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جاي مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغانلىقىدىن «تۈكسىن» مەنسىپىدىكى كىشى تۇرغان كەنت بولۇپ، كېيىنچە بۇ مەنسەپ نامى توپونىم بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر «توقسان» دىن ئۆزگەرگەن بولسا، بۇنىڭ ئەسلىي «توققۇز ئون» بولىدۇ. «توقسۇن — بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي توققۇز ئون — توققۇز كەررە ئون بولۇپ، كېيىن بۇ ئىككى سۆز بىرلىشىپ كەتكەن» («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد). «ئون تۇتۇن»دىن بىرمۇنچە ئائىلە ياشايدىغان جاي بولغاچقا، «توققۇز ئون» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق جاي ناملىرى بار. مەسىلەن: غۇلجا ناھىيىسىدە «ئۈچ ئون» يېزىسى بار. باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى گۈلباغنىڭ شەرقىدىمۇ «توقسۇن» دەيدىغان يېزا بار. ئۈچتۇرپان-

نىڭ ئاچاتاغ يېزىسىدىمۇ «توقسۇن» كەنتى بار.

**تولى**

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى دۆربىلجىننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ناھىيە نامى. قەدىمكى تۈركىي كىتاب ـ ۋەسىقىلەردە، «تولى»نىڭ مەنىلىرى مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن: 1) تولا، مۆلدۈر؛ 2) بىر ەر نەرسىنىڭ چۆرىسى، ئەتراپى؛ 3) تولۇق، تولغان، لىق؛ مانجۇ تىلىدا «خىسلەتلىك مەنزىرە» ياكى «خىسلەتلىك كۆزگۈ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەر تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، بۇ ناھىيىدە تاغ كۆپ، مەسىلەن: شەرقىدە چىڭگىزخان تېغى، ئوتتۇرىسىدا جايىق تېغى، غەربىدە بارلىق تاغ، غەربىي جەنۇبىدا مايلى تاغ بار. بۇ تاغلارنى ھاسىل بولغان جىلغا ئېقىنلارمۇ تولا، مەسىلەن: شىمالدىن شەرققە سانىغاندا: ئۈشەتى دەرياسى، كۆكتال دەرياسى، داربىتى دەرياسى، شەرقىي جەنۇب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە بوشتى دەرياسى (مەنبە تارماقلىرى ـــ جالاڭاش بوغتى دەرياسى، مىڭسۇتاي دەرياسى، ئوتتۇ دەرياسى)، بۇرقىستاي دەرياسى، چالغاي دەرياسى، سۇۋار دەرياسى، كۆكساي، سىپىەك، تاڭبالى، لابا دەريالىرى، غەرب ۋە غەربىي شىمالىدا كۆپ دەرياسى، لاڭگوتەل، قارىغايتى، شامالئۆتەڭ دەريالىرى بار. دېمەك، تاغ ـ ئېدىرلىرى، جىلغا ـ دەريالىرى كۆپ ـ تولا بولغاچقا «تولى» (تولغان، خىسلەتلىك) دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

**تۇرپان**

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان مۇھىم شەھەرلەردىن بىرىنىڭ نامى. شەھەرنىڭ جەنۇبىدا ئايدىڭكۆل بار، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر چوڭقۇر. بۇ شەھەر كەم دېگەندە 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە. قوچۇ، يارغول قەدىمكى شەھەرلىرى مەزكۇر جايدا. «تۇرپان» دېگەن نام 13 ـ ئەسىردىن كېيىن قوللىنىلغانلىقى مەلۇم، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرىمايدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «تۇرپان» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق بولسا كېرەك. ئىدىقۇت بارچۇق تېكىن 13 ـ ئە ـ

سىرنىڭ بېشىدا چىڭگىزخان بىلەن يارىشىپ، ئۇنىڭغا كۆيئوغۇل بولغاندىن كېيىن، موڭغۇل دارۇغاچى (باش نازارەتچى) خانلىق پايتەختىدە تۇرغۇزۇلغان. موڭغۇل تىلىدا «تۇرمان» — «تەخت» مەنىسىدە بولۇپ، بارا ـ بارا «تۇرپان» بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغان. بەزىلەر بۇ سۆزنى پارسچىگە تارتىپ «تۇرپال» («مۇنارە»، «ئېگىز بىنا»)دىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ. تۇرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارى 18 ـ ئەسىردە ياسالغان. بۇ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تاربان» ياكى «تۇربان» — تەكچە مەنىسىدە، «تۇر ـ بۇن» — سۇرۇشتۇرۇش (چىڭگىزخان تەئىن قىلغان دارۇغاچ نازارەتچىلىك قىلاتتى)، «تاربىن» بولسا «تۈركلەردىن بىر گۇرۇھ خەلقنىڭ نامى» («تۈركىي تىللار دىۋانى»).

تېجەن

ئاتۇش شەھىرىگە قاراشلىق بىر جاينىڭ نامى. ئەسلىدە بۇ بىر يايلاقنىڭ نامى. مەھمۇد كاشغەرىي «تېز» سۆزىگە چۈشەنچە بەرگەندە «تېيىز يەر، ئېگىزلىك» دەپ ئىزاھلاپ «قەشقەرگە يېقىن بىر يايلاقنىڭ ئىسمىمۇ ئېگىزلىكىگە قاراپ تورىغ ئارت تېز دەپ ئاتىلىدۇ؛ يەنە بىر يايلاقمۇ تەزەك تېز دەپ ئاتىلىدۇ» دەيدۇ. دې ـ مەك، قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئاتۇش تەۋەسىدە، چاقماق، بوغۇز، سوغۇن دەريالىرى ئارىلىقىدا كەڭ، ئېگىز تۈزلەڭلىك بار. بۇ جاي قەدىمدىن تارتىپ «تەزەك» ياكى «تېزەك» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. تىلدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە «تېجەن» بولۇپ كەتكەن.

تېكەس

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى توققۇزتارا بىلەن موڭغۇلكۈ ـ رە ناھىيىلىرى ئارىلىقىدىكى ناھىيە نامى. بەزى مەلۇماتلارغا قا ـ رىغاندا، بۇ نام «تېكەس» دەرياسىنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغانىكەن. «تېكەس» چوڭ دەريا بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدە، كۆكتېرەكسۇ، چوڭتېرەكسۇ، كۆكسۇ، قۇشتاي، چاپسالاڭ، چوڭبۇلاق دېگەن تارماقلىرى بار. «تەۋارىخى خەمسە»دە، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى

تارمىقى «جىم» دەريا دەپ ئاتالغان. ئېھتىمال «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كەلتۈرۈلگەن مىساللارغا قارىغاندا «تىكمىسىز»دىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، «تىكى» — «شارقىرىماق، گۈلدۈرلىمەك» مەنىسىدە بولۇپ، «تىكمىسىز» — «شارقىرىمايدىغان» ئۇقۇمىدا بولسا كېرەك. بۇ دەريا نامىنى «كۆنەس دەرياسى» بىلەن نىسبەت قىلغاندا، ئېھتىمالغا يېقىن. بەزىلەر «تەگىش» (ھەر نەرسىنىڭ ئاخىرى) سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن، «تەگىش — تەكس» — ئىلى دەرياسىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرىدۇر دەپ پەرەز قىلىدۇ.

جام

ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى قارا يۇلغۇن بىلەن تۇگمەن ئارىلىقىدا، چوڭ يول ئۈستىدىكى يېزا نامى. «جام» — ئۆتەڭ، مەنزىل مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

جىڭ

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە نامى. ئورنى ئېبىنۇر (بولغاش) كۆلىنىڭ جەنۇبىدا. بۇ ناھىيىگە ئېبىنۇرغا قۇيۇلىدىغان «جىم» دەرياسىنىڭ ئىسمى نام قىلىنغان.

جىمسار

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە نامى. ئورنى ئوبلاستنىڭ شەرقىدە، فۇكاڭ ناھىيىسى بىلەن گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا. قەدىمكى «بەش بالىق» («شىمالىي ئوردا») شەھىرىنىڭ خارابىسى مۇشۇ ناھىيىدە، «ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى»نىڭ يازلىق پايتەختى ئىدى. «جىم بالىق» دەپمۇ ئاتىلاتتى. «جىمسار» — جىم ھىسار (جىم قورغان) دېگەنلىك بولىدۇ، بۇ كېيىن قويۇلغان نام.

جۇڭغار

شىمالىي شىنجاڭدىكى چوڭ ئويمانلىقنىڭ نامى. ئالتاي ۋە بەيتىك تاغلىرى، تەڭرىتاغنىڭ بوغدا ۋە ئېرەنقابىرغا تىزمىلىرى ھەم تارباغاتاي تاغلىرى ئارىسىدا؛ ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا غۇربان

تۇنغۇت چۆلى بار. «جۇڭغار» قەدىمكى هۇن تىلىدا «جوانغار» بو-لۇپ، «قوشۇننىڭ سول قانىتى» دېگەننى بىلدۈرەتتى. «قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتى»نى «برانغار» دەيتتى. ئەسلىدە بۇ ئويمانلىقنىڭ تا-رىختىكى نامى «يارىش يازىقى» ئىدى. «يارىش» — «بەيگىگە چۈشمەك، بەسلەشمەك» دېگەن مەنىدە. «يازىق» — «تۈزلەڭ، يې-يىق» دېگەن مەنىدە. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كېيىنكى ئەۋلاد — ئۇلۇسلىرىدىن بىر قىسمى بۇ يەرنى ئۆزىگە «خانلىق» نامى قىد-لمۇڭالغاندىن كېيىن، «جۇڭغار» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

چارا

لوپنور ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، چارقىلىقتا بارىدى-غان يول ئۈستىدىكى مەھەللە نامى، ئورنى قارا تۇغراق بىلەن كۆزلەك ئوتتۇرىسىدا. قەدىمكى تىلدا «چارا» — پۇتلۇق چۆچەك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

چارقىلىق

شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ناھىيە نامى. بۇ ناھىيە ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. بۇ يەردىن شەرققە چىڭخەي (كۆكنۇر) يولى، غەربكە چەرچەن يولى باشلىنىدۇ. خەن-زۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «يۈنى — گيۇر - نىك» دەپ يېزىلغان؛ كېيىن «روچياڭ» (نوب - سېر) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. پادىشاھنىڭ ئىسمى «چۇخۇلەي» («چۇر - قۇت - لەك») ئىدى. بۇ توپونىم ھەققىدە مۇنداق قىياسلار بار: 1) ھازىرقى «چارقىلىق» دېگەن نام مەزكۇر جاينىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمىدىن كېلىپ چىققان: چۇر - قۇت - لەك ، چۇرقۇلىك، چارقىلىق. 2) «چارۇقلۇغ» (ئوغۇزلار-نىڭ قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى)دىن كېلىپ چىققان. 3) «چا-قىر — چاغىر» (چىغىر يول) ياكى «چاغرى — چاقرى» (قارچىد-غا ياكى بۈركۈتنىڭ بىر تۈرى) دىن كېلىپ چىققان، «چىغىر-لىق» ياكى «چاغرىلىق»دىن ئۆزگەرگەن. مەن بىرىنچى خىل قىد-ياسقا مايىلمەن. يۇقۇرغا ناھىيىسىدە سىيەك يېزىسىنىڭ جەنۇ-بىدىمۇ «چاقىلىق يايلاق» دېگەن جاي بار. بۇ نام ئېھتىمال «قار-

چىغىلىق» مەنىسىگە توغرا كەلسە كېرەك.

چاقا

بۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان جاي 14 يەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا قاراتاش تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ئۇچ يول تۇتاشقان ئاچالغا جايلاشقان يېزا؛ پەيزاۋات ناھىيىسىدە جانباز يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يېزا؛ قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە (خەنزۇچە مەنبەلەردە) «زى خې» دېگەن كىچىك ئەل بولغان، بۇ (زى خې)نى «چاقا» ياكى «سىقاپ» دەپ ئوقۇشمۇ مۇمكىن (سىقاپ — دەريا نامى). «چاقال»، «چاقان»، «چوقى»، «چاقىرچا» ئانتروپونىملار بولۇپ، قەدىمكى ھونغۇر (ھۇن - ئاق ھۇن) ئۇرۇغ - ئايماقلىرىدىندۇر.

چەرچەن

تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا، قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىدىن كۆكشىل تاغنىڭ شىمالىدىكى ناھىيە نامى. ئورنى ئالتۇنتاغ ۋە توقۇز داۋان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە، چەرچەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن خەنزۇچە مەنبەلەردە «چيې مو»، ئۇنىڭدىن كېيىن «يۆچاڭ» دەپ يېزىلغان. «چيې مو» سانسكرىتچە مەنبەدىكى «چالمادانا»نىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى؛ «يۆچاڭ»نى ئۇيغۇرچىدىكى «چۇرچان»غا نىسبەت قىلىش مۇمكىن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «چۇرچان چىن يولىدىكى مۇسۇلمانلار چېگراسىنىڭ بىرى» دەپ يېزىلغان. يەنى 11 - ئەسىردە خاقانىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېگرىسىدىكى شەھەر ئىدى.

چۆچەك

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى شەھىرىنىڭ نامى. «تەۋارىخ خەمسە»دە يېزىلىشىچە، بۇ جايدا يار كۆپ بولۇپ، ئاق يار، پۇچۇق يار، ئۇلۇغ يار، كىچىك يار، ئوغرى يار، ئەگرى يار دېگەن يارلار بار. شەھەر ئەنە شۇ يارلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «چۆچەك» دەپ نام قويۇلغان. خەنزۇچىدە «تارباغاتاي»

سۆزىدىن «تا» بوغۇمىنى ئېلىپ، شەھەر مەنىسىدىكى «چېك»نى قوشۇپ «تاچېك» دەپ ئاتىغان.

چىرا

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدە، لوپ ۋە كېرىيە ناھىيىلىرىدىنىڭ ئارىلىقىدىكى ناھىيە نامى. شىمالىدا قارا چىلان قۇملۇقى، جەنۇبىدا قاراتاش تېغى بار. تېكىسلىك ـ ھاشى دەرياسى (ھازىر «چىرا» دەرياسى) قېرىن چىلان (قارا چىلان) قۇملۇقىغا سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ دەريانىڭ شەرقىدە، ھازىرقى ئۆزۈن تىتىردا «گۇلھەمى» (گومى، جيۇمى) قەدىمكى شەھەر دۆلىتى بار ئىدى. «چىرا»نىڭ قەدىمكى تىلدىكى بىر مەنىسى «ئوتلاق»، «چىمەن»، «گۆزەل يەر»؛ يەنە بىر مەنىسى «بېزەك»، «ئۇنچە قۇملۇق».

خوتەن

ش ئۇ ئا ر نىڭ جەنۇبىدىكى ۋىلايەت نامى. ئەسلىي نامى «ئۇدۇن». «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يېزىلىشىچە: «ئۇدۇن» خوتەن شەھىرىنىڭ نامى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «يۈتيەن» دەپ يېزىلغان. «غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە، «كۇستانا» (گوستانا) دەپ سانسكرىتچە ئېيتىلىشى يېزىلغان. بۇ مەشھۇر جاي ھەر مىللەت تىلىدا ھەر خىل ئاتىلىپ كەلگەن: ھۇنلار «ئۇدۇن»، غۇزلار (ياكى غەربىي ئەللەر) Khotana، ھىندىلار «كۇدەن» دەپ ئاتىغان. خوتەندىن تېپىلغان خوتەن يېزىقىدىكى رىسالىدە Khotana دەپ قەيت قىلىنغان. «غەربىي يۇرت توپوگرافىيەسى» ۋە باشقا كىتابلاردا «ئىلچى» (Ilchi) دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرا ئەسىر شەرق كلاسسىكلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە «ماچىن» ياكى «چىنى ماچىن» دەپمۇ ئاتىغان. ئەسلىي خوتەننىڭ قەدىمكى شەھىرى ھازىرقى ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىدىكى بورازاندىكى Yotkhan دېگەن جاي ئىدى. بۇ جاينىڭ بالدۇرقى نامى «ئۇدۇن» خەنزۇچىدە «كېرىيە» ناھىيىسىگە نام قىلىنغاچقا، «خوتەن» دېگەن نام ئومۇملاشقان. قەدىمكى «گيۇزى» (شەرقىي غۇز) تىلىدا uden «مەنزىل»، «يول ئۈستىدە غىزالىنىدىغان جاي» دېگەن بو-

لىدۇ. تىبەت تىلىدا «قاش» (تاش)نى (gyu) (y ǖ) دەيدۇ، قەدىمـ
كى«يۇ» khu ياكى gu دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىكەن، يەنى قاشتاشـ
نىڭ تەلەپپۇزى ئىكەن. تىبەت تىلىدا «شەھەر» ياكى «كەنت ـ
يېزا»نى tung ياكى tan دەيدىكەن. دېمەك Khu – tan ،Khu – ten
ياكى Gu – ten قاش شەھىرى، قاش كەنتى دېگەنلىك بولىدۇ.
مانجۇ تىلىدا K ǖ tan دەريا ـ غول دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك
قۇمىق تىلىدا «تەن» (ياكى تۇن) ئېتىز، تارلاغ مەنىسىنى بىلدۈـ
رىدۇ. دېمەك، بۇ نام قەدىمدىن تارتىپ ئاھالە ئولتۇراقلىشىپ،
كەنتكە ئايلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى شەھەر خارابىگە
ئايلانغاندىن كېيىن، ھازىرقى خوتەن شەھىرى «ئىل ئىچى»دە بىـ
نا بولغان ۋە «ئىلچى» دەپ ئاتالغان.

داش

بۇلاق ـ ئېقىن سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان كۆل، بۇنداق
كۆلنىڭ كۆپىنچە ئايىغى چىقمايدۇ. قەدىمكى يۇنان تارىخچىلىرى
تارىم ئويمانلىقىنى «ئوغۇر داش» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم. ھازىر
جانلىق تىلدا، كۆلدەك يوغان قازان «داش قازان» (قىسقارتىلىپ
«داش») دېيىلىدۇ. «داش» سۆزىگە «مان» («تولۇق، تولغان، لىپمۇ ـ
لىپ») قوشۇلۇپ، «داشمان» دەپمۇ ياسىلىدۇ. «مان»نىڭ يەنە
«چوڭقۇر»، «ئەڭ تىرەن» دېگەن مەنىلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ئوي ـ
ئويمان، ئاز ـ ئازمان ۋە باشقىلار. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىدە
شەنبە بازار رايونىدا «ئال داشمان»، «سېگە داشمان»، «تاغ
داشمان» دېگەن يېزىلار بار. ئالداشمان ـــ ئالت داشمان (ئاستىنـ
قى داشمان)، سېگە داشمان ـــ سۆكۈداشمان (تۆۋەنكى داشمان)،
تاغ داشمان ـــ دۆڭ ياكى تاق داشمان دېگەنلىك بولىدۇ. كۇچا تەـ
رەپلەردىمۇ ئايىغى چىقمايدىغان كۆلنى داش دەيدۇ.

داۋانچى

ئۇرۇمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جاينىڭ نامى. بۇ نام
ئەسلىدە «داۋانچى» (يېقىنقى زامان تارىخچىسى موللا مۇسا سايراـ
مىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» دېگەن ئەسىرىدە شۇنداق يېزىلغان)

«كىچىك داۋان» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە، باي ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئاقتام بىلەن ئاراشور ئارىلىقىدىكى بىر يېزىدىمۇ «داۋانچى» دېيىلىدۇ.

دولان

بۇ ئەسلىدە توپونىم ئەمەس، ئانتروپونىم ئىدى. دولان — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، بۇلار كۆپىنچە مەكىت، مارالبېشىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپىگە ۋە ئاۋات - شايار تەرەپلەرگە جايلاشقان. شۇڭا، «دولانلىق» دېيىش توغرا ئەمەس، مەسىلەن: «ئۇيغۇرلۇق»، «ياغلىقارلىق» دېگىلى بولمىغىنىدەك. ئەگەر «دولان» يەر نامى (توپونىم) بولۇپ كەلسە، شۇ يەردە ياشىغۇچىلارنى، خۇددى «كۇچالىق»، «ئاۋاتلىق» دېگەندەك «دولانلىق» دېسە بولىدۇ. تارىختا دولان خەلقى كۆچۈپ بېرىپ جايلاشقان ماكانلار «دولان» دەپ ئاتالغان، بۇ توپونىم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاۋات ناھىيىسىدىكى غورۇ چۆل بىلەن ماتان ئارىلىقىدا «دولان» دەپ ئاتىلىدىغان كەنت بار؛ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، بۇلاقبېشى يېزىسىنىڭ شەرقىدە، «دولان يېزىسى» (دولان دېھقانچىلىق مەيدانى) بار؛ ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ شەرىخان ناھىيىسىدىمۇ «دولان» يېزىسى بار. قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، قوبۇقسارلاردىمۇ «دولان» دەپ ئاتالغان يېزىلار بار.

دۇۋا

گۇما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا، قۇرۇم (كۇئېنلۇن) تاغلىرىنىڭ كۆكئارت، ئۇلۇغئارت داۋانلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تۇگەنچە يېرىدىكى بىر جاي نامى. ئۇ يەردىن دۇۋا — دۇئا سۈيى ئېقىپ ئۆتىدۇ. قەدىمكى تىلدا «دۇبە» بولۇپ، «تۇگەنچە»، «ئاخىرقى ئۇچى»، «ئاياغ» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، تەلەپپۇزدا «دۇۋا» بولۇپ كەتكەن. ئۇيغۇر تىلىدا «ب»نىڭ «پ» ۋە «ۋ» بىلەن نۆۋەتلىشىش قانۇنىيىتى بار. ئەسلەتمە، بۇ جايغا يېقىن بىر داۋاننىڭ نامى «ئۇلۇغ ئاتا» ئەمەس، توغرىسى

«ئۇلۇغ ئارت» (ئۇلۇغ داۋان).

**دۆربىلجىن**

چۆچەك شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ناھىيە نامى. ناھىيە مەركىزى ئېمىل دەرياسىنىڭ بويىدا. ئېمىل دەرياسىنىڭ سارى ئېمىل، قارا ئېمىل، ئاقسۇ دېگەن تارماقلىرى بار. يەرلىك ئاھالە شەھەرنى «دۆربىلجىن» دەيدۇ. بۇ ئەسلىي موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «دوربىن» (توغرىسى «دورۋۇن») — تۆت دېگەن سۆز، «دوربىلجىن» — تۆت بۇرجەك قەلئە دېگەنلىك بولىدۇ. خەنزۇچىدە «ئېمىن» دەپ دەريانىڭ نامى قوللىنىلغان. «ئېمىل» تارىخىي نامدۇر، بۇنىڭ ئەسلىسى «ئامىل» بولۇپ، «جىم»، «يۇۋاش»، يەنى «جىم ئاقىدىغان دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك.

**رابات**

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئەسلىي مەنىسى «باغلىنىش»، «ئالاقە»، «مۇناسىۋەت» دېگەنلىك بولىدۇ. كۆچمە مەنىسى: شەھەرلەر ئارا يول ئۈستىدە چۈشۈپ ئۆتىدىغان بېكەت، مەنزىلگە سېلىنغان بىنا، مۇساپىرخانا. مۇنداق راباتلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا كۆپ تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن: قەشقەردىن خوتەنگە بارىدىغان چوڭ يول ئۈستىدە، «كوررابات»، «چۆل رابات» دېگەندەك راباتلار بار.

**زانگويا**

گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدە، مۇجى بىلەن پىيالما يېزىلىرى ئارىلىقىدىكى يېزا نامى. قەدىمكى خوتەن تىلىدا «ياقا مەھەللە» ياكى «ئېقىن ياقىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**زاۋا**

قاراقاش ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى (ئاقساراي — خوجىلار مەھەللىسىنىڭ غەربىدە، ئىمامئەبتەر مازىرىنىڭ شىمالىدا) بىر يېزىنىڭ نامى. قەدىمكى خوتەن تىلىدا «زاۋيا»، «زابا» بولۇپ، «خىلۋەت جاي»، «خانىقاھ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**زەرەپشان**

يەكەن بىلەن پوسكام ناھىيىلىرى ئارىلىقىدىن ئۆتىدىغان

چوڭ دەريا — يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئاتىلىشى. «زەرەپشان» — «زەرئەپشان» بولۇپ «زەر ئاقار»، «ئالتۇن چاچار» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ساۋەن

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ناھىيە نامى. ماناس دەرياسى بۇ ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ئاقىدۇ. بۇ دەريانىڭ جەنۇبىي ئىلگىرى كەڭ سايلىق (قۇمساللىق) بولۇپ، «ساي ئەگىم» (گاھىدا «ساي توقاي») دەپ ئاتالغان. خەنزۇچىگە مەزكۇر نام «شاۋەن» دەپ تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغان.

سايرام

بۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان ئىككى جاي بار: بىرى بورتالا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا خانزىغ، قوسەمچەك، چاپ ئۆسۇ، تەلكە تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ كۆلنىڭ (دېڭىز يۈزىدىن 2073 مېتىر ئېگىز) نامى. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە: «سىلىنگادا سوغۇق بولسا، سايرام سۈيى سوغىلار» دېگەن ماقال بار. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «سايرام سۇۋ — تېپىز سۇ» دېيىلگەن. «تېپىز» چوڭقۇرنىڭ ئەكسى «دۆڭ» مەنىسىدە. بۇ يەردە «دۆڭدىكى سۇ» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. يەنە بىرى، باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە، كۇچا - باي - ئاقسۇ چوڭ يولىنىڭ ئۈستىدە، قىزىل ۋە كۆتەمە يېزىلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يېزا نامى. بۇ يېزا مۇزئات دەرياسىنىڭ شىمالىي تارماقلىرىدىن قاراسۇ دەرياسى بويىغا جايلاشقان، قاراسۇ دەرياسىنىڭ مۇزئات دەرياسىغا قوشۇلىدىغان ۋادىسىدا، سۇ يېيىلىپ ئاققاچقا «سايرام سۇ» دەپ ئاتالغان، بۇ يەردە بىنا بولغان يېزىغا «سايرام» دېگەن نام بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن. تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ۋە شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئەلى سايرامى مۇشۇ يەرلىك.

سەمەن

قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى داڭلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

«سەمەن» — ئاق، سېرىق رەڭلىك خۇش پۇراق گۈل — «ياسەمەن»نىڭ قىسقارتىلىشى. بۇ باغۋارانلىق جاي بولۇپ، ئىلگىرى سەمەن كۆپ تېرىلغاچقا، شۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر «سەرمەنزىل» (يولۇچىلارنىڭ بىرىنچى قونالغۇسى)دىن كېلىپ چىققان دەيدۇ.

سوزاق

قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدە، ھەزرەت بىلەن ئاۋات ئارىلىقىدىكى يېزا نامى. بۇ يېزا يۇقىرىقى سوزاق، تۆۋەنكى سوزاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. «سوزاق» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كوچا ـ كوي»، «مەھەللە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

سيەك

بۇ نام بىلەن ئاتالغان بىر قانچە يېزا بار: كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىدە، شەنبە بازارنىڭ شىمالىدىكى يېزا؛ يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ئاقتىكەن بىلەن چىگىلىك ئارىلىقىدىكى يېزا؛ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى يېتىملىقۇم بىلەن ئېقىن ئارىلىقىدىكى يېزا. «سيەك» بىر خىل چۈشەنچىدە «سېۋيەك» (ئۈچتىن بىر) سۆزىدىن ئۆزگەرگەن، قۇم كۆچۈپ يەرنى قۇم بېسىپ كېتىپ، ھوسۇل كەملەپ كەتكەچكە، «ئۈچتىن بىرى» ئىجارىگە بېرىلىدىغان يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر خىل چۈشەنچىدە، «سەدرەك» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزى «سىيرەك» (شالاڭ) سۆزىدىن ئۆزگەرگەن. بۇ جايدا يەر تولا، ئاھالە سىيرەك بولغاچقا «سيەك» دەپ ئاتالغان دەيدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «سەدرەك بۆز» (شالاڭ بۆز) سۆزىدىن باشقا، «سەدرەك قابۇغ» (چاخسا قوۋۇق ـ ئىشىك) دېگەن سۆزمۇ مىسال كەلتۈرۈلگەن. بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىدۇ.

سۆلىم

ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەھەرلىرىدىن بىر — «سۆلمى» بولۇشى مۇمكىن. بۇ شەھەرنىڭ ئورنىنى بەزى تەتقىقاتچىلار ھا-

زىرقى قاراشەھەر ئەتراپىدا دەپ قىياس قىلىندۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «سۆلىم» دېگەن سۆز بار، بۇنىڭ مەنىسى «بولۇق، ھوسۇلـ ـلۇق»، «چىرايلىق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. نەۋايى ئەسەرلىـ ـرىدىمۇ بۇ سۆز قوللىنىلغان: «سۇلتانىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى ئەڭ سۆلىم باغلىرىدىن بىرىگە يىغىلغان سەنئەت شەيدالىرى ئەنجۇ مەنىدە...» دېيىلىدۇ. سۆلمى — كورلىغا يېقىن بىر جاي بولسا كېرەك.

### شىخو

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى ناھىيە نامى. ناھىيىنىڭ جەنۇبىدا پولكىنور، ئېرەنقابىرغا تاغلىرى بار؛ كۈيتۈك، چىگـ ـشور دەريالىرى ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالغا ئاقىدۇ. قەدىمدە ياڭى بالىقتا (ھازىرقى ماناس ئەتراپىدا) ئىدىقۇت ئۇيغۇر سانغۇنـ ـلىرىدىن قۇتلۇق ئۇز تۇرغان، ئورنى ئەبىنگەسۇن (ئايار كۆـ ـلى)نىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ. ماناسنىڭ غەربىدىكى كۆللەرنى خەنزۇچىدە ئومۇملاشتۇرۇپ «شى خۇ» (غەربىي كۆل) دەپ ئاتىـ ـغان. شۇنىڭدەك موڭغۇلچىدە «كۈيتۈڭ» دەرياسىنى «كور قارائۇـ سوۋ» دەپ ئاتىغان (كور — قار، قارائۇسوۋ — قارا سۇ). دەرياـ ـنىڭ غەربىگە بىنا قىلىنغان يۇرتنى يەرلىك ئاھالە «شىخو» (غەرـ ـبىي دەريا ياكى غەربىي كۆل) دەپ ئاتىغان. خەنزۇچىدە «كور قاراـ ئۇسوۋ»نى قىسقارتىپ، «ۋۇسۇ» دەپ ئاتىغان.

### غادراڭ

كېرىيە ناھىيىسىدە، دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى يېزىـ ـنىڭ نامى. بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قاترۇن» (قاتتىق يەر، يەنى دەريا بويى قۇملۇق لاتقا لۆم ـ لۆم بولۇپ، ئۇ يەردىن چىقسا قاتتىق يەر)دىن ئۆزگىرىپ «غادرۇن» — «غادراڭ» بولۇپ ئۆزلەشكەن.

### غۇلجا

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ نامى ۋە ناھىيە نامى. تەڭرىتاغدىن باشلىنىپ، ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان بۇـ

لۇكەي، قۇلۇستاي، چۇلۇقاي، جىرغىلاڭ غول، پىلىچى، ئويمانـ بۇلاق، سۇلۇق ئالمۇتا دەريالىرى بار. بەزى مەلۇماتلارغا قارىـ غاندا، «جىرغىلاڭ غول» ئىلگىرى «غۇلجا»، «پىلىچى» بولسا «بولجا» دەپ ئاتالغان. بەزىلەر قەدىمدە شىمالىي تۆپە ـ جىرالاردا ئارقار ـ غۇلجا كۆپ بولغاچقا، بۇ جاي «غۇلجا» دەپ ئاتالغان دەيـ دۇ. «تەۋارىخ خەمسە»دە يېزىلىشىچە: «... ھۆكۈمەت قالغان قالـ ماقلارنى بۆلەكلەپ، بىر بۆلىكىنى غۇلجىغا، بىر ئۆلۈشىنى بولـ جاغا ماكانلاشتۇرغان». دېمەك، بۇ ناملار دەريا ـ غول ئىسىملىـ رىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

قاچۇن

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدىن ئۆتىدىغان ئۆستەڭ ۋە بۇنىڭ بويىدىكى يېزا نامى. 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كېرىـ يەدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەن ئاھالىنىڭ بىر قىسمى «قارا قوۋچىن» ياكى «قوچىن»، «قوچۇن» دەپ ئاتالغان قوۋم ئىدى. بۇلار كېرىيەنىڭ شىمالىدا بوزلۇق ئاچقان، قاراخاـ نىيلار ئاچتۇرغان بۇ بوزلۇق «قاراخان قېيىرى» دەپ ئاتالغان. ئەنە شۇ قوۋم — «قوچۇن»، «قوۋچىن» تەلەپپۇزدا «قاچۇن» بوـ لۇپ كەتكەن. «ھەفتە ئىقلىم» دېگەن جۇغراپىيە كىتابىدا يېزىـ لىشىچە، قەشقەر ئاھالىسى ۋە قوشۇننىڭ ئىككىنچى تەبىقىسى «قوچۇن» — «قوچىن» دەپ ئاتىلىدىكەن. شۇنىڭدەك، لوپنوردىمۇ «قاراقوشۇن» دەپ ئاتىلىدىغان قوۋم ياشىغان، بۇلارمۇ «قاراقوـ چۇن» بولۇشى ئېھتىمال.

قاراغوجا

تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدە، سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇبىـ دىكى يېزا نامى. بۇ نام ئەسلىدە «ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېـ لى»نىڭ قىشلىق پايتەختى «قوچو»دىن كېلىپ چىققان.

قاراشەھەر

قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەرلىك ئاھالە ئىچىدىكى نامى. بەـ زى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ نام «قاراشەھەر» بولماستىن، موڭـ

غۇل دەۋرىدە، چاغاتاينىڭ «قاراسىر» دېگەن قوماندانى «ئاگنى» (يەنجى) ئەتراپىغا بارگاھ قۇرغان ۋە بۇ يەر قوماندانىنىڭ نامى بىلەن «قاراسىر» دەپ ئاتالغان.

**قاراقىر ~ قاراقىي**

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى يېزا نامى. «قارا» — كەڭ، يوغان، چوڭ مەنىسىدە؛ «قىر» ئەسلىدە «قايىر» بولۇپ، تەلەپپۇز ئىخچاملىنىپ «قىر» (خوتەن شېۋىسىدە «قىي») بولغان؛ ئەسلىي سۆزنىڭ مەنىسى «پوپالڭ يەر» دېگەنلىك بولىدۇ (ئوغۇزلار قۇمنى قايىر دەيدۇ).

**قاراقىزىل**

توقسۇن بىلەن خوشۇت چېگرىسىدا، چوڭ يول ئۈستىدىكى ئۆتەڭ نامى. «قىزىل»نىڭ ئەسلىسى «قىسىل» بولۇپ، «ئېدىر»، «تاغ بوغۇزى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تەلەپپۇزدا «قىزىل» بولۇپ ئومۇملاشقان.

**قاش دەرياسى**

ئىلى دەرياسىنىڭ شەرقتىن كېلىدىغان چوڭ تارمىقىنىڭ نامى. بۇ دەريا تەكرىتاغنىڭ ئېرەنقابىرغا، ئەندىرئۇلا تاغلىرىدىن باشلىنىپ، نىلقا ناھىيىسىنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدۇ. «قاش»نىڭ ئەسلىسى «قاز» بولۇپ، بۇ توغرىدا مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق رىۋايەتنى يازغان: «قاز ـ ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئېتى ... قاز سۈيى — ئىلا (ئىلى) دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ ئېتى. مۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئافراسىياپنىڭ قىزى ئۇنىڭ بويىدا بىر شەھەر بىنا قىلغان. بۇ شەھەر ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان».

**قاغىلىق**

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ناھىيە نامى. بۇ ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىن — قۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ تاشقورزۇق، سېرىق داۋان، سۆگەت داۋان تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان ئۇلۇغ دەريا، ئاقچىغ دەرياسى، كۆكيار، تىزناپ دەريالىرى شىمالغا

قاراپ كېسىپ ئۆتىدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ جاي «جۇجۇي پىا» ياكى «جو جۇي جىيا» دەپ يېزىلغان، «بۇددا ئېلى خاتىرىسى»دە يېزىلىشىچە، «زى خې» (چاقا ــ سىقاب) ئىدى. ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا، خەنزۇچىدە «يېچېڭ» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ نام ئېھ ـ تىمال «ياركەنت دەرياسى»نىڭ بىرىنچى بوغۇمى ــ «يار»نى ياكى «تىزىن ــ ئاب» دەرياسىنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى ــ «ئاب» «يە» قىلىنىپ ئۇنىڭغا «شەھەر» مەنىسىدىكى «چېڭ» قوشۇلۇپ ياسال ـ غان بولسا كېرەك. ناھىيە مەركىزى «قارلىغ» يېزىسىغا قۇرۇل ـ غانلىقتىن، يەرلىك ئاھالە ناھىيە نامىنىمۇ «قارغىلىق» دەپ ئا ـ تىغان. بەزى تەتقىقاتچىلار «قارغا ـ لىغ» (قاغا جىق جاي) دەپ قىياس قىلىدۇ. «قارغالىغ»نى «قارخ» (ئالۋاڭ، ۋەزىپە) بىلەن «قىلىغ» (ياساق، سېلىق) ئىككى سۆزدىن بېرىككەن «ئالۋان يەر» (ياساق بېرىدىغان يەر)، «بەگ ـ ئەمىرلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن ۋە شۇلارغىلا ئالۋان تۆلەيدىغان يېزا» مەنىسىدە دەپ قىياس قىلىش ـ قىمۇ بولىدۇ. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە، يوپۇر ـ غىنىڭ تۆۋەنكى چارقىلىق يېزىسىنىڭ ئۇدۇلىدىمۇ «قاغىلىق» دەپ ئاتىلىدىغان يېزا بار. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «قارغالىغ ــ تىراز شەھىرىگە يېقىن بىر قەلئەنىڭ نامى» دەيدۇ.

**قالۇق**

كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر يېزا ۋە ئۆستەڭنىڭ نامى. بۇ نام چوڭ بىر قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ، شۇلاردىن بىر قىسمى 11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىيلاردىن يۇسۇپ قادىرخان كېرىيەگە كۆچۈرۈپ ماكانلاشتۇرغان دېگەن قىياس بار. ئەسلىي «قارلۇق» (بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە «قار ـ لىق»)، كېيىنچە تەلەپپۇزدا «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «قا ـ لۇق» بولۇپ قالغان. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ شەر ـ قىي جەنۇبىدا، جىگدە ئېرىق بىلەن چوقۇلۇق يېزىلىرى ئارىلى ـ قىدا «قالۇق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار؛ ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ

شەرقىدە پامان بىلەن سۆگەتئېرىق ئارىلىقىدا «قالۇق» — «قا-لىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار؛ قومۇلدا شەھەرنىڭ شىما-لىدا بارىكۆلگە بارىدىغان تاشيولنىڭ غەربىدە، تاراتى بىلەن كۆ-شۈتى ئارىلىقىدا «قارلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان جاي بار.

**قايراق**

ئاتۇشنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگراسىدا، ئۇلۇغچاتقا ماڭىدى-غان يول ئۈستىدىكى يېزا نامى. بۇ يەرنىڭ شىمالىدا «قايراق كەنت»، غەربىي شىمالىدا «قايراقساي» دېگەن جايلار بار. تورغات-تىن باشلىنىدىغان چاقماق دەرياسى بۇ يەرلەردىن شەرققە*بۇرۇ-لىدۇ. «قايراق» سۆزىنىڭ ئەسلىسى «قادراق» بولۇپ، تاغنىڭ ئۆركەشلىرى، تاغنىڭ يانلىرى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**قەشقەر**

مەشھۇر شەھەرلەردىن بىرى. بۇ شەھەرنىڭ تارىخى توغرى-سىدا نۇرغۇن ئالىملار مەخسۇس ئەسەرلەر يازغان. خەنزۇچە تارى-خىي مەنبەلەردە «سۇلې» (سۇللاغ ـ سۇلىق)، «سۇغراغ»، «كې شا» ياكى «جياشى» (كاشغەر) دەپ خاتىرىلەنگەن. مەھمۇد كاشغە-رىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئوردۇ ـ ئوردا، خان شەھىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن كاشغەر ئوردۇكەنت دېيىلىدۇ، يەنى خانلار تۇرى-دىغان شەھەر دېمەكتۇر» دەپ يازغان، «ئوردۇكەنت» يەنى «خان تۇرىدىغان شەھەر، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ئوبدان بولغىنى ئۈ-چۈن، ئافراسىياب شۇ يەردە تۇراتتى». بۇ توپونىمنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار. خەنزۇچە «ھىندىستانغا سە-پەر»نىڭ «سۇلې» ماددىسىدا مۇنداق ئىزاھلانغان: «بۇيەرنىڭ نامى گاش ـ چىلى، بۇنىڭدىكى چىلى (گىرى) سانسكرىت تىلىدا تاغ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ»، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرى-سى» دېگەن كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «مۇسۇلمان (ئۇيغۇر) تى-لىدا رەڭدار خىش كاش، خىشتا سالغان ئۆيىنى كار دەيدۇ. يېرى باي، پىششىق خىشتا سېلىنغان ئىمارەتلىرى تولا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان». «غەربىي ئەللەر خاتىرىسى»دە يېزىلىشىچە،

«قاش»نىڭ مەنىسى «چەت، ياقا» دېگەنلىك بولىدۇ. ياۋروپا ئالىم-لىرىدىن گرېناردىنىڭ پىكرىچە، قاش ـ قاشتاش، بۇنى بالۇت تى-لىدا «غار» دەيدۇ. ياپونىيەلىك بەينياۋ كۇجىنىڭ پىكرىچە بولسا، ۋاخان ۋە ئافغان تىللىرىدا «غار» تاغ دېگەنلىك، «قاشقار» ــ «قاشتاش تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى تىلشۇناسلارنىڭ تەھلىلىچە، قەدىمكى هۇن ـ ئالتاي تىللىرىدا «غار» (ghar) «يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. مەسىلەن: ئالتاي تىللىرىدىن تۇڭغۇز گۇرۇپپىسىدىكى داغۇر تىلىدا «غار» ــ «يەر» دېگەن مە-نىدە، «چېچى خار» ــ ئەسلى كېچ ـ غار ــ (كېچ ــ چەت، غار ــ يەر). بۇنىڭغا قارىغاندا، «قاشقار» ــ قاش يەر (قاشتاشلىق يەر ياكى قاش يەر ـ دەريا قېشىدىكى يەر) دېگەنلىك بولۇشى مۇم-كىن. كېيىنچە يورچ ـ كۇسەن ـ تۇخار تىلىدا (گىرىك تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان تىلدا) «كاشغەر» بولۇپ ئۆزگەرگەن؛ جانلىق تىلدا «قەشقەر» بولۇپ ئومۇملاشقان.

قوچو

تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى. هازىر بۇ نام «قاراغوجا» شەكلىدە يېزا نامى بولۇپ قالغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىزاھلىشىچە: «قوچو ــ ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى. بەزىدە ئۇ يەر-دىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ» (مەسى-لەن: قوچو، بەشبالىق، چانبالىق، ياڭىبالىق، سولمى، ئىل بالىق ياكى يېشبالىق ۋە باشقىلار). بۇ ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسى-لىرىدىن «بەشبالىقتا ئون قورغان، خانبالىقتا چوڭ قورغان» دې-گەن ماقالدىنمۇ مەلۇم بولىدۇ. قوچو ــ شۇ جاينى مەركەز قىل-غان «گۇش گۇيەن» يەنى «قوش قويار» ئېلىنىڭ ئىسمىدىن كې-لىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. «قوش قويار» ــ «قوشۇ» بولۇپ قىسقارغان. خەنزۇچىدە كېيىن بۇ نام «گاۋچاڭ» دەپ ئاتىلىپ «قوچو»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى قوللىنىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن «قوتىغور»لار يۇرۇش قىلغاندا، «ئاق يول بو-لۇش»نىڭ بېشارىتى ئۇچۇن ئالدىدا «قوچو» (بىر جۇپ ئۆكۈز)

قويۇپ بېرەر ئىكەن. قوشنا قوۋملەر بۇلارنى مەزكۇر ئادىتىگە قاراپ، «قوش قويار» دەپ ئاتىغانىكەن. شۇڭا، خەنزۇچىدە ئەنە شۇ ۋاستە بىلەن «گوش گويەن» — «گوشى» دەپ ئاتالغان.

قۇتۇبى

سانجىنىڭ غەربىدىكى ناھىيە نامى. بۇ يەر تەڭرىتاغنىڭ مىڭغىت داۋان دېگەن قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە يەنى «قۇز» تەرىپىگە (تەسكەي تەرىپىگە)، تۆپىلىككە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدە «قۇزتۆپە» (تەسكەي تۆپە) دەپ ئاتالغان. بارا - بارا ئىستېمالدا ئىخچاملىنىپ «قۇتۇبە» — «قۇتۇبى» بولۇپ كەتكەن.

كرورەن

لوب (نوب) كۆللىرى (بوران كۆلى)نىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قەدىمكى شەھەر نامى. خەنزۇچىدە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «لۇلەن» دېيىلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «پەرغانە تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە: «لۇلەن (كرورەن) ... ئېلىدە شەھەر — قورغان بار. كۆلنىڭ بويىدا» ياپونىيەلىك لۇڭچۇەن زىيەنىنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ شەرھلىرىنى تەھقىقلەش» دېگەن كىتابىدا «خەننامە»نىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىن نەقىل قىلىپ يېزىشىچە، «پىچان دۆلىتىنىڭ ئەسلىي نامى كرورەن، پادىشاھى ئوگەن شەھىرىدە تۇرىدۇ ...» مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى خەنزۇچىدە يەرلىك ئاھالە تىلىدىكى «پىچان» ياكى Phucamui دېگەن ئىككىنچى خىل ئاتىلىشى قوبۇل قىلىنغان. «كرورەن» — ئاھالە تۇرالغۇسى، كۆجۈم شەھەر دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك؛ «ئورام»، «قانات» مەنىسىمۇ بار.

كورلا

هازىر بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ نامى. باغراش كۆلىدىن چىققان كۆنچى دەرياسى باش ئەگىم ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، تېكىچى دېگەن يەردە غەربكە بۇرۇلۇپ ئاققاندا ھاسىل بولغان دونىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان كۆجۈم شەھەر. بۇ شەھەر كەم ھېسابلىنغاندىمۇ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى»

دەۋرىدە بىنا قىلىنغان. چۈنكى، 13 ـ ئەسىردە، خەنزۇچە مەنبە ـ لەردە «كۈن ـ لۈي» دەپ يېزىلغان. بۇ نام ئېھتىمال قەدىمكى ئۇيغۇرچە «كۆركلۇگ»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق ھۆججەتلەر ـ دە يېزىلىشىچە، «كۆركلۇگ» سۆزى «گۈزەل مەنزىرە، چىرايلىق جاي، كۆركەم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «كۆركلۇگ» سۆزى بارا ـ بارا «كۆركلە»، «كۆر ـ لە» كورلا بولۇپ ئۆزگەرگەن. بۇ نام كورلىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

كۆكئارت

ھازىرقى پامىر تېغىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نامى. خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا بۇ نام مەنىسى بويىچە «سۇڭلىڭ» (سۇڭ ـ پىياز كۆكى، يەنى كۆك، لىڭ ـ ئارت يەنى داۋاننىڭ تەرجىمىسى) دەپ قوللىنىلغان.

كۇنەس

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ناھىيە نامى. ئاۋرال تېغىنىڭ جەنۇبىدا، تارىخىي مەنبەلەردە، «كۇنەش» ـــ قۇياشلىق، ئاپتاپ دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قەيت قىلىنغان. بەزى تەتقىقاتچىلار «كەڭەس» دىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىزاھلىنىشىچە، «كەڭەس ـــ تېيىز، دۆڭ، كەڭەس سۇ ـ تېيىز سۇ» دەپ ئىزاھلانغان. ھازىرقى كۇنەس دەرياسى يېيىلىپ، دۆڭ ـ لەردىن ئاققاچقا «كەڭەس سۇ» دېيىلگەن بولسا كېرەك. دېمەك، «كۇنەس» دېگەن نام «كۇنەش» ياكى «كەڭەس»دىن ئۆزگەرگەنلىكى مەلۇم.

كۇچا

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى ناھىيە نامى. بۇ تارىخىي شەھەر قەدىمدىن تارتىپ ئاساسەن مەزكۇر نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىزاھلىشىچە، بۇ جاينىڭ «كۇسەن» دېگەن نامىمۇ بار؛ بۇ نام ئېھتىمال، كۇسەن ئىمپېرىيىسىگە باغلىق نام بولۇشى مۇمكىن.

«بەش يابغۇلۇق»دىن بىرى بولغان كۇشان يابغۇلۇغى باشقا تۆت يابغۇلۇقنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، كۇشان ئىمپېرىيىسىنى قۇرغانىدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىرىدىن كانىشكا II نىڭ زامانىسىدا، شەرققە كېڭىيىپ، تەسىر دائىرىسى «قەشقەرىيە» (قەشقەر، خوتەن، كۇچاغىچە بولغان يەرلەر)گە يەتكەنىدى. كۇچا - كۇسەن چېگراسىدا بولغاچقا «كۇسەن» دەپمۇ ئاتالغان. تارىخىي دەۋرلەردە، خەنزۇچە مەنبەلەردە، كۇچا ھەر خىل خەتلەر بىلەن قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا «كۇچا» دېگەن نامىنىڭ ھەرخىل ترانسكرىپسىيەسىلا بولغان، خالاس. «كۇچا»نى بەزى تەتقىقاتچىلار «كۇھى چەھ» يەنى «تاغ ئىچىدىكى قۇدۇق» دەپ پەرەز قىلىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مىلادىيىدىن 1000 يىللار ئىلگىرى شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەن «گيۇزى» — «گۇز»لەرنىڭ بىر بۆلىكى كىرورەن - كۇچا تەرەپلەرگە جايلاشقان. مىلادىيىدىن ئۇچ ئەسىر ئىلگىرى يەنە «يۆچى» — گۆچچى - يورچى دەپ ئاتالغان قوۋملەر يۇلتۇز - كۇنەس يايلاقلىرىدىن ئۆتۇپ غەربكە — كۆكئارتنىڭ غەربىگە كۆچكەن. ئۇلاردىن بىر قىسمى يەنە كۇچا بوستانلىقىدا ماكانلىشىپ قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن «توخرىلار» (ھارۋىلىقلار) كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن، بالدۇرقى ئانا ماكانلىرىدىن بىرى بولغان — كۇچا تەرەپلەرگە قىسمەن كۆچۈپ كەلگەن. «گيۇزى» ۋە «گۆچچى»لەرنىڭ تىلى ئالتاي تىللىرىغا مەنسۇپ ئىدى. «توخرىلار»نىڭ تەگ تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىلىغا مەنسۇپ ئىدى. دېمەك، «كۇچا» — «گيۇزى» — «گۇز» («غۇز»نىڭ ھىندى - گىرېك تىللىرىدىكى تەلەپپۇزى)نىڭ ئۆزگەرمىسى. كۇچا — ئەل نامى، يەنى شۇ يەردە ماكانلاشقان خەلقنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭ پايتەختى — «يىلولۇچېك» — «جىرالۇقدۇ» (قەدىمكى كۇچا تىلىدا، «جىرا» — دەريا - ئېقىن جىراسى، «لۇقدۇ» — باراقسانلىق، چىمەنلىك بولىدۇ). بۇ ئەل بۇددا دىنى ئەڭ ئىلگىرى كىرىپ، يىلتىز تارتقان رايونلاردىن بىرى. بۇ ئەل-

ـدە چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى كۆپ ئىدى. شۇلاردىن بىرى —
«چۇلى» — Çoguri بولۇپ، ئەسلىدە كۇچانىڭ يار - ياردائىلىقى-
غا سېلىنغان. قەدىمكى تۈركىي تىلدا «يار - ياردائىلىق» «چو-
غۇر» دېيىلەتتى. «چوغۇر» (يارداڭ)غا سېلىنغان ئىبادەتخانا
«چۇغرى» دەپ ئاتالغان.

كۇيتۇڭ

دەريا نامى. بۇ دەريا تەڭرىتاغنىڭ ئىرەنقابىرغا تارمىقىدىن
باشلىنىپ، شىخو ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىن شىمالغا ئېقىپ،
شەرقىي شىمالدىن غەربكە بۇرۇلۇپ، جىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي
شىمالىغا بارغاندا، بولغاش (ئېبىنۇر) كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. «كۇ-
تېن» قەدىمكى تىلدا «دەريا»، «ئېقىن» دېگەن سۆز.

گەزدەريا

ئاقتۇ ناھىيىسىدە، ئاقسايباش تېغىدىن باشلىنىدىغان مۇز
سۇ، مۇز تاغدىن باشلىنىدىغان كەڭشۇەر دەريالىرىنىڭ قوشۇ-
لۇشىدىن ھاسىل بولغان دەريا — گەز دەرياسى، قەشقەر تەۋەسى-
گە ئېقىپ كىرگەندىن كېيىن يوپۇرغا دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ.
قەدىمكى تىلدا «گەز»نىڭ مەنىسىنى «پەرسىز ئوق» دەپ چۈشى-
نىش مۇمكىن؛ جانلىق تىلدا ئۇساپ لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەن
ئادەمنى «لەۋلىرىڭ گەز باغلاپ كېتىپتۇ» دەيمىز. دېمەك، بۇ
دەريانىڭ ئېقىپ ئۆتىدىغان يەرلىرى دۆڭ - جىرا ھەم شورتاڭ
يەرلەر بولغاچقا، «ئوقتەك ئۇچقاندەك ئاقىدىغان شور دەريا» دېگەن
مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك.

گۇلاخما

چىرا ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى يېزا نامى. شۈەنزاڭنىڭ
«غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى»دا يېزىلىشىچە، ئۇ «گەن ما شەھە-
رى» يەنى «بى - ما»دىن ئۆتكەن، بۇ يەر ھازىرقى خوتەندىن
شەرققە قاراپ تەخمىنەن 200 چاقىرىم ماڭغاندا ھازىرقى گۇلاخ-
ما يېزىسىنىڭ شىمالىغا — ئۇزۇن تېتىرغا توغرا كېلىدۇ. بۇ
قەدىمكى شەھەر قەدىمدە (خەنزۇچە مەنبەلەردە) «گۇ - مى» دەپمۇ

يېزىلغان؛ بۇنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى «گۇلھ ـ ما» «گۇلھ ـ بىر»، گولھەمى» ــ «گولھەمى» (ئېگىز نوكچاخانا) ئىدى. بۇ جاي قەدىمدە بۇددا ئىبادەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى.

گۇما

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى ناھىيە نامى. شىمالىدا تەكلىماكاننىڭ ئاق قۇم دېيىلىدىغان قىسمى بار. قەدىمكى نامى «Pishnand»، شۇڭا خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «پىشەن» دەپ يېزىلغان. كېيىن ناھىيە مەركىزى «گۇما» يېزىسىدا بىنا قىلىنغاندىن كېيىن، يەرلىك ئاھالە ناھىيە نامىنىمۇ يېزا نامى بىلەن «گۇما» دەپ ئاتىغان. بۇ نامنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل ئىزاھ بار: بىرى، «قۇم ئاق»دىن ئۆزگەرگەن دېيىلىدۇ؛ يەنە بىرى، قەدىمكى تىلدا «قاينام»، «يۆگەم» مەنىسىدىكى «گھومانا»دىن ئۆزگەرگەن دېيىلىدۇ.

لاپچۇق

قومۇل شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يېزا نامى. ئەسلىدە «ناۋاب ـ چۇق» ~ «نوپ ـ چۇق» بولۇپ، «لوب» (ناۋاب) كۆللىرىنىڭ نامىدىن ئېلىنغان. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «نا ـ چژ» دەپ ترانسكرىپسىيە بېرىلگەن. بۇ رايوندا بىر ـ بىرىگە يېقىن ئۈچ شەھەر (يىش تۇرۇغ ــ ئارا تۇرۇك، ئىل بالىق ــ يىدىۇ، ناجژ ــ نابچىق) بار ئىدى. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىچە، «چۇق» ــ تۈركىي تىلدا كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى ئىكەن؛ «چۇق» بىلەن ياسالغان ناملار خېلى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: بارچۇق (بارس ـ چۇق)، شورچۇق (قاراشەھەردە). تاڭ دەۋرىدىكى «ناجژ» (نابچىق) بولسا، «ن» تاۋۇشى تېخى «ل»غا ئالماشمىغان چاغدىكى ترانسكرىپسىيە. دېمەك، «لاپ» ~ «لوپ» ~ «نوپ» ــ لوب كۆللىرىنى بىلدۈرىدۇ. ۋېي دەۋرىدە (493 ـ يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قاڭقىللار لوب رايونىغا (شەنشەن ـ پىچان) ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، شەھەر ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى شەرققە ــ قومۇل تەرەپكە كەتكەن ۋە «نابچىق» شەھىرىنى بىنا

قىلغان. بۇ نام بىز «ناب» (لوپ)دىن كەلگەنلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن.

**لوپ**

بىرى، تەكلىماكاننىڭ شەرقىدىكى كۆللەر توپىنىڭ نامى؛ يەنە بىرى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى (ئىلچى بىلەن چىرا ئارىلىقىدىكى) ناھىيە نامى. لوپ كۆلى ئىلگىرى «كرورەن كۆلى» دەپمۇ ئاتالغان (كرورەين — كۆل بويى). بۇ يەردىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردە Kroraina دېگەن نام ئۇچرايدۇ. تۈبۈتچە ۋەسىقىلەردە «Nob» دەپ يېزىلغان؛ چوڭ پىچاننى Nob - chen، كىچىك پىچاننى Nob - chung دەپ ئاتىغان. ياۋروپا تۈركولوگلىرىدىن رادلوف بۇ سۆزنى (لوپ) چوڭ دۆگىلەك، «كېسەك — كېسەك» يەنى چوڭ چەمبەرسۇ، پارچە - پارچە سۇ دېگەنلىك بولىدۇ دەپ ئىزاھلايدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە: لوپ ئۇيغۇر تىلىدا «يىغىلغان سۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ يېزىلغان. لوپ ناھىيىسى توغرىسىدا بولسا ھەم شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ: لوپ ناھىيىسى جايلاشقان ئورۇن ئىلگىرى سۇ يىغىلغان داش بولۇشى مۇمكىن؛ شۇنىڭدەك لوپ كۆللىرى بويى (كرورەين)دىن كۆچۈپ بارغانلار ماكانلىشىپ، «لوپ ئەھلى»دىن دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

**لۈكچۈن**

پىچان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئامانشا يېزىسىنىڭ غەربىدىكى چوڭ يېزا نامى. بۇ قەدىمكى شەھەرلەردىن بىرى، شۇنداقلا، «ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى» دەۋرىدىمۇ «بەشبالىقتا ئون قورغان»دىن بىرى. قەدىمكى تىلدا «لەكچىن» — «لۆكچىن» — «لۆكچۈن» — «ئۆزۈك»، «كېسەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قىزىل تاغ لۈكچۈن بىلەن لەمجىننى ئۈزۈپ قويغاچقا، ئارىلىقتا يۇرت بولماي ئۈزۈلۈپ قالغان جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماناس**

سانجى ئوبلاستىنىڭ غەربىدىكى ناھىيە نامى؛ يەنە بىرى

غوربان توڭغۇت قۇمىنىڭ شىمالىدا (قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىدە) بىر كۆلنىڭ نامى. ناھىيە نامى ئېھتىمال كۆل نامىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. تەڭرىتاغنىڭ مىڭغىت داۋان تارمىقىدىن باشلىنىدىغان تاش دەرياسى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شىمالغا قاراپ، غۇربان توڭغۇت چۆلگە سىڭىپ كېتىدۇ؛ مۇز داۋاندىن باشلىنىدىغان ماناس دەرياسى ماناس بىلەن ساۋەننىڭ چېگراسى بىلەن شىمالغا ئېقىپ، ساۋەننىڭ شەرقىي شىمالىي چېگراسىنى بويلاپ قارىمايىنىڭ شەرقىدىن ئۆتۈپ، ماناس كۆلگە قۇيۇلىدۇ. «ماناس» — «مانا - ئاس» دېگەن جۈپ سۆزدىن قۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن: «مانا» بىرەر دەرەخ، ئۆسۈملۈك ياكى تەبىئىي مەۋجۇدات ياكى ھادىسىلەردىن بىرەرسىدە ئىلاھىي كۈچ سۈپىتىدە نامايان بولىدىغان قۇۋۋەت؛ ئاس — ئاسىغ — «مەنپەئەت، پايدا» دېگەن سۆز. ماناس — پايدىلىق - قۇتلۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سانسكرىت تىلىدا بولسا، «ماناس» — كۆل دېگەن سۆز. قەدىمكى ھىندى شائىرلىرىدىن تۇلسى داس «رام چارىت ماناس» دېگەن كىتابنى يازغان («رامنىڭ ئىش ئىزلىرى كۆلى» دېگەن مەنىدە)، «رام» — خاس ئىسىم، كىشى نامى؛ «چارىت» — ئىش ئىزلىرى؛ «ماناس» — كۆل.

ماجار

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدىكى ۋە خوتەن ناھىيىسىنىڭ تۇسالا يېزىسىدىكى بىر كەنت نامى. ھازىرقى ھۇنگارلار (ۋېنگىرلار) «ماجار» دېيىلىدۇ. قەشقەردىكى ماجار كەنتى، ئېھتىمال، ھۇنغار — ھۇن دەۋرىدە ماكانلاشقان ماجار قوۋمىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن؛ ئەگەر يېقىنراق زامانغا مەنسۇپ بولسا، موڭغۇل - تاتار دەۋرىدە، شۇلارنىڭ تەركىبىدە قېپقالغان ماجارلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كېلىپ جايلاشقان بولۇشى مۇمكىن.

موغاللا

بۇ توپونىم قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ناھايىتى كۆپ

ئۇچرايدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدە: مارالبېشى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا موغال سېلىقى كەنتى، يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىسىدا موغال كەنتى، يېڭىسار ناھىيە لومپا يېزىسىدا موغال ئېرىق كەنتى، يەكەن ناھىيە خانقدى بازىرىدا (يۇقىرى، تۆۋەن) موغال كەنتى ۋە تاغارچى يېزىسىدا موغاللا كەنتى، پوسكام ناھىيە يىما يېزىسىدا موغاللا كەنتى؛ خوتەن ۋىلايىتىدە: گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىدا موغاللا كەنتى، قارىقاش ناھىيە تۇۋەت يېزىسىدا موغاللا كەنتى، كېرىيە ناھىيىسى شەھەر ئىچىدە موغاللا بازىرى (موغاللا ئۆستەڭ) بار. 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنى چاغاتاي ئۇلۇسىغا مەنسۇپ ئېسىلزادىلەردىن ھېسابلاپ، «ئۇلۇغ موغۇللار ئەۋلادى» دەپ بىلەتتى. شۇڭا، زەھىرىددىن بابۇرمۇ ھىندىستاندا قۇرغان سەلتەنەتىنى موغۇل ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتىغانىدى. بولۇپمۇ شىنجاڭدا 14 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە جۇڭغارلار ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەندە «موغۇل»نى ئالىي نەسەب دەپ بىلىش تەرغىب قىلىنغانىدى. بۇ دەۋردە، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدە يېڭى ئېلىنغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر، يېڭى ئۆزلەشتۈرۈپ بىنا قىلىنغان كەنتلەر «موغۇل» نامى بىلەن ئاتالغان. ھالبۇكى، شۇنچە كۆپ جايلارغا ئۇنچە كۆپ سانلىق موڭغۇللارنىڭ كۆچۈرۈپ ماكانلاشتۇرۇلۇشى ناتايىن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر، خوتەن شېۋىلىرىدە «ئو»، «ئۇ» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدا كەلگەن «ئۇ» تاۋۇشى تەلەپپۇزدا «ئا»غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: ئوغۇل ـــ ئوغال، توخۇ ـــ توخا، ئوتۇن ـــ ئوتان ۋە باشقىلار. دېمەك، موڭغۇل ـــ موغۇل ـ موغالغا ئوخشاش.

موجى

گۇما ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە چوڭ يول ئۈستىدىكى سايباي يېزىسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان يېزا نامى. بۇ ناھايىتى كونا يېزىلاردىن بىرى، بۇ يەردىن ھەر خىل ئاشلىق ۋە مېۋە ـ

چېۋە كۆپ چىقىدۇ. قەدىمكى تىلدا (دەرۋەقە قەدىمكى ئالتاي تىل-لىرىدىن بىرىدە) «مۆجى» «ئارپا» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ «مۆچۈ» ~ «بورچۇ» بولسا «ئۈزۈم» (بور) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

مىرەن

لوپنور كۆلىنىڭ شىمالىغىراق توغرا كېلىدىغان قەدىمكى «يى - شۈن» — «ئەيشۇم» (ئەشىم) شەھىرىنىڭ ئورنى. بۇ يەردە قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار. ئارخېئولوگلارنى كۆپ قىزىقتۇر-غان ۋە نۇرغۇن ئاسار - ئەتىقىلەر بىلەن تەمىنلىگەن تارىخىي ئوچاق. قەدىمكى تىلدا (ئالتاي تىللىرىدىن بىرىدە) «مۈرەن» — «مىرەن» سۆزى «بۇغا قورۇسى» ياكى «بۇغا (كىيىك) قوتىنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن؛ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «مۈرەن» سۆزىنىڭ «ئۆزەن» يەنى «دەريا» دېگەن مەنىسى بارلىقى مەلۇم.

مىشا

بۇ توپونىم ئىككى جايدا ئۇچرايدۇ: بىرى، پەيزاۋات ناھىيە-سىنىڭ غەربىي چېگراسىدا، پەيزاۋات دەرياسىنىڭ ئاچالىغا جايلاشقان يېزا نامى؛ يەنە بىرى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە مىشا يېزىسى بار. بۇ ئېھتىمال موڭغۇل - تاتار يۇرۇشلىرىدە، ئۇلارنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن «مىشەر» قوۋمى نامىدىن ئې-لىنغان بولسا كېرەك. مىشەر قوۋمىگە مەنسۇپ بىرەر شەخس يا-كى بىر - ئىككى ئائىلە جايلىشىپ ئۆزلەشتۈرگەن جايغا قويۇل-غان نام بولۇشىمۇ مۇمكىن.

نىيە

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي چېتىدىكى ناھىيە نامى. بۇ قە-دىمكى شەھەرلەردىن بىرى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. ئارخېئولوگلار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ هازىرغىچە ئاسار - ئەتىقىلەرنى ئۈزلۈكسىز تاپماقتا. خەن دەۋرىدە «جىڭجۆ دۆلىتى» دەپ يېزىلغان. تاڭ دەۋرىدە «نىراڭ» شەھىرى دەپ يېزىلغان. «جىڭجۆ»نىڭ ئەينى زامانىدا ئوقۇلۇشى tsye – tsyang، «چ» بىلەن «ك» ئالمىشىپ تۇرىدۇ، شۇڭا بۇنى

«كسى كۆي» دەپ تەلەپپۇز قىلىش مۇمكىن، ھازىر بۇ خارابىلىقنىڭ شەرقىدە «كەسكۆي» دېگەن كەنت بار، بۇ ئېھتىمال «كېسىك ئۆي» يەنى «كېشىك ئۆي» (تەخت ئۆي) دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن، بۇ قەدىمكى ئالتاي تىلىدىكى نام. ئەمدى«نى راڭ»غا كەلسەك، بۇ پراكرىت تىلىدا قويۇلغان Niryan نىڭ ترانسكرىپسىيىسى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «يول ئاغزى»، «قەدەم جاي» دېگەن بولىدۇ. ئەگەر Narayan بولسا، «جىنەستىلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەندىرە**

نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە چۆچۈكسۇ سازلىق ـ شورتاڭلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاھالە پونكىتىنىڭ نامى. بۇ جاي قەدىمدىن تارتىپ خوتەننىڭ شەرقىدىكى بىر مۇھىم مەنزىل ـ ئۆتكەللەردىن بىرى. ئۇزتاغدىن باشلىنىدىغان ئەندىرە دەرياسى پاقىپاقتىن ئۆتۈپ (شىمالدا) قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ جاي «ئەندىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تارشا پۈتۈكلەردە (n)andour(a) (خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە بۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسى «نەن ـ دو») دەپ يېزىلغان. قەدىمكى تىلدا «ئەندۈرى»نىڭ مەنىسى «مەئبۇد» ياكى «پەرى» ماكانى، «مۇقەددەس جاي» دېگەنگە توغرا كېلىدىكەن. چىرا ناھىيە چاقا يېزىسىدا «ئەندىرە سۇ ئامبىرى»، نىلقا ناھىيىسىدە «ئەندىرتاغ» بار.

**ئوپال**

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مەشھۇر بىر يېزا نامى. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئوپال ـــ بىرنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» دەپ ئالاھىدە ئىزاھ بەرگەن. بۇ يېزىدا ھازىر قارا باش، بەشباغ، ياغۇ، باش ياغۇ، موللامبىغى، كۆكچى، قۇمباغ، دوغلات، شوتا، ھۆلجىگدە، قارا ئۆستەڭ، ئاچا نوقات، ئازىغ كەنتلىرى بار. گەز دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى يىڭچكەسۇ ئوپالدىن ئۆتىدۇ. بۇ نامنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قىياس قىلىش مۇمكىن: بىرى،

ئوپۇل (قاينام ـــ يىگىچكەسۇ ۋە بۇلاق سۈيى قېيىپ ئاقىدىغان ئويپات جاي)، بۇ سۆز بارا ـ بارا كېيىنچە تەلەپپۇزدا «ئوپال» بو ـ لۇپ كەتكەن. بۇ هال قەشقەر شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنى ـ يىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يەنە بىرى، خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ئا ـ تالغۇلىرىدا «ئوپال» ـــ قىممەتلىك شىشە تاش (خىمىيىۋى بەل ـ گىسى: $SiO_2 . NH_2O$). هازىرمۇ مۇشۇ خىلدىكى كان بايلىقى بار، ئېهتىمال، مەزكۇر كان بايلىقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بو ـ لۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلىدا «ال ـ ل» بىلەن ياسالغان ئى ـ سىملار ناهايىتى كۆپ. مەسىلەن: ئازگال، ئوسال، جاڭگال، سا ـ پال، قوپال، قورال ۋە باشقىلار.

ئورسۇق

هازىرقى ئاقسۇ شەهرىنىڭ ئەسلىي نامى. لېكىن بۇ خاتا هالدا «ئاقسۇ كوناشەهەر»گە نام قىلىپ قويۇلغان. يەرلىك ئاهالە «ئاقسۇ» دېسە «ئاقسۇ كوناشەهەر»نى، «ئاسۇق» دېسە «ئاقسۇ يېڭ ـ ىشەهەر»نى بىلىدۇ. خەنزۇچىدە «ۋېنسۇ»نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇ ـ شى «ۋوسۇق» يەنى «ئاسۇق»نىڭ ترانسكرىپسىيىسىدۇر.

ئۈچتۇرپان

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ناهىيە نامى. بۇ نا ـ هىيە نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە «ۋۇشى» دەپ يېزىلغان. بۇ ناهى ـ يىنىڭ ئەسلىي نامى «ئوش» ئىدى. ئاقچى ناهىيىسىدىن باشلانغان توشقان دەرياسى ناهىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ شەرققە قاراپ ئاقسۇ تەۋەسىگە كىرىدۇ. تارىخچى موللامۇسا سايرامىنىڭ «تارى ـ خىي هەمىدى»دە يېزىلىشىچە: «ئۈچ تۇرپان قەدىمكى كوناشەهەر ـ دۇر. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى ئوچ ئىكەن ... مەنسۇرخان زامانىدا ... تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئاۋات قىلىنغانىكەن. شۇڭلاشقا بۇ جايدىكى كەنت ـ ئايماقلارنىڭ ئى ـ سىم ـ ناملىرى تۇرپاندىكى كەنت ـ ئايماقلارنىڭ ئىسىم ـ نام ـ لىرىغا ئوخشايدىكەن. ‹ئوچ› سۆزىگە ‹تۇرپان› سۆزى قوشۇلۇپ، ‹ئوچتۇرپان› دەپ ئاتالغانىكەن». ئاممىۋى تىلدا «ئۇشتۇرپان»

دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئۈچ» ــــ «ئۈچ ئەل» بولسا، «چېگرادىكى ئەل» دېگەنلىك بولىدۇ. ھازىر قىرغىزىستاندا، قاراسۇ دەرياسىنىڭ بويىدا «ئوش» دەپ ئاتالغان يەنە بىر شەھەر بار.

ئۈرۈمچى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ نامى. بۇ تارىخىي نام چىڭ ئىمپېرىيىسى زامانىدا ئۆزگەرتىلىپ، مانجۇچە «ۋېن ـ دې ـ داخا بۇخا ـ جېو» دەپ ئاتالغان؛ «ۋېن» ــــ تەسىر ئۆتكۈزۈش (دې ـ ياردەمچى سۆز)، «داخا» ــــ بەيئەت قىلدۇرۇش يەنى بېقىندۇرۇش، «جېو» ــــ «جۇ» ئوبلاست. مۇشۇ نامدىن ئېلىنىپ، خەنزۇچىدە «دىخۇا جۇ» دەپ ئاتالغان. «ئۈرۈمچى» سۆزىنىڭ ياسىلىشى ۋە مەنىسى ھەققىدە ھەر خىل چۈشەنچىلەر بار: بىرى، «ئۈرۈم ــــ ئۈرۈمە» (نىشان، بەلگە)دىن تۈرلىنىپ، «ئۈرۈمچە» (كىچىك بەلگە ياكى نىشان) بولغان؛ يەنە بىرى، «ئۈرۈم نۇن» (urumnun ــــ بىر خىل بوياق) ياكى «ئۈرۈمداي» («زەھەرنى قايتۇرىدىغان تاش» بادى زەھەر)دىن ئۆزگەرگەن، بۇ ئىككى سۆز بويىچە بولغاندا بۇ جاي ئاشۇنداق كان بايلىقى بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان دېگەن مەنە چىقىدۇ؛ ئۈچىنچى خىل چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، خان، قوماندان ياكى قەبىلە نامى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، «ئۈرۈم ـ چىك قاغان» ياكى «ئۈرۈمتاي» (ھۇن ـ بۇرچى قەبىلىسىدىن چىققان قوماندان بۇ جايدا بارگاھ قۇرۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزغان)، ياكى «ئۈرۈم ـ چىك» (ھەر ئىككىلىسى خاس نام بولۇپ، قەبىلە ـ ئۇرۇغ ناملىرىدۇر)، سۆزلىرىدىن ئۆزگىرىپ، «ئۈرۈمچى» بولۇپ ئۆزلەشكەن. بۇ قىياس ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنراق.

ئىلى

چوڭ دەريانىڭ نامى. بۇ دەريا قاش، كۈنەس، تېكەس قاتارلىق دەريالاردىن ھاسىل بولۇپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن غەربكە قاراپ ئېقىپ ئۆتۈپ، قازاقىستاندىكى بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق ئىزاھلايدۇ

«الا ــ ila ئىلى، بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر يا ـ شايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنى» (جەيھۇن ــ ئامۇ دەريا)دىن ئىبارەت. زەكى ۋەلىدى توغان «تۈرك تارىخىغا كىرىش» دېگەن كىتابىدا: «ئىلى ــ جۇڭغار تىلىدا پارلاق، مەشھۇر ۋە مەئرۇف دېمەكتۇر. ئىلى غول ئىلى دەرياسى دېمەكتۇر. دەريانىڭ مۇنداق ئاتىلىشىغا سەۋەب شەھەردۇر. هازىرقى غۇلجا شەھىرى 1169 ـ يىلى قايتىدىن بىنا قىلىنغان» دەپ يازىدۇ. چۆچەكلىك ئىمام ـ قازى قۇربانئەلى ۋەلىدهاجى خالىد بەك «تەۋارىخ خەمسە شەرقى» دېگەن كىتابىدا: «ئىلە ــ بۇ دەريانىڭ ئەسلىي ئىسمى جىم سۇيى. بۇ نام بىلەن ئىككى دەريا بار: بىرى چۇ؛ يەنە بىرى، ئوران ۋادىسىدا بولۇپ، هازىر دىم سۇيى دەيدۇ» دەپ يازىدۇ. قەـ دىمكى تىلدا «ئىلە»نىڭ مەنىسى «ئوڭاي تاشىدىغان»، «تېشىۋېرىـ دىغان»، «بارغانچە ئەزۋەيلەيدىغان» دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، ئىـ لى ــ چوڭ، تاشقىنلىق دەريا دېگەنلىك.

ئېمىل

دەريا نامى، دەريا ئىسمىدىن ئېلىنغان شەهەر نامى (شەهەر ــ دۆربىلجىن دەپ ئاتالغان). خەنزۇچىدە دەريا «ئې ـ مىڭ ـ لى خې» شەهەرنى «يەمەن»، «يەمىلى»، «ئېمىلڭ» دەپ ترانسكرىپسىـ يىلىگەن. تارباغاتاي ۋە ساۋۇر تاغلىرىدىن باشلانغان سار ئېمىل ۋە قارا ئېمىل سۇلىرىدىن هاسىل بولغان ئېمىل دەرياسى شەـ هەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ ئېقىپ، چۆچەك بىلەن چاغانتوقاي ناهىيىلىرى ئارىلىقى بىلەن ئالا كۆلگە قۇيۇـ لىدۇ. بۇ ۋادا قەدىمدىن ئوغۇر ـ ئوغۇز قوۋملىرى ياشىغان رايوندۇر. ئالتىن خان (جىن سۇلالىسى)دىن يېڭىلگەن قاراقىتان باشلىقى ياللۇغ تاشىل بۇ يەرنى بازا قىلغان.

ياپچان

قەشقەر يېڭىشەهەر ناهىيىسىنىڭ جەنۇبىدا (يوپۇرغا دەرياـ سىنىڭ جەنۇبىدا) چوڭ يول ئۈستىدىكى يېزا نامى. گۇما ناهىـ

يىسىنىڭ بازار ئىچىدىمۇ «ياپچان» كەنتى بار. مەھمۇد كاشغەري «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ياپچان — جۇۋسان، شىۋاق، بۇ سۆز- نىڭ يافچان دەپ ئېيتىلىدىغان شەكلىمۇ بار» دەپ ئىزاھلىغان. بۇ جاينىڭ نامى مەزكۇر ئوتنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

**ياۋالىق**

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بەشكېرەم يېزىسى خانئۆي كەنتىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى. بەزى ماقالىلەردە ئېيتىلغاندەك بۇ نام «ياغمالىق»دىن ئۆزگەرگەن ئەمەس. تۈركىي تىللاردا بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «غ» تاۋۇشى (مەسىلەن: تاغ، ياغ قاتارلىق) بەزى تىللاردا (مەسىلەن: ئوغۇز - قىپچاق تىللىرىدا) «ۋ»غا ئالمىشىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر - قارلۇق تىللىرىدا ئومۇمەن ئالماشمايدۇ. ياۋا (ياكى يافا) «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئاق تىكەن، بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۈيىنى تۇتماچقا قۇيسا، تۇتماچقا رەڭ بېرىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. دېمەك، «ياۋالىق» — «ئاق تىكەن- لىك» دېگەن سۆز ئىكەن.

**يەنجى**

قاراشەھەرنىڭ قەدىمكى نامىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى. شۇ- ەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە «ئاجىنى» دەپ يېزىلغان. بۇ «ئاگنى»نىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسى ئىدى. كېيىن قىس- قارتىلىپ «يەنجى» دەپ ئاتالغان. بۇ نام ئەسلىدە، قەدىمكى تىلدا «ئاگنى» بولۇپ، «يالقۇن»، «يانغىن»، «ئۇچقۇن» مەنىلىرىنى بىل- دۈرەتتى. 9 — 13 - ئەسىرلەردە «سۈلمى»، 13 - ئەسىردىن كېيىن «چالىش» دەپمۇ ئاتالغان. ئاندىن كېيىن «قاراشەر» بولۇپ ئۆزگەرگەن.

**ئىلاۋە:**

يۇقىرىدا ئىزاھلانغان توپونىملاردىن «توخۇلا» بىلەن «سى- يەك» ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، شۇنىڭدەك «چاقا»مۇ كۆپ ناھى- يىلەردە بار. «توخۇلا» (توغرىسى «توخرى» — توخار). خوتەن،

قارىقاش، كۇچا، ئاقسۇ، بۇگۇر، ئارا تۇرۇك ناھىيىلىرىدە بار. «قاغقىل» — گاۋجوي (ئېگىز هارۋا)، «توخرى» (هارۋا) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ قوۋملىرى مەركۇر جايلاردا قەدىمدىلا ماكانلاشقانلىقىنى بىلدۇرسە كېرەك. «سىيەك» دەپ ئاتالغان كەنت ـ يېزىلارمۇ ئاقسۇ كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، ئۇچتۇرپان، يوپۇرغا، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىرىدىمۇ بار. ئەگەر «سىيەك» — «ئۇچتىن بىر» دېگەن ئۇقۇمدا چۈشىنىلسە، شۇ جايلاردا ئەينى زاماندىكى فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەنبە بولالايدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**


مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» Ⅰ، Ⅲ توملىرى (ئۇيغۇرچە).

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلىرى توپلىمى» (1966 ـ يىلى).

«جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى»، جۇڭگو خەرىتىشۇناسلىق نەشرىياتى، 6 ـ دەپتەر، (1989).

«قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى»، ئا . جەفەرئوغلۇ. 1968 ـ يىل ئىستانبۇل.

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى (1989).

«تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرت توپوگرافىيىسى»، «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»، «ئۇنتۇلغان جۇنامە» 7 ـ جىلد.

جيەن بوزەن (ئۇيغۇر): «تارىختىن ئىلگىرىكى چياڭلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇرۇق ـ ئايماقلارنىڭ مۇناسىۋىتى»، «جۇڭگو تارىخىغا دائىر مۇھاكىمىلەر توپلىمى»، 2 ـ قىسىم (1947 ـ يىلى).

شۆەنزاڭ: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 1 ـ جىلد.

قۇربانئەلى ۋەلىدھاجى: «تەۋارىخى خەمسە شەرقى»

موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى».

ئا . بۇداگوف: «تۈرك ـ تاتار تىلىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى» I . II توملار. سانكت پېتربورگ (1865).

ۋ . بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ياشىغان خەلق ـ لىرى توغرىسىدا».

رادلوف: ««قۇتادغۇ بىلىك،كە كىرىش سۆز».

لو چاڭپېي: «تاڭ ۋە بەش خانلىق دەۋرىدە غەربىي شىمال شېۋىلىرى فونېتىكىسى»، شاڭخەي (1933).

يۇتيەنخېڭ: «مانجۇچە ـ ياپونچە لۇغەت»، توكيو.

ھەسەن ئەمىد: «فەرھەڭ ئەمىد»، تېھران (1921).

ئا . ئابدۇراخمانوف: «قازاقىستاننىڭ يەر ـ سۇ ئاتلىرى»، ئالمۇتا (1959).

# يەنە بىر قانچە تارىخىي يەر نامى توغرىسىدا

## ئىمىن تۇرسۇن

ئۇيغۇر تارىخىغا باغلىنىشلىق بولغان يەر ناملىرى ھىنگان تاغلىرىدىن ئىمائۇس (يايىق) — ئورال تاغلىرىغىچە ۋە كۆكنور- دىن خەزەر (كاسپىي) كۆلىگىچە بولغان كەڭرى زېمىندا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرى مەركىزىي شەھەرلەردىن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ خارابە - ئىزلىرى ئارانچە ساقلىنىپ قالغان. 7 —، 8 - ئەسىرلەردە بىنا قىلىنىپ تاكى 12 - ئەسىر- گىچە داڭقىنى يوقاتمىغان مۇنداق شەھەرلەردىن مەشھۇرراقلىرى — «قارا بالغاسۇن» بىلەن «بالا ساغۇن»دۇر. بۇناملار توغرىسىدا ئا- لىملا كۆپ ئىزدىنىپ، نۇرغۇن تەتقىق قىلىپ، ھەر خىل پىكىر- لەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقاندى.

قەدىمكى زاماندا، شۇ جايلاردا ياشىغان قوۋملەر قويغان يەر ناملىرىدىن ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ بار. لېكىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىرى تولا. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مىل- لەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئارىلىشىشى ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئالمى- شىشى، ھەر خىل تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە، بەزى يەر ناملىرى تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى باشقا ناملار بىلەن ئالماشتۇرۇلغان؛ ياكى بولمىسا، قوشنا مىللەتلەرنىڭ تىل قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. مەسىلەن: ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز «دىۋانى»دا، بۇنداق يەر ناملىرى- غا مىسال تەرىقىسىدە «سەمەرقەند» ئەسلىدە «سەمىز كەنت» (يەنى يوغان كەنت) ئىكەنلىكىنى، بارا - بارا تەلەپپۇزدا «سەمىركەند»، «سەمەر قەنت» بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەتكەن. يەنە

شۇنىڭدەك «دىۋان»دا قەيت قىلىنىشىچە، «تىسىل (تاسال) — چەۋگەن ئويۇنىدا، مەيدان دائىرىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن سىزىلىغان سىزىق بولۇپ، بۇ سۆز تالاس دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن».

قارا بالغاسۇن، بالاساغۇن شەھەرلىرىدىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى»دا، بالاساغۇن قەيت قىلىنغان ۋە ئۆزى سىزغان خەرىتىدە ئورنى كۆرسىتىلگەن. لېكىن، مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان «قارا بالغاسۇن» توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر بېرىلمىگەن. مەندىن ئىلگىرى ئىزدەنگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئانچە - مۇنچە قېزىپ باقتىم.

«قارا بالغاسۇن»

بۇ نامنى مەقسەتلىك ھالدا قوش تىرناق ئىچىدە بەردىم. بۇ نام مەزكۇر شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۆز نامى ئەمەس. 12 - ئەسىردىن كېيىن، كىچىكرەك كەنتكە ئايلىنىپ قالغان شەھەر خارابىسىگە موڭغۇللار تەرىپىدىن قويۇلغان نام.

بۇ شەھەرنىڭ بىنا قىلىنغان چاغدا قويۇلغان نامى باي بالىق (كېيىن ئىپتىلغىنى قۇت بالىق) ئىدى. تەخمىنەن 759 - يىلى ئورنىتىلغان بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدا: «توخۇ يىلى (757 - يىلى) ... سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسىدا باي بالىقنى سالدۇردۇم ...» دەپ ئويۇلغان. بۇ شەھەرنىڭ نامى مەنە تەرجىمىسى بويىچە خەنزۇچىدە فۇگۇي چېڭ (富贵城) دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر قاغانلىرىدىن بايانچۇر، ئىدىكەن (بۆگۈ قاغان) زامانىلىرىدا (يەنى 747 - 759 - يىللىرى ۋە 759 - 780 - يىللىرى) خېلى كۆپ شەھەر ۋە ئوردىلار بىنا قىلىنغان. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدا پۈتۈلىشىچە: «... ئورقۇن ۋە بالىقلىق دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا، ئەل ئۆيى (خان ئوردىسى) سالدۇردۇم». بۇ ئوردىنى سالدۇرۇشتىن ئىلگىرى، يەنى «ئەجدىھا يىلى (752 - يىلى) ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سۈڭۈز باسقان دېگەن مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربىدە،

ياباش ۋە تۇتۇش قوشۇلىدىغان جايدا يازلىدىم، ئۇيەردە ئوردا سال-دۇردۇم؛ ئوردا تېمى ياساتتىم. مەن مىڭ يىللىق، تۇمەن كۈنلۈك پۈتۈك ۋە بەلگەمنى يېسسى تاشقا يازدۇردۇم، مۇستەھكەم تاشقا ئويدۇردۇم»، يەنە «يولبارس يىلى (750 ـ يىلى) ... ئۆتۈكەن تې-غىنىڭ غەربىي ئۇچىدا، تەز بېشىدا، قاسار قوردان ئوردىسىنى ياساتتىم. ئوردا تېمى ياساتتىم. شۇ يەردە يازلىدىم، زېمىنىنىڭ چېگراسىنى بەلگىلەپ چىقتىم. ئۇ يەردە بەلگەمنى، پۈتۈكۈمنى ئويدۇردۇم». بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كۆل بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى با-يانچۇر زامانىسىدىلا، ئۈچ يەردە ئوردا ۋە بىر قانچە شەھەر بىنا قىلىنغان. شۇنىڭدەك بايانچۇرنىڭ ئوغلى بۆگۈ قاغان زامانىسى-دىمۇ ئورقۇن بويىدا شەھەر ۋە ئوردىلار بىنا قىلىنغان. بايانچۇر، بۆگۈ قاغانلار تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي ياردەم بەرگەن قاغانلار ئى-دى. يەنى بايانچۇر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنلۇشەننى تارمار قىلىشى-غا ياردەم بېرىپ، چاڭئەن، لوياڭلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرگەن؛ تاڭ خاندانى نىڭگو خانقىزنى بايانچۇرغا خاتۇنلۇققا بەرگەن؛ قا-غان بۇ خانقىز ئۈچۈن شەھەر ۋە ساراي بىنا قىلدۇرغان. بۆگۈ قاغانمۇ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەم بېرىپ، شى سىمىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇپ، لوياڭنى ياندۇرۇۋالغان، خۇاڭخېنىڭ شىمالىنى تىنى-جىتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ توغرۇلۇق ئېنىق قەيت قىلىنغان. مەسىلەن: «خۇيچاڭ بىرىنچى جىركە توپلىمى»نىڭ 2 ـ جىلدىدا: «شۇندىن كېيىن، تاڭ خا-نىدانىدىن خانقىز ياتلىق قىلىنىپ، بۇنىڭغا ئالاھىدە ئوردا ـ ساراي ياساتقان». «سەلتەنەت ۋەسىقىلىرىدىن ئۆرنەكلەر»نىڭ 226 ـ جىلدىدا: «تەڭرى قاغان (بۆگۈ قاغان) ئۇلۇغ ئاتىنىپ، خېنىم ئۈچۈن ساراي ـ قەسىر ياساتتى ...»، دوسسون «موڭغۇل تارىخى»نىڭ 1 ـ جىلدىدە: «قوشۇنلىرى جاي ـ جايلارنى بوي-سۇندۇرۇپ، نۇرغۇن ئەسىر ـ ئولجا ئالغان ۋە ئورخۇن دەرياسىدا ئوردۇبالىق دېگەن شەھەرنى ياساتقان» دېيىلگەن. شۇنىڭدەك، يەنە بىر قانچە جايدا قۇنچۇي بالىق (خانقىز شەھىرى) سېلىنغانلىقى-

مۇ مەلۇم. ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى»دە، گەنسۇغا كىرىش يولىدا قۇنچۇي بالىق ئىزىنى كۆرگەنلىكىنى: «شۇ يىلى چاغرى تېكىن خېلوچۇەن (ئېرگىنەغول)دە تاڭ خانىدانىدىن ئۇيغۇرغا بېرىلگەن قۇنچۇي تۇرغان سارايىنىڭ ئۇلى ھېلىمۇ بار ئىكەن». دەپ يازغان. يەنە «لياۋ تارىخى»نىڭ 37 ـ جىلدىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خاتۇن بالىق دېگەن شەھىرى بارلىقى قەيت قىلىنغان.

ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىرىدە: «... موغۇل يۇرتىنىڭ كۈنپېتىشىدا يەنە بىر تاغ باڭ، ئۇنى قۇت تاغ دەيدۇ ... ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەھەرلىرى، كەنتلىرى ۋە دېھقانچىلىقى كۆپ ئىدى. يۈز يىگىرمە ئۇرۇغ ئەل ئىدى» دەپ يېزىلغان.

مۇسۇلمان جۇغراپىيىشۇناسلىرىدىن ئوردۇ بالىقنى تەخمىنەن 820 ـ يىلى زىيارەت قىلغان تەمىم ئىبىن بەھرۇل مۇتەۋۋى شەھەرگە بىر كۈنلۈك يول مۇساپىسىدە ئىچكى قەلئەنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان قاغاننىڭ ئالتۇن چېدىرىنى كۆرگەنلىكىنى يازغان. بۇ ساياھەتچى ئۆزىنىڭ يول خاتىرىسىدە، يۇقىرى نوسجان (مېنىڭچە، بۇ بارسغان بولسا كېرەك. ئېھتىمال، كاتىبلارنىڭ سەۋەنلىكىدىن «برسغان» دېگەن سۆز «نوسجان» دەپ يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ــ ئاپتور)دىن قاغاننىڭ ئوردا شەھىرىگە سەپەر قىلغىنىدا، بۇ شەھەرگە كەلگىچە ئۈچ ئايلىق مۇساپە ئارىلىقىدا تۇتاش كەتكەن ئېتىز ـ ئېرىق، باغ ـ ۋارانلارنى كۆرگەنلىكىنى يازغان.

باي بالىق (قۇت بالىق)نىڭ ئورنى، بايانچۇر مەڭگۇ تېشىدا يېزىلىشىچە، سېلىنگا دەرياسى بويىدا ئىكەن. بۇ مەڭگۇ تاشنى فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستېت 1908 ـ يىلى سېلىنگا دەرياسى ۋە شىنە ئۇسۇ كۆلى ئەتراپىدىن تاپقان. شەھەر ئورنى قوشۇ چەيدام تۈزلەڭلىكىدە ئىكەنلىكىنى رۇس ئارخېئولوگلىرىدىن كىسېلېف ۋە باشقا تەكشۈرگۈچىلەر تەھقىقلىگەن. جۈملىدىن

1978 ـ يىلى ساياھەت قىلغان تۈركىيىلىك پروفېسسور نىجات دىيار بەكىرلى «ئورخۇندىن كەلدىم» دېگەن ساياھەتنامىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «قوشۇچەيدام: بوگۇنكى پايتەخت ئۇلان باتور (بالـ ـدۇرقى ئىسمى ئۇرغا)نىڭ 400 كىلومېتىر غەربىدە، ئوگەي نور ـ نىڭ 25 كىلومېتىر جەنۇبىدا، ئوردۇ بالىق، يەنى موڭغۇللار خىيـ ـلى كېيىن قارابالغاسۇن دەپ نام بەرگەن قەدىمكى ئۇيغۇر شەھىـ ـرىنىڭ 40 كىلومېتىر شىمالىدا». بۇ يەر ئورانقاي (ھازىرقى نا ـ مى خانغاي) تاغلىرىنىڭ شىمالىغا ۋە بۇ تاغدىن باشلانغان ئور ـ خۇن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىنىڭ غەربىگە، سېلىنگا دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدا: ئۆتۈكەن تەرەپتە «قۇت يارتاغ تۇغىن» (بەخت يارىتىدىغان قارارگاھنى) قۇردۇم» دەپ يېزىلغىنىغا قارىغاندا، ئوردۇ بالىق ئەنە شۇ ئۆتۈكەندە (ھا ـ زىرقى خانغاي تاغلىرىنىڭ بىر تارمىقىدا) بىنا قىلىنغان ۋە خاقـ ـنىڭ قارارگاھى جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئوردۇ بالىق دەپمۇ ئاتالغان بولسا كېرەك. شۇ زاماندا ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن سەيـ ـياھلارنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، شەھەر ئىنتايىن مۇسـ ـتەھكەم قاتمۇقات سېپىل بىلەن قورشالغان، تۆت چاسا شەكىلدە (600 × 600 مېتىر ئەتراپىدا) تەخمىنەن 36 گېكتار يەرنى ئىـ ـگىلىگەن. ئاساسىي سېپىلنىڭ يان ـ يانلىرىغا ھەم دوقمۇشلىـ ـرىغا 14 (ۋە بەلكى 16) سۇپىران (قورغان شەكىللىك قوغدىنىش تەكچىلىرى) ۋە سېپىل ئۈستىگە قوۋۇقتىلار ياسالغان. كۈنچىـ ـقىشقا (جەنۇبىي دوقمۇشقا) يان سېپىللىق قوش قوۋۇق (ئىچكى ۋە تاشقى دەرۋازىلار)، كۈنپېتىشقا يەنە بىر قوۋۇق ئېچىلغان. سېپىل ئەتراپىغا قوش كەلكىم (خەندەك) چېپىلغان. يەنى شىما ـ لىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلەردىكى كەلكىمدە مۇستەھكەم قاراۋۇلخا ـ نىلار ياسالغان؛ ئىچكىرىدىكى كەلكىمنى بويلاپ ئىستېھكام تام ـ لىرى سېلىنغان. شەھەر ئىچىدە ئېگىز قاراغۇ، خان ئوردىسى، ئەسكەرخانا ۋە رەستىلەر شەرقتىن غەربكە قاراپ ياسالغان. خان ئوردىسى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش يېرىمىغا جايلاشقان؛ شەھەرنىڭ

كۆنچىقىش يېرىمىدا خان ئوردىسىغا ياندىشىتۇرۇپ، ئىماراتلىك باغ ـ كۆل، جەنۇب تەرىپىگە تۇرالغۇ ئۆيلەر جايلاشتۇرۇلغان. سېپىل، ئوردا ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەر تاش ئۇسلۇبىدا پىششىق خىشتا ياسالغان. سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىنشائاتلىرى (يەر ئاستى سۇ نوكەشلىرى) قۇرۇلغان ۋە باشقىلار.

موڭغۇل دەۋرىدە، قەدىمكى ئوردۇ بالىقنىڭ ئەتراپىغا قارا بالغاس قەبىلىسى جايلاشقاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى پايتەختلىك قىياپىتىنى يوقاتقان باي بالىق (ئوردۇ بالىق، قۇت بالىق) قارا بالغاس قوۋمىنىڭ نامى بىلەن «قارا بالغاسۇن» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

دېمەك، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى توغرىسىدا بايان قىلىنىشقا توغرا كەلسە، بۇ شەھەرنى «قارا بالغاسۇن» دېمەي، ئەلۋەتتە، باي بالىق (ياكى قۇت بالىق)، ياكى بولمىسا تەتقىقاتچىلارغا ئومۇملاشقان نامى بىلەن ئوردۇ بالىق دەپ ئاتىغان تۈزۈك.

**بالا ساغۇن**

بۇ شەھەرمۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، يەتتەسۇ رايونى، ئىنسقراقى، ئىسسىق كۆل بويىغا سېلىنغان شەھەر بولۇپ، قاراخانىيلار دۆلىتى قۇرۇلغاندا، يازلىق پايتەخت قىلىنغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا بۇ شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى قۇز ئوردا (يەنى تەسكەي ئوردا) دەپ ئىزاھ بەرگەن. قارا قىتان دەۋرىدە «غۇبالىق» (ياخشى شەھەر)، موڭغۇل دەۋرىدە «قارالىغ» دەپ ئاتالغان. (موڭغۇل ئىلى بويىدىكى بىر شەھەرنى ئالمالىغ، تىرازنى ياڭالىغ دەپ ئاتىغاندى).

تارىخچى جۇۋەينى «تارىخى جاھانگۇشا» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئەسلى» دېگەن بابىدا «تاكى قاراقىتاي زامانىسىغىچە بۇ شەھەر ئافراسىياپ ئەۋلادىنىڭ ئىلكىدە بولغان. بالا ساغۇننى قارا قىتايمۇ بىر قانچە مۇددەت پايتەخت قىلغان. موغۇللار بالا ساغۇننى قارالىغ دەپ ئاتىغان» دەپ يېزىلغان.

دېمەك، بۇ مۇھىم تارىخي شەھەرنىڭ بالا ساغۇن دېگەن نا ـ

مىدىن باشقا، قۇز ئوردۇ، غۇبالىق، قارالىغ دېگەن ناملىرىمۇ بولغان. بالا ساغۇن دېگەن نام توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار ھەر خىل پىكىرلەرنى بايان قىلىشتى. بەزىلەر: بالا ساغۇن — «بەلەد سازگۇن» (سانگۇن شەھىرى، يەنى جياڭجۇن شەھىرى) دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ. بۇ پىكىر تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ شەھەر بىنا قىلىنغاندا، (تەخمىنەن 7 ـ ئەسىردە) ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى تېخى بۇ رايونغا يېتىپ كەلمىگەنىدى. «بلد» (بەلەد) ئەرەبچە «شەھەر» دېگەن سۆز. ئەرەب تىلى بولسا، بۇ رايونغا 11 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان. بەزىلەر بالا ساغۇن دېگەن بويلا سانغۇن (بويلا گېنېرال)دىن كېلىپ چىققان دەيدۇ. بۇ پىكىر نىسبىي توغرا. دەرۋەقە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن «جياڭجۇن» سۆزى «سانگۇن/ سەنگۇن» دەپ قوبۇل قىلىنغان. لېكىن بۇ سۆز فونېتىك جەھەتتىن ئۆزگىرىپ «ساغۇن» بولۇپ قالمىغان؛ ھەمدە بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا 9 ـ ئەسىردىن كېيىن كەم قوللىنىلغان ۋە خەنزۇچىگە قايتا ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىغاندا «شياڭۋېن» دەپ يېزىلغان.

بايانچۇرنىڭ ئاتىسى — خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشچە — كۈلى بېيلا، يەنى بويلا قۇتلۇغ يارغان بولۇپ، بويلا قۇتلۇغ بىلگە كۆل قاغاننىڭ قىسقارتىلىپ ئېيتىلىشى ئىدى. بويلا قۇتلۇغ يارغان ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق — بايانچۇرنى سۇباشى (قوشۇن بېشى) قىلىپ، غەربىي تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. تۈركلەرنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن، بويلا قۇتلۇغ يارغان يەتتە سۇ رايونىدىكى قارلۇقلارنى بويسۇندۇرىدۇ. 742 ـ يىلى كۆل بويلا ئۆزىنى «قۇتلۇغ بىلگە كۆل قاغان» دەپ ئېلان قىلىدۇ. بويلا قاغان 756 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى بايانچۇر «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» ئۇنۋانى بىلەن تەختكە ئولتۇرىدۇ. كۆل بويلا ۋە بايانچۇر زامانلىرىدا، يەتتە سۇ، جۇملىدىن ئىسسىق كۆل بويىدا، بارسغان، بارمان، بالا

ساغۇن شەھەرلىرى بىنا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ شەھەر-لەردىن بالا ساغۇن ئۆز زامانىسىدا ئەڭ گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. ئاددىيسى شەھەر يەر ئاستى سۇ ئىنشائاتلىرى، كاتتا ئىمارەتلىرى، ئاۋات رەستىلىرى، قايناق كارۋان سارايلىرى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادا قەشقەر بىلەن ئىگىچە ـ سىڭىل شەھەر ئىدى.

بويلا ـــ بىر خىل مەرتىۋىلىك ئۇنۋان بولۇپ، مەنىسى بوي (قوۋم، خەلق)نى باشلىغۇچى، خەلق رەھبىرى دېگەنلىك بولىدۇ. تۈركولوگ تومسون ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىل لۇغىتى»دە، بويلانى مۇنداق ئىزاھلىغان: يۇقىرى مەرتىۋىلىك رەسمىي ئۇنۋانلاردىن بىرى، قاغاندىن قالسا ئىككىنچى ئورۇننى تۇتىدىغان مەنسەپ بولۇپ، ئىلگىرى ھۇن ۋە تۈركلەردە قوللىنىلغان. بۇ مەنسەپ، دەسلەپتە، ئاغى ـ تاغى بولغان (ئىسيان كۆتۈرگەن) قوۋملەرنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولۇپ، «قوۋمنى يولغا باشلىغۇچى، توغرا يولغا سالغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسە كېرەك.

ساغۇن ـــ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى» بويىچە، قارلۇقلارنىڭ قوۋم باشلىقى ساغۇن دەپ ئاتالغان. ئېھتىمال، بويلا يارغان ئاۋۋال باسمىللارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، قارلۇقلارنىڭ باشلىقى دېگەن چۈشەنچىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە، بويلا ئۇنۋانىغا ساغۇن ئۇنۋانىنى قوشۇپ، بويلا ساغۇن دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. «بويلا» سۆزى زامانىمىزنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «بالا» دەپ ئۆزگەرگەن، باشقا تىللاردا (مەسىلەن، خەنزۇچىدە پىيلا، غەربىي خەلقلەر تىللىرىدا «بەلا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان) بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

دۈنخۇاڭ

ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۈنخۇاڭ ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىدىكى قەدىمكى شەھەر نامى. يەنى گەنسۇنىڭ غەربىدىكى داڭخې دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان ۋە قەدىمكى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا قاتنايدىغان مۇھىم قاتناش بېكىتى ئىدى.

هازىرقى دۇنخۇاڭنىڭ 25 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا، بۇددا مىڭ ئۆيىدە 4 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان تام سۈرەت-لىرى ۋە ئېسىل ئويما سەنئەت بۇيۇملىرى ساقلانغان. بۇ 9 ـ ئەسىردىن كېيىن، خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار، ياكى گەن-جۇ ئۇيغۇرلىرى ياشىغان رايوننىڭ غەربىدىكى شەھەرلەردىن بى-رى. بۇ چاغلاردا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى، يەنى پان تېكىن ۋە ئۇنىڭ ياغلاقار جەمەتىدىن بولغان ئەۋلادى باشچىلىقىدىكى («سۇڭ تارى-خى»نىڭ 490 ـ جىلدى «ئۇيغۇر تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە: جان سانى 300 مىڭدىن ئاشىدىغان، قوراللىق يەتكەنلەر 200 مىڭ كېلىدىغان) ئۇيغۇرلار شاجۇ (هازىرقى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى كونا شەھەر)، گۇاجۇ (دۇنخۇاڭ)، لياڭجۇ (هازىرقى گەنسۇدىكى ۋۇۋېي ناھىيىسى)، خېلوچۇەن تەرەپلىرىگە تارقالغان بولۇپ، بۇلار كېيىن، «سېرىق ئۇيغۇر» دەپمۇ ئاتالغان.

قەدىمكى دۇنخۇاڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي كارىدورىنىڭ ئۇچىدىكى داڭخې دەرياسىنىڭ ياقىسىغا بىنا قىلىنغان. بۇ دەريا-نىڭ مەنبەسى بولغان سالا دەرياسى چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى چىلەن تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى سۇللاغ (سۇلى) تېغىدىن باشلىنىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، دۇنخۇاڭ ناھىيىسى-نىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ سۇللاغ دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. سۇللاغ، داڭخې دەريا ۋادىلىرى يىلقا باقىدىغان مۇھىم ئورۇن ئىدى. ئىك-كى دەريانىڭ ياقىلىرى ناھايىتى قويۇق ئوت ـ چۆپلۈك، ئېسىل يايلاق ئىدى. شۇڭا، بۇ جاينى تۇڭغۇز (شەرقىي خۇ) تىللىرىدىن سىبىر تىلىدا «تۇمىگان» دەپ ئاتىغان. «ئەل ئامان ـ ئالەم ئامان خاتىرىسى» 152 ـ جىلد، 4 ـ بەت). «تۇمىگان»نىڭ مەنىسى يى-لىك دېگەنلىك ئىدى. ئەنە شۇ تۇمىگان يايلىقىغا بىنا قىلىنىپ بىر مەزگىل گۇاجۇ (مېۋىزارلىق) دەپ ئاتالغان شەھەر خەنزۇ-چىدا دۇنخۇاڭ دەپ ترانسكرىپسىيىلەنگەن بولسا كېرەك. تۇمىگان سۆزى تەلەپپۇزدا بارا ـ بارا تۇمگان، تۇمغان، دۇنخان، دۇنخۇاڭ بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن.

تاريختىكى بەزى يەرلەرنىڭ تۈركىي تىلدا قويۇلغان ناملى-
رى، زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مىللەتلەرنىڭ ماكان ئالماشتۇرۇ-
شى ئارقىسىدا، ئالمىشىپ كېتىشى تەبىئىي ئەھۋال. مەسىلەن:
تىن سۇ ھازىر دوناي دەرياسى، ئاتىل ھازىر ۋولگا، يايىق ھازىر
ئورال، يارىش يازىقى ھازىر جۇڭغارىيە، يارغول بولسا جياۋخې دەپ
ئاتالغىنىغا ئوخشاش.

# يەرناملىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەيلى

**غازى ئەھمەد**

قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان «قورغان يېزىسى»نىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، ھەتتا ئاتۇش ناھىيىسى تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئازادلىقتىن كېيىن «قورغان رايونى» قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا تۆت يېزا قارايدى. «قورغان» كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، خانىدى، مورتىم، ئاراساي، سۆگەتتاغ، قۇتېيدىن غوجام، شاپاڭ، ئالتەتاش، پىخسىن، مەللە خېنىم، توققۇزتاش، ياربېشى، چوڭ ھويلا، ھوجدار، باغ ئېرىق، چۇمبۇس، قازىرىق، موللازادە، تۆمۈر باداڭ، كۆنچى، نەزەرباغ، چاھارباغ، تاختا كۆۋرۈك، ھەزرەت، بوچا، قوشگۇمبەز، ۋاپ، سوزاق، تاۋۇغۇز، دۆلەتباغ، يانبولاق ئارقىلىق يېڭى ئۆستەڭ يېزىسىغا تۇتىشىدىغان چوڭ بىر رايوننى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىي ئىستېمال مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئاتۇش يولى، يەنى ھازىرقى ئايرودرومدىن تارتىپ ياۋاغ كۆۋرۈكىگىچە بولغان چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كەنتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا تارىخىي شەخس ئاپاق غوجام نامىدا ئاتىلىپ كەلگەن «ئاپاق غوجام يېزىسى»نىڭ نامى ئەمەلدىن قېلىپ، بۇ يۇرت «قورغان گۇڭشېسى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. ئاپاق غوجا دەپنە قىلىنغان بۇ يېزا نەچچە يۈز يىلدىن بېرى «ئاپاق غوجام يېزىسى» ياكى «ھەزرەت يېزىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنىدى. ھازىرقىلارمۇ بۇ ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىپ، بۇ نامنى ساقلاپ قېلىشى لازىم ئىدى، ۋەھالەنكى بۇ نام يوق قىلىندى. «ئاپاق غوجام يېزىسى»نىڭ «قورغان يېزىسى» دەپ

ئۆزگەرتىلگىنىگە گەرچە 20 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام خەلق بۇنداق ئۆزگەرتىشنى تولۇق قوبۇل قىلىپ كەتمىدى. ھازىرمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ يېزىدىن باغ ئېرىق، ھوجدار تە-رەپلەرگە بارماقچى بولسا «قوغانغا بارماقچى ئىدىم» دېيىشىدۇ. ئۇ تەرەپتىن كەلگەنلەرنى «قوغاندىن كەلگەن مېھمانلار» دېيىشىدۇ. ئۆتكەن يىلى 10 ـ ئايدا «قورغان يېزىسى» (ئەسلىدىكى «ئا-پاق غوجام يېزىسى») 1 ـ چوڭ ئەترەتتىكى دالىم ھاجىمنىڭ چاھار بېغى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاچامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇ-زىتىشقا بارغانىدىم. ئاپاق غوجام چوڭ جامەسىدە مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، شۇ جامەنىڭ ئاقساقىلى جامائەتكە «مەرھۇمەنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مېيىتنى قورغانغا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلماقچى بولدۇق، جامائەتنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا قاتنىشىپ بېرىشىنى سورايمىز...» دەپ ئېلان قىلدى. بۇ كىشىنىڭ «قور-غان» دېگەن سۆزى ئەمەلىيەتتە «ھوجدار»نى كۆرسىتەتتى. بۇ-نىڭدىن مەلۇمكى، ئاپاق غوجامنىڭ جامائىتىمۇ، ھازىرغىچە ھوجدار تەرەپنى «قورغان» دەپ ئاتىشىدىكەن. ھازىر زورمۇزور «قورغان يېزىسى» دەپ ئاتىلىۋاتقان يۇرتنىڭ ئادەملىرى «ئۆزلىرى قايسى يۇرتتىن؟» دەپ سورالسا، ئۇلار «مەن ئاپاق غوجامدىن» يا-كى «مەن ھەزرەتتىن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ھەرگىزمۇ «مەن قو-غاندىن» دەپ جاۋاب بەرمەيدۇ.

ئەمدى «نەزەرباغ» يېزىسى دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك، بۇ ئا-تالغۇنى كىمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىقى نامەلۇم، ئەمەلىيەتتە «نە-زەرباغ» دېگەن يېزا ياكى كەنت بولغان ئەمەس. ھازىرقى «نەزەرباغ يېزىسى» دېگەن دائىرە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «قورغان» يېزد-سىنىڭ ئۆزى ئىدى. «ئاپاق غوجام يېزىسى» ياكى «ھەزرەت يېزد-سى» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا «قورغان يېزىسى» دېگەن نام قويۇل-غاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى «قورغان يېزىسى»غا «نەزەرباغ» دەپ نام بېرىلدى. «نەزەرباغ» ھېچقاچان يېزا ياكى كەنت بولماستىن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ شەرق تەرىپى بىلەن تۇتى-

شىدىغان بىر مەھەللىنىڭ نامى ئىدى. بۇ يەردە بىر قانچە باينىڭ يازلىق باغ ـ ھويلىسى بولۇپ، شىنجاڭ ئازاد بولغان دەسلەپكى يىللاردا بۇ يەر «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى» ئىدارىسى قىلىنغان. كېيىن مەجرۇھلار ساناتورىيىسى قىلىنغان مەھەللە ئىدى. ئېھـ تىمال «نەزەرباغ» دېگەن ئىسىمنىڭ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، بۇ مەھەللىنىڭ نامى يېزا نامى قىلىپ ئىشلىـ تىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇ يېزىنىڭ نامى بار تـۇ ـ رۇقلۇق ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ يېڭىدىن ئىسىم قويۇش ئەسلا توغرا ئەمەس.

ھازىرقى «نەزەرباغ» يېزىسىغا قاراشلىق 9 ـ چوڭ ئەتىرەت تارىختىن بۇيان «ھوجدار (غوجىدار) كەنتى» دەپ ئاتىلىپ كەلـ گەن، ھوجدار كەنتى يۇقىرىسى مازار (قۇتبۇللاھ غوجام)، غوراي، قوشكۆل، ئۇزۇمچى، تۇماقچى مەھەللىسى، چىلانلىق، باخشى مەـ ھەللىسى، روزى بېگىم مەھەللىسى (ئېلى گەيجاڭ مەھەللىسى)، قۇم كوچا، غاپپار ئىمام مەھەللىسى، تۆمۈر ئىمام مەھەللىسى (ئارا مەھەللە)، مىرزىلا (چوتاچى) مەھەللىسىدىن ئىبارەت 12 ئەترەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ كەنتنىڭ ئومۇمىي نامى «ھوجدار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. «ھوجدار» دېگەن بۇ نامنىڭ مۇشۇ كەنتنىڭ ئەنئەنىۋى، ئومۇمىي نامى ئىكەنلىكى، بۇ كەنتنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نامى يوقلۇقى ھەممىگە ئايان. ھوجدار كەنتىنىڭ مەركىزىدە 400 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ھوجدار چوڭ جامەسى بولۇپ، بۇ مەسچىتتە قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ھوجدار كەنتىنىڭ جامائىتى يىغىلىپ ناماز ئوقۇپ كەلمەكتە. ھېيت كۈنلىرى ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جامە ئالدىدا داغدۇغىلىق ھېيت بازىرى بولىدۇ.

جامەنىڭ مەراسىدا 400 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، تۆت ئادەمنىڭ قۇچىقى ئاران يېتىدىغان ئىككى تۈپ رىدە دەرىخى بار، بۇ ھەيۋەتلىك رىدىلەر ھوجدار كەنتىنىڭ سىمۋولى ئىدى. جامەـ نىڭ ئالدىدا بىر كىچىك ۋە بىر چوڭ كۆل بار. ئىلگىرى كۆلنىڭ

بويىدا جامەنىڭ جەنۇبىي تېمىغا چاپلاپ سېلىنغان، 100گە يېقىن ئوقۇغۇچى سىغىدىغان دىنىي مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپتە مۇھەممەد خەلپىتىم، توختى خەلپىتىم، مەمەت سەلەي دېگەن كىشىلەر دەرس ئۆتەتتى. ئۇنىڭدا هوجدار كەنتىگە قاراشلىق مەھەللىلەرنىڭ باللىرى ئوقۇيتتى. هوجدار جامەسىنىڭ ئالدىدا ئېلىجان هاجى بوۋام مەقبەرىسىنى چۆرىدەپ ناهايىتى چوڭ قەبرىستانلىق بولۇپ، بۇ هوجدار قەبرىستانلىقى دەپ ئاتىلاتتى. هوجدار كەنتىگە قاراشلىق 12 مەھەللىدە قازا قىلغانلار مۇشۇ جامەگە ئېلىپ كېلىنىپ، نامىزى چۈشۈرۈلۈپ مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىناتتى. بۇ ئادەت هازىرغىچە داۋام قىلماقتا.

دېمەك، بۇ كەنتنىڭ هوجدار كەنتى ئىكەنلىكىدە هېچقانداق شەك يوق. بىراق، بۇ يەردىكى «هوجدار» دېگەن قەدىمىي نام سەۋەبسىزلا تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «قوشكۆل» دېگەن نام قويۇلدى. «قوشكۆل» هوجدار كەنتىگە قارايدىغان كىچىك بىر مەھەللە ئىدى. ئەزەلدىن بار بولغان قەدىمىي يەر نامىنى يوق قىلمۇېتىش، ئۇنىڭ ئورنىغا خالىغانچە نام قويۇش بىر خىل كەچۈرگۈسىز قىلمىش بولۇپ، هېچقانداق كىشىنىڭ ئىددىيىسىدىن ئۆتمەيدۇ.

يۇرتىمىزدا هوجدار كەنتى تارىختىن بېرى مەيلى دىنىي، مەيلى پەننىي جەھەتتىن بولسۇن كۆپلىگەن بىلىملىك، مەشھۇر كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەن كەنت ئىدى، ئەمما سەۋر ـ تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان يېرى شۇكى، بىز پەخىرلىنىپ ئېغىزغا بىر ئالمىدىغان «هوجدار» دېگەن تارىخىي نام بۈگۈنگە كەلگەندە تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى.

يۇقىرىدىكى سەۋەنلىكلەر ھەرگىزمۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن مەقسەتلىك قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق بولماستىن، بەلكى بىرىنچى پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ يەر ناملىرىنى باشقۇرۇش نىزامى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ياخشى ئۆگەنمى-

گەنلىك ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلىقتىن، ئىككىنچى ئەھۋال بىلمىگەنلىك، ئەستايىدىل بولماسلىق، بىپەرۋالىق قىلىش، ئۇ-چىنچىدىن، سول لۇشيەننىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان خاتا-لىقلار بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە مەن ھۆكۈمەتنىڭ يەر ناملىرى-نى باشقۇرۇش مەسىلىسىگە ئائىت ھۆججەتلەردىن بىر قانچە ئۇ-زۇندىنى نەقىل كەلتۈرۈشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم. 1986 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «يەر ناملىرىنى باش-قۇرۇش نىزامى»نىڭ 3 ـ ماددىسىدا: «يەر ناملىرىنى تارىختىكى-سى بىلەن ھازىرقىسىنى ئاساس قىلىپ ئۇنىڭ تۇراقلىقلىقىنى ساقلاش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-تونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1989 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ناملىرىنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ 4 ـ ماددىسىدا: «ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۆز ئالدىغا تەستىق-سىز نام بېرىشىگە ۋە يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتىشىگە يول قويۇل-مايدۇ» دەپ، 6 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدا: «نامى ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا قويۇلغان يەر ناملىرىنى خالىغانچە قىسقارتىشقا، شۇ جايدىكى ئاممىا قوللىنىپ ئادەتلەنگەن يەر ناملىرىنى خالىغان-چە ئۆزگەرتىشكە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ، 12 ـ ماددىسىدا: «ھۆججەت، ئالاقە، خەرىتە، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، گې-زىت ـ ژۇرنال، رادىئو، كىنو ـ تىياتىرلاردا ئىشلىتىلگەن يەر ناملىرى توغرا ھەم قېلىپلاشقان بولۇشى لازىم» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

تارىختىن بۇيان خەلقىمىز ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇ-رۇپ ساقلاپ كېلىۋاتقان يەر ناملىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش، ھەتتا پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يۇقىرىدىكى پەرمان خاراك-تېرلىك ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا خىلاپ بولۇپ، خەلقنىڭ كۈچ-لۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئائىلە شە-

جەرىسى ۋە نەسەبنامىلىرىنى يېزىشغا ھەمدە يۇرت ـ مەھەللە تەزكىرىلىرىنى يېزىشغا زور كاشىلا پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەمەلىي تۇرمۇشتىمۇ كۆپلىگەن قالايمىقانچىلىق، ئاۋارىچىلىقلار كېلىپ چىقتى. دېمەكچىمەنكى، بۇ ھەرگىزمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايدىغان، زادى تۈزەتمىسە بولمايدىغان ھەمدە چوقۇم تۈزەتكىلى بولىدىغان مەسىلىلەردۇر.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن قىسمەن يەر ـ جاي ۋە قەبىلەناملىرى

يارمۇھەممەت تاھىر

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرى، شەھەر، قەلئە ـ ئۆتەڭلىرى، دەريا ـ كۆللىرى ھەققىدە، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەڭ ياخشى مەلۇمات بېرىلگەن. ئاپتور ئەسەردە، بىر تەرەپتىن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ يەر ـ جاي ناملىرىنى ئىزاھلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز دەۋرىدىكى يەر ـ جايلارنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدىكى بەزى مۇجمەللىكلەرنى چۈشەندۈرۈش زۆرۈرىيىتىدىن ئەسەردە خېلى كۆپ يەر ـ جاي ناملىرى، قەبىلە ناملىرى، دەريا ـ كۆللەر ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. بۇ قىممەتلىك مەلۇماتلار بىزنى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ئېتىنىك مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ياردەمچى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، مەن تەزكىرە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ پايدىلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلارنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇم.

**I قارا خانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ زېمىنى، يەر كۆلىمى ۋە ئاتىلىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار**

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۆۋەندىكىدەك

ئۈچ مۇھىم مەلۇماتنى قالدۇرغان:

بىرىنچى، مەھمۇد كاشغەرىي كىتابىنىڭ بېشىدىلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ جايلىشىشىنى، دەريا ـ كۆللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەر شەكلى خەرىتىسىنى سىزىپ قالدۇرغان. بۇ خەرىتىدە تۈركىي خەلقلەر ياشىغان رايونلار بىلەن ئۇلارغا قوشنا باشقا ئەللەرنىڭمۇ ئەھۋالى كۆرسىتىلگەن.

ئىككىنچى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەر ياشىغان پۈتكۈل تېررىتورىيىنىڭ يەر كۆلىمىنى تونۇشتۇرغان. هازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، مەھمۇد كاشغەرىي ھىندى ئوكياندىن تارتىپ تاكى قەدىمكى مانجۇلار ياشايدىغان شەرقىي شىمال رايونلىرىغىچە بولغان زېمىنلارنى، شۇنداقلا يەنە قىتانلار ۋە ئۇلار بىلەن قانداش بولغان توڭگۇسلار، مانجۇلار، تىبەتلەر، تاڭغۇتلارنىڭ زېمىنىنىمۇ تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان تېررىتورىيىگە كىرگۈزۈپ ئىزاھلىغان.

ئۈچىنچى، ئۇزاقتىن بۇيان تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان بىر تارىخىي مەسىلە مەۋجۇت بولۇپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە تېخى ئېنىق چۈشەنچە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. ئۇ بولسىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ياشىغان بۇ دىيارنى زادى نېمە دەپ ئاتاش توغرىسىدىكى مەسىلە. بۇ توغرىدا چىن، ماچىن، تابغاچ دېگەن ئۈچ ئاتالغۇ بار، بۇ ئۈچ ئاتالغۇنىڭ قايسى ـ قايسى ئەللەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە چىن، ماچىن، تابغاچ ئاتالغۇلىرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ قالايمىقان قوللىنىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي بۇنىڭغا تۈزىتىش بەرگەن ۋە بۇ ھەقتە خېلى كۆپ توختالغان.

مەھمۇد كاشغەرىي ئالدى بىلەن، رۇم ئۆلكىسىگە ئەڭ يېقىن جايلاشقان پەچەنەك قەبىلىسىدىن باشلاپ شەرققە قاراپ چىگىل، توخسى، ياغما، ئوغراق، چارۇق، چومۇل، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتايدىن ئىبارەت توققۇز قەبىلىنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ چىقىپ،

«خىتاي ـ چىن دېمەكتۇر، تابغاچ ـ ماچىن دېمەكتۇر، بۇ قەبىلىلەر جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ» (1 ـ توم 38 ـ بەت) دەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي تىللار توغرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىش زۆرۈرىيىتىدىن بۇ جايلارنىڭ پەرقىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار. سوغداق، كەنچەك، ئارغۇ قەبىلىلىرى ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلارغا كىرىدۇ. چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىدىغان خوتەن، تۇبوت خەلقلىرى ۋە تاڭغۇتلارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنداق. بۇلار تۈركلەر ئېلىگە كېيىنرەك كەلگەن. بۇلارنىڭ تىللىرىنى ئۆز ئورنىدا ئايرىم يازىمەن. جابىرقالار (ياپونىيىلىكلەر) يىراقتا جايلاشقانلىقى، ماچىن بىلەن ئۇلارنى چوڭ دېڭىزلار ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىللىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس» (1 ـ توم 39 ـ بەت).

يۇقىرىدىكى مەلۇماتتا، ئاپتور ياپونىيىلىكلەرنىڭ تىلىنىمۇ تۈركىي تىللار قاتارىدا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ياپونىيىلىكلەر دېڭىز ئارقىلىق ماچىن بىلەن چېگرىلىنىدىكەن. بۇ يەردىكى «ماچىن» ھەرگىز خوتەننى كۆرسەتمىگەن. بۇ ھال خەرىتىدىمۇ ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور «تابغاچ» ئاتالغۇسىنىڭ كۆپ خىل مەنىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ.

1. «تابغاچ ‹ماچىن› ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يول ئۇزاقلىقتا. چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ، بۇ تابغاچ دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، خىتاي دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، ‹بارخان› دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قەشقەردە. لېكىن، ھازىر تابغاچ ‹ماچىن› دەپ، خىتاي ‹چىن› دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ» (1 ـ توم 592 ـ بەت).

2. «تابغاچ تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى. ئۇلار تابغاچ يۇرتىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ ‹تات تابغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ. ‹تات› ئۇيغۇر دېمەكتۇر. ‹تابغاچ› چىنلىق دېمەكتۇر» (1 ـ توم 592 ـ بەت).

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يەنە بىر ئىزاھاتىدا «تات» كاپىر دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلانغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا، «چىندىكى كاپىر ئۇيغۇرلار» دېگەن مەنىدە قوللانغان بولسا كېرەك.

3. «تات تابغاچ ـــ بۇ، جۈپ سۆز، بۇ ئورۇندا ‹تات› سۆزى ‹پارس› دېگەن مەنىدە، ‹تابغاچ› سۆزى ‹تۈرك› دېگەن مەنىدە كەلگەن» (1 ـ توم 593 ـ بە).

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتور تۈركىي تىللارنىڭ پەرقى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتىلىشى توغرىسىدا توختىلىۋاتىدۇ، يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئاتالغۇنىڭ ھېچقايسىسىدا جۇڭگونى ياكى خەنزۇ مىللىتىنى كۆرسىتىدىغان مەنا چىقمايدۇ. پەقەت بۇ يەردە تۈركىي خەلقلەر ۋە تۈركىي خەلقلەر بىلەن تىل ئورتاقلىقى بولغان خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىلا تونۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ.

ئاپتور «تابغاچ» سۆزىنىڭ ئىستېمال مەنىسى ۋە لۇغەت مەنىسى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تابغاچ ـــ ھەر بىر بۇيۇك ۋە قەدىمىي نەرسە ‹تابغاچ ئەزە›، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەرەبچىدىكى ئاد قەبىلىسىنىڭ نەرسىسى، ئىبارىسىگە ئوخشايدۇ. بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ» (1 ـ توم 592 ـ بەت).

ئاپتور، چىن، ماچىن خەلقلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ. شۇنىڭدەك ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ ـ دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەجۇج ۋە مەجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. تۇبۇتلەرنىڭ ئايرىم تىلى بار، شۇنىڭدەك خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى

ۋە يېزىقى بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈركىي تىلدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ» (1 ـ توم 39 ـ، 40 ـ بەت).

II شەھەر ـ قەلئەناملىرى ۋە يۇرت، ئۆتكەل ـ بەللەر ناملىرى

«ئۇدۇن. خوتەن شەھىرىنىڭ نامى. خوتەندە ياشىغۇچىلارمۇ ‹ئۇدۇن› دېيىلىدۇ» (1 ـ توم 104 ـ بەت).

ھازىرقى خوتەن (ئىلچى) دەپ ئاتالغان شەھەرنىڭ ئەسلىي نامى «ئۇدۇن»، شۇڭا خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «于 阗» دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلغان. كېيىن «ئۇدۇن» سۆزى «ھۇدۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، بارا ـ بارا «خوتەن»گە ئۆزگىرىپ كەتكەن.①

«ئارتۇچ، ئارتۇچ دەرىخى. قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار» (1 ـ توم 128 ـ بەت).

مەھمۇد كاشغەرىي ئاتۇش ھەققىدە يەنە: «قانداق ئىغىز ئىبىتىپ، قانداق قۇلاق ئىشتىشتىكى، ئاينىڭ ئورنى ئارتۇچ دەرىخىنىڭ پۇتىقىنىڭ ئۇستىدە» دەپ خاتىرىلەنگەن. قارىغاندا، قەدىمكى ئاتۇشتا ئارتۇچ دەرىخى شۇ يۇرتنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلىق دەرىخى بولسا كېرەك. ھازىرقى ئاتۇش «ئۇستۇن ئاتۇش» ۋە «ئاستىن ئاتۇش» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

«ئۇيغۇر، بىر ئەلنىڭ نامى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن» (1 ـ توم 151 ـ بەت).

ئۇيغۇر، قەدىمكى زامانلاردا بەزىدە پۈتۈن تۈركىي قەبىلىلەر ئۈچۈن ئورتاق نام سۈپىتىدە تۈرك سۆزى بىلەن تەڭ قوللىنىلغان. بەزىدە خاس «ئۇيغۇر» قەبىلىسىنىلا كۆرسىتىپ كەلگەن. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر قەبىلىسى قوچو ئۇيغۇر ئېلى (ئۇيغۇر دۆلىتى)نى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر دۆلىتى سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان. قوچو، چانبالىق، بەشبالىق، يېڭى بالىق قاتارلىق بەش چوڭ شەھىرى بولغان (1 ـ توم 153 ـ بەت).

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىزاھاتى.

ئوردۇ ـــ ئوردا، خان شەھىرى، خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى «ئوردۇ كەنت» دېيىلىدۇ.

قەشقەرنىڭ «ئوردۇ كەنت» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردىن باشلانغان بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق خاقان قەدىمكى تۇران ۋە تۇرانىيىلار ـ نىڭ خاقانى تۇڭا ئالپ ئەر (ئاپراسىياپ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىي رىۋايەتلەرنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئاپراسىياپ قەشقەردە تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ شەھەرنىڭ ئوردۇ كەنت (خاقان تۇرىدىغان شەھەر) دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىزاھلىغان.

«ئوردۇ. بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر. بالاساغۇن شەھىرىمۇ ‹قۇز ئوردۇ› دېيىلىدۇ» (1 ـ توم 168 ـ بەت).

«ئارغۇ ـ ئىككى تاغ ئارىسى. بۇنىڭدىن ئىلىنىپ (تالاس) بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەرمۇ ‹ئارغۇ› دېيىلىدۇ، چۈنكى ئۇ يەرلەر ئىككى تاغ ئارىسىدا» (1 ـ توم 172 ـ بەت).

تالاس ھازىرقى ئەۋلىيا ئاتا. ئۇ تەرىپىدە ئارغۇ شەھەرلىرى، بۇ تەرەپتە بالاساغۇن. ئۆز دەۋرىدە ئارغۇ بىر تىل شېۋىسى رايونى بولغان.

ئۆتۈكەن ـــ تاتار (موڭغۇل) دالىسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى. ئۇ ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن.

بۇ قەدىمكى موڭغۇل دالىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى بو ـ لۇپ، بۇ شەھەرنى تۈركىي خەلقلەر قۇرغان ۋە گۈللەندۈرگەن. ھونلار دەۋرىدىن تارتىپ كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە مۇھىم ئورۇن ئالغان. ئۇ، گۈزەل جاي ئىدى. بۇ ھەق ـ تە ئورخۇن مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىدا مۇنداق مەلۇماتلار خاتى ـ رىلەنگەن: «مەن شۇنچە كۆپ جايلارغا قوشۇن تارتىپ باردىم. لې ـ كىن ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن. تۈرك خاقا ـ نى ئۆتۈكەن تېغىدا ئولتۇرۇۋەرسە ئەلدە مۇڭ ـ زار بولمايدۇ»

دېگەن.[1]

«ئاراموت. بىر يەرنىڭ نامى» (1 ـ توم 187 ـ بەت).

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «ئاراموت ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى (1 ـ توم 187 ـ بەت) دېگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، يۇقىرىدىكى جاي قەبىلە نامى بىلەن ئاتالغان بولسا كېرەك.

مەھمۇد كاشغەرىي يەنە «كەنت» سۆزىنى ئىزاھلاپ مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «كەنت، ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا يېقىن يەردىكى خەلقلەر تىلىدا ‹يېزا ـ كەنت› دېگەن مەنىدە بولىدۇ. زور كۆپچىلىك تۈرك خەلقلىرى تىلىدا ‹شەھەر› دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ پەرغانە شەھىرىگە ‹ئۆز كەنت› نامى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ‹ئۆز شەھىرىمىز› دېگەن بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ‹سەمىز ـ كەنت›مۇ چوڭ شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇنى پارسلار ‹سەمەر قەنت› دەيدۇ» (1 ـ توم 449 ـ بەت).

«بۇگۇر ــ كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا» (1 ـ توم 468 ـ بەت).

بۇگۇر قەدىمكى قەلئە نامىغا قويۇلغان. ئۆز دەۋرىدە بۇگۇرنىڭ شەرق تەرىپى قوچو خانلىقىغا، غەرب تەرىپى قاراخانىيلارغا قارايتتى.

«تالاس. ‹تىراز› دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر ئىككى بولۇپ، بىرى ‹ئۇلۇغ تالاس ـ چوڭ تالاس دېيىلىدۇ. يەنە بىرى مۇسۇلمانلار چېگرىسىدا بولۇپ، ‹كەمى تالاس ـ كىچىك تالاس› دېيىلىدۇ» (1 ـ توم 474 ـ، 475 ـ بەت).

«تارىم. ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى ‹كۇچا› دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي. بۇ يەر ‹ئۇسمى تارىم›مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ يەردىن ئاقىدىغان بىر دەريامۇ ‹تارىم› دېيىلىدۇ (1 ـ توم 514 ـ بەت).

[1] «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دىن.

تارىم سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل قوللىنىلىشى بولۇپ، «تېپ-كىنلەرگە (شاھزادىلەرگە)، ئاپراسىياپ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق باللىرىغا خاس بىر سۆز. خان ئوغۇللىرىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا خېنىملارغا ئۇنىۋان ئورنىدا ‹ئالتۇن تارىم› دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ» (1 - توم 514 - بەت).

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىم دەرياسىنى بۇيۇك، ئۇلۇغ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە ئۇلۇغ-لىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خان ئەۋلادلىرىنى ۋەتەننىڭ، سەلتەنەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە «تارىم» دەرياسىنى خان ئەۋلادلىرىغا كۆچۈ-رۇپ قوللانغان. «كۈسەن ‹كۇچا› دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى، بۇ شەھەر ئۇيغۇر چېگرىسىغا يېقىن» (1 - توم 526 - بەت).

«بۇقاچ ئارت. بىر داۋاننىڭ نامى» (1 - توم 535 - بەت).

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا داۋان «ئارت» دېيىلەتتى. شۇڭا، «مۇز ئارت» مۇز داۋان دېيىلىدۇ.

تورىخ، تورغات — قەشقەردىكى بىر يايلاقنىڭ نامى. ئۇلۇغ-چات ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا تورغات داۋىنىدىن چۈشىدىغان تورغات دەرياسىنىڭ بويى بولسا كېرەك. ھازىر بۇ يەردە تورغات مەھەللىسى بار.①

«ئارۇق، ئارۇق تورۇق. قەشقەر بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدىكى قىيىن ئۆتكەل، داۋان» (1 - توم 492 - بەت).

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تورۇق» سۆزى ھەر نەرسىنىڭ ئو-رۇقىغا قارىتىلاتتى، قارىغاندا، يۇقىرىقى داۋان ئۆتكىلىنىڭ قى-يىنلىقى ۋە بەلىنىڭ تولىمۇ تارلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

«بارخان. تۆۋەنكى چىنىنىڭ نامى. قەشقەرگە يېقىن بىر تاغ-نىڭ ئۈستىدىكى قورغان. بۇ تاغنىڭ ئاستىدا ئالتۇن كان بار»

① ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىزاھاتى.

(1 ـ توم 567 ـ بەت).

«تاشكەنت. شاش شەھىرىنىڭ نامى. ئەسلىي نامى تاشكەنت بولۇپ، «تاش شەھەر» دېمەكتۇر. ئەبۇبەكرى قەفغال شاشى شۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن» (1 ـ توم 577 ـ بەت).

«كەشمىر. تۈرك ئەللىرىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بىر شەھەر. بۇ شەھەرنى تەڭرى يارلىقاغۇچى سۇلايمان پەيغەمبەر سالدۇرغان» (1 ـ توم 597 ـ بەت).

بۇ شەھەرگە خەرىتىدىن ئورۇن بېرىلمىگەن.

«سۇللاغ. بىر يەرنىڭ نامى» (1 ـ توم 606 ـ بەت).

نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ ئىزاھاتى — قەشقەر كونا شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا ھازىرمۇ «سۇللاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بار.

«بارچۇق. ئاپراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر. ئۇ يەردە بۇختۇنەسسەرنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان» (1 ـ توم 608 ـ بەت).

بۇ شەھەر ھازىرقى مارالبېشىدا بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ناھايىتى ئاۋات چوڭ شەھەر قاتارىدا سانىلاتتى. بۇ ئىزاھاتتا تىلغا ئېلىنغان بەتزەن ئاپراسىياپنىڭ قىزى بىلەن يوشۇرۇن مۇناسىۋەت باغلاپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن شۇ يەرگە قامالغان.

«باغرام قۇم. چوڭ قۇملۇق، قۇم دالىسى، قەشقەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى قۇملۇقمۇ ‹باغرام قۇمى› دېيىلىدۇ» (1 ـ توم 631 ـ بەت).

«قاراچۇق. فاراب شەھىرىنىڭ نامى. بۇ ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر» (1 ـ توم 635 ـ بەت).

بۇ، ئىلگىرى خەلقئارا كارۋان يولىدا ناھايىتى ئاۋات شەھەر بولغان. بۇ شەھەردىن فارابىغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئالىملار چىققان. ئۇ 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭگىزخان تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن، ھازىر بۇ شەھەرنىڭ ئورنى توقماق شەھىرىگە توغرا كېلىدۇ.

قارايالغا — تۈرك يۇرتى بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدىكى تىك

داۋان.

ئاپتور بۇنى ماقال بىلەن ئىزاھلاپ مۇنداق يازىدۇ. قاراكۇن كەلمىگىچە قارا يالغا كەچمە. چۈنكى، ئۇ يەر تىك بولۇپ، ھەر ۋاقىت قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي ئاپراسىياپقا مۇناسىۋەتلىك بولغان شەھەر، قەلئەلەر ئۈستىدە توختالغان. چۈنكى، ئاپراسىياپنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۇنى پۈتكۈل تۈرك تارىخىدىكى خاقانلارنىڭ ئەڭ ئۈستىگە قويغان.

قاز ـ ئاپراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى بولۇپ، «قازۋىن» شەھىرىنى بىنا قىلغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «قاز ئويۇنى» بولۇپ، بۇ قىز بۇ شەھەردە تۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن بەزى تۈركلەر «قازۋىن»نى تۈرك چېگرىلىرىدىن بىرى ھېسابلايدۇ.

«مانكەنت. قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى. كېيىن خاراب بولغان» (3 ـ توم 215 ـ بەت).

تەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىزاھاتى: بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرغىچە مانكەنت نامى ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇ شەھەرنىڭ يېنىدىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئىدىچى مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن خاراب بولغان مانكەنت شەھىرىنىڭ تارىخى مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنقى تارىخىي دەۋرلەردە بىنا بولغان شەھەر بولسا كېرەك، دەپ قارالماقتا.

«قاياس. توخسى ۋە چىگىل شەھەرلىرىنىڭ ئېتى. ئۈچ قورغان مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسى، ساپلىغ قاياس، ئىككىنچىسى، ئۇرۇڭ قاياس، ئۈچىنچىسى، قارا قاياس» (3 ـ توم 236 ـ بەت).

«سايرام. ‹ئىسپىجاب› دەپمۇ ئاتىلىدىغان بەيزا شەھىرىنىڭ ئېتى. ‹سايرام›مۇ دېيىلىدۇ» (3 ـ توم 243 ـ بەت).

قەدىمدە «قۇياس» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەر بولغان، بۇنى مەھمۇد كاشغەريي «قۇياسلىغ» سۆزىنى ئىزاھلاپ ئەسكەرتكەن «قۇياسلىغ ئادەم، قۇياس شەھىرىدىن بولغان ئادەم» (3 ـ توم 245 ـ بەت).

«خىتاي. يۇقىرى چىن» (3 ـ توم 328 ـ بەت).

خىتايلار ياكى قىتانلار 916 ـ يىلىدىن 1125 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن «لياۋ سۇلالىسى» دەپ ئاتالغان دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەريي مۇشۇ ئەسەرنى يېزىۋاتقان مەزگىللەردە خىتايلار تازا كۈچىيىۋاتقان دەۋرلەر بولۇپ، قاراخانىيلار*بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى خېلى قويۇق ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان دورا ـ دەرمان ۋە يىپەك ماللار چىندىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، قىتان سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلگەن بۇيۇملار ئىدى.

«قاملانچۇ. ئىككى ئۆگۈزگە يېقىن بىر كىچىك شەھەرنىڭ نامى» (3 ـ توم 333 ـ بەت).

قاملانچۇ ھەققىدە ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلىنىپ كەلگەن: قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان توغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قۇيۇلىدىغان جايىدا «قاملانچۇ» دېگەن بىر يەر بار ئىكەن. بۇ يەردە بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ئۆسىدىغان ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى پىتتوخا، بۇ دەرەخ قارىغايغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، قىش ـ ياز ئارچىدەك كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىر دەرەخ ياۋا قارىغاي ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى دەرەخنىڭ ئارىسىدا بىر كىچىك دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇ دۆڭ بارغانسېرى يوغىناشقا باشلاپتۇ. دۆڭنىڭ ئۈستىدە تاڭ ئاتقىچە شام يورۇپ تۇرىدىكەن. دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. شامنىڭ يورۇقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، 30 قەدەمچە ئارىلىقنى يورۇتالايدىغان بوپتۇ. كېيىن دۆڭدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ بەش ئېغىز ئۆي پەيدا بوپتۇ. ھەر بىر ئۆيدە كۈمۈش سەگەنچۈككە سېلىنغان بىردىن ئو-

غۇل بوۋاق بار ئىكەن. بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا سۈت ئېمىدىغان ئېمىزگىمۇ بار ئىكەن. بوۋاقلار ھاۋا بىلەن ئۇچراشقان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئىنىك ئانا تەيىنلەپ بوۋاقلارنى ئېمىتىپ چوڭ قىپتۇ، كېيىن ئۇلار بوۋاقلاردىن ئاتا - ئانىسىنى سورىغان ئىكەن، ئۇلار ئىككى توپ دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. بەش ئوغۇل دەرەخكە چوقۇنىدىكەن. قەبىلە ئاقساقىلى بۇ بەش بالىغا شۇڭقار تېكىن، قۇتچۇر تېكىن، ياغلاقار تېكىن، ئورتېكىن، بۆكۈتېكىن دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل بۆكۈتېكىننى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

يۇقىرىدىكى رىۋايەتتە تۇغلا دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەرياسى مەھمۇد كاشغەرىي تىلغان ئالغان «ئىككى ئۆگۈز»دۇر، قاملانچۇ ئىككى دەرياغا يېقىن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانىدۇر.

«بارسخان. ئافراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئېتى. بارسخان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ، مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر. بەزىلەر ئۇيغۇر خانىنىڭ بارسخان ئىسىملىك بىر ئات باقارى بار ئىدى، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئۇ ئاتلارنى شۇ يەردە باقاتتى، كېيىنچە بۇ ئىسىم بۇ يەرگە نام بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ (3 ـ توم 569 ـ، 570 ـ بەت).

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسى بارسخان شەھىرىگە ھاكىم بولغانىكەن.

«ئىنچ كەنت. قارا يۇركەنچىلىكلەر ياشىغان شەھەرنىڭ نامى، ئۇ تەڭرىنىڭ لەنتىگە ئۇچرىغان. بۇ شەھەر كېيىن خاراب بولغان» (3 ـ توم 594 ـ بەت).

«ئىنچ» سۆزى تىنچ دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ، «ئادەمزات يوق» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

### Ⅲ دەريا ۋە كۆللەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلار

سۇ ھاياتلىقنىڭ ئانىسى. سۇ بار يەردە ھاياتلىق بار. قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىلىماتى مۆتىدىل، تۆت پەسىل ئالمىشىپ تۇرىدىغان، يەرلىرى مۇنبەت زېمىن بو-

لۇپ، دەريا ــ كۆللىرى ئۆزىنىڭ سىخىيلىقىنى ئىپادىلەپ، گۈ-زەل باغۇ ــ بوستانلارنى بىنا قىلغان. تەبىئەتتىكى زور ئۆزگى-رىش تۈپەيلىدىن، دەريا، كۆل، ئېقىن يوللىرىدا ئۆزگىرىش بو-لۇپ، ئەسلىدىكى دەريا ــ كۆللەرنىڭ نامىدىمۇ ئۆزگىرىش بول-غان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى دەريا ــ كۆل توغرىسىدىكى بۇ مەلۇماتلار سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىم-مەتكە ئىگە.

«ئېرتىش. يەمەك داللىرىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. بىر قاز-چە تارماقلىق بۇ دەريا شۇ يەردىكى بىر كۆلگە قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريا ‹ئېرتىش سۇۋى› دېيىلىدۇ» (1 ــ توم 131 ــ بەت).

ئېرتىش ـــ ئۇيغۇر تىلىدا «تېز»، «ئىتتىك» دېگەن مەنى-لەرنى بېرىدۇ.

ئۇسمى تارىم ـــ ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ با-رىدىغان چوڭ دەريا. بۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ (1 ــ توم 175 ــ، 176 ــ بەت).

«قىزىل. قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريا نامى».

بۇ دەريا توغرىسىدا مۇنداق شېئىر مىسال كەلتۈرۈلگەن:

قىزىل، سېرىق (چېچەكلەر) بىر ــ بىرىگە يۆلىنىپ،

يېشىل رەيھانلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ.

بىر ــ بىرىگە يۆگىشىپ (تۇرماقتا)،

ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ قالىدۇ (1 ــ توم 512 ــ، 513 ــ بەت).

«قاش ئۆگۈز. خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى ‹ئۇرۇڭقاش ئۆگۈز ــ يورۇڭقاش دەرياسى› دې-يىلىدۇ، بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق تاش چىققاچقا، دەرىيامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى ‹قاراقاش ئۆگۈز ــ قاراقاش دەرياسى› دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك قاراتاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ» (3 ــ توم 208 ــ بەت).

**IV قەبىلە ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلتۇراقلىشىش ئەھۋالى**

بىز ئالدى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبىلىلەر ھەققىدى-

كى بايانلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئەزىز كۆرگەن نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ياپەس ۋە ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ رۇم ئەۋلادىنىڭ تەڭرى ئەزىز كۆرگەن ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئىسھاق ۋە ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئىسۇ ۋە ئىسۇ ئوغلى رۇمغا بېرىپ تاقالغىنىغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىرمۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم. مەن بۇلاردىن ئاساسىي ۋە ئانا قەبىلىلەرنى يازدىم. ئۇرۇق ـ ئايماقلىرىنى تاشلىدىم. كىشىلەردە ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ كۆرسەتتىم. مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. رۇمغا ئەڭ يېقىن جايلاشقان قەبىلە پەچەنەك، ئاندىن قالسا، قىفچاق، ئوغۇز، يەمەك، باشقىرت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار، قىرغىز قەبىلىلىرىدۇر. قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى رۇم ئۆلكىسى يېنىدىن شەرققە قاراپ شۇ تەرتىپتە سوزۇلغان» (1 ـ توم 37 ـ، 38 ـ بەت).

مەھمۇد كاشغەرىي غەربتىن شەرققە سوزۇلۇپ ياشىغان قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدىغان قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش رەت تەرتىپىنى مۇنداق يازغان: چىگىل، توخسى، ياغما، ئۇغراق، چارۇق، چۇمۇل، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتاي قەبىلىلىرىدۇر» (1 ـ توم 38 ـ بەت).

مەھمۇد كاشغەرىي تۈبۈتلەر توغرىسىدا مۇنداق چۈشەندۈرۈش بەرگەن:

«تۈبۈت تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قوۋم. ئىپار كىيىك

شۇلارنىڭ يۇرتىدىن چىقىدۇ. بۇ كىيىكنىڭ كىندىكى كېسىۋېلىنىدۇ. ئەنە شۇ نەرسە «كىندىك ئىپار» دېيىلىدۇ. تۇبۇتلەر سابىت دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر، بۇ يەمەنلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ يەردە (يەمەندە) بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ، كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن. بۇ يەر ئۇنىڭغا ياراپ قېلىپ، شۇ يەرگە ئورنىشىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى كۆپىيىپ، تۈركلەر زېمىنىدىن 1500 پەرسەخ يەر ئالغان. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇب تەرىپى ھىندى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئەرەبچىنىڭ تەسىرى بار، «ئانا»نى «ئۇما»، «ئاتا»نى «ئابا» دەيدۇ» (1 ـ توم 461 ـ بەت).

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈرك» سۆزى توغرىسىدا رىۋايەتلىك ئامىللارغا باغلاپ ئۆز دەۋرىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«تۈرك. تەڭرى يارلىغاقۇچى نوھنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى». «تۈرك» سۆزى نوھ ئوغلىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە، «ئادىمىزات» سۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلار توپىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ھەم بىرلىك، ھەم كۆپلۈك مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ». «بىز «تۈرك» دېگەن ئىسىمنى ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزى قويغان دېدۇق، چۈنكى قەشقەرلىك خەلەف ئوغلى تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۇسەيىننىڭ «ئىبنۇ ئەلفەرقى» دېگەن ئادەمدىن ئاڭلاپ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، «ئىبنۇ ئابى ئەلدۇنيا» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان جەرجارالىق ئۇستاز ئەبۇبەكرى مۇفىد ئاخىر زامان توغرىسىدا يازغان بىر كىتابىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار. ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم، بىرەر قوۋمگە غەزەپلەنسەم تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن»». بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى

ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئىگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە «ئۆز قوشۇنۇم» دېگەن» (1 ـ توم 455 ـ بەت، 456 ـ بەت، 457 ـ بەت).

«چارۇق. تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئۇلار بارچۇق شەھىرىنىڭ يېنىدا ياشايدۇ. بارچۇق ئافراسىياپ شەھەرلىرىدىن بىرى. ئۇ يەردە بۇختەنەسسەرنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان» (1 ـ توم 494 ـ بەت).

«چىگىل. ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى: بىرىنچىسى، بارسخاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى «قۇياس» شەھەرچىسىدە ياشايدىغان كۆچمەنلەر. ئىككىنچىسى، تالاس شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر شەھەرچىدە ياشايدىغانلارمۇ «چىگىل» دەپ ئاتىلىدۇ...، ئۈچىنچىسى، قەشقەردىكى بىر مۇنچە يېزا ـ قىشلاقلاردا ياشايدىغان تۈرك قەبىلىلىرىمۇ «چىگىل» دەپ ئاتىلىدۇ» (1 ـ توم 511 ـ، 512 ـ بەت).

«سوغداق. بالاساغۇنغا كېلىپ جايلاشقان بىر قوۋم. بۇلار سوغدىلاردىن بولۇپ، بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت ئارىسىدا ياشايدۇ. ئۇلار تۈركلىشىپ كەتكەن» (1 ـ توم 615 ـ بەت).

«قارلۇق. ئۇلار كۆچمەن تۈركلەرنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئوغۇزلاردىن باشقىدۇر. ئۇلارمۇ تۈركمەن ھېسابلىنىدۇ» (1 ـ توم 618 ـ بەت).

ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەر تىل جەھەتتىكى ئومۇمىي ئورتاقلىقتىن باشقا، كۆچمەن تۈركىي قەبىلىلەر، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۈركىي قەبىلىلەر دەپ ئايرىلاتتى. ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان خەلقلەر بۇرۇنلا شەھەر مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، كۆچمەن تۈركىي قەبىلىلەردىن مەدەنىيەت جەھەتتە يۇقىرىراق تۇرىدۇ.

كەنچەك قەبىلىسى قىپچاق قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى قىرغىزلارغا يېقىن ياشايدۇ. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىي «كەنجەك سەڭىر. تىرازغا يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى. بۇ يەر قىپچاق چېگرىسىدۇر» دەپ چۈشەنچە بەرگەن (1 ـ

تومـ 626 ـ بەت).

«يەمەك. تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، ئۇلار قىپچاقلار، ھالبۇكى، قىپچاق تۈركلىرى ئۆزلىرىنى باشقا بىر قەبىلە دەپ ھېسابلايدۇ» (3 ـ تومـ 37 ـ بەت).

«ياغما. تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ ئېتى. بۇلار ‹قارا ياغما› دەپمۇ ئېيتىلىدۇ» (3 ـ تومـ 44 ـ بەت).

«تاڭغۇت. تۈركلەردىن بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. ئۇلار نەسلىمىز ئەرەب دېيىشىدۇ» (3 ـ تومـ 495 ـ بەت).

ئۇيغۇر — بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇر ئېلى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى بەرگەن. تۆۋەندە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇيغۇرغا بەرگەن رىۋايەتلىك تەبىرىنى بېرىمىز: «ماڭا مۇھەممەد چاقىرتۇڭاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخۇرەند› — بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ دەپتۇ» (1 ـ تومـ 151 ـ بەت).

مەھمۇد كاشغەرىي يۇقىرىدىكى رىۋايەتتىن كېيىن «خۇزخۇر»نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر توغرىسىدا بېرىلگەن تەبىر ھازىرغا قەدەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، بىز يەنىلا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بەرگەن تەبىرىنى ئەڭ ئىلمىي تارىخقا ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى كۈچلۈك، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تەبىر دەپ قارايمىز.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن يەر - جاي نامىلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى

غوجائەخمەت يۇنۇس

ئەمگەكچان ۋە ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ باي مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يارىتىشتا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنىڭ بىرى — 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، ھاكىمىيەت، سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپۋى - ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇس ھېسابلىنىدۇ. بۇ مۇكەممەل قامۇس يەر - جاي نامىلىرى تەتقىقاتى جەھەتتىمۇ بىباھا تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ نۇرغۇن يەر - جاي نامىلىرى تىلغا ئېلىنغان. بۇ يەر - جاي نامىلىرىنىڭ بەزىلىرى ھېلىھەم ئەينى ۋاقىتتىكى نامى بىلەن ياكى كېيىن ئۆزگەرگەن نامى بىلەن خەرىتىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە؛ بەزىلىرى بولسا، تەبىئەت ھادىسىلىرى ياكى باشقا ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، خەرىتىدىن ئۆچۈپ كەتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن يەر - جاي نامىلىرى، مەيلى ھازىر خەرىتىدىن ئورۇن ئېلىۋاتقان بولسۇن ياكى خەرىتىدىن ئۆچۈپ كەتكەن بولسۇن، ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ.

مېنىڭچە، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن يەر - جاي

نامـلـرى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە تارىخـي قىممەتكە ئىگە.

بىرىنچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن يەر ـ جاي ناملىرى ئۆزىنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ھېلىھەم شۇ نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان قەشقەر، خوتەن، تاشكەند (تاشكەنت)، ياركەند (يەكەن)، سەمەرقەند (سەمەرقەنت)، ئۆزكەند (ئۆزكەنت)، ئارتۇچ (ئاتۇش)، كۈچا، بۈگۈر، چەرچەن، ئازىغ (ئازاق)، سۇلاغ، مانكەند (مەڭگەن)، قىزىل ئوز (قىزىل ئوي)، قىفچاق قاتارلىق شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلارنى، تورغات، بەدەل ئارت، چاغلا (چاغلاق) قاتارلىق تاغ ـ يايلاقلارنى، ئىلى، تارىم (ئۈسمى تارىم)، ئېرتىش، تاۋۇشغان ئۆگۈز (توشقان دەرياسى)، قىزىل، تۈمەن، ئۈرۈڭ قاش ئۆگۈز (يورۇڭقاش دەرياسى)، قاراقاش ئۆگۈز (قاراقاش دەرياسى) قاتارلىق دەريالارنى، ئىسسىق كۆل، كۆرۈڭ كۆل قاتارلىق كۆللەرنى، ھازىر مەۋجۇت بولۇشتىن قالغان بارسغان، بالاساغۇن، بېشبالىق، نامى ئۆزگىرىپ كەتكەن چانبالىق، قوچو، بارچۇق، بارخان، تىراز (تالاس)، ئۈچ، ئۇدۇن، كۈسەن، شاش، ھازىرقى ئورنى ئېنىق بولمىغان سۇلمى، ياڭى بالىق، بارمان قاتارلىق شەھەرلەرنى تاپالايمىز. «تۈركىي تىللا دىۋانى»نىڭ يېزىلغىنىغا 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى، يۇقىرىقى يەر ـ جاي نامىلىرىنىڭ تارىخىنى كەم دېگەندە 1000 يىل ھېسابلاشقا بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ تارىخىنى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ھېسابلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) ئۇيغۇر ئېلىدە بىنا قىلغان سۇلمى، قوچو، چانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق شەھەرلىرىنىڭ تارىخىنى 2000 يىلدىن ئۇشۇق ھېسابلاشقا بولىدۇ (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغان ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ)؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان» دېيىلگەن قەشقەر، «ئافراسىياپنىڭ ئوغلى بىنا قىلدۇرغان» دېيىلگەن بارسغان،

بارمان، «ئافراسىياپنىڭ قىزى بىنا قىلغان» دېيىلگەن قازۋىن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ تارىخىنى بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ھېسابلاشقا بولىدۇ، چۈنكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا نامى مەشھۇر بولغان رىۋايەتتىكى شەخس ئاپراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا)نىڭ خاقان نامى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى، يەھۇدىي ۋە ئىران رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن يەر ـ جاي ناملىرى ۋە «دائىرە» دەپ ئاتالغان دۇگىلەك خەرىتە بۇ يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ھازىرقى ئورنىنى تېپىشتا ئىشەنچلىك يازما ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى بۇ كىتابتا بىر مۇنچە يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ھازىرقى ئورنى ھەققىدە ئىزاھات بەرگەن. مەسىلەن: كىتابتا «مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى» دېيىلگەن ئۇچ شەھىرىگە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى نامى. ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسى جايلاشقان يەر ‹ئۇچ› دەپ ئاتىلىدۇ» (1 ـ توم 49 ـ بەت)؛ مەھمۇد كاشغەرىي «بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» دەپ تىلغا ئالغان ئازىغقا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «ھازىرقى ئاتۇش ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە ‹ئازاق› دەپ ئاتىلىدىغان يېزا بار» (1 ـ توم 86 ـ بەت)؛ مەھمۇد كاشغەرىي «بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» دېگەن ئوپالغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «مەھمۇد كاشغەرىي ‹بىزنىڭ يۇرت› دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەن بۇ چوڭ يېزا قەشقەردىن 36 كىلومېتىرچە غەربىي جەنۇب تەرەپتە بولۇپ، تا ھازىرغىچە ‹Opal› دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە» (1 ـ توم 99 ـ بەت)؛ «خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى ئۇدۇنگە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «ھازىر خوتەن ‹ئىلچى› دەپ ئاتالغان شەھەرنىڭ ئەسلى نامى ‹Udun›... كېيىنرەك ‹Udun› سۆزى ‹hudun› تەلەپپۇز قىلىنىپ، بارا ـ بارا ‹خوتەن› بولۇپ كەتكەن» (1 ـ توم 104 ـ بەت)؛ «قەشقەر تاغلىرىدىكى بىر قىشلاق» دېيىلگەن قىد-

ـزىل ئوزغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «بۇ يېزا قىزىلسۇ ئوبلاسـ ـتى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ھازىر ‹قىزىل ئوي› دەپ ئاتىلىدۇ» (1 ـ توم 110 ـ بەت)؛ سۇللاغ دېگەن يەر ناـ مىغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «قەشقەر كونا شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا ھازىرمۇ ‹سۇللاغ› دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بار» (1 ـ توم 606 ـ بەت)؛ «ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر» دېيىلگەن بارچۇقتا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «بارچۇق — ھازىرقى مارالـ بېشىنىڭ ئەسلىي نامى» (1 ـ توم 608 ـ بەت)؛ «قەشقەرگە يېـ قىن بىر جاينىڭ نامى» دېيىلگەن قىنچاقتا مۇنداق ئىزاھات بېـ رىلگەن: «ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا مەيدان دەرياسى بىلەن ئورتۇسۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى يېزا» (1 ـ توم 620 ـ بەت)؛ «چوڭ قۇملۇق، قۇم دالىسى» دېيىلگەن باغراقۇمغا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «قەشقەر يېڭىسار بىلەن يەكەن ئارىلىقىدا ھازىر ‹بۇغراقۇم› دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇملۇق بار» (1 ـ توم 631 ـ بەت)؛ «قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئېتى» دېيىلگەن مانكەندگە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «بۇ شەھەر خارابىسى ھاـ زىرغىچە ‹Mankant›، ‹Mangan› نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكـ تە، شۇ شەھەر يېنىدىكى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئىچى مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ» (3 ـ توم 215 ـ بەت)؛ «قەشقەرگە يېقىن بىر كۆلنىڭ نامى» دېيىلگەن كۆرۈڭ كۆلگە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «بۇ كۆل ئاقتۇ ناھىـ يىسىدىكى سېرىققول يايلىقىدا» (3 ـ توم 505 ـ بەت). بۇ ئىزاھاتلاردىن باشقا، بەزى تارىخ، يەر ـ جايناملىرى تەتقىقاتچىـ لىرى ئېلان (نەشىر) قىلغان ماقالە (ئەسەر)لىرىدە بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ھازىرقى ئورنى ھەققىدىكى قاراش، پەـ رەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ بەش شەھىرىدىن بىرى سۇلمىنى قارا شەھەر دەپ («شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىل 1 ـ سان 109 ـ بېتىگە قاراڭ)، بەزىلىرى بولسا،

«باركۆلگە يېقىن يەردە بولغان شەھەر» دەپ («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1996 ـ يىل 4 ـ ئاپرېل سانى 3 ـ بېتىگە قاراڭ) ئىزاھلايدۇ؛ بەزىلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «قاز سۇيى. ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ ئېتى. مۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئافراسىياپنىڭ قىزى ئۇنىڭ بويىدا بىر شەھەر بىنا قىلغان. بۇ ئىسىم ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان» (3 ـ توم 206 ـ بەت) ۋە «قاز ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئېتى بولۇپ قازۋىن شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي ‹قاز ئويۇنى›دۇر، چۈنكى، ئۇ قىز شۇ يەردە تۇراتتى ۋە ئوينايتتى» (3 ـ توم 204 ـ بەت) دېگەن بايانلارغا ھەمدە ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ قاش يېزىسىدا ساقلىنىپ قالغان مەشرەپتە ئوينىلىدىغان ئەنئەنىۋى «غاز ئويۇنى»غا ئاساسەن، قاز سۇيىنى ئىلى دەرياسىنىڭ ئۈچ مەنبەسىنىڭ بىرى بولغان قاش دەرياسى، قازۋىن شەھىرىنى ھازىرقى قاش يېزىسى دەپ قارايدۇ («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىل 1 ـ سان 42 ـ، 48 ـ بەتلىرى ۋە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىل 4 ـ سان 62 ـ، 63 ـ بەتلىرىگە قاراڭ)؛ بەزىلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «كېمە ئىچىگە ئولتۇرۇپ، ئىلى سۇيىنى كەچتۇق بىز، ئۇيغۇر تەرەپكە يۈزلىنىپ، مىڭلاق ئېلىنى ئاچتۇق بىز» (3 ـ توم 324 ـ بەت) دېگەن بايانغا ئاساسەن، مىڭلاق ئېلىنى ھازىرقى غۇلجا دەپ ئىزاھلايدۇ («قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 73 ـ بەتكە قاراڭ)؛ بەزىلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ، قاياس شەھىرىنى ھازىرقى ئىلى ۋىلايىتىدىكى قاراشلىق قورغاس ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى كىگەن تېغىدىن ئىلى ۋادىسىغا ئېقىپ چۈشىدىغان چوڭ سۇ — كىگەن دەپ ئىزاھلايدۇ («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىل 2 ـ سانىغا قاراڭ). «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن يەر ـ جاي ناملىرى ھەققىدىكى بايانلارغا ئاساسەن بۇ يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ھازىرقى ئورنىنى تېپىشتىكى بىر چوڭ نەتىجە مەھمۇد كاشغەرىي

مازىرىنىڭ تېپىلغانلىقى بولدى. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تىل، تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بېرىلگەن «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دېگەن بېشارەتكە ۋە قەشقەردىن تېپىلغان يازما ئاساسلارغا ئاساسەن، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى ھەزرىتى موللام مازىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يازغان دوكلاتىغا ئاساسەن، بۇ مازار ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى» دەپ بېكىتىلدى ۋە مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن زىيارەتچىلەرنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ قالدى.

ئۈچىنچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن يەر ـ جاي ناملىرى ھەققىدىكى بايانلار ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. مەھمۇد كاشغەري بۇ چوڭ ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىشتىن بۇرۇن ئىلى ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى ئامۇ دەريا، سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلاردىكى قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تىل پەرقلىرى ئۈستىدە جاپالىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن... ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم، تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم» (1 ـ توم 3 ـ بەت). «مەن كىتابىتا مۇسۇلمان بولغان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ نامىلىرىنىلا يازدىم... بۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنىلا يازدىم، ئانچە ئاتاقلىق بولمىغانلىرىنى تاشلىدىم. مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ناملىرىنى يازدىم، بەزىلىرىنى تاشلىدىم» (1 ـ توم 37 ـ بەت). مەھمۇد كاشغەري «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن بەزى يەر ـ جاي نامىلىرىنىڭ قويۇلۇشىنى بايان قىلغان چاغدا، بۇ جايلاردا ئۇيغۇرلار ياشايدىغانلىقى، شۇڭا بۇ يەر ـ جاي ناملىرىغا

ئۇيغۇرچە ئات قويۇلغانلىقىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ نامىنى ۋە مەنىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ. «ئېرتىش. يەمەك دالىلىرىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. بىر قانچە تارماقلىق بۇ دەريا شۇ يەردىكى بىر كۆلگە قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريا ‹ئېرتىش سۇۋى› دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ‹ئېرتىشمەك› دېگەن مەستەر - نىڭ تومۇرى ‹ئېرتىش›تىن ئېلىنغان بولۇپ، ‹سۇدىن تېز ئۆ- تۇشتە مەن بىلەن بەسلەش، قېنى، كىم تېز ئۆتىدۇ› دېگەن مەنە- نى بىلدۈرىدۇ» (1 ـ توم 131 ـ بەت). «قاش ئۆگۈز. خوتەن شە- ھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى، ‹ئۇرۇڭ قاش ئۆگۈز (يۇرۇڭقاش دەرياسى)›، دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۇزۇك ئاق تاش چىققاچقا، دەرياسۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى ‹قاراقاش ئۆگۈز (قاراقاش دەرياسى)›، دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۇزۇك قاراتاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقماي- دۇ، پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ» (3 ـ توم 208 ـ بەت). ئۇ «ئوردا» ۋە «كەنت» نامى قويۇلغان شەھەرلەر ئۇستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئوردا — خان شەھىرى. بۇنىڭدىن ئېلى- نىپ، خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى ‹ئوردۇ كەنت›، دېيىلى- دۇ» (1 ـ توم 168 ـ بەت). «كەنت — شەھەر. شۇنىڭدىن ئېلى- نىپ قەشقەر ‹ئوردۇ كەنت›، دېيىلىدۇ. بۇ ‹خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز› دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان» (1 ـ توم 447 ـ بەت). «بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىبتى تۇركچە ‹شەھەر› مە- نىسىدىكى ‹كەنت› سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان. تۇركلەر بۇ شەھەر- لەرنى بىنا قىلىپ ئۆزلىرى ئات قويغان. بۇ ئاتلار ھازىرغىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ» (3 ـ توم 205 ـ، 206 ـ بەتلەر). مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇر ئېلى (ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلار) ۋە ئۇنىڭ شەھەرلىرىنى ھەم ئۇيغۇر ئېلى بىلەن چېگرىداش دەريا، شەھەر، قەلئەلەرنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «قوچو. ئۇيغۇر شەھەر- لىرىدىن بىرىنىڭ ئىبتى» (3 ـ توم 302 ـ بەت). «ئۇيغۇر. بىر

ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇل-قەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغا-نىكەن... بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، قوچو، چانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق» (1 ـ توم 151 ـ، 152 ـ، 153 ـ بەتلەر). «ئۇسمى تارىم. ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا» (1 ـ توم 175 ـ بەت). «تارىم. ئۇيـ-غۇرلار چېگرىسىدىكى كۆچا دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي. بۇ يەر ‹ئۇسمى تارىم›مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريا-مۇ ‹تارىم› دېيىلىدۇ» (1 ـ توم 514 ـ بەت). «كۆسەن. ‹كۆچا› دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى. بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان» (1 ـ توم 526 ـ بەت). «چەرچەن. چىن يولىدىكى مۇسۇلمانلار چېگرىسىنىڭ بىرى» (1 ـ توم 567 ـ بەت). «بۆگۈر. كۆچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە» (1 ـ توم 468 ـ بەت). ئۇ ئىلى ۋادىسى، بۇ ۋادىدا ياشايدىغان تۈرك قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىلى. بىر دەريانىڭ نا-مى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر» (1 ـ توم 124 ـ بەت). «تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېر-تىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر» (1 ـ توم 40 ـ بەت). «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى يۇقىرىقى بايانلار شەرقتە قو-چو (هازىرقى قومۇل، تۇرپان)دىن غەربتە ئىسسىق كۆل بويلىرى-غىچە، شىمالدا ئېرتىش بويلىرى (هازىرقى ئالتاي، تارباغاتاي)دىن جەنۇبتا ئۇدۇن (هازىرقى خوتەن)، چەرچەنگىچە بولغان، بېشبالىق (هازىرقى ئۈرۈمچى، سانجى) ئىلى، قەشقەر، ئارتۇچ، بارخان (ها-زىرقى ئاقسۇ)، كۆچا، ئۈچ (هازىرقى ئۈچتۇرپان)، بۆگۈر، يار-كەند، بارچۇق (هازىرقى مارالبېشى) قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىـ-

چىگە ئالغان ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىل- لەندۈرگەن قەبىلىلەر ياشاپ كەلگەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىل- مايدىغان ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە، ئۇلۇغ ئالىم ۋە تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «تۈر- كىي تىللار دىۋانى»نىڭ باش تەرىپىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ كىتابقا ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۈرك ئەللىرىدىكى ئاتاقلىق يەر - جاي ناملىرى كۆپرەك كىرگۈزۈلگەن، ئىسلام دىنىغا كىر- مىگەن تۈرك ئەللىرىدىكى يەر - جاي ناملىرىنىڭ بەزىلىرىلا كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلار (كىتابتا «ئۇيغۇر» ياكى «تات» دەپ ئاتالغانلار) ياشايدى- غان ھازىرقى شەرقىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن يەر - جاي ناملىرى «تۈركىي تىللار دىۋا- نى»دىن ئورۇن ئالالمىغان. مەسىلەن: تەڭرىتاغ، ئالتاي، قاراقۇ- رۇم تاغلىرى، يالقۇنتاغ، قۇمۇل (قامىل) ۋە باشقىلار. ئەگەر بۇ جايلاردىكى يەر - جاي ناملىرىمۇ بۇ ئۇلۇغ ئەسەردىن ئورۇن ئال- غان بولسا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن يەر - جاي ناملىرىنىڭ يەر - جاي ناملىرى تەتقىقاتى جەھەتتىكى تارىخىي قىممىتى تېخىمۇ ئاشقان بولاتتى.

# يەر – جاي ناملىرى تەزكىرىلىرىدىكى ئىلمىيلىك مەسىلىسى

ئابلەت ئابباس

يەر – جاي ناملىرى تەزكىرىلىرىنى تۈزۈش تىل، تارىخ، ئېتنولوگىيە نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مۇرەككەپ ئىلمىي خىزمەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ تەزكىرە تۈزگۈچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلاردىن توغرا ئۇسۇل، ئەتراپلىق بىلىم ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئىش كۆرۈپ، يەر – جاي ناملىرى تەزكىرىلىرىنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمما نەشر قىلىنغان يەر – جاي ناملىرى تەزكىرىلىرىدە بەزى جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى شەرھلەنگەندە، ھە دېسىلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تارتىش، فونېتىكىلىق تەڭلەشتۈرۈپ تەبىر بېرىش، خەنزۇچىغا تارتىش، سىنىپىي تۈس بېرىش ۋە ئاددىيلاشتۇرۇشتەك يەر ناملىرى ئىلمىغا زىت تەتقىقات ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، يۇرتىمىز تارىخىدا تۇنجى قېتىم تۈزۈلگەن يەر – جاي ناملىرى تەزكىرىلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى تۆۋەنلىتىۋېتىلگەن. مەن بىر تارىخ – تەزكىرە خادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆگەنگەن ۋە ئىزدەنگەنلىرىمگە ئاساسەن، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر – جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تەزكىرە» دېيىلىدۇ)دە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، قاراشلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. «تەزكىرە»دە يەر – جاي ناملىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورخۇن دەۋرى ۋە خاقانىيە دەۋرىگە ئائىت سۆزلەردىن يا-

سالغان ئەڭ قەدىمىي ناملار شەرھلەنگەندە، ئاددىي ھالدا فونېتىـ-كىلىق تەڭلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، زورمۇزور ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تارتىلغان.

مەسىلەن: ئورتاق ـ ئورتاق، سۆزاق ـ سۇغا ئۇزاق، تىم ـ جىم، مۆش ـ مۈش، ئەگۈز ـ ئەگىش، ئىتىم چاغرى ـ ئىتىم چاغراق، ئالاغىر ـ ئالا ئايغىر، كامپا ـ كان بار، قوچچى ـ قۇشچى، تەز ـ تەس قاتارلىقلار.

بىزدە «ئوتاق» ئىبارىسى بىلەن ياسالغان يەر ناملىرى خېلى كۆپ، يېڭىشەھەر ۋە مەكىت ناھىيىلىرىدە «توققۇز ئوتاق»، «ئون ئوتاق» دەپ ئاتىلىدىغان يەر ناملىرى بار. بىز بۇ يەردە تىلغان ئېلىنغان «ئوتاق» سۆزى ئەسلىدە نامى تىلغا ئېلىنغان كەنت-لەرگىلا خاس سۆز بولماستىن، يېزا ئىگىلىكىدە تاكى كوللېك-تىپلاشتۇرۇش يولغا قويۇلغىچە ئومۇمىيۈزلۈك داۋام قىلىپ كەل-گەن ھەمكارلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىش شەكلىنى كۆرسىتەتتى، ئەمما «تەزكىرە»دە ئوتاقچىلىق يەنى شېرىك تېرىقچىلىقا تەڭ-لەشتۈرۈلۈپ «ئورتاق» دەپ تەبىر بېرىلگەن.

«ئوتاغ» توغرىسىدا «قۇتادغۇبىلىك»تە:

تېگەر ئەرسە خىل يا ساڭا ئون ئوتاغ،
ئەلىگ تارغۇمالىن قىلىچ تۇتغۇ ياغ.

(ساڭا بىر توپ لەشكەر بىلەن ئون ئۆيلۈكنىڭ باشلىقلىقى تېگىپ قالسا، قىلىچ بىلەن يانى قولۇڭغا ئال، ئەلگە مال تارت) دېيىلگەن. يەنە بۇ كىتابنىڭ 4139 ـ بېيىتىدە ئۆي ـ ئائىلە مە-نىسىدە كېلىۋاتقان «ئوتاغ» بىلەن «دىۋانى مەھزۇن»دىكى:

خانەمانىم ئۆرتەنىسە ۋەنەخۇشتۇر ئي مەھزۇن،
ئىشق بەرقىدە ناگەھ ئوت تۇتاشىپ ئوتاغىمگە

دېگەن بېيىتتە ئۆي (كۆڭۈل ئۆيى) مەنىسىدە كېلىۋاتقان «ئوتاغ» بۈگۈنكى كۈندە «ئوتاق» تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان يەر نام-لىرىنىڭ مەنبەسىدۇر. دېمەك، يۇرتىمىزدىكى «توققۇز ئوتاق»، «ئون ئوتاق»لار توققۇز ئۆيلۈك مەھەللە، ئون ئۆيلۈك مەھەللە

دېگەنلىك بولىدۇ.

«سوزاق» قەدىمكى تۇرپان تېكىستلىرىدە ئۇچرايدىغان ئىبارە بولۇپ، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»دە «يېزا، كەنت» دەپ ئىزاھلانغان. بىراق، «تەزكىرە»دە بولسا، فونېتىكىلىق يېقىنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق سوزاق بىلەن «سۇغا ئۇزاق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇلۇپ، «سۇزاق سۇغا ئۇزاق دېمەكتۇر» دەپ تەبىر بېرىلگەن.

يېڭىساردا ئەگۇس دېگەن يېزا بار. «تەزكىرە»نىڭ 182 ـ بېتىدىكى «لومپا ئۇستىگى مۇشۇ يەردىن ئەگىپ ئۆتكەچكە ...» دېگەن شەرھتىن قارىغاندا، مۇئەللىپلىرىمىز «ئەگۇس»نى «ئەگىش» دەپ خاتا چۈشەنگەن.

«ئەگۇس» سۆزى، خاقانىيە دەۋرىدىكى «ئاياس»نىڭ «ئاياز» بىلەن («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 166 ـ بەت، تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەپ ئېلىندى)، «تەز»نىڭ «تەس» بىلەن نۆۋەتلەشكىنىگە ئوخشاش، «ئەگۇز»نىڭ نۆۋەتلەشكەن شەكلى بولۇپ، ئۇ خاقانىيە دەۋرىدىكى «ئەرگۇز»نى مەنبە قىلغان.

مەسىلەن: تۆۋەندىكى شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ياي بارۇبان ئەرگۇزى،
ئاقتى ئاقىن مۇندۇزى.
تۇغدى يارۇق يۇلدۇزى،
تىڭلا سۆزۈم كۇلكۇسىز.
(«دىۋان» 1 ـ توم 129 ـ بەت)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ناملارمۇ ئوخشاشلا بۇزۇپ شەرھلەنگەن.

مەسىلەن: «مۇش» («مۇش ـ مۇشۇك، چىكىلچە، ئوغۇزلار بۇنى ‹چەتۇك› دەپ ئاتايدۇ». «دىۋان» 3 ـ توم، 175 ـ بەت)، «تەزكىرە»دە «بۇ جاي ئىككى دەريانىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقاچقا، سۇ قىرغاقتا مۇشتەك ئۇرۇلۇپ ئاقىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان.

«بەلدىر» («بالدىر ـ تۇمشۇق، تاغلارنىڭ بۇرۇنىغا ئوخشاش

ئۆسۈپ چىققان يېرى». «دىۋان» 1 ـ توم، 595 ـ بەت) «تەزكىرە»دە «بالدۇر» دەپ، «كامپا» («كەنپە ـ بىر خىل ئوتنىڭ ئىسمى»، «دىۋان» 1 ـ توم، 543 ـ بەت) «تەزكىرە»دە «كان بار» دەپ، «ئالاغىر» («ئالاڭىر ـ كېمىرگۈچىلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان كىچىك ھايۋاننىڭ نامى، ئۇنى تۈركمەنلەر يەيدۇ»، «دىۋان» 1 ـ توم، 218 ـ بەت) «تەزكىرە»دە «ئالا ئايغىر» دەپ، «قوچچى» («قوچ ـ قوچقار، ئوغۇزچە، ئەسلى قوچڭار»، «دىۋان» 1 ـ توم 421 ـ بەت) «تەزكىرە»دە «قۇشچى» دەپ ئېلىنغان.

2. «تەزكىرە»دە باشقا تىللاردىن كىرگەن يەر ناملىرى شەرھلەنگەندە، ئاددىي ھالدا فونېتىكىلىق تەڭلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، تىل تەۋەلىكى ئۇيغۇرچىغا ياكى خەنزۇچىغا تارتىلغان.

مەسىلەن: پايناپ ـ پايلاپ، ئوقاب ـ ئويمان، كا ـ ئاكا، خاندى ـ 荒地 (بوز يەر)، پۇسا ـ 普查 (ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش) قاتارلىقلار.

قەشقەر تەرەپتە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ئايغىغا جايلاشقان سۇيى كەمرەك جايلارنى پايناپ (پاي+ ئاب، پارسچە) دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان، ئەمما مۇئەللىپلىرىمىز پوسكام ناھىيىسىدىكى پايناپ كەنتىنىڭ نامىنى «پايلاپ» يەنى پىستۇرما قۇرۇش، يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىش دەپ شەرھلىگەن.

«ئوقاب» (بۈركۈت) بىزگە ئەرەب تىلىدىن كىرگەن ئىبارە بولۇپ، كلاسسىك ئەسەرلەردە مۇنداق ئىشلىتىلگەن:

مىنىپ كۆندۈزدە كېچە قىلدى قەيد،
كى شەھباز بولدى ئوقابىغە سەيد.
(ئابدۇرېھىم نىزارى «مەسئۇد ـ دىلئارا»)

بۇ ئىبارە يەر نامى سۈپىتىدە، شۇ يۇرت خەلقىنىڭ بۈركۈتتەك جەسۇرلۇقىغا ۋە باتۇرلۇقىغا سىمۋول قىلىنغان. بىراق «تەزكىرە»دە يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ئوقاب «ئويقاپ»، «ئويمان يەر» دەپ ئىزاھلانغان.

«نوقەت» (چېكىتلەر، نۇقتىلار، ئورۇنلار، جايلار) بىزگە ئە-

رەب تىلىدىن كىرگەن. ئۇ يەر نامى بولۇپ كەلگەندە، قانداقتۇر، «سۇ ئۆتكۈزىدىغان نور» («تەزكىرە»دە مۇشۇنداق ئېلىنغان) بولۇپ قالماستىن، بەلكى كىچىك مەھەللە دېگەنلىك بولىدۇ. مەرھۇم ئارمىيە ئېلى داموللامىنىڭ «مىڭئۆي ۋە فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىكى بۇ مىسرالار سۆزىمىزگە ئىسپات بولالايدۇ.

هەممە يوللانسۇن شۇ ئۆيگە پەقەت،
چەتتە قالمىسۇن ھەتتا بىر نوقەت.

بىزدە قوغدىغۇچى، قورۇقچى، ياساۋۇل مەنىسىدىكى پارسچە سۆز «كاتاۋۇل»نىڭ قىسقارغان شەكلى «كا» بىلەن ياسالغان يەر ناملىرى بار. مەسىلەن: كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى «رازىكا»، پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى «كالىق كەنتى» قاتارلىقلار. «كا»نىڭ ئەمەل نامى ئىكەنلىكىگە تۆۋەندىكى قوشاق دەلىل بولالايدۇ:

ئىتلىرىڭنى دورغا ياراتتىڭ، مۇشۇكلىرىڭنى كا،
ئىشىكىڭدىن ئالدى چۆجىنى قانىتى يوق سا.

قەشقەر تەرەپتە «خاندى»، ئۇچتۇرپان، پىچانلاردا «خاندۇ» ئاتىلىدىغان جايلار خېلى كۆپ. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى «خاندى» يېزىسىنىڭ نامى «تەزكىرە»دە مۇنداق شەرھلەنگەن: «رىۋايەت قىلىنىشىچە، 100 يىل بۇرۇن خەنزۇلار كېلىپ بوز يەر ئاچقاچقا خاندى ئاتالغان». «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە يۇقىرىقى رىۋايەت تېخىمۇ بېيىتىلىپ «خاندى ـ خەنزۇچە سۆز. ئېيتىلىشىچە، فېڭ شى ئىسىملىك بىر خەنزۇ پۇقرا مۇشۇ يەردە بىنام ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلغاچقا شۇنداق ئاتالغان». «خاندى» ئىبارىسى «خان» (خان ـ تۇركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى. ئافراسىياپ ئوغۇللىرىمۇ خان ئاتىلىدۇ. «دىۋان» 3 ـ توم 315 ـ بەت) بىلەن پارسچە يېزا، كەنت، يۇرت ـ جاي مەنىلىرىدە كېلىدىغان «دېھ» («دېھ كوجاۋۇ دەرەختان كوجا» مەنىسى «يېزا نەدە بولسا دەل ـ دەرەخ شۇ يەردە». «بابۇرنامە»دىن ئېلىندى) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. «خاندى» ئىبارىسىنىڭ مەنىسى خانلىق يېزا، خانلىق كەنت ياكى خانلىق جاي دېگەن بولىدۇ.

«دېھ» ئىبارىسىدىن يەنە يەر ـ جاي نامىرى ياسالغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن: «ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش نىيىتى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، يەكلەنگەن دۆڭدىن ئۆتۈپ، دېھ ياقۇب سۇيىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئوتلاقتا چۈشتۇق» («بابۇرنامە»دىن ئېلىندى).

قاغىلىقنىڭ كۆكيار يېزىسىدىكى «پۇسا» دېگەن يەر نامىغا «تەزكىرە»دە «پۇچا» (ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش) دەپ تەبىر بېرىلگەن. بىزنىڭچە، بۇ نام بۇددا دىنىدىكى ئۈچ ئەردېنى (ئۈچ گۆھەر)نىڭ بىرى بولغان «پۇسار»دىن كەلگەن.

مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «تەگبازار»نىڭ خەنزۇچە «唐巴扎» دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغانلىقىغا قاراپلا «بۇ جاي ئىلگىرى تاڭ پادىشاھى قەلئەسىنىڭ بازىرى ئىكەن» دەپ تەبىر بېرىلگەن.

3. «تەزكىرە»دە كېلىپ چىقىشى بىر بولغان نامالار ھەر خىل شەرھلەنگەن. مەسىلەن: «چاقار»غا بېرىلگەن تەبىر بۇنىڭ دەلىلى. كىچىككىنە تاشقورغان ناھىيىسىدە «دى» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ياسالغان يەتتە يەر نامى بولغاندەك، بىزدىمۇ «چاقار» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار كۆپ. «چاقار» كەنت، مەھەللە دېگەنلىك بولىدۇ. بىراق، «تەزكىرە»دە مۇئەللىپلىرىمىز ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا «ر» تاۋۇشى بەزىدە چۈشۈپ قالىدىغان تىل ھادىسىسىنىڭ بارلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇنى بەدەنگە چىقىدىغان چاقا، يۇرتنىڭ ئايىغى، چاققان دېگەندەك سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرگەن. ھەتتا بىر ناھىيىدىكى ئوخشاش يەر نامىرىمۇ ھەر خىل شەرھلەنگەن. مەسىلەن: قاغىلىقنىڭ چارباغ يېزىسىدىكى «خېنى چاقار» «تەزكىرە»دە «خېنىگۈل كۆپ تېرىلىدىغان يەر» دەپ، جاڭگىلئەسكى يېزىسىدىكى «خېنى چاقار» «يەرلىك مۇشتۇمزور خاقان» دەپ ئىزاھلانغان. ئەسلىدە «خېنى» ئىبارىسى خانلىق، پادىشاھلىق، بەگلىككە تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى بىلدۈرگۈچى سۆز بولۇپ، «چاقار» بىلەن قوشۇلۇپ يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «خانلىق يۇرت» دېگەنلىك بولىدۇ. «تارىخىي ئەمىنىيە»دە: «بەگلەرگە خاقانى چىن تەرىپىدىن ئىنئام قىلىپ بەرگەن

يەرلەرنى ‹خېنى زېمىن› دەپ ئاتايتتى. بۇ شەھەرلەر خىتايغا تەۋە بولغاندىن كېيىن، خىتاي ئەمەلدارلىرى پۇقرالارنى ئىشلىتىپ سۇ چىقىرىپ ئاۋات قىلغان يەرلەرنىمۇ ‹خېنى زېمىن› دەپ ئاتايتتى» دەپ خاتىرىلىگەن.

يەنە كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى سەمەن «تەزكىرە»دە «سەھەرمەن» دەپ، پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى ئىككى «سەمەن»نىڭ بىرى «باغ كۆپ» دەپ، يەنە بىرى «سۈيى كۆپ» دەپ شەرھلەنگەن. مېنىڭچە «سەمەن» ئىبارىسى پارسچە گۈل نامى بولغان «ياسەمەن»نىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ، بۇ ھال كلاسسىكلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

جانىمدا نىگاھىڭ ئوقىدىن گۇللەر ئاچىلسا،
سەيرىمگە قاچان ياسەمەنۇ نەستەرىن ئەتتىم.
—— گۇمنام

گەھى سەرۋىنى ئوخشاتۇر قەدىنە،
سەمەننى مەڭزەتۇر گەھى خەدىنە.

—— لۇتفى

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، بىزدىكى «سەمەن» ئاتىلىدىغان يۇرتلار نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى دەل ئاشۇ ياسەمەن يەنى سەمەن گۈلىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، «ساغان» دېگەن سۆزگە «دىۋان»دا: «سارغان —— شورتاڭ يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت. بۇنداق يەرلەر ساغان يەر دەپ ئاتىلىدۇ دەپ تەبىر بېرىلگەن» («دىۋان» 1 ـ توم، 523 ـ، 571 ـ بەتلەر)، لېكىن كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ساغان «تەزكىرە»دە ئادەم ئىسمى دەپ شەرھلەنگەن.

4. ئېنىقلىغۇچىسى ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن، مەنىسى ئوچۇق يەر ناملىرىمۇ خاتا شەرھلەنگەن. مەسىلەن: يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاغارچى يېزىسىدا قىزىلسۇ پاراچ، ئاقسۇ پاراچ، تاغارچى، كالتە تاغارچى دېگەن كەنتلەر بار. مەزكۇرناملاردا پاراچ ئاتىلىدىغان چوڭ يۇرتنىڭ قىزىلسۇ تەۋەسىدىكى قىسمى

«قىزىلسۇ پاراچ»، ئاقسۇ تەۋەسىدىكى قىسمى «ئاقسۇ پاراچ» دەپ ئاتالغانلىقى، شۇنىڭدەك تاغاچى دېگەن ئىككى يۇرتنى پەرقلەندۇ-رۇش ئۈچۈن، كۆلىمى كىچىكرەك، تۇتۇن سانى ئازراقىنىڭ «كالتە تاغارچى» (كىچىك تاغارچى) دەپ ئاتالغانلىقى ئېنىق چىد-قىپ تۇرىدۇ. ئەمما، «تەزكىرە»دە «ئاقسۇ پاراچ» «بۇلاق سۈيىدىن پايدىلانغاچقا» دەپ، «كالتە تاغارچى» «كالتە تاغار توقۇغۇچى» دەپ شەرھلىنىپ، يۇرتىمىز يەر ناملىرىنىڭ قوليۇلۇش ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە خىلاپ يەكۈن چىقىرىلغان.

يەر ـ جاي ناملىرى تەزكىرىسى يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، تىل تەۋلىكى، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي شەرھلىنىدىغان ئۆلمەس قامۇس بولغاچقا، ئىستېمال جەريانىدا ئىخچاملىنىش، ئۆزگىرىش ياسىغان يەر نام-لىرى، مەسىلەن: مانكەنت ــ مەنگەن، بەشكەنت ــ بەشكەن، تاشبالىق ــ تاشمىلىق، پايئاب ــ پايناپ، شور ئېرىق ــ شو-رۇق ... دېگەندەك ناملارنىڭ ئەسلىي شەكلى قوشۇمچە قىلىنىد-شى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزگەرگەن نامىمۇ ئەسكەرتىلىشى لازىم ئىدى (مەسىلەن: بوراختاي ــ بۇلاقسۇ، پاقىلىق ــ ساۋخۇ دې-گەندەك)، مۇشۇنداق قىلغاندا قامۇسنىڭ ئىلمىيلىكى تېخىمۇ ئاشقان، ئۇنىڭ ئۈچۈرلۇق قىممىتى تېخىمۇ ئاشقان بولاتتى.

# شنجاڭ رايونىنىڭ تارىختىكى بەزى ناملىرى

ئەخمەتجان مۆمىن

قەدىمدىن بۇيان شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىش نۇقتىسى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان يۇرتىمىز شىنجاڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيىۋىي ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىقى سەۋەبلىك تارىختا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋە زور رول ئوينىغان. شۇ ۋەجىدىن بۇ رايوننىڭ نامىمۇ تارىختا ھەر خىل ئاتالغان.

ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بۇ جاي «西域» (غەربىي يۇرت، غەربىي دىيار، غەربىي رايون دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان[1]. ئەمەلىيەتتە، بۇ نام ناھايىتى كەڭ مەنىگە ئىگە. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ غەربىدىكى پۈتكۈل رايونغا قارىتا ئېيتىلغان.

تۈركچە يازما مەنبەلەردە بۇ جاي «قۇرىغار» دەپ ئاتالغان[2]. «قۇرىغار» دېگەن بۇ سۆز جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ تار ۋە كەڭ مەنىگە ئىگە ئىدى. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، پەقەت تەڭرىتاغ بىلەن قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئارىلىقى، يەنى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسىتەتتى. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ھەربىي تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىش ئەھۋالىغا ۋە سودا ئالاقىلىرىگە ئاساسەن، ھازىرقى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تېغىنىڭ غەربى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا)، پامىرنىڭ سىرتىدى-

كى ئىران، يېقىن شەرق (ئەرەب دۆلەتلىرى)، غەربىي ئاسىيادىكى كافكاز تاغلىرى، كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى رايونلار، جەنۇبتا بولسا ھازىرقى پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى[3]. ئۇنىڭ مەنا دائىرىسى ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرت» دېگەن نام ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىگە تەڭ كېلەتتى.

يۇنان ۋە رىملىقلار بۇ رايوننى «serice» (سېرىس) دەپ ئاتىغان[4]. سېرىس دېگەن سۆز يىپەك ئىشلەپچىقىرىدىغان خەلقلەر ياكى يىپەك يۇرتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، چۈنكى ئىلگىرى جۇڭگونىڭ نەپىس يىپەك بۇيۇملىرى يىپەك يولى بىلەن مۇشۇ رايوندىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن غەربىي ئاسىيا، يۇنان ۋە رىمغا ئېلىپ بېرىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ رايوندا بولۇپمۇ خوتەندە قەدىمدىن تارتىپلا پىلىچىلىك تەرەققىي قىلغان، بۇ يەردە توقۇلغان يىپەك بۇيۇملارمۇ شەرق ۋە غەرب ئەللىرىدە داڭلىق ئىدى.

11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بۇ رايون يەنە «خاقانىيە» ھەم «ئۇيغۇر ئېلى» دېگەنناملار بىلەن ئاتالدى، يەنى قاراخانىيلار خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى «خاقانىيە»، ئۇنىڭ شىمالىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى تەۋەسىدىكى زېمىن «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەشقەرنى مەركەز قىلغان شەرقىي قىسىمدىكى قاراخانىيلار زېمىنىنىڭ «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، «خاقانىيە ئۆلكىسى»نىڭ شىمالىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئۇيغۇلار زېمىنىنىڭ «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى يېزىلغان[5]. راشىدىنىنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە بۇ رايون «ئۇيغۇرىستان»، «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالغان[6].

14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ رايون «موغۇلىستان» دەپ ئاتالدى[7]. بۇ موڭغۇل دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان. چۈنكى، 14 ـ ئەسىرلەردە بۇ رايونغا چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ

ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان قاتارلىقلار ھۆكۈمراند-لىق قىلغان. شۇڭلاشقا، تاكى 19 ـ ئەسىرگىچە «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يەنى 1867 ـ يىلى قوقانلىق ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ۋە شىمالىي شىند-جاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى بېسىۋېلىپ «يەتتە شەھەر خانلىد-قى»نى قۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونى بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى «قەشقەرىيە» دەپ ئاتالدى. چۈنكى، قەشقەر شە-ھىرى ياقۇپبەگ قۇرغان «يەتتە شەھەر خانلىقى»نىڭ مەركىزى ئىدى. روسىيىلىك ئا. ن. كروپاتكىن «قەشقەرىيە» دېگەن كىتا-بىدا: «قەشقەرىيە دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بۇ رايون خەرىتىدە شىمالىي كەڭلىك °35 تىن °43 قىچە بولغان ئارىلىقتا، شەر-قىي ئۇزۇنلۇق °72 تىن °90 قىچە بولغان ئارىلىقتا جايلاش-قان»[8]. دەپ يازغان. بۇ دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا توغرا كېلىدۇ.

ھازىر قوللىنىلىۋاتقان «شىنجاڭ» دېگەن بۇ نام 18 ـ ئە-سىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، شىمالىي شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن قويۇلغان[9]. 1884 ـ يىلى شىنجاڭ رايونى ئۆلكە بولۇپ قۇرۇل-غاندىن كېيىن، رەسمىي ھالدا مۇشۇ رايوننىڭ نامى سۈپىتىدە ھازىرغا قەدەر ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

ئىزاھلار:

①③ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر-نىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 168 ـ، 169 ـ، 170 ـ بەت.

② «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 47 ـ، 64 ـ بەت، «كۆل-تېكىن مەڭگۈ تېشى»، 2 ـ قۇر، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» 17 ـ قۇر.

④ چيەنداۋ شىنسى (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 3 ـ بەت.

⑤ مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 1 ـ نەشرى 1 ـ توم، 17 ـ، 41 ـ، 151 ـ، 152 ـ، 153 ـ بەت.

⑥ راشىدىن: «جامىئۇت تەۋارىخ»، سودا نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 239 ـ بەت.

⑦ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 1 ـ نەشرى 30 ـ بەت

⑧ ئا. ن. كروپاتكىن (روسىيە): «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 1 ـ بەت.

⑨ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 349 ـ، 350 ـ بەتلەر.

# يەر ـ جايناملىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

## رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

ئاپتونوم رايونىمىزدا تەخمىنەن ئاز كەم 20 مىڭ ھەر خىل يەر ـ جاي نامى بار. بۇ ناملارنىڭ مەنبەسى، مەنىسى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە باشقىلارغا بىلدۈرۈش زور ئەھمىيەتكە ئىگە. يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس ئىلىم توپونومىكا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە خېلى بۇرۇنلا قولغا ئېلىنىپ، ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. لېكىن، بىزدە بۇ تەتقىقات نىسبەتەن سۇس بولماقتا. توپونومىكا ئىلمى يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ مەنىسى، مەنبەسى، قۇرۇلمىسىنى ۋە گراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىدۇ. يەر ناملىرى تەتقىقاتى تارىخ، ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيە ۋە تىلشۇناسلىق قاتارلىق كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يەر ناملىرىنى ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، يەر ناملىرى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان خەلققە سىڭىپ كەتكەچكە، ئۆزگەرتىلگەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئېيتايلى، تۇرپان شەھىرىگە قاراشلىق يار يېزىسىدىكى «پالاسلار مەھەللىسى» يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە «گىلەملەر مەھەللىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ نام ئۆزلەشمەي، خەلق بۇ يەرنى يەنىلا «پالاسلار مەھەللىسى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون بولغاچقا، بۇ جايدا ئۇيغۇرچە يەر ناملىرىدىن باشقا، يەنە قازاقچە، موڭغۇلچە ۋە خەنزۇچە يەر

ناملىرىمۇ بار.

بەزى يەر ناملىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا بىر قانچە يەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق كەنتى ئون يەردە، دۆڭمەھەللە 18 يەردە، يېڭىئاۋات كەنتى 23 يەردە، يېڭىمەھەللە 25 يەردە ئۇچرايدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان يېڭى يۇرتلار بارلىققا كېلىپ، بۇ يۇرتلارغا زامانغا لايىق ھالدا «ئازاد يېزىسى»، «ئۇچقۇن كەنتى»، «ئىتتىپاق كەنتى» ... دېگەندەك ناملار قويۇلدى.

مەلۇمكى، يەر ناملىرى خىلمۇخىل يوللار بىلەن ياسالغان.

**بىرىنچى، يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا.** ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا سۆز تەركىبىدىكى بەزى تاۋۇشلار ئورۇن ئالماشتۇرغان، بىر تاۋۇش يەنە بىر تاۋۇشقا ئۆزگىرىپ كەتكەن ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. ئېيتايلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بۇيرۇق» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بۇريۇق» شەكلىدە بولۇپ، بۇ سۆزدىكى «ر» تاۋۇشى بىلەن «ي» تاۋۇشى ئورۇن ئالماشتۇرغان؛ «يالپۇز» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يارپۇز» شەكلىدە بولۇپ، بۇ سۆزدىكى «ر» تاۋۇشى «ل» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە يەر ناملىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭا يەر ناملىرىنىڭ مەنبەسىنى ئۆگىنىش ـ تەتقىق قىلىش زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

مەسىلەن:

ئايغىر بۇلاق ـــ توقسۇن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭىدىغان كونا تاغ يولىدا بىر بۇلاق بار. بەزىلەر بۇ يەرنى «ئايغىر بۇلاق» دەپ ئاتىسا، يەنە بەزىلەر «ئاغى بۇلاق» دېيىشىدۇ. ئەسلىي بۇ بۇلاق ئىككى تاغ ئارىسىدا بولغىنى ئۈچۈن «ئارغۇ بۇلاق» دەپ ئاتالسا توغرا بولاتتى («ئارغۇ» سۆزىگە قاراڭ). مەيلى «ئايغىر بۇلاق» بولسۇن، مەيلى «ئاغى بۇلاق» بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى «ئارغۇ بۇلاق»نىڭ بۇزۇلغان شەكلى.

بۇيلۇق ـــ تۇرپاندا. بەزىلەر بۇ سۆزنى «بۇيىلىق»، يەنى «بۇيا

ئۆسىدىغان جاي» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلىسا، يەنە بەزىلەر «بويلۇق» يەنى «ئېگىز يەر» دېگەندىن كەلگەن، دەيدۇ. بۇ ئىككى تەبىرنىڭ ھېچقايسىسى توغرا ئەمەس. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «تۇرپان تېكىستلىرى» قاتارلىق يازما يادىكار-لىقلاردا «بور»، «بورچى»، «بورلۇق» دېگەندەك سۆزلەر ئۇچرايدۇ. «بور» سۆزى «ئۈزۈم، شاراب» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، «بورچى» سۆزى «باغۋەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بورلۇق» سۆزى بولسا «ئۈزۈملۈك - مېۋىلىك باغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز-دىكى «ر» تاۋۇشى «ي»غا ئۆزگىرىپ «بويلۇق» شەكلىگە كەلگەن.

تاشمىلىق — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزا. بۇ نام «تاش» ۋە «بالىق» دېگەن ئىككى سۆزدىن ياسالغان بولۇپ، «تاش قەلئە (شەھەر)» دېگەن مەنىدە. قەدىمدە بۇ جايدا مۇشۇنداق بىر قەلئە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلىدا «ب» تاۋۇشى-نىڭ «م» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىش ھادىسىسى بار. ھازىرقى «مەڭگۈ» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بەڭگۈ» بولۇشى بۇنىڭ مىسا-لى. شۇڭا «تاشبالىق»مۇ يۇقىرىغا ئوخشاشلا «تاشمالىق»قا ئۆز-گەرگەن.

قاراقاش — قاراقاش ناھىيىسى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» (3 - توم 208 - بەت)دا «قاش» سۆزى مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن: «بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئېقى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق سو-قۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىنىدۇ»، «قاش ئۆ-گۈز خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى ‹ئۈرۈڭقاش ئۆگۈز› (يۇرۇڭقاش دەرياسى) دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك ئاقتاش چىققاچقا، دەريامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى ‹قارا قاش ئۆگۈز› (قاراقاش دەرياسى) دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جاي-لىرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ». بۇ قۇرلاردىن «قاراقاش» ۋە «يۇرۇڭقاش» دېگەن يۇرت ناملىرىنىڭ قانداق مەن-

بەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «يۇرۇڭقاش» قەدىمكى «ئۇرۇڭقاش» سۆزىنىڭ بۇزۇلغان شەكلى. بۇنىڭدىن باشقا، سۇيى ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان «قاش دەرياسى»دىكى قاش سۆزى يۇقىرىدىكى قاش سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «قاش دەرياسى» دېگەنلىك «سۇيى سۇزۇك دەريا» دېگەنلىك.

كورلا — ئۇيغۇر تىلىدا «تۆگمەنىنىڭ كويلىسىدىن پۇتۇن چىقىدىغان» دېگەن ئىبارە بار. «كويلا» سۇ تۆگمەنلىرىدە نور ئارقىلىق يۇقىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ قۇيۇلىدىغان كۆلچەك. «تۈركىي تىللار دىۋانى» (3 - توم، 599 - بەت)دا «كەۋلى» دېگەن سۆز «كويلا، دەريا ئېغىزى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. باغراش كۆلىدىن ئېقىپ چىققان سۇ خۇددى سۇ تۆگمەنلىرىدە سۇنىڭ نور ئارقىلىق ئېگىز كۆلچەككە قۇيۇلغىنىغا ئوخشاش باش ئەگىم ئارقىلىق كورلىغا كىرىدۇ. «كويلا»دىكى «ي» تاۋۇشى «ر» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ «كورلا» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

**ئىككىنچى، تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى.**

ئەسكى ھىسار — قەشقەرنىڭ قىزىل دەرياسى بويىدا قاراخانىيلار دەۋرىدە «ھىسار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەلئە - شەھىرى بولغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەردە خان ئەۋلادى ۋە قوغدىغۇچى قوشۇن تۇرغانىكەن. 11 - ئەسىردە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ۋە سۇ ئاپىتىدە بۇ يەر خاراب بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، خەلق بۇ يەرنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى قوشۇپ «ئەسكى (كونا) ھىسار» دەپ ئاتىغان.

يېڭى ھىسار — ماتېرىياللارغا قارىغاندا، «ئەسكى ھىسار» خاراب بولغاندىن كېيىن، خوتەن يولىدا «يېڭى ھىسار» قەلئەسى قۇرۇلۇپ، بۇ يەرگە «ئەسكى ھىسار» خەلقى كۆچۈرۈلگەنىكەن. ھازىرقى يېڭىسار ئاھالىسى، ئېتنىك ئالامەتلەردىن قارىغاندا، قاراخانىيلارنىڭ تايانچ قوشۇنى ۋە خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم.

مەشەت — ئاتۇشتا. بۇ، ئەسلىي «بەشھەت» سۆزىنىڭ بۇزۇل-

غان شەكلى بولۇپ، «شەھىتلەر كۆمۈلگەن يەر» دېگەن مەنىدە. سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى جەڭدە شېھىت بولغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە كۆمۈلگەن. شۇڭا، بۇ يەر «مەشھەت» (شەھىتلىك) دەپ ئاتالغان. سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ يەردە.

ئۇچتۇرپان — بۇ، «ئۇچ» ۋە «تۇرپان» دېگەن ئىككى سۆزدىن ياسالغان، «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1 ـ توم 49 ـ بەت)دا «ئۇچ مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى» دەپ يېزىلغان، «ئۇچ» ھازىرقى ئۇچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى. 18 ـ ئەسىردە ئۇچتا يۈز بەرگەن «جىگدە يېغىلىقى»دىن كېيىن، ئۇچ خەلقى قاتتىق قىرغىن قىلىنغان ۋە بىر قىسمى ئىلى قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «ئۇچتۇرپان» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. مەنىسى «ئۇچتىكى تۇرپانلىقلار» دېگەنلىكتۇر. ھازىر ئۇچتۇرپاندا پىچان، تۇيۇق، قاراخوجا ... نامىلىرىنىڭ بولۇشى مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىدە «يۈز» سۆزى بىلەن ياسالغان «جىلىليۈزى، موللىتوختى يۈزى قاتارلىق) نۇرغۇن يەر نامىلىرى بار. بۇ چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلى رايونىغا كۆچۈرۈلگەن ھەر يۈز ئۆيلۈك دېھقانغا باش بولغان جىلىل، موللىتوختى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نامىغا قويۇلغان.

**ئۇچىنچى، قەبىلە ۋە مىللەت نامى بىلەن ياسالغان يەر نامىلىرى.** قارلۇق — تۈركىي قەبىلىلەر ئىچىدە چوڭ قەبىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ قەبىلە نامى بىلەن ياسالغان يەر نامىلىرى شىنجاڭدا خېلى كۆپ جايدا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: قارلۇق ئۆستەڭ (كېرىيەدە). قارلۇق غول، قارلۇق كارىز، قارلۇق توگمەن، قارلۇق مەھەللىسى (بۇ جايلار قومۇلدا) ... قاتارلىقلار.

قاڭقا — تۇرپان، توقسۇنلاردا «قاڭقا» دەپ ئاتىلىدىغان يۇرت

بار. بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ھەققىدە «ئوغۇزنامە»دە مۇنداق بىر ۋە-قە بايان قىلىنغان: ئوغۇزخان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ياۋنى يېڭىپ، نۇرغۇن جانلىق ۋە جانسىز غەنىيمەتلەرنى ئولجا ئالىدۇ. ئۇ، ئولجىلارنى توشۇپ كېتىشكە ئامالسىز قالغاندا، قوشۇندىكى بارماق يوسۇن بىلىگ دېگەن ئادەم چىقىپ بىر هارۋا ياسايدۇ. باشقىلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ، ئۇلارمۇ ھارۋا ياسايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جانسىز غەنىيمەتلەرنى ھارۋىغا بېسىپ توشۇپ كې-تىپتۇ. ھارۋا ماڭغاندا «قاڭق، قاڭق» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپتۇ. ئوغۇزخان بۇنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ، ھارۋىغا «قاڭقا» دەپ ئات قويۇپتۇ. ھارۋىنى ياسىغان ئادەمگە «قاڭقىلى» دەپ نام بېرىپتۇ. پۈتۈن قاڭقىلىقلار شۇ ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. بۇ سۆز ما-تېرىياللاردا «قاڭقا»، «قانغا»، «قاڭلى» شەكىللىرىدە ئۇچرايدۇ.

يوپۇرغا — ھازىرقى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى ئورنى «ياباقۇ» چېگرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە شاھىت بولغان ئارسلان تېكىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كىشىلەر بۇ يەرنى «يوپۇرغا» دەپ ئاتاشقان بولۇشى مۇم-كىن دېگەن قاراشلار مەۋجۇت. ياباقۇ — تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

يەر - جاي ناملىرى ئىچىدە مىللەت نامى بىلەن ئاتىلىدىغان-لىرىمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن: تاتار كەنتى (يەكەندە)، تۇڭگان مەھەللە كەنتى (نىلقىدا)، قالماق مەھەللىسى (تۇرپاندا)، سالار كەنتى (خېجىڭدا) ... دېگەندەك. بۇ خىل يەر ناملىرى بىر قانچە يۇرتتا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ناملار بىرەر مىللەت ئادىمى مەلۇم سە-ۋەب بىلەن شۇ يۇرتقا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ يۇرت شۇنداق ئاتالغان. لېكىن، ھازىر شۇ يۇرتتا شۇ مىللەت ئادىمىنىڭ بولۇشى ناتايىن.

**تۆتىنچى، يۇرت نامى بىلەن ياسالغان يەر - جاي نامىلىرى.** مەسى-لەن: ئەنجانكارىزى (تۇرپاندا)، تاشكەنت كەنتى (گۇمىدا)، تۇرپاند-يۇزى يېزىسى (غۇلجىدا)، خوتەن مەھەللىسى (قاغىلىقتا)، قوقان

كەنتى (قاراقاشتا)، قومۇل كەنتى (گۇمىدا) دېگەنگە ئوخشاش.

بەشىنچى، كىشىلەرنىڭ ئىسمى ۋە لەقىمى بىلەن ياسالغان يەر ـ جاي ناملىرى. مەسىلەن: ئارسلانخان كەنتى، سەلەي چوڭئېرىق، قۇۋاز ـ خانتاللىق، مامۇت لەڭگەر، تورغايلا مەھەللىسى، جۇجەكلەر مە ـ ھەللىسى، راخمانپور كەنتى، قودايلار مەھەللىسى، پاڭمەھەللە كەنتى ... دېگەندەك.

ئالتىنچى، تۇرلۇك كەسپلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ـ جاي نامىرى. مەسىلەن: بوياقچى مەھەللىسى، پاختىچى مەھەللىسى، تاۋاقچى مەھەللىسى، تاغارچى كەنتى، تونۇرچى مەھەللىسى ... دېگەندەك.

يەتتىنچى، دىنىي ئالاھىدىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ـ جاي نام ـ لىرى. مەسىلەن: ئاخۇن مەھەللىسى، شېھىتلىرىم كەنتى، باخشى كەنتى، جىنتوغراق كەنتى، خانىقا كەنتى، خەلپە كەنتى ... دې ـ گەندەك.

سەككىزىنچى، يەر نامىرى ئىچىدىكى قەدىمكى ھەربىي ئاتالغۇلار بى ـ لەن ياسالغان يەر نامىرىمۇ بار. بۇلار «پوتەي، تۇرا، قاراۋۇل، قور ـ غان، قورۇل» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ياسالغان. مەسىلەن: بەش ـ قورغان، پالۋانتۇر، پوتەي كەنتى، دۆشتۇر ... دېگەنلەرگە ئوخ ـ شاش.

توققۇزىنچى، ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ نامى بىلەن ياسالغان يەر ـ جاي نامىرى. مەسىلەن: ئاقساقمارال، بۆرىبۇلاق، جەرەنبۇلاق، پاختەك ـ لىك ... دېگەنلەردەك.

ئونىنچى، دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي نامىرى. مەسىلەن: ئازغان كەنت، ئالمىلىق كەنت، ئانارلىق كەنت، يۇلغۇنلۇق كەنت ... دېگەنلەردەك.

ئون بىرىنچى، جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا قاراپ قويۇلغان يەر ـ جاي نام ـ لىرى. مەسىلەن: دۆڭبازار، دۆڭباغ، دۆڭقوتان، دۆڭكۆۋرۈك، ئويى ـ بازار، ئويباغ ... قاتارلىق.

ئون ئىككىنچى، كونا ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي نامىرى. مەسىلەن: خانئېرىق كەنتى (قەشقەر يېڭىشە ـ ھەردە)، خانكۆل كەنتى (مەكىتتە)، ئوردا قوۋۇق (قومۇلدا)،

ئورداكۆل كەنتى (مەكىتتە) ... قاتارلىق.

ئون ئۈچىنچى، كۆنلەرنىڭ نامى بىلەن ياسالغان يەر ـ جاي ناملىرى. ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرىدە باشقا ـ باشقا يەرلەردە دۈشەنبە بازار، شەنبە بازار، يەكشەنبە بازار دېگەندەك نامىلار بىلەن بازار بولۇپ تۇراتتى. بۇ خىل بازارلار دەسلەپ سودا ـ سېتىق ئورنىنى بىلدۈرگەن بولسا، كېيىنچە بىر يۇرتنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

ئون تۆتىنچى، رەڭ سۆزلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەن يەر ـ جاي ناملىرى. مەسىلەن: ئاقتاغ، ئاقدۆڭ، قىزىلقۇم ... دېگەندەك.

ئون بەشىنچى، يەر ـ جاي ناملىرى ئىچىدە سان بىلەن ياسالغان يەر ناملىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: بەشكېرەم، ئەللىككەتمەن، ئۈچدەرۋازا، بەشبۇلاق، يەتتە قۇدۇق ... دېگەندەك.

ئون ئالتىنچى، يەر ـ جاي ناملىرى ئىچىدە كۈتۈلمىگەن بىرەر ھادىسە تۈپەيلى يۈز بەرگەن پېشكەللىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ـ جاي ناملىرى. مەسىلەن: بۇغا ئۆلدى، پاتمە ئۆلدى، تورپاق قاچتى، خارمان كۆيدى، سۇ باستى كەنتى ... دېگەندەك.

يۇقىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ـ جايلارغا ئىسىم قويۇش ئادىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر تىلغا ئېلىندى. يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى چوڭ تېما، بۇ تېما تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك.

# شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىشى

ئابلىمىت ئابدۇقادىر

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، شىنجاڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. دەريالىرى دېڭىزغا قۇيۇلمايدىغان بولغاچقا ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى قۇرغاق رايون، دەپ قارىلىدۇ.

دۇنيادىكى قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنىڭ رايون سىستېمىسى 100 يىلدىن بۇيانقى تەتقىقاتقا ئاساسەن، شىنجاڭ ئالتە دۇنيا ئىچىدىكى قەدىمكى شىمالىي دۇنيا (Palearetic)غا تەۋە قىلىنغان. شىنجاڭنىڭ ئىككىلەمچى نىسبىي ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيا سۇب دۇنياسى (كەنجى دۇنياسى) بىلەن ياۋروپا ـ سىبىرىيە سۇب دۇنياسىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۈچلەمچى نىسبىي ئورنى موڭغۇلىيە ـ شىنجاڭ رايونى، قازاقىستان رايونى، چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى رايونى ۋە ئالتاي ـ زايسان رايونىدىن ئىبارەت تۆت رايونغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەنە ئۆز ئىچىدىن بىر قانچە سۇب رايون ۋە كىچىك رايونلارغا ئايرىلىدۇ. ھايۋانلىرىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايونلارغا ئايرىلىشىنىڭ بۇ خىل ماھىيىتى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ھايۋانلار ياشاشقا باب كېلىدىغان ئېكولوگىيىلىك تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ئامىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەنە، شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلىرىنىڭ سوغۇق مۆتىدىل بەلباغ يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان ھايۋانلىرى تۈركۈملىرى، مۆتىدىل ئوتلاق ھايۋانلىرى تۈركۈملىرى، مۆتىدىل چۆل ـ باياۋان، يېرىم چۆل ھايۋانلىرى تۈركۈملىرى، ئېگىزلىك ئورمان ئوتلىقى، چىملىق ئوتلىقى،

سوغۇق چۆل ھايۋانلىرى تۈركۈملىرى قاتارلىق ئىبكو - جۇغرا-پىيىۋى ھايۋان تۈركۈملىرى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ھايۋانلىرى تىپى، ئىپگىزلىك رايون ھايۋانلىرى تىپى، شىمالىي رايون ھايۋانلىرى تىپى، شەرقىي شىمالىي رايون ھايۋانلىرى تىپى ۋە پۈتۈن شىمالىي رايون ھايۋانلىرى تىپىدىن ئىبارەت جۇغراپىيە-لىك تارقىلىش ھالەتلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ھالەتنى ئىلىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدا ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس.

ھايۋانلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشىدىكى ئايرىمچى-لىق، ئورۇنلاشقان مۇھىتىنىڭ مۇرەككەپ، ھايۋانلىرىنىڭ خىل-مۇخىللىقى — شىنجاڭدىكى ياۋايى ھايۋان تۈرلىرى نامىنىڭ كۆپ ھاللاردا يەرلىك نام ۋە يەر - جايناملىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىشىغا ھەم بۇ ناملارنىڭ خەلقئارالىق ئىلمىي نام (لاتىنچە نام)غا ئۆزلىشىشىگە تۈرتكە بولغان.

يېقىنقى ئىستاتىستىكا مەلۇماتىمىزغا ئاساسلانغاندا، ھازىر شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئومۇرتقىلىق ياۋايى ھايۋانلار تەخمىنەن 700 تۈر (كەنجى تۈرلەرنى قوشقاندا 900 تۈر)گە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار 137 تۈر، قۇشلار 425 تۈر، يەر بېغىرلىغۇچىلار (سۆرەلگۈچىلەر) تەخمىنەن 45 تۈر، قوش ما-كانلىقلار يەتتە تۈر، بېلىقلار 90 نەچچە تۈر بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ئومۇمىي ئومۇرتقىلىق ھايۋان تۈرلىرى سانىنىڭ تەخمىنەن 30%تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى شىنجاڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

بۇ ماقالىدە شىنجاڭدىكى يەر - جاي ناملىرى بىلەن ئاتالغان ئومۇرتقىلىق ياۋايى ھايۋان تۈرلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**1. يەر - جاي ناملىرى بىلەن ئاتالغان سۈت ئەمگۈچى ياۋايى ھايۋانلار تۈرلىرى**

ئالتاي قارىغۇ چاشقىنى، ئالتاي يىلتىزخور چاشقىنى، ئال-

تاي بۇغىسى، ئالتاي تىيىنى، ئالتاي ئاغمىخىنى، ئالتاي قارا بۇلغۇنى، ئاقسۇ لەگمەنتاقتىقى، ئارال توشقانچىقى، بارىكۆل لەگمەنتاقتىقى، قەشقەر شەپەرىگى، ئوتتۇرا ئاسىيا ياۋا ئۆچكىسى (تاغ تېكىسى)، بوغدا دالا چاشقىنى، لاداق مۇغىسى (شاقىلدىقى)، جۇڭغار توشقىنى، موڭغۇلىيە قارا چاشقىنى، مورى تۇلۇم چاشقىنى (قۇم چاشقىنى)، نورۋېگىيە ئۆي چاشقىنى (قوڭۇر چاشقان)، جەنۇبىي شىنجاڭ ئورمان چاشقىنى، پامىر ئارقىرى (ماركوپولو ئارقىرى)، پامىر ئوتلاق توشقىنى، پامىر دالا چاشقىنى، تارىم توشقىنى (يەكەن توشقىنى)، تارىم جەرىنى (يەكەن جەرىنى)، تارىم بۇغىسى، تەڭرىتاغ قوڭۇر ئېيىقى، تەڭرىتاغ بورسۇقى، تەڭرىتاغ بۇغىسى، تەڭرىتاغ كۇسۆتكىسى، تەڭرىتاغ چىم چاشقىنى، تەڭرىتاغ تىزلاق چاشقىنى، تۇرپان قۇم چاشقىنى، سىبىرىيە ئاغمىخىنى، سىبىرىيە گۈللۈك تىيىنى، سىبىرىيە لەگمەنتاقتىقى، سىبىرىيە (ياۋا) ئاق توشقىنى، شىمالىي قۇلىنى (ياۋا ئېشەك)، ھىمالايا سۇغۇرى (داۋغان)، شىنجاڭ يولۋىسى، ئاسىيا شەپەرىگى، ئىلى مۇغىسى، ئىلى دالا چاشقىنى، ئاراتۇرۇك لەگمەنتاقتىقى، ھىندىستان يەر قازارى، شىمالىي قوڭۇر ئېيىقى، يورغا بۆكەن، شىمالىي تۈلكىسى، جۇركىيىك، شىمالىي ئىپار چاشقىنى، زايسان لەگمەنتاقتىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا توشقىنى، جۇڭغار لەگمەنتاقتىقى.

**2. يەر ـ جاي ناملىرى بىلەن ئاتالغان قۇشلار**

ئالتاي ئۇلارى، مىسىر تەنتەكقۇشى، شىمال تولڭ قاغىسى، شىمال چوققا قۇشقىچى، شىمال قىزىل قۇشقىچى، شەرق قوڭۇر پاشىخورى، شىمالپەرەس تال شاخ سانغۇچ، شىمالپەرەس قىزىل باش قۇشقىچى، موڭغۇلىيە چىقچىقى، موڭغۇلىيە تورغىيى، ياۋروپا پاختىكى، ياۋروپا تەنتەكقۇشى، ياپونىيە بۇلبۇلى، بۇخارا قۇشقىچى، شىمالىي پايپاقلىق بېغىرتىقى، شىنجاڭ بۇلبۇلى، شىمالىي ئۇلارى، ئوتتۇرا ئاسىيا پاختىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا تەنتەكقۇشى.

**3. يەر ـ جاي نامىرى بىلەن ئاتالغان يەر بېغىرلىغۇچى (ئۆمىلىگۈچى ياكى سۆرەلگۈچى) ھايۋانلار**

شىنجاڭ قۇملۇق كەسلەنچۈكى، شىمالىي قۇتۇپ قارا يىلىنى، قۇرۇم سەپكۈنلۈك كەسلەنچۈكى، جەنۇبىي شىنجاڭ قۇم كەسلەنچۈكى، چىڭخەي قۇم كەسلەنچۈكى، تارىم كىلەرى (يايلىلىق كەسلەنچۈك)، شىزاڭ قۇم كەسلەنچۈكى، غەربىي يۇرت چۆل پاتمىچۇقى، غەربىي يۇرت قۇم پاتمىچۇقى، ھىمالايا كىلەرى (يايلىلىق كەسلەنچۈك)، ھىمالايا سالىمىسى، شىنجاڭ كىلەرى (يايلىلىق كەسلەنچۈك)، يەكەن قۇم كەسلەنچۈكى، غۇلجا قۇش پاتمىچۇقى.

**4. يەر ـ جاي نامىرى بىلەن ئاتالغان قوش ماكانلىق ھايۋانلار**

ئالتاي قىزىل قولتۇق پاقىسى، شىمالىي شىنجاڭ تېرىرىتونى، جۇڭگو قىزىل قولتۇق پاقىسى.

**5. يەر ـ جاي نامىرى بىلەن ئاتالغان بېلىقلار**

ئالتاي تاش بېلىقى، ئالتاي پاقاباش بېلىقى، بايقال ئاق بېلىقى، شىمال ئىتباش بېلىقى، شىمال قىزىل بېلىقى، شىمالىي قۇتۇپ ئالاقانات بېلىقى، كۇنەس ئىتباش بېلىقى، شىنجاڭ ئىتباش بېلىقى، تارىم يېرىق قورساق بېلىقى، تۇرپان پاقاباش بېلىقى، سىبىرىيە بىكرى بېلىقى، سىبىرىيە چىپار ئىتباش بېلىقى، شىنجاڭ ئاق بېلىقى، شىنجاڭ موكا بېلىقى، شىنجاڭ بۇرۇتسىز بېلىقى، شىنجاڭ يوغانباش بېلىقى، يەكەن موكا بېلىقى، ئىلى يېرىق قورساق (ساغدا) بېلىقى، ئىلى ئالابۇغا بېلىقى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شىنجاڭدىكى ياۋايى ھايۋانلاردىن، ئۇنى تۇنجى قېتىم بايقاپ، نام بەرگۈچىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن: پرژېۋالىسكى ياۋا ئېتى، جېك زوشىن تۇلۇم چاشقىنى قاتارلىقلار.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

(1) چيەن يەنۋېن، جاڭ جيې: «شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قۇشلار بىلەن سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار» (خەنزۇچە)، پەن نەشرىياتى، 1965 ـ يىل نەشرى.

(2) جىڭ زوشىن: «جۇڭگو قۇشلىرىنىڭ تارقىلىش تىزىملىكى» (خەنزۇچە)، پەن نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى نەشرى.
(3) ئابلىمىت، غالىپ: «شىنجاڭدىكى قوش ماكانلىقلار بىلەن يەر بېغىرلىغۇچىلارنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى»، «قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 3 ـ سان، 77 ـ ، 83 ـ بەتلەر.
(4) «شىنجاڭ بېلىقلىرى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، 1979 ـ يىلى نەشرى.
(5) «ئومۇمىي زوئولوگىيە»، روزى بارى تەرجىمىسى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.
(6) ۋاڭ سۇ قاتارلىقلار: «شىنجاڭ غاجىلىغۇچى ھايۋانلار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، 1983 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
(7) جاڭ رۇڭزۇ قاتارلىقلار: «جۇڭگو تەبىئىي جۇغراپىيىسى، ھايۋانات جۇغراپىيىسى» (خەنزۇچە)، 1979 ـ يىل نەشرى.
(8) جىڭ زوشىن، جاڭ رۇڭزۇ: «جۇڭگو ھايۋانلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك رايونلارغا ئايرىلىشى» (خەنزۇچە)، 1959 ـ يىل نەشرى.
(9) مايۇڭ قاتارلىقلار: «شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسىم رايونلىرىدىكى غاجىلىغۇچى ھايۋانلارنىڭ تۈرلىرى ۋە تارقىلىشى» (خەنزۇچە)، 1987 ـ يىل 1 ـ نەشرى.

# ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تارىختىكى ناملىرى

## ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تۇتىشىپ تۇرغان ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئالتە شەھەر (خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر)نىڭ بىرى. ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 1400 كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 128 مىڭ 868 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز، قازاق، موڭغۇل خەلقى ياشايدۇ.

تەڭرىتاغنىڭ 7448 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆمۈر چوققىسى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ قاتلام ـ قاتلام مۇزلۇقلار ۋە تاغ بۇلاقلىرىدىن ھاسىل بولغان ئېقىنلىرى مۇزئارت، قۇرغۇيلۇق، چوڭ قوزىباي، كىچىك قوزىباي، ئاق- بۇلاق، تېرەك، تاغبۇلاق، كۆكيار، لايسۇ، قۇمئېرىق (تارىمقى — كۆكبۆرە، گۇركى سۇ، تۆمۈرسۇ، قاشالاي) دەريالىرىنى ھاسىل قىلىپ، پەس تۈزلەڭدىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك رايونلىرىغا ئاقىدۇ. مۇشۇ ئون دەريا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاقسۇ كوناشەھەر نا- ھىيىسىنىڭ نامى قەدىمكى دەۋرلەردە «ئونسۇ» دەپ ئاتالغان. بۇ دەريالارنىڭ سۇلىرى كەلكۈن ۋاقتىدا ناھايىتى نۇرغۇن قۇم، لاتقا، ھاك، سېغىزلارنى ئېقىتىپ كەلگەچكە، سۇنىڭ رەڭگى لايقىلىشىپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ جاي «ئاقسۇ» دەپ ئاتالغان.

19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولغان «زەپەرنامە»نىڭ ئاپتورى، 1802 ـ يىلى ئاقسۇدا تۇغۇلۇپ ئۆمرىد- نىڭ ئاخىرىنى ئۈچتۇرپاندا غېرىبلىقتا ئۆتكۈزگەن مەشھۇر تا- رىخچى، شائىر موللا شاكىر ئۆزىنىڭ 4380 مىسرالىق داستانىدا

ئاقسۇ خەلقىنىڭ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلارچە كۈرەشلىرىنى، ئاقسۇنىڭ خارابىلىشىش، گۈللىنىش تارىخىنى مۇنداق دەپ يازدى: ئاقسۇ ھاكىمى ئىلياس خان خەلق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەي، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋابا كېسىلى تارقالدى. قۇمئېرىق دەرياسى تاشتى. يەر تەۋرەپ، دەريالار چايقىلىپ، يۇرت ـ ماكانلار ۋەيران بولدى. ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان خەلق ئاقسۇدا ياشاشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، شەھەرنى تاشلاپ يىراق جايلارغا كەتتى. بۇ ئادەمزاتسىز شەھەر «ئەر دەۋىل»، يەنى «دېۋىلەر ماكانى» دەپ ئاتالدى. شائىر مۇنداق دەپ يازدى:

يانا ئاقسۇنى ئىلياس خان سوراپ،
ئۆلارمۇ بولدى ئاخىر خاكى ــ توراپ[①].
......
ئوشۇل زەن[②] بىلەن قىلدى مەيخارەلىك،
ئانىڭ كەيپىدىن ئۆتتى بەدكارەلىك[③].

كىرىپ ئەردەۋىل شەھرىگە بىر ۋابا،
بۇ رەڭ كەلگەنكى قاتتىق بالا.

قېنى، ئەردەۋىل شەھرى؟ يوق ئۇندا جان،
ۋابادا ئۆلۈپ كەتتىلەر ھەر قايان.

شەھەر چۆل قالىپ ئەردى ئون ئالتە يىل،
بولۇپ ئەردەۋىل شەھرى ۋەيران شۇ خىل.

ئەخمەت زەكى ۋەلىدى توغان «قەدىمكى كۆچالىقلار مەدەنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلارنى بەرگەن: ئاقسۇ كوناشەھەرنى تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) «ئون سۇ» دېگەن بولسا، جۇڭگو مەنبەلىرى بۇ سۆزنى

ئاهاڭ تەرجىمىسى بويىچە «ۋېنسۇ» دەپ خاتىرىگە ئالغان[4].

«بىر زاماندا بۇ يەرنى ساياھەت قىلغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي ئاقسۇ، يەنى بارمان توغرىسىدا بۇ شەھەرنىڭ قەشقەردەك بەك قەدىمكى تۈرك شەھىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ‹بارمان› ئاپراسىياپنىڭ ئوغلى، پېردەۋسى بولسا ئۇنىڭ ئىنىسى. قەدىمكى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ‹بارمان› ئاتىلىشى ئاپراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن بىۋاسىتە چېتىشلىقى بار»[5].

ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا «پامان» دېگەن بىر مەھەللە بار. بۇ مەھەللە بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى 25 كىلومېتىر، قىزىل يېزىسىنىڭ ئارىلىقى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. پامان ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى. «پامان» ئاپراسىياپ دەۋرىدىكى «بارمان» بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئەرەب يازغۇچىسى ئىدرىس مۇنداق دەيدۇ: «تىبەتلىكلەرنىڭ قولىدا تىنچ تۇرغان يەكەن شەھىرىنىڭ ئون ئالتە كۈنلۈك چەت غەربىي شىمالىدا بولغان ‹بارمان› ياكى ‹باخۋان› بولسا، توققۇز ئۇيغۇر (ئوغۇز) شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر ...)

ئىزاھلار:

① خاكى توراب — كۈل، توپا.

② زەن — ئايال.

③ بەدكارەلىك — بۇزۇقچىلىق.

④⑤ «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى خەۋەرلىرى»نىڭ 1985 ـ يىل 1 ـ سان، 35 ـ بەت، 42 ـ بەت.

# «يوپۇرغا» نامى ھەققىدە

ئابدۇكېرىم روزى

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھازىرغىچە بىر قىسىم ماقالىلەر ئېلان قىلىندى، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەر خىل نۇقتىلاردىن ئىزاھلاندى. بەزى تەتقىقاتچىلار تىل جەھەتتىكى قىسمەن ماسلىق ۋە ئوخشاشلىقنى ئاساس قىلىپلا، «يوپۇرغا» دېگەن قەبىلە نامى «ياباقۇ»نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن، يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى خەلقنىڭ ئەجدادى ياباقۇلار، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى[①]. بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا، «يوپۇرغا» دېگەن نام «يورۇق ئوردا»نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن، دەپ قارىدى[②].

مېنىڭچە، «يوپۇرغا» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ياباقۇلار بىلەن باغلاش تارىخىي پاكىتلارغا، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

تارىخ كىتابلىرىدا بايان قىلىنىشىچە، ياباقۇلار قەدىمكى توققۇز ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىكى بىر قەبىلە بولۇپ[③]، پەرغانە ئويمانلىقىدا، يەنى ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالى، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستاننىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ياباقۇلار ھەققىدە تەپسىلىيرەك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇ ياباقۇلارنىڭ بىر قەبىلە، يەنى تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى[④]، «ياباقۇ سۈيى» ناملىق دەريانىڭ قەشقەر تاغلىرىدىن پەرغانە، ئۆزكەنتكە

ئاقىدىغانلىقىنى[5] ئىزاھلىغاندىن سىرت، ياباقۇلارنىڭ قەبىلە تەركىبى، پائالىيەت رايونى، شىۋىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى جەھەتتىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ياباقۇلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايون (پامىرنىڭ غەربىي قىسمى) بىلەن يوپۇرغا ناھىيىسى (تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى) رايون جەھەتتىن ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قەبىلىۋى تۇرمۇشتىكى ياباقۇلارنىڭ تەبىئىي چېگرا بولغان پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ تارىم ۋادىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئانچە ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئەمدى «يوپۇرغا» دېگەن نام «يورۇق ئوردا»نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن دېگەن قاراشقا كەلسەك، بۇ قاراشنى دەلىللەيدىغان ئاساس كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. ئۇنداق بولسا، «يوپۇرغا» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

«يوپۇرغا» دېگەن نام قەدىمكى ماتېرىيال مەنبەلىرىدە ئاسان كۆرۈلمەيدۇ. بىز تارىخىي مەنبەلەردىن ئېنىق ئاساسقا ئىگە بولالمىساقمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى جەھەتتىن بۇ نام ھەققىدە قىسمەن ئاساسلارغا ئىگە بولالايمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «يوپرى» دېگەن سۆزنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە «يوپۇرغا» دېگەن نام كېلىپ چىققان، دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئەسىرىدە «يوپرى» دېگەن سۆزنى «تۈز ۋە كەڭ يەر»[6] دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇ يەنە «غۇ» قوشۇمچىسى ئۈستىدە توختىلىپ، «غۇ» قوشۇمچىسى پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلىگە ئۇلىنىپ، ئورۇن ـ جاي، ۋاقىت ـ چاغ، قورال ـ جابدۇق ئىسىملىرىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى (مەسىلەن: بارغۇ يەر ـــ بارىدىغان يەر، تۇرغۇ يەر ـــ تۇرىدىغان يەر) كۆرسىتىدۇ[7]. پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلىگە «غۇ»، «ئالغۇ» قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ئىسىم ياساش ئەھۋالى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بار (مەسىلەن: تۇرالغۇ، قونالغۇ دېگەندەك). دېمەك، «يوپۇرغا» دېگەن نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدى-

كى «يوپرى» دېگەن سۆزگە «غۇ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقى-
لىق كېلىپ چىققان. بۇ نام تەركىبىدىكى «غۇ» قوشۇمچىسى
«ئۇ» تاۋۇشىنىڭ «ئا» تاۋۇشىغا ياكى «ئا» تاۋۇشىنىڭ «ئۇ»
تاۋۇشىغا ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بويىچە «غا»غا ئۆزگەرگەن،
«يوپرى» سۆزىدىكى «ى» تاۋۇشى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش
ياكى قوشۇلۇپ قېلىش قائىدىسى بويىچە چۈشۈپ قېلىپ، «يوپ-
رى»غا ئۆزگەرگەن. شۇنداق قىلىپ، «يوپرىغۇ» ئاۋۋال «يوپرى-
غۇ»، «يوپرىغا»غا، كېيىن «يوپۇرغا»غا ئۆزگەرگەن. بۇنىڭ مەنى-
سى يەنىلا «تۇزلەڭ يەر»، «تەكشى يەر»، «تۇزلەڭلىك»، «تەكشى-
لىك» دېگەنلىك بولىدۇ. هازىرقى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يەر
شەكلىنىڭ تۇزلەڭ ئىكەنلىكى بۇنىڭغا ياخشى ئاساس بولالايدۇ.
يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ نامى هازىر جانلىق تىلدا «يوپۇغا» دەپ تە-
لەپپۇز قىلىنىدۇ.

دېمەك، «يوپۇرغا» دېگەن نام بۇ ناھىيىنىڭ يەر شەكلىگە ئا-
ساسەن قويۇلغان ئىسمىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەلەپ-
پۇز قىلىنىشىدىن ئىبارەت.

ئىزاھلار:

①② «مەھمۇد كاشغەرىي»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 131 ـ بەت.

③ «تارىمدىن تامچە»، 386 ـ بەت.

④⑤ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، Ⅲ توم، 47 ـ بەت.

⑥ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، Ⅲ توم، 39 ـ بەت.

⑦ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، Ⅲ توم، 292 ـ بەت.

# تارىختىكى ئونسۇ

## ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

«ئاقسۇ يېڭىشەھەر»دىكى «يېڭىشەھەر» سۆزى قىسقارتىلغان- دىن كېيىن ئاقسۇ كوناشەھەر قەدىمكى نامى «ئونسۇ»نىڭ خەن- زۇچە تەلەپپۇزى بويىچە «ۋېنسۇ» (温宿) دەپ ئاتالدى ۋە يې- زىلدى. يەر - جاي نامىلىرىنى يەرلىك ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاش زۆ- رۈر بولغانلىقتىن، يەنە «ئاقسۇ كوناشەھەر» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. خەنزۇچىدا يەنىلا «ۋېنسۇ» (温宿) دەپ ئېيتىلىپ ۋە يېزىلىپ كەلمەكتە. ئاقسۇ كونا شەھەرنىڭ تارىختا «ئونسۇ»دىن باشقا يەنە «قۇم»، «ئەردەۋىل»، «بارمان» دېگەنناملىرىمۇ بار. «قۇم» ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان (ئاقسۇ دەرياسى قۇمئېرىق ۋە توشقان دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان) قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى نامى «قۇم»غا ئاساسەن قويۇلغان.

«ئەردەۋىل» دېگەن نام توغرىسىدا 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاقسۇلۇق شائىر موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىدا مۇنداق مىسرالار بار.

يانا ئاقسۇنى ئىلياسخان سوراپ،
ئۇلارمۇ بولدى ئاخىر خاكى تۇراپ.

كىرىپ ئەردەۋىل شەھرىگە بىر ۋابا،
بۇرەڭ كەلگەن ئەركەنكى قاتتىق بالا.

قېنى ئەردەۋىل شەھرى يوق ئۇندا جان،
ۋابادا ئۆلۈپ كەتتىلەر ھەر جان.

داستاندا يەنە ئاقسۇنىڭ خارابلىشىش، گۈللىنىش جەريانى يەنى ئىلياسخان ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىشىشى بىلەن شەھەرنىڭ ئەردەۋىل (دىۋە، جىنلەر ماكانى)غا ئايلانغانلىقى، كېيىن خىزىرخان دەۋرىدە گۈللەپ ياشنىغانلىقىغا دائىر مەزمۇنلار بار.

1948 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە تاتار تارىخشۇناسى ئەخمەت زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «قەدىمكى كۆچارلىقلار مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسى بېسىلغان. بۇ ماقالىدە ئاقسۇ كوناشەھەرنىڭ تارىختىكى نامى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇماتلار بار.

«ئاقسۇ كوناشەھەرنى تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) ‹ئونسۇ› دەپ ئاتىغان بولسا، جۇڭگو مەنبەلىرى بۇ سۆزنى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ‹ۋېنسۇ› دەپ خاتىرىگە ئالغان ...»

يەنە شۇ ماقالىدا ئاقسۇ كوناشەھەرنىڭ «بارمان» دېگەن نامى توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن تۆۋەندىكى نەقىلنى كەلتۈرگەن: «‹بارمان› ئاپراسىياپنىڭ ئوغلى. قەدىمكى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ‹بارمان› ئاتىلىشى ئاپراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن بىۋاسىتە چېتىشلىقى بار ...»

شۇ ماقالىدە يەنە ئەرەب يازغۇچىسى جەيھەر ئىدرىسىنىڭ ئاقسۇ ھەققىدە يازغان ماقالىسىدىن: «تىبەتلىكلەرنىڭ قولىدا تىنچ تۇرغان يەكەن (ياركەنت) شەھىرىنىڭ ئون ئالتە كۇنلۇك چەت غەرب شىمالىدا بولغان ‹بارمان› ياكى ‹باخۋان› بولسا توققۇز ئۇيغۇر (ئوغۇز) شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر ...» دېگەن نەقىللەرنى كەلتۈرگەن.

«بارمان» توغرىسىدىكى بۇ مەلۇماتلاردىن شۇنى ئېنىق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئاقسۇ كوناشەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا «پامان» دېگەن بىر مەھەللە بار. بۇ مەھەللە ناھىيە بازىرىدىن 25 كىلومېتىر يىراقتا بولۇپ، قىزىل يېزىسىغا 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. «پامان» ئاقسۇ كونا شەھەردىكى ئەڭ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرىسىدۇر. «پامان» ئاپراسىياپ دەۋرىدىكى «بارمان» بولۇشى

مۇمكىن.

ئاقسۇ كوناشەھەرنىڭ يەر شەكلى شىمال تەرىپى تۆمۈر چوقـ
قا باغرىدىكى مۇزلۇقلارغا، جەنۇب تەرىپى تەكلىماكاننىڭ شىما-
لىي قىرغىقىدىكى تۇزلەڭلىككە تۇتىشىدۇ. باي ناھىيىسىدىن
مۇزات دەرياسى (مۇزات دەرياسىنىڭ باشلىمى بۇرۇن ئاقسۇ كونا-
شەھەر تەۋەلىكىدىن ئۆتەتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا دەريانىڭ باي
تەرىپىدىكى چوڭ ئارپا، كىچىك ئارپا يايلاقلىرى ئاقسۇ كوناشە-
ھەرگە قارايتتى) ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن توشقان دەرياسى ئار-
قىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا تۆمۈر
چوققا مۇزلۇقلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان قۇرغۇيلۇق، چوڭ قو-
زىباي، كىچىك قوزىباي، ئاقبۇلاق، كىچىك تىرەك، چوڭ تىرەك،
پاقىلىق، لايسۇ، قۇمئېرىق (تارىمقى گۈركى سۇ، تۆمۈرسۇ، قا-
شالاي، كۆكبۆرە) قاتارلىق ئون دەريا بولغانلىقى ئۈچۈن «ئونسۇ»
(«ئون دەريا») دەپ ئاتالغان. دەريالارنىڭ سۇلىرى تومۇزدىكى
كەلكۈن مەزگىلىدە قۇم، سېغىز لاتقىلىرىنى ئېقىتىپ سۇنىڭ
رەڭگى ئېقىش ھالەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن «ئاقسۇ» دەپ ئاتالغان.

شىنجاڭدا «كوناشەھەر» ئاتالغۇسى بىلەن قوشۇلۇپ ئېيتى-
لىدىغان ناھىيە، بازارلار خېلى كۆپ بولغاچقا، بۇ ئوخشىماس-
لىقلار (تۇردەش ئىسىملار) يەر ناملىرىنىڭ خاسلىقىغا ۋە خەت -
ئالاقە ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. يەر ناملىرىدىكى بۇ خىل
ئوخشاشلىقلار (قەشقەر كوناشەھەر، ئاقسۇ كوناشەھەر ...) تىل
جەھەتتىكى گادايلىقنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، يېزىقتىكى بو-
لۇپمۇ ۋېۋىسكا، تېلېگراممىا ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭىگە كىرگۈزۈش
جەھەتتىمۇ قولايسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «ئاقسۇ كوناشە-
ھەر»نى «ئونسۇ» دەپ ئاتىساق بىرىنچىدىن، ئالتە بوغۇملۇق سۆز
ئىككى بوغۇمغا قىسقىرايدۇ. ئىككىنچىدىن، سان ۋە ئىسىمنىڭ
ياندا باغلىنىشىدىن تۈزۈلگەن بۇ بىرىككەن سۆز (ئىسىم) ئالا-
ھىدە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، سۈپەت ۋە ئىسىمنىڭ ياندا باغلى-
نىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىككەن سۆز «توقسۇ»، «قىزىلسۇ» دېگەن

ئىسىملارغا ئوخشاش بىر ـ بىرىدىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسىملارنىڭ تىل، يېزىقتىكى ئىخچاملىقى ۋە ئېنىقلىقى شۇ مىللەت تىلىنىڭ مەنا ئىپادىلەشتىكى ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسە-تىدۇ. شۇڭا، «ئاقسۇ كوناشەھەر» دېگەن ئىسىمنى «ئونسۇ» دېگەن قەدىمكى ئىسىمغا ئالماشتۇرۇش كەڭ ئاممىنىڭ ۋە دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا، تەلىپىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇ ئېھتىياجغا بىنا-ئەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇ-رۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا ئاقسۇ كوناشەھەرنىڭ تارىختىكى نامى «ئونسۇ»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى.

# «ئۇيغۇر ئېلى» نامى ھەققىدە

## غالىپ بارات

ئۇيغۇر تارىخىدا يېشىلمىگەن سىرلار تېخى كۆپ، ئەنە شۇ سىرلارنىڭ بىرى تارىختىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىدا نېمە دەپ ئاتالغانلىقى مەسىلىسىدۇر.

جياڭ چىشياڭ «شىنجاڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۇللىرى» دېگەن كىتابىدا ئۇزۇندىن بېرى «قاراخانىيلار» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان سۇلالە نامىنى تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا «خاقانىيە» دەپ مۇقىملاشتۇرغان. دەرھەقىقەت ئاشۇ خانلىقنىڭ شاھزادىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىيمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ خانلىقنىڭ «خاقانىيە» دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىدۇ.

ئەمدىكى سۆز خاقانىيە سۇلالىسى بىلەن دەۋرداش ھەم قوشنا ئۆتكەن، ئۇزۇندىن بېرى «ئىدىقۇت خانلىقى»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھلىقى، قاراقوچو ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەندەك ھەر خىلناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان خانلىق نامىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىدا قانداق ئاتالغانلىقى مەسىلىسىدۇر.

خەلق ئارىسىدا «ئىسىم ئىگىسىدىن كېلۇر» دېگەن گەپ بار. ئۆز دەۋرىدىكى نامىنى ئېنىقلاش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق بۇ خانلىقنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىماسلىق، ئارتۇقچە ئىسىم ياساپ يۇرۇش تازا ئىلمىي پوزىتسىيە بولمىسا كېرەك.

بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ نامى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار ...»[1] دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ، ناھايىتى ئىشەنچلىك مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى شۇ دەۋردە ياشىغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ خانلىق نا-

مىدىن خەۋەرسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق ئەسەردە «تەيزۇنىڭ
4 ـ يىلى (1209 ـ يىلى) باھاردا ئۇيغۇر ئېلى (畏兀儿国) تەۋە
بولدى. 6 ـ يىلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى تاۋابقا كەلدى»[2] دې-
يىلگەن. مانا بۇ خاتىرىدىمۇ مەزكۇر خانلىقنىڭ نامى ئوخشاشلا
«ئۇيغۇر ئېلى» دېيىلگەن بولسا، خانلىق ھۆكۈمدارى «ئىدىقۇت»
دەپ ئاتالغان.

«يۈەن شىڭۋۇنىڭ بويسۇندۇرۇش تارىخى»دا «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ
ئىدىقۇتى قىتانلارنىڭ دۆلەت نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ شۆھرەت
قازاندى»[3] دېيىلگەن.

«موڭغۇل تارىخىدىن خاتىرىلەر. چىڭگىزخان تەزكىرىسى»دە
«ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق»[4] دەپ خاتىرىلەنگەن.

«ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دا «پۈتۈن
ئۇيغۇر ئېلىنى بۇرۇنقىدەك باشقۇرۇپ ئولتۇرۇپ ... ئالتۇن تامغا
بىلەن گاۋچاڭ ۋاڭ دېگەن نامنى ئېلىپ ...»[5] دېيىلگەن. بۇ مەڭ-
گۈ تاش ئىدىقۇت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى تەر-
پىدىن 1334 ـ يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي
دېگەن يېرىدە تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېنىق ھالدا «ئۇيغۇر
ئېلى» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىكى گاۋ چاڭ ۋاڭغا كەلسەك، بۇ
خەنزۇچە (高昌王)دىن كەلگەن بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەس-
لەپكى مەزگىلىدە تۈزۈلگەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»دە
گاۋچاڭ (高昌) سۆزى ئۇيغۇر[6] دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى «تارىخىي رەشىدى»دە
«ئاقسۇنىڭ شەرقىي ئۇيغۇرىستان — ئۇيغۇر ئېلى»[7] دەپ خاتى-
رىلەيدۇ.

موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسە-
رى ۋە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئە-
سەرلىرىدىمۇ ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسى «مەملىكەتى ئۇيغۇر (ئۇي-
غۇر مەملىكىتى)» دەپ ئاتالغان.

دېمەك، مەزكۇر خانلىق قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، موڭ-غۇلچە، پارسچە يازما ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئوخشاشلا «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالغان.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئېلى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار تارىختا تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، بىراھما يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى ئىشلىتىشتىن سىرت، يەنە خەنزۇ يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ، بىر مەھەل مۇشۇ يېزىق ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنى ئىپا-دىلىگەن. تۇرپاندىن تېپىلغان خەنزۇچە 大富大贵回鹘国 دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن يارماق ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان قۇربان ۋەلى ئەپەندى بۇ خەتلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىد-دىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

تۇرپاندا قۇرۇلغان بۇ خانلىق مىلادىيە 840 ـ يىلى ئاغدۇ-رۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىۋاسىتە داۋامى بولۇپ، بۇ خانلىق ھۆكۈمدارى خانلىقىنى بەرپا قىلىشتا ئاساسلىق رول ئوينىغۇچى قەبىلە باسمىللارنىڭ قەبىلە باشلىقى بولغان «ئىدد-قۇت» نامى بىلەن ئاتالغان ھەمدە بۇ خانلىق نامىمۇ ئىچكى ـ تاشقى توققۇز قەبىلە (جەمئىي 18 قەبىلە)دىن تەشكىل تاپقان قە-دىمكى مىللەت نامى بولغان «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغان.

ھازىرقى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، باشقا ھاكىمىيەتلەرنىڭ بۇ نامنى قوللانغانلىقى ھەققىدە تېخى مەلۇمات يوق. شۇنىڭ ئۈ-چۈن مەزكۇر نامنى سۇلالە نامى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئىل-مىي تەتقىقاتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە رېئال پاكىتلاردىن چەتنەش ئەھۋالىغا خاتىمە بېرىش لازىم.

ئىزاھلار:

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 151 ـ بەت.

② ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە نەشرى 31 ـ بەت.

③④ «ئىلىمىز مەنبەلىرىدىكى شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىد-
يالاردىن تاللانما»، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 178 ـ، 181 ـ بەتلەر.
⑤ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە 1985 ـ
يىللىق 1 ـ سان، 114 ـ بەت.
⑥ «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەش-
رى، 43 ـ بەت.
⑦ مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ بەت.
⑧ «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 26 ـ بەت.
⑨ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى
نەشرى، 69 ـ بەت.
⑩ «شىنجاڭ ياشلىرى»، 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان، 43 ـ بەت.

# «پاسيان» ۋە «گوما» دېگەن نامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

ئادىل مۇھەممەت

قەدىمكى پاسيان بەگلىكى (خەنزۇچە تارىخي ماتېرىياللاردا «山皮» دەپ خاتىرىلەنگەن) «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇنىڭ مەركىزى پاسيان شەھىرىدە بولۇپ، ئورنى ھازىرقى گوما ناھىيىسىگە توغرا كېلەتتى. بەگلىكنىڭ «شەرقى ئۇدۇن بەگلىكى بىلەن، شىمالى تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئۇنسۇ، قوم بەگلىكلىرى بىلەن، غەربى كوئىنلۇن تاغلىرى ئارقىلىق ئەنەتكەك (ھىندىستان) بىلەن تۇتىشاتتى»[①]، ئۇ «500 تۈتۈنى، 3500 نوپۇسى، 500 ئەسكىرى بار»[②] كىچىك بەگلىك ئىدى، ئەمما ئۇنىڭغا قاراشلىق زېمىن ناھايىتى كەڭ بولۇپ، جەنۇبى بىۋاستە ئەنەتكەك بىلەن چېگرىلىنەتتى. ئىككى خەن دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن مىلادىيە 220 ـ يىللارغىچە بولغان 400 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە)دە ئەنەتكەك دۆلىتىنىڭ تەسىر كۆچى كەشمىر رايونىغا تېخى يېتىپ كەلمىگەچكە پاسيان بەگلىكىنىڭ جەنۇبىي تەرەپ چېگرىسى ھازىرقى كەشمىرنىڭ لاداق دېگەن يېرىنىڭ غەربىي قىسمىغا ۋە بالتىستان رايونى، يەنى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى[③].

پاسيان بەگلىكى شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، ئۇدۇنغا تەۋە بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە پاسيان بازىرى تەسىس قىلىنغان[④]. ئۇ، «ئالدىنقى خەننامە»دە «پاسيان»

( 皮 山)، «ۋېي تارىخىدىن قىسقىچە بايان»دا «پىرۇڭ» ( 皮 冗)، «ۋېينامە»دە «پۇشەن» ( 蒲 山)، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە « 固 满 » (گوما) دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان[5].

پاسىيان بەگلىكىنىڭ نامى ئەڭ ئاۋۋال، يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن « 皮 山» دەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى مۇشۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر ۋە بۇ رايوندا يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەر ـ جاي ناملىرى ئادەتتە، جۇغراپىيىلىك شەرت ـ شارائىت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت ـ شارائىت ئەكس ئەتكەن ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. «پاسىيان» دېگەن بۇ نام دەل مۇشۇ كېيىنكى تارىخىي شەرت ـ شارائىت ئامىلىغا تەئەللۇق بولۇپ، مەن ئۇنى يەر ـ جاي نامىلىرىنىڭ قويۇلۇشىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، قەدىمكى چاغدا شىنجاڭدا، جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى، پامىرنىڭ شەرقى ئېتىكىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ساكلارغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن. چۈنكى، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن ساكلار ـ پېرسىيىدە قۇرۇلغان ئەخمەنىيلەر خانلىقىنىڭ خانى دارىئۇس I (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 521 ــ 486 ـ يىللار) تەرىپىدىن ئورنىتىلغان بېھىستۇن مەڭگۈ تېشىدا نامى چېلىقىدىغان ساكلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئاساسەن ئاس (Assi)، پاسىيان (Pasiani)، توخار (Tochari) ۋە ساكارائۇل (sacarauli)دىن ئىبارەت تۆت قەبىلە ياكى قوۋمدىن تەركىب تاپقان[6] بولۇپ، ئۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئىلى ۋە چۇ دەرياسى بويلىرىدىكى زېمىنلىرىدىن غەربكە ــ سىر دەريا بويىغا كېچىپ، بۇ يەردىكى ماساگېتلارنى سۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلارنى پارسلار «ساكلار» دەپ ئاتىغان. تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 177 ـ، 176 ـ يىللىرى توخرىلار غەربكە كۆچكەنلىكتىن،

ئىلى ۋە چۇ دەريا بويلىرىدىكى ساكلار بۇ جايلاردىن جەنۇبقا سۈ-رۈلۈپ پامىردىكى ھەر قايسى جايلار ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا كىرگەن[7] ھەمدە بۇ جايلاردا قوش، ئاگنى، كۇ-سەن، قۇم، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق شەھەر دۆلەتلىرىنى بەرپا قىلغان[8].

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «ھۇنلار توخرىلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن، توخرىلار غەربتە ــ باكتىرىيىدە، ساكلار بولسا جەنۇبتا ــ كاپچا (كەشمىر)دە دەۋران سۈردى. ساك قوۋملىرى تارقاق ئىدى. بىر نەچچە دۆلەت بولۇۋال-غانىدى. سۇلى (قەشقەر)نىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەركەشتام-لىقلار، جۇەندۇ (ئۇلۇغچات)لارنىڭ ھەممىسى ساكلارغا مەنسۇپ ئىدى» دېيىلگەن[9]. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىر-رىلەنگەن يۇقىرىقى دۆلەت نامى ۋە يەر ناملىرىنى ئىنچىكە تەھ-لىل قىلساق، شۇنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇلارنىڭ كۆ-پىنچىسى ساكلارنىڭ يۇقىرىدا نامى ئاتالغان تۆت قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەنە شۇلارنىڭ بىرى قەدىمكى تارىم ئويمانلىقى-نىڭ غەربىي جەنۇبىدا قۇرۇلغان شاچې (莎车) دۆلىتىدۇر. بۇ دەل ساكلارنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان «ساكارائۇل»نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت[10].

دېمەك، شەرقىي ئۇدۇن، شىمالىي قۇم، غەربىي شىمالىي سا-كارائۇل، غەرب تەرىپى ساكنىيا (يېڭىسار)، چىغاپ، يولئېرىق، غەربىي جەنۇبىي كاپچا (بۇ بەگلىكلەرنى ساكلار قۇرغان) بەگلىك-لىرى بىلەن قوشنا بولغان پاسىيان بەگلىكى (皮 山 国)، ئې-نىقكى، ساكلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان پاسىيانلار قۇرغان بەگلىك ئىدى. شۇڭا، بۇ بەگلىكنىڭ نامى بەگلىكنى قۇرغان قوۋمنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

يۇ تەيشەن ئەپەندى «گوما (皮 山) ــ ماساگېت دېگەن نام-نىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسىدۇر»[11] دەيدۇ. بۇ قاراشنىڭ قانچە-

لىك ئىلمىي ئاساس بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ تارىخىي پاكىتقا ئانچە ئۇيغۇن بولماي قالغانلىقى ماساگېتلارنىڭ بۇ رايونغا كەلمىگەنلىكى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. چۈنكى، غەربنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن پتولېمې بەرگەن مەلۇماتتا بولسۇن ياكى ھىرودود، سترابولار بەرگەن مەلۇماتلاردا بولسۇن، ماساگېتلارنىڭ پامىردىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، «گۇما ( 皮山 ) «ماساگېت» دېگەن نامنىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسىدۇر» دېگەن قاراش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ.

1902 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى بولغان گۇما ئۆز ئالدىغا ئايرىلىپ چىقىپ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنى قەدىمكى پاسيان بەگلىكىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى «پاسيان»نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان «皮山»نى بۇ ناھىيىنىڭ خەنزۇچە نامى قىلىپ قوللاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ناھىيە ئۇيغۇرچىدا گۇما، خەنزۇچە «皮山» دەپ ئاتىلىشقا باشلىندى.

«گۇما» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە، ھازىر خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

«گۇما» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ يۇرتنىڭ ئەسلىي نامى «پىشار» ئىكەن، تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، قەدىمكى «پىشار» دۆلىتىنىڭ ئورنى زاڭگۇينىڭ تەخمىنەن ئون يول شىمالىدىكى قەدىمكى خارابە ئىزىدا بولۇپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جايدا ئۆرۈك ياخشى پىشمايدىكەن. ئەجدادلىرىمىز بۇ جاينى ئۆزلەشتۈرۈش مەقسىتىدە، ھەر خىل ئۆرۈك سورتلىرىنى ئۆستۈرۈپ كۆرۈپتۇ. بۇ جەرياندا، كىشىلەر دائىم بۇ جايدا «ئۆرۈك پىشارمۇ؟» دەپ سورايدىكەن. ئۆرۈك ئۆستۇرگۈچىلەر بولسا «پىشار» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يۇرتنىڭ نامى «پىشار» بولۇپ قاپتۇ. خەنزۇچە «پىشەن» ( 皮山 ) ئەنە شۇ «پىـ

شا»دىن ئۈزلەشكەن. كېيىنچە بۇ جايدىكى كىشىلەر بارا ـ بارا
هازىرقى گۇمىغا كۆچۈپتۇ. گۇمىنىڭ ئەينى زاماندىكى نامى «قۇ ـ
ما» (قۇما — يۇلغۇن ياكى توغراق نوتىلىرىدىن ياسالغان ئۆي
قۇشلىرى كاتىكى) ئىكەن. چۈنكى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆيلىرى
قۇمىغا ئوخشاش ياسىلىدىكەن (هازىرمۇ بۇنداق ئۆيلەر كۆپ)،
كېيىنچە «گۇما» بولۇپ قاپتۇ.

ئىزاهلار:

① «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى»، جۇڭخۇا خەرىتە ئىلمىي جەمئىيىتى،
1975 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم (غەربىي خەن دەۋرى)، 24 ـ،
25 ـ بەتلەر.

② «شىنجاڭ يەرلىك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما»،
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى
تۈزگەن، خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 27 ـ بەت.

③ سۇ بېيخەي: «غەربىي يۇرت تارىخ ـ جۇغراپىيىسى»، شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 27 ـ بەت.

④ «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى»، 1985 ـ يىل 2 ـ سان، خەنزۇچە،
4 ـ بەت.

⑤ فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1980 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 30 ـ بەت.

⑥ يۇتەيشەن: «ساكلار ھەققىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 1991 ـ يىل 1 ـ سان (خەنزۇچە)، 28 ـ بەت؛ يىن ۋېيشەن:
«‹ساك›نىڭ مەنىسى، كېلىپ چىقىشى ۋە جايلىشىشى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 1992 ـ يىل 2 ـ
سان 69 ـ بەت.

⑦ يۇتەيشەن: «ساكلار ھەققىدە ‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى›دە خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە 1989 ـ يىل 2 ـ سان، 125 ـ بەتتىن 129 ـ بەتكىچە.

⑧ فاڭ يىڭكەي: «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى»،
شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى،
1 ـ قىسىم، 25 ـ بەت.

⑨ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I »، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1962 ـ يىل نەشرى، 3884 ـ بەت «كەشمىر بابى».

⑩ «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 237 ـ بەت.

⑪ نىياز كېرىمى: «بەزى يەر ناملىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1992 ـ يىل 11 ـ يانۋار سانى، 4 ـ بەت.

# شىنجاڭدىكى قىسمەن يەر ناملىرى توغرىسىدا

ئامىنە ئابلىز، ئابدۇرېشىت ياقۇپ

شىنجاڭدىكى يەر ناملىرى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئامىللار، شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل ئادىتى، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. بۇ نامىلارنىڭ بەزىلىرى شىنجاڭدىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە بىزنى ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ياشاش شارائىتى توغرىسىدا مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن: «ئۈرۈمچى» دېگەن نامنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ، شىنجاڭدىكى قەدىمكى خەلق ھېسابلانغان ساكلارنىڭ تىلىدىكى ـــ «تاللىق، باراقسانلىق» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان «ئىرۇمچىنا» (irumcina) دېگەن سۆزدىن كەلگەن[1]. ئۇ، بىزگە (irumcina) دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ كۆرۈلگەن ۋاقىت ـــ 925 ـ يىللاردىمۇ شىنجاڭ رايونىدا ساكلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، بۇ جاينىڭ تاللىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدىكى بەزى يەر ناملىرى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار بىزگە مەزكۇر جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە مول بىلىم بېرىدۇ، مەسىلەن، «قىزىلسۇ» دېگەن نام شۇ رايوندىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا سۈيىنىڭ قىزىل رەڭلىك، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ قىزىل رەڭلىك سلانىت بەلباغ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، «بورتالا» (يېشىل ئوتلاق)، «ئۈچتالا» (ئۈچ ئوتلاق) دېگەن نامىلار بۇ رايونلارنىڭ مال بېقىشقا ئەپلىك ئوتلاق ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

يەنە بەزى يەر نامىلىرى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن: موڭغۇل تىلىدىكى «قاراۋۇل» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ماناس» سۆزىدىن تۈراقلىشىپ قالغان يەر نامى «ماناس» بىزگە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماناس دەرياسى بويىدىكى ھەربىي گازارما جانبالى (章八里) دا قاراۋۇل ئەسكەر تۇرغۇزغانلىقى، تېخىمۇ مۇھىمى ماناستا ھەربىي گازارما قۇرغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز تاشقورغاندىكى «مىڭ تۆگە داۋىنى» (مىڭ تۆگە ئۆتكەن داۋان مەنىسىدە) دېگەن نامدىن ئەينى ۋاقىتتا يىپەك يولى سودىسى ۋە قاتنىشىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

شىنجاڭدىكى يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ئەمگەك بىزنى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ۋە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىرمۇنچە پايدىلىق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز بۇ ماقالىمىزدا شىنجاڭدىكى بەزى يەر نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئىلمىيرەك بولغان قاراشلارنى رەتلەپ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرىمىز.

ئاقسۇ. ئاقسۇ مىلادىيىدىن بۇرۇن «گۇمو» (姑墨) دەپ ئاتالغان. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە «گۇمو»دىن باشقا يەنە «جىمو» (亟墨)، «خېمو» (和墨) دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان[②]. بۇ ئاقسۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ئاساسەن تۈركىي تىلدا بېرىلگەن «قۇم» دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى»دا كۆرۈلىدىغان «ۋېيسەي» دېگەن نام ئاقسۇنىڭ بۇرۇنقى نامى «ئونسۇ»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك، دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان[③]. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە ھازىر قوللىنىلىۋاتقان «ئاقسۇ» دېگەن نامنى تەكلىماكاندىكى كېتىك شەھىرىنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىشى، خەلقىنىڭ ئەردەۋىل

(مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئاقسۇنىڭ بۇرۇنقى نامى)گە كۆچۈپ كېلىشى، شۇنىڭدەك كۇسەنلىكلەر (كۇچالىقلار)نىڭمۇ قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تۈپەيلىدىن ئەردەۋىلگە كۆچۈپ كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ ئەردەۋىلگە سۇ باشلىغانلىقى، بۇ جەرياندا بىر موڭغۇل بىلەن بىر موللىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقە بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سۇنىڭ مەۋجىدە بىر موللا بىلەن بىر موڭغۇل ئېقىپ كەتتى. خەلقنىڭ پېشۋاسى خەلققە ۋارقىراپ: ‹موللىنى تۇتۇڭلار، موڭغۇل ئاقسۇن›، دېدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئول يۇرت ئاقسۇن دەپ ئاتالدى. كېيىن ئۆزگىرىپ ئاقسۇ ئاتىلىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ شەھەرنى ئەردەۋىل دەر ئىدىلەر»④ .
مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشىنى تولۇق ئاساسلىق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ رىۋايەت خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قانچىلىك رېئال تەركىب بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئاقسۇ»نى «ئاقسۇن»دىن كەلگەن دېگەندە، «ن» فونېتىمىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ قىيىن. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ چىڭ دەۋرىدىن ھازىرغىچە بولغان تەرەققىياتىدىن بۇ خىل تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسىگە پاكىت تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ. ۋاقىت جەھەتتىن قارىغاندىمۇ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بايان قىلغان ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىت بىلەن خەنزۇ تارىخنامىلىرىدىكى «阿克苏»نىڭ كۆرۈلگەن ۋاقتى بەك يېقىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇ تىلىدا «ئاقسۇن»نى ئۆز پېتىچە ئىپادىلەشكە پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدىغۇ؟ بىزنىڭچە ئاقسۇ دېگەن نام تۈركىي تىلىدىكى «ئاق» سۆزى بىلەن «سۇ» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، ئۇ، ئاقسۇدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا سۈيىنىڭ رەڭگىگە قاراپ قويۇلغان بولۇپ، «سۈزۈك سۇ» مەنىسىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىي تىلدا دەريا ياكى سۇ بار جايلارغا سۇ رەڭگى ياكى سۇ مەنبەسىگە ئاساسەن نام بېرىش بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەن، شۇڭا «ئاقسۇ»نى-

مۇ قىزىلسۇ، كۆكسۇ، بۇلاقسۇ دېگەنلەرگە ئوخشاشلا دەل مۇشۇ خىل ئەنئەنىنىڭ مەھسۇلى، چىڭ سۇلالىسى تارىخلىرىدىكى «阿克苏» دەل مۇشۇ «ئاقسۇ» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، دېيىشكە بولىدۇ.

قەشقەر. قەشقەر «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا «كىشغار» (可失哈儿)، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»دا «چىسخىر-ئىر» (乞思合儿) دەپ خاتىرىلەنگەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە «كاشىگىر» (喀什噶尔) دەپ يېزىلىشقا باشلىغان. «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت: بەزىلەر ئۇنى ھەر خىل رەڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قەش» سۆزى بىلەن خىشتىن قوپۇرۇلغان ئۆي مە-نىسىدىكى «قېر» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر «كاش» بىلەن قەدىمكى خوتەن تىلىدا «دۆلەت»، رايون مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان «قار» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈل-گەن دەيدۇ[5]. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا «سۇ-لى» دېگەن نام تىرناق ئىچىدە «قەشقەر» دەپ ئىزاھلىنىدۇ[6]. يەنە بەزىلەر «سۇلى»نىڭ بۇرۇن قەشقەردىمۇ كەڭرەك رايونلارنى كۆرسىتىدىغان يەر نامى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا «قەشقەر» بۇرۇن «سۇلى» (疏勒)دىن كىچىكرەك دائىـ-رىنى كۆرسىتىدىغان يەر نامى بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن: «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربتىكى مىللەتلەر تەزكىرىسى» (魏略. 西戎传) دە «جىيېشى» (竭石)، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا سەپەر خاتىرىسى»دە «چۇشا» (祛沙) دېگەندەك يەر نامىلىرى ئۇچرايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ سۇلى رايونىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلى-كى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ قەشقەرنىڭ «سۇلى»دىن كىچىك دائىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراش بىلەن ئوخشاش. خەنزۇ تا-رىخنامىلىرىدا خاتىرىلەنگەن «جىيېشى»، «چۇشا» دېگەنلەر ئورنى جەھەتتىن دەل قەشقەرگە تەڭ كېلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «جىيېشى»، «چۇشا»لارنى «كاش» بىلەن «قار»نىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن «كاشقار» سۆزىنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى «كاش»نىڭ ئاھاڭ

تەرجىمىسى دېيىشكە بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دا «قەشقەر»نى «قاشغەر» دەپ خاتىرىلىشىمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، ھازىرقى «قەشقەر»، «كاشقار»دىن كەلگەن دېگەن قاراش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن.

يەكەن. يەكەن غەربىي خەن دەۋرىدىلا خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا «شاچې»(莎车) دەپ خاتىرىلەنگەن. يۈەن دەۋرىدە «ياركەن» «鸭儿看» دەپ يېزىلغان. بۇ، ئەمەلىيەتتە، بىر يەر نامىنىڭ خەنزۇچە ھەر خىل ئاھاڭدا يېزىلىشىدىنلا ئىبارەت. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» («新疆图志»)، «غەربىي رايوندىكى سۇ يوللىرى خاتىرىسى» («西域水道记») ۋە «چىڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ ئورىگىنالى» («清史稿») قاتارلىق ئەسەرلەردە، «يەكەن»نى تۈركىي تىلدىكى «يەر» بىلەن «كەڭ»نىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن، ئۇ «بىپايان زېمىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىلگەن. خەلق ئىچىدە «يەكەن»نى «مېھماندوست» مەنىسىدىكى «يار» بىلەن «ئىكەن»نىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن دەيدىغان قاراشلارمۇ مەۋجۇت. چاغاتاي يېزىقىدىكى ئەسەرلەردە «يەكەن» ئىزچىل ھالدا «ياركەند» دەپ خاتىرىلەنگەن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «يەكەن»نىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئىزدەنگەندە، خەلق ئىچىدىكى «يارئىكەن» بىلەن چاغاتاي يېزىقىدىكى «ياركەند»نى بىرلەشتۈرۈپ قاراش كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىككىسى ئۆز-ئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ قايسىسىنى ئاساس قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەلۋەتتە، يازما خاتىرىلەردىكىنى ئاساس قىلىش كېرەك. چۈنكى، «يارئىكەن» ھەققىدىكى گەپلەر پەقەت مېھماندوست مەنىسىدىكى «يار» سۆزى بىلەن يۇرت مەنىسىدىكى «كەند» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. «ياركەند» سۆزىنىڭ «يەكەن» بولۇپ ئۆزگىرىشىدىكى ئۆتكۈنچى ھالەتنىڭ چالىراق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر. شۇڭا ھازىرقى «يەكەن»، «ياركەند»دىن كەلگەن دېيىش بىر ئاز ئەقىلگە مۇۋاپىق، چۈنكى خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا «鸭儿看»

دەپ خاتىرىلەنگەن نامنىڭ كۆرۈلۈشى بىلەن چاغاتاي يېزىقىنىڭ قوللىنىلىش دەۋرىنى سېلىشتۇرغاندىمۇ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

خوتەن. خەنزۇچە تارىخنامىلەردىن «تارىخنامە» (« 史 记 »)دىلا «يۈتيەن» (« 于 阗 ») دېگەن نام ئۇچرايدۇ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ۋە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي شىمالىي رايونلار ھەققىدە قوشۇمچە ماتېرىيال»دىمۇ خوتەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «خېدۈەن» (« 斡 端 »)، «خۇتەن» ( 忽 岩 ) دېگەن ناملار ئۇچرايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «خوتەن»، «ئۇدۇن» دەپ خاتىرىلەنگەن. 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردە خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «شۈەنزاڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى»دىمۇ «ئۇدۇن» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ[6]. بەزىلەر خەنزۇچە كىتابلاردا ئۇچرايدىغان «ۋېيچى» ( 尉 迟 )نىمۇ «ئۇدۇن»نىڭ يەنە بىر خىل تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ[7]. ئەمما، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا سەپەر خاتىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «خۈيۆخوتەن» ( 胡 曰 豁 旦 ) دېگەن ناملار ئۇچرايدۇ. «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى قاراشتى تىلىدا يېزىلغان «كھوتان» (khotan) دېگەن نامنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما، شۈەنزاڭ «يۈتيەننى» ھۇن تىلىدىكى سۆز دەپ چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، ھازىرقى «خوتەن» دېگەن نام «يۈتيەن»، «كھوتان»لارنىڭ راۋاجىدۇر. ئەمما، ئۇنىڭ زادى قايسى قايسىسىنىڭ بىۋاستە ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ھازىرچە مۇقىملاشتۇرۇش تەس. ئۇلارنى كۆرۈلگەن ۋاقىت تەرتىپى ۋە تىل ئۆزگىرىشى جەھەتتىن دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

قاراشەھەر. «قاراشەھەر» «تارىخنامە»، «خەن سالنامىسى»، «ۋېي سالنامىسى»، «جۇ سالنامىسى» قاتارلىق كىتابلاردا «يەنچى» ( 焉 耆 )[8]، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا سەپەر خاتىرىسى»دە بولسا «ئاچىنى» (阿耆尼) دەپ خاتىرىلەنگەن. ھازىرقى «قاراشەھەر» دېگەن نام بولسا چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىلـ

لىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان، خۇددى ئۆز ـ ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرغىنىدەك، ئۇ «قارا»، «شەھەر» سۆزلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، «بۈيۈك شەھەر»، «كاتتا شەھەر» دېگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ.

ئىزاھلار:

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي مەزمۇنلار ئۇچۇن قۇربان ۋەلىنىڭ «بىز ـ نىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق ئەسىرىنىڭ 178 ـ 183 ـ بەتلىرى ـ دىكى مەزمۇنلىرىغا قارالسۇن.

② «شىنجاڭنىڭ تۇزۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات»، 60 ـ بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 81 ـ بەت.

④ تۇردى ئەخمەت: «چاغاتاي تىلى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى ـ غا قارالسۇن.

⑤ گېڭ شىمىڭ: «تارىم ۋادىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىشى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى»گە قارالسۇن.

⑥ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1984 ـ يىل 10 ـ سان، 30 ـ بەت.

⑦ 2 ـ ئىزاھاتتىكى كىتابنىڭ 113 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑧ «焉耆» ھازىرغىچە «يەنجى» دەپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ توغرا ئوقۇلۇشى «يەنچى» بولۇشى كېرەك.

# قەدىمكى قوچو ـ بېشبالىق يولى ــ «تادى يولى» ھەققىدە

## ئابلىم قېيۇم

قەدىمكى قوچو ـ بېشبالىق يولى «تادى يولى» (他地道) تۇرپان ئويمانلىقىدىن جىمسار ناھىيىسىگە بارىدىغان يولنى ئاساس قىلغان بىردىنبىر تاغ يولى.

ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ ئىككى پايتەختى بولۇپ، بىرى يازلىق پايتەخت، يەنە بىرى قىشلىق پايتەخت ئىدى. يازلىق پايتەخت جىمساردىكى بېشبالىق قەدىمكى شەھىرى، قىشلىق پايتەخت قوچو شەھىرى ئىدى، بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان.

ئەينى چاغلاردىكى قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى ئىككى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئىشلىرىغا زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەنىدى. ئەجدادلىرىمىز ئىككى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىش ۋە قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق قەدىمكى قوچو ـ بېشبالىق يولى «تادى يولى»نى ئاچقان ھەم تۈتاشتۇرغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تادى يولى»غا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇيغۇر «تات»لىرى توغرىسىدا ماتېرىيال خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تۇرلۇك تېمىدا جەمئىي 242 كۇپلېت ئەدەبىي پارچە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەدەبىي پارچىلارنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تۆت چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچى، داستانلار، يەنى تاڭغۇتلار بىلەن بولغان جەڭ، قەبىلىلەر ئارا توقۇنۇشلار، دىنىي

مۇناسىۋەت تەپەيلىدىن مۇسۇلمان بولغان ‹تۈرك›لەرنىڭ ئۇيغۇر ‹تات›لىرىغا قارشى قىلغان يۈرۈشلىرى ...»[1].

يۇقىرىدىكى باياندىن بىلىشكە بولىدۇكى، «تادى يولى» قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنى مەركەز قىلغان بېشبالىق شەھىرى بىلەن قوچو شەھىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش لىنىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار «تات»لار دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يول «تات» يولى دەپ ئاتالغان. مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنى بىر - بىرى بىلەن باغلايدىغان بۇ يول خەنزۇچە ماتېرىياللاردا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «他地» دەپ خاتىرىلەنگەن.

دېمەك، شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن «تادى يولى» (他地道) مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن تات يولىدۇر.

ئىزاھات:

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 22 ـ بەت.

# ئۈرۈمچىدىكى ئىلگىرىكى بەزى يەر - جايناملىرى توغرىسىدا

## نىياز كېرىمى

رەستە ھازىرقى خانتەڭرى جامەسىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئىلگىرى رەستە دەپ ئاتىلاتتى. بۇرۇن ئۈرۈمچى ھازىرقى جۇجا-ۋەندە بولۇپ، ھازىرقى شەھەر ئورنىدا بىر قىسىم مەھەللىلەر بار ئىدى. نەنمېن، بېيمېن، داشىمېن دەپ ئاتىلىۋاتقان جايلار ئەسلىدە خېلى ئاۋات قەدىمىي مەھەللىلەر ئىدى. بۇ جايلاردا ئىلگىرى يېڭى مەھەللە، قازانچى مەھەللىسى، چۆيۈنچى مەھەللىسى، مال بازىرى، بۇلاق بېشى دېگەن مەھەللىلەر بار ئىدى. 1764 - يىلى دىخۇا (ئۈرۈمچى) قەلئەسى سېلىنىپ نەنمېن، بېيمېن، داشىمېن دېگەن يەرناملىرى پەيدا بولدى. 1767 - يىلى شەھەر سېپىلىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى پۇتۇپ قوۋۇق ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن بۇ جاي ئاۋاتلىششقا باشلىغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچىدىكى سودىسى ئاۋات مەركىزىي جايغا ئايلىنىپ رەستە دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، خەنزۇ سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقلى ياشاۋجۇ بىلەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئاقساقلى روزى ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ جايغا ھەر مىللەت سودىگەرلىرى بىرلىكتە سودا قىلىدىغان چوڭ، ئۈستى يېپىق بازار ياسالغان. بازارنىڭ شىمالى بېشى ھازىرقى نەنمېن ئاياغ - كىيىم ماگىزىنىغا، جەنۇب تەرىپى ھازىرقى خانتەڭرى جامەسىگە تۇتىشاتتى. بازارنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى قەۋەت بىنادەك كېلەتتى. بۇ يەردە تۈرلۈك ماللار سېتىلاتتى، زەرگەرچىلىك دۇ-

كانلىرى كۆپ ئىدى. ئالتۇن ئېلىپ ـ ساتىدىغان ئالتۇن بازىرى-مۇ مۇشۇ جايدا ئىدى. شۇڭا، بۇ جاي «ئالتۇن بازىرى» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

چوڭ كۆۋرۈك مەھەللىسى چوڭ كۆۋرۈكتىن نۇرباغقىچە بولغان جايلار چوڭ كۆۋرۈك مەھەللىسى دەپ ئاتىلاتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چوڭ كۆۋرۈك مەھەللىسىدە پەقەت بىر نەچچە ئورۇندا تۈگمەن بار ئىدى. قالغان جايلار بىر قىسمى بوز يەر، بىر قىسمى تېرىلغۇ يەر ئىدى. 1917 ـ يىلىدىن كېيىن شەخسلەرنىڭ ئۆي ـ جاي سېلىشى ئۈچۈن يەر سېتىپ بېرىلىشكە باشلىغان. بۇ مەھەللىگە ئەڭ دەسلەپتە سېلىنغان ئۆي ـ جايلاردىن ئەزنىباقى مەزىن قورۇسى، سېيىت تۆمۈرچى قورۇسى، توختى قاسساپ قورۇسى، لۈكچۈن غازى قورۇسى، داۋۇت ئىمام قورۇسى، باتۇرنىڭ قورۇسى، شايىت گەيجاڭ قورۇسى، هوشۇر هاجى قورۇسى، جاڭ زىيەن قورۇسى قاتارلىقلار بار ئىدى. 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ يەرگە ئۆي سالىدىغانلار تېخىمۇ كۆپەيدى. بۇ چاغلاردا شەخسلەر ئۆي سالغاندىن باشقا هۆكۈمەتمۇ ئۆي ـ جاي سېلىشقا باشلىدى. هازىرقى ئاۋئاتسىيە ئىدارىسىدىن نۇرباغقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆيلەر ھەربىي ئاشلىق توشۇش زاۋۇتى، لاتا ئاياغ لۈيى، گېزىتخانا، چۇسىلىڭ بېغى (هازىرقى نۇرباغ) قاتارلىق ئورۇنلار بەرپا قىلىنىپ، بۇ جاي ئاۋات مەھەللىگە ئايلانغان. بۇ مەھەللىلەرگە چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بارىدىغان بولغاچقا، «چوڭ كۆۋرۈك مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى چوڭ كۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇ چاغدا نۇرباغنىڭ شىمالى تەرىپى پۈتۈنلەي تېرىلغۇ يەر ئىدى.

قىزىلتاغ قىزىلتاغ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تاغنىڭ ئېگىز يېرى دېڭىز يۈزىدىن 918.6 مېتىر ئېگىز. 1779 ـ يىلى قىزىلتاغنىڭ ئۈستىگە بىر بۇت ياسالغان. بۇ بۇت «يۈيخۇاڭمياۋ» دەپ ئاتىلاتتى. 1781 ـ يىلى

قىزىلتاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يەنە بىر بوت ياسالغان. بۇ چاغلاردا دېھقانلار كالېندارى بويىچە 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەنزۇلار بۇ جايدا سەيلە ـ ساياھەت قىلاتتى ۋە تۈرلۈك ئويۇنلار - نى ئوينايتتى. بۇ بوت 1933 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

1788 ـ يىلى (چيەنلۇڭ 53 ـ يىلى) قىزىلتاغ بىلەن ياما - لىق تېغىنىڭ ئۈستىگە بىردىن مۇنار ياسالغان. يامالىق تېغى ئۈستىدىكى مۇنار 1970 ـ يىلى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. 1986 ـ يى - لى بۇ تاغ ئۈستىگە يەنە مۇنار ياسالدى. قىزىلتاغ ئۈستىدىكى مۇنار ھازىرغىچە ساقلانماقتا. 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ ئارمىيىسى قىزىلتاغ ئاستىغا مۇداپىئە ئۆڭكۈرى ياسىغان، بۇ ئۆڭكۈر ھازىرمۇ بار.

نۇرباغ نۇرباغ ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربى قىسمىدى - كى ئاۋات جايلارنىڭ بىرى. ئىلگىرى بۇ جاي يېشىللىققا پۈركەن - گەن، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان، ئۇن نەچچە ئورۇندا سۇپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان، بۆرە، تۈلكە، توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان تەبىئىي بوس - تانلىق ئىدى. 1759 ـ يىلى (چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى) بۇ جايغا بىر شىپاڭ ياسالغان ۋە ئەمەلدارلار ساياھەت قىلىدىغان جاي قىلىن - غان. 1802 ـ يىلى بۇ جايغا بىر باغچا ياسالغان ۋە ئۇنىڭغا «مىڭخۇيىيۈەن» يەنى «دانىشمەنلەر بېغى» دەپ ئات قويۇلغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ئامباللارنىڭ يۆتكىلىشى جەريانىدا بۇ نام تەدرىجىي يوقاپ كېتىپ، كېيىنچە «شىجايۈەن» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

1938 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ قېيىنئانىسى چۇزۇڭجۈن ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ خەلق ئىشلار نازارىتىگە نازىر بولغاندىن كېيىن بۇ جاينى ئىگىلىۋېلىپ، ئەتراپىغا قاشاتام سې - لىپ، ئىچىگە ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس قەسىر سالدۇرۇپ، بۇ جاي - نى «نۇرباغ» دەپ ئاتىغان. يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى «چۇسىلىڭ -

نىڭ بېغى» دەپ ئاتىغان. 1944 ـ يىلى شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، چۇ سىلىڭمۇ لەنجۇغا كەتكەن. 1946 ـ يىلى 11 بېتىمدىن كېيىن بۇ جاي نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكەن.

كۆل هازىرقى خەلق باغچىسى ئىلگىرى كۆل دەپ ئاتىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا هازىرقى خەلق باغچىسىنىڭ ئورنى پۈتۈنلەي قومۇشلۇق ۋە دەرەخلىك ئىدى. بۇ يەرنىڭ يەر ئاستى سۈيى يۇقىرى بولۇپ، بۇلاق ناهايىتى كۆپ ئىدى. بۇ يەردە بىر كۆل بار بولۇپ، بۇلاق سۇلىرى كۆلنىڭ بېشىدىن كىرىپ ئايىغىدىن چىقىپ تۇراتتى. كىشىلەر خالىغانچە سەيلە ـ ساياهەت قىلاتتى. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى كىشىلەر بۇ يەرگە كۆپلەپ كېلىپ تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايتتى. قىمار تاۋكىلىرى هەممىلا يەردە ئۇچراپ تۇراتتى. 1888 ـ يىلى كۆل چوڭايتىلىپ تۆت چاسا هالەتكە كەلتۈرۈلگەن هەمدە كۆلنىڭ جەنۇبىغا ئىككى قەۋەتلىك بىر راۋاق ياسالغان (هازىرقى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى راۋاق شۇ)، كۆلنىڭ شەرق تەرىپىگە بىر بۇت ياسالغان. بۇ بۇت «لوڭۋاڭمياۋ» دەپ ئاتالغان. هەر يىلى دېهقانلار كالېنداري بويىچە 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋە 6 ـ كۈنلىرى بۇ جايدا تۈرلۈك ئويۇنلار ئوينىلاتتى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، بۇ جاي «غەربىي باغچا» (شىگۇڭيۈەن) دەپ ئاتالغان. ئەينى يىللاردا بۇ جايدا ئاتلىق گارنىزوننىڭ بىر كىچىك ئەترىتى (شياۋمادۇي) تۇراتتى. 1918 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن بۇ جايغا ئۆزىگە يازلىق ئوردا سالدۇرۇش ئۈچۈن، خوتەندىن ئاتاقلىق ئۇستىلارنى ئېلىپ كېلىپ هازىرقى خەلق باغچىسى ئىچىدىكى كونىچە ئىمارەتنى ياساتقان. بۇ قۇرۇلۇش 1918 ـ يىلى باشلىنىپ 1922 ـ يىلى پۈتكەن. ئاندىن قۇرۇلۇش ئالدىغا بىر شىپاڭ ياساتقان. بىيجىڭدا ئۆزىنىڭ مىس هەيكىلىنى ياسىتىپ كېلىپ شىپاڭ ئىچىگە ئورناتقان ۋە بۇ شىپاڭغا قوشۇمچە قىلىپ بىر نەچچە شىپاڭ ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنى قىلدۇرغان. «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن، ياڭ زېڭشىننىڭ هەيكىلى ئېلىپ

تاشلانغان.

ئازادلىقتىن كېيىن خەلق باغچىسىنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى.

دۆڭكۆۋرۈك ئىلگىرى دۆڭكۆۋرۈك ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا بىر كۆۋرۈك بار ئىدى. بۇ كۆۋرۈك كۆتۈرۈپ سېلىنغان بولغاچقا، يەردىن خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، شۇڭا بۇ كۆۋرۈك دۆڭ-كۆۋرۈك دەپ ئاتالغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېخى بۇ يەردە كۆۋرۈك يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدىغان بولغاچقا، ئەتىيازدا شامالباغ تەرەپتىن كەلگەن قار سۇلىرى، ياز ۋە كۈز كۈنلىرىدىكى يامغۇر سۇلىرى ئەتراپقا يامراپ، چوڭ - كىچىك كۆلچەكلەرنى ھاسىل قىلىپ، قاتناش ئىشلىرىغا زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا (يەن داخۇا ۋاقتىدا) بۇ يەردە كەلكۈن ئاققۇزۇش ئېرىقى چېپىلغان. ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان. شامالباغ تە-رەپتىن كەلگەن كەلكۈن سۈيى خۇاڭچېڭ قەلئەسىنىڭ شىمالىي تېمىنى بويلاپ، ھازىرقى تىنچلىق يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن ھازىرقى «دۆڭكۆۋرۈك مىللىي ماللار سودا سارىيى»نىڭ ئالدى بىلەن ئۆتۈپ، بوغدا مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاندىن ئۈرۈمچى دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. ئېرىق پۈتكەندىن كېيىن ھازىرقى سودا سارىيىنىڭ ئالدىغا بىر كۆۋرۈك سېلىنىپ قاتناش ئىشلى-رىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇلغان. شۇ چاغلاردا بۇ كۆۋرۈكنى كىشىلەر «دۆڭكۆۋرۈك» دەپ ئاتىغان. ئەمما، خەنزۇلار «ئېرداۋچياۋ» دەپ ئاتىغاچقا، كېيىنچە ئۇيغۇرچە «دۆڭكۆۋرۈك» دېگەن نامى تاشلىنىپ قالغان. ھازىر يەنە «دۆڭكۆۋرۈك» دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈلدى.

دۆڭكۆۋرۈك مەھەللىسى دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدىكى مەھەللىلەر دۆڭكۆۋرۈك مەھەللىسى دەپ ئاتىلاتتى. دۆڭكۆۋرۈك مەھەللىسى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئاۋات، تارىخى ئۇزۇن قە-دىمىي مەھەللە ئىدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى دۆڭكۆۋ-رۈكنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن دۆڭكۆۋرۈكتىن ئۇچتاشقا بارىدى-

غان يولنىڭ شەرقىدىكى جەنۇبىي تىنچلىق كوچىسى ئەتراپلىرىدا كونا ئۆي ـ جايلار خېلى كۆپ ئىدى. بۇ يولنىڭ غەرب تەرىپىدە ئۆي ـ جايلار ناھايىتى ئاز ئىدى. 1917 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ يەرلەردىن يۇقىرىلارغا ئۆي ئورنى ئۈچۈن يەر سېتىپ بېرىلىشكە باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆي ـ جايلار كۆپىيىپ، بۇ مەھەللە ئاۋاتلاشقان. ئازادلىق ھارپىسىدا (1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا) ھازىرقى تاشقى سودا ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئورنى كۆكتات تېرىلىدىغان يەر ئىدى. بوغدا مېھمانخانىسىنىڭ ئورنى دەريا ئېقىنى ئىدى. خۇاڭچېڭنىڭ ئىچى 1943 ـ يىلىدىن بۇرۇن قەبرىستانلىق ئىدى. 1943 ـ يىلىدىن كېيىن يۇقىرىلارغا ئۆيلۈك يەر كېسىپ بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن خۇاڭچېڭدا ئۆي ـ جايلار پەيدا بولغان. دۆڭكۆۋرۈكنىڭ شەرقىدىكى تىنچلىق يولىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يول ياقىسىدا پەقەت بىرلا قورۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپى پۈتۈنلەي قەبرىستانلىق ئىدى. ھازىرقى 17 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن بىلەن 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئورنى پۈتۈنلەي قەبرىستانلىق ئىدى.

رەستە مەسچىتى رەستە مەسچىتى ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ قەدىمى مەسچىت بولۇپ، ئۇ 1750 ـ يىلى سېلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا مەسچىت ئەتراپىدا قەشقەرلىكلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسچىت «قەشقەر مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. 1864 ـ يىلى دىخۇا (ئۈرۈمچى) قەلئەسى ياسىلىپ، بېيمېن، داشىمېن، نەنمېن دېگەنناملار پەيدا بولغاندىن كېيىن «نەنمېن مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە بۇ جاي ئاۋاتلىشىپ شەھەر مەركىزىگە ئايلانغان، شۇنىڭدىن باشلاپ «رەستە مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يەنى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا شىنجاڭدا مىللىي زۇلۇم چېكىگە يېتىپ، خەلق تۇرمۇشى قىيىنلاشقان. بۇ چاغدا روزى ھاجىم كەمبەغەللەرنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ، يوقسۇللارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلغان ۋە مەسچىت ئىشلىرىغىمۇ ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىقتىسا-

دي جەھەتتىن ياردەم قىلغان، شۇنداقلا مەسچىتكە خەيرى ـ سا ـ خاۋەت ساندۇقى ئورنىتىپ، خالىس ساخاۋەتچىلەرنىڭ پۇلىنى يىغىپ، كەمبەغەللەرنى يۆلەپ، خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان.

1901 ـ يىلى مەسچىت يېنىدىكى ۋەخپە يەرگە دىنىي ۋە پەننىي دەرسلەر ئۆتۈلىدىغان مەكتەپ قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپكە بۇخارا، قەشقەر ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئاتاقلىق مۇدەر ـ رىسلەر دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان. بۇ مەكتەپ 1953 ـ يىلىغىچە بار ئىدى. 1983 ـ يىلى بۇ مەسچىت ناھايىتى كونىراپ ناماز ئوقۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، پېچەتلىـ ـ ۋېتىلگەن. 1984 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ مەسچىت چېقىۋېتىلىپ، ئورنىغا يېڭى مەسچىت سېلىندى، بۇ مەسچىتكە «خانتەڭرى جامەسى» دەپ نام بېرىلدى. بۇ جامەنىڭ ئېگىزلىكى 55 مېتىردىن ئاشىدۇ، كۆلىمى 2500 كۋادرات مې ـ تىر، بۇنىڭ ئىچىدە 737 كۋادرات مېتىرلىق ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇن ۋە ھاممام، 150 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كۇتۇپخانا بار، شۇنداقلا يەر ئاستى سودا سارىيىمۇ بار.

# قەشقەر دېگەن نام قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغان؟

يۇنۇسجان ئېلى

قەشقەر دېگەن نامنىڭ قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا قەدىمكى دەۋردە ياشىغان سەيياھلاردىن تارتىپ تاكى ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرگىچە نۇرغۇن قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەقتىكى قاراشلار، ئاساسەن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىلدىن ئىبارەت:

ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى»نىڭ ئۇيغۇرچە 1985 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى شەھەر قەشقەر ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز» ناملىق ماقالىسىدە «قەشقەر دېگەن نامنىڭ قاچان قويۇلغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق بىر نەرسە خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، بىراق ‹تارىخىي خەمسە›نىڭ 677 ـ بېتىدىكى ‹بالاساغۇن، كۆبالىق، كاشغەر، بارسخان شەھەرلىرىنىڭ بايانى› دېگەن پاراگرافتىكى ئومۇمىي مەزمۇندىن قارىغاندا، بۇ نامنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇپ، قەشقەرگە ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن قويۇلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ ‹بىلادساغۇن›، (تاش ۋە ‹خىش› بىلەن زىننەتلەنگەن بۈيۈك شەھەر) دېگەن ئىسمىنىڭ پارسچە تەرجىمىسى ‹كاشىنگار›دىن كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ» دېيىلگەن.

يۈۋېيچىڭنىڭ «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەرناملىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا «10 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرۇن سۇلى

دەپ ئاتالغان بۇ جايدا، يېڭى بىر ھۆكۈمەت نامى يەنى، قەشقەر دېگەن نام ئوتتۇرىغا چىقتى» دېيىلگەن.

ئابلىمىت روزىنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ ئۇيغۇرچە 1986 ـ يىللىق 3 ـ سانى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى)دا ئېلان قىلىنغان «يەر ناملىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە «مەيلى مەھمۇد كاشغەرىي، مەيلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسۇن، بۇ شەھەر ھەققىدە بەلگىلىك مەلۇمات بېرىدۇ. يەنە شۇ دەۋردە ئۆتكەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ساۋاقدىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇۋاتقان تارىخچى ئالىم ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن كاشغەرىي (1082 ـ يىلى ۋاپات بولغان)نىڭمۇ ‹كاشغەر تارىخى›، ‹مەسكەنى ئۇستادىيان› (ئۇستازلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايلىرى) ناملىق زور ھەجىملىك ئىككى كىتاب يازغانلىقى مەلۇم (بۇ كىتابلار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن). دېمەك، 9 ـ ئەسىردىن كېيىنكى بارلىق مەنبەلەردە ھازىرقى قەشقەر رايونى كاشغەر دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن.

سۇبىيخەينىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ خەنزۇچە 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى)دا ئېلان قىلىنغان «سۇلى دېگەن نام ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسى بىلەن خۇ جېنخۇانىڭ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە 1985 ـ يىللىق 4 ـ ئىيۇل سانىدا ئېلان قىلىنغان «يىپەك يولىدىكى ئۈچ سۇلى» ناملىق ماقالىسىدە قەشقەر دېگەن نامنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

دېمەك، قەشقەر دېگەن نامنىڭ قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى قاراشلاردا، ئاساسەن قەشقەر دېگەن نام، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان دېگەن قاراش بىلەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان دېگەن ئىككى خىل قاراش ئالغا سۈرۈلگەن، ئۇنداق بولسا قەشقەر دېگەن نام زادى قاچانلاردىن باشلاپ قوللىنىلغان؟!

بىزگە مەلۇم، يەر ـ جاي ناملىرى «شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ئالاھىدىلىكى، مەشھۇر كان بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئاتاقلىق كىشىلەر، قەھرىمانلار نامى، شۇ ئورۇننى تاپقۇچىلارنىڭ نامى، يۈز بەرگەن تەبىئىي ھادىسىلەر ... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان»[1] بولۇپ، ئۇ، ئادەتتە جۇغراپىيىلىك تەبىئىي شەرت ـ شارائىتلار ئەكس ئەتكەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت ـ شارائىتلار ئەكس ئەتكەن ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە تارىخىي تەرەققىيات، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئۆسۈشى قاتارلىق تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەشقەر دېگەن ناممۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن، ئەلۋەتتە.

قەشقەر «شەرقىي خەن ۋە غەربىي خەن كىتابى»، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «سۈي سۇلالىسى تارىخى»، «كونا ۋە يېڭى تاڭنامە»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردا بىردەك «سۇلى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»تە «كاشغەر» دەپ تىلغا ئېلىنغان. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» بىلەن «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»دا چىسخېئېر (乞思合儿)، كېشىخار (可失哈儿) دەپ، «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى»دا خاشىخار (哈失哈儿) دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدە بولسا كاشىگېر (喀什噶尔) دەپ يېزىلغان. يۇقىرىدىكىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرساق، دەرۋەقە قەشقەر دېگەن نامنىڭ يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ قوللىنىلغان دەپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى، خەنزۇچە مەنبەلەردە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ قوللىنىلغان دەپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس.

قەشقەر يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلگەندەك، شەر-قىي خەن ۋە غەربىي خەن دەۋرىدە «سۇلى» دەپ ئاتالغاندىن باشلاپلا، سۇلى دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە چۇشكۇنلىشىشىگە ئەگىشىپ، بەزىدە «سۇلى» دەپ ئا-تالغان بولسا، بەزىدە سۇلى دۆلىتىنىڭ قارىمىقىدىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ نامى بىلەنمۇ ئاتالغان. سۇلى دۆلىتى مۇشۇ يۇزلى-نىشتە، مىلادى 8 - ئەسىرگە كەلگەندە، تارىخىي مەنبەلەردە سۇ-لى (疏 勒) دېگەن نام بىلەن بىرگە يەنە «قەشقەر» دېگەن نامىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇ ھەقتە مىلادى 8 - ئەسىردە ئۆتكەن چاۋشيەنلىك راھىب خۇيچاۋنىڭ «ھىندىستاندىكى بەش دۆلەت خا-تىرىسى»دە «پامىردىن بىر ئاي پىيادە يول يۈرۈپ، سۇلىغا يېتىپ كەلدۇق، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزلىرى جياشىجىلىگو (伽 师 祇 离 国) دەپ ئاتايدىكەن»② دېيىلگەن. خۇيچاۋ بىلەن زاماندىش بولغان قەشقەرلىك ئالىم خۇيلىن ئۆزىنىڭ «بارچە نوملارنىڭ ئىزاھى» ناملىق ئەسىرىدە قەشقەرنى « 伽 师 信 黎» (KaShgiri) دەپ تىلغا ئالغان③. «ئوكيانۇس»تا «سۇلى غەربىي ئەلدىكى دۆلەت نا-مى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ... جياشىجىلى (伽 师 祇 离) دەپ ئاتالغان»④ دېيىلگەن. دېمەك، بۇ يەردىكى ئاھاڭ جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان « 伽 师 祇 离» دېگەن خەت بىلەن « 伽 师 信 黎» دېگەن سۆزنىڭ خەن-زۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشىدۇر، ئەڭ ئەقەللىيسى « 祇 离» بىلەن « 噶 尔»مۇ ئوخشاش بىر خىل ئاھاڭنىڭ پەرقلىق يېزى-لىشىنى كۆرسىتىدۇ⑤. بۇنىڭدىن قەشقەر دېگەن نامنىڭ 8 - ئە-سىردىلا تارىخىي مەنبەلەردە ئاللىقاچان خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆ-رۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، قەشقەر دېگەن نامنى قاراخانىيلار دەۋ-رىدە ياكى يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوللىنىلغان دەپ قاراش تارى-خىي پاكىتلارغا ئانچە ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك.

ئىزاھلار:

① راخمان تۆمۈرشا: «يەر ناملىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى)، ئۇيغۇرچە، 1984 - يىللىق 1 - سان.

② گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ۋەسىقىلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 29 - بەت.

③ جۇلىيەنكوەن: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسىدىكى تارىخ - جۇغراپىيىگە دائىر تەتقىقاتلار»، خەنزۇچە نەشرى، 207 - بەت.

④ «ئوكيانۇس» (كىچىلىتىلگەن نۇسخا)، خەنزۇچە نەشرى، 1808 - بەت.

⑤ تېڭتىيەن فېڭبا (ياپونىيە): «خۇيچاۋنىڭ ھىندىستاندىكى بەش دۆلەت خاتىرىسىگە شەرھى»، جۇلىيەنكوەننىڭ كىتابىدىن نەقىل كەلتۈرۈلدى.

# تارىختىكى «سۇلى» بىلەن بۈگۈنكى «سۇلى» بىر جاي ئەمەس

ئابلەت ئابباس

تارىختىكى «سۇلى» (قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگ-لىكنىڭ بىرى) بىلەن بۈگۈنكى «سۇلى» (قەشقەر يېڭىشەھەر نا-ھىيىسى)نىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى ئوخشاشلا سۇلى (疏勒) بول-غاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بىر بو-لۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇلار جۇغراپىيىلىك ئورنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئورۇننى كۆر-سىتىدۇ.

تارىختىكى «سۇلى» غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدىغان غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى — سۇلى بەگلىكىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭ خەنزۇچە نامى تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى «شالى» (沙勒)، «چۇشا» (佉沙) دېگەنناملار بىلەنمۇ ئاتالغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «جياشىجىلى» (伽师祇离) دەپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە 乞思合儿 دەپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خاشخار» (哈失哈儿) دەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «كاشگېئېر» (喀什噶尔) دەپ ئاتالغان. ئەينى ۋاقىتتا سۇلى بەگلىكىنىڭ چېگرىسى شەرقتە بارچۇق (مارالبېشى)قا، شىمالدا ئاقسۇغا، غەربتە تاشقورغانغا، شەرقىي جەنۇبتا قاغىلىققا تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ پايتەختىنىڭ كونكرېت ئورنى توغرىسىدا ئې-نىق مەلۇمات يوق. بەزىلەر بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پايناپ دېگەن جايدىكى ئەسكى ھېسار خارابىسىنى

قەدىمكى سۇلى بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولۇشى مۇمكىن دەپ قا‐رىسا، يەنە بەزى كىشىلەر بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ 27 كى‐لومېتىر شەرقىدىكى خانئۆي خارابىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

تارىختىكى سۇلى بەگلىكى دەۋرىدە بۈگۈنكى يېڭىشەھەر نا‐ھىيە بازىرى تېخى شەكىللەنمىگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى چىيەن‐لۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) قەشقەردىكى چوڭ ـ كىچىك خوجا (خوجا بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھانگىر) باستۇرۇلغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىككى چاقىرىم غەربىگە توغرا كې‐لىدىغان جايغا بىر قەلئە ياسىلىپ، ئۇنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئورۇنلاش‐تۇرۇلغان. داۋگۇاڭنىڭ 6 ـ يىلى (1827 ـ يىلى) بۇ قەلئە خوجا بۇرھانىدىننىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا جاھانگىر يېغىلىقىدا ۋەيران بولىدۇ. 1828 ـ يىلى جاھانگىر خوجا بېيجىڭدا ئۆلتۈ‐رۈلگەندىن كېيىن، ئىلى جاڭجۈنى جاڭ لىڭ قەشقەردە يېڭىدىن بىر قەلئە ياساش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. قەشقەرلىك مەشھۇر ئۆ‐لىما، مەرھۇم ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ تارىخىي ئەسىرى «ۋاقىئاتى كاشغەر»دىكى مەلۇمات ۋە خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، يېڭىدىن بىنا قىلىنىدىغان قەلئەنىڭ ئورنى ئۈچۈن باشتا قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پايناپ دېگەن جاي تاللىنىپ ئىش باشلانغان. پايناپتا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسى بولغاچقا، قەشقەرنىڭ ئۆلىمالىرى، يۇرت كاتتىلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇنداق بىر ئەپچىل چارىنى ئويلاپ تاپقان: ئۇلار مەخسۇس ئادەم بۇيرۇتۇپ پاختەكلە يېزىسىدىن بىر تاغار يىلان تۇتتۇرۇپ كېلىپ، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان قەلئە سېپىلى ئىچىگە تۆكۈۋەتكەن. تاڭ يورۇغاند‐دىن كېيىن قەلئە قۇرۇلۇشىنىڭ باش نازارەتچىسى تۇڭ دارىن چېدىر ئىچىدىن چىقىپ قەلئە ئىچىدىكى لۆمشۈپ يۈرگەن

يىلانلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن ۋە دەرھال قەشقەرنىڭ ئۆلىما-لىرى بىلەن يۇرت كاتتىلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ مەسلىھەت سورىغان. قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرى، ئىسكەندەر ۋاڭ مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ئەلنەزەر ئا-خۇنۇم (لۇكچۇنلۇك) مۇنداق دېگەن: «يىلان بولسا ئەجدىھار ئائى-لىسىگە مەنسۇپ مەخلۇقتۇر، ئەجدىھار بولسا جانابلىرىنىڭ ئەجدادىدۇر. بۇ يەردە يىلانلارنىڭ قوزغىلىپ كېتىشى ئەجدادلى-رىنىڭ روھى قوزغىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. دېمەك، جا-نابلىرىنىڭ ئەجدادلىرى بۇ جاينى مەقبۇل كۆرمەپتۇ. شۇڭا، قەل-ئە ئۈچۈن باشقا بىر جاينى تاللىماق لازىمدۇر». توڭ دارىن بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىپتۇ ۋە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پايناپتىكى بىر گەزچە ھۇل سېلىنغان قەلئە قۇرۇلۇشىنى توختىتىپ، ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ ئورنى — قاراقىرنى تاللاپتۇ.

قاراقىردا قەد كۆتۈرگەن بۇ قەلئەگە جاڭ لىڭ خۇيۇۋئەن (回武安) دەپ نام بەرگەن. ئۇيغۇرلار قەدىمكى قەشقەر شەھىرى بىلەن ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان بۇ يېڭى قەلئەنى «يېڭىشەھەر» دەپ ئاتىغان (قەشقەر شەھىرى مانا شۇ چاغدىن باشلاپ «كوناشەھەر» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولغان).

1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ۋىلايەت، ئايماق، ناھىيىلەر تەسىس قىلىنغان. شۇ چاغدا بۈگۈنكى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى (ئەينى چاغدا يو-پۇرغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى) ۋە كوناشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئاساس قىلىنغان بىر بىۋاستە ئايماق تەسىس قىلىنىپ، يېڭىشەھەردىكى خۇيۇۋئەن قەلئەسى ئايماق مەركىزى بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرى تارىخنامىلارغا پۈتۈلگەن بەن چاۋنىڭ ئەينى زاماندىكى سۆلى بەگ-لىكىنى تايانچ قىلىپ غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرغان تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، تارىختا ئىستېمالدىن قالغان « 疏 勒» دېگەن نامنى مەزكۇر ئايماقنىڭ نامى قىلىپ بېكىتىپ « 疏 勒 直 隶 州»

دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلار ئۇنى «يېڭىشەھەر ئايمىقى» دەپ ئاتىغان. يېڭىشەھەر ئايمىقى 1902 ـ يىلى يېڭىشەھەر مەھكىمىسىگە، 1913 ـ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن.

«سۇلى» دېگەن نامنىڭ نېمە مەنانى بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ھازىرغىچە كىشىنى قايىل قىلارلىق مەلۇمات يوق. بەزىلەر، «سۇلى» دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركىي تىل بولۇپ، «سۇلۇق يەر» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى تارىختىكى سۇلى بەگلىكىنىڭ سۈيى ئەلۋەك، مەنزىرىسى گۈزەل ئىدى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا قېرىنداش تۈركىي تىللاردىمۇ «سۇ» دېگەن بۇ سۆز ئەسلىي لۇغەت مەنىسى ۋە ئىستېمال قىممىتىنى يوقاتمىغان، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر، قەدىمكى زاماندا بۇ يەردە سوغدى تىلىنىڭ «ل» دىئالېكتىدا سۆزلىشىدىغان سوغدىلار ياشىغان. شۇڭا، ئۇلار بۇ جاينى «سوغلى» دەپ ئاتىغان، «سۇلى» ئاشۇ «سوغلى»نىڭ ئۆزگەرمىسى، ئەلچى جاڭ چيەن بۇ يەردىن ئۆتكەندە، ئۇنى خەنزۇچە سۇلى (疏勒) دېگەن ئىككى خەت بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلغان، دەپ قارايدۇ. «سۇلى» دېگەن بۇ نام «سۇللاغ» ياكى «سۇلۇغ»نىڭ ئۆزگەرمىسى دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. لېكىن، يۇقىرىقى كۆز قاراشلار پەقەت قىياس، شۇڭا بۇنى ئىلمىي ئاساستا ئىسپاتلاپ چىقىش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا، ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

# قەدىمكى شەھەر ــ روران

## توختى تۇراخۇن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ــ روران قەدىمكى شەھەر خارابە ئىزى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىگە، يەنى لوپنور كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″89°55′22، شىمالىي پارالل ″40°29′55 ئارىلىقىدىكى ئارىلاشما تۇپراقلىق رايونغا توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى زاماندا بۇ جايدا روران دۆلىتى قۇرۇلغان. بۇنىڭدىن 4000 ـ 6000 يىل ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل، سۈيى مول، مۇھىتى بوستانلىق، يېرى مۇنبەت ئىدى. بۇ يەردە بۇغداي تېرىلاتتى، چارۋا بېقىلاتتى، كىگىز ئېتىلەتتى، گىلەم، يۇڭ رەخت توقۇلاتتى، تېرە ئاشلاپ كۆن ـ خۇرۇم ئىشلىنەتتى. بۇ يەردىكى خەلق كۆن ئىلاھىغا چوقۇناتتى، ئۇلار يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم، قۇش پېيى قادالغان ئۇچلۇق بۆك كىيەتتى، ياغاچقا نەقىش ئويۇش سەنئىتىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. ئومۇمەن، بۇ جايدا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇلۇغ نامايەندە بولالايدىغان پارلاق كەشپىياتلار بارلىققا كەلگەنىدى①.

جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە داڭقى كەتكەن بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ نامىنى ئەڭ قەدىمكى ھۆججەتتىن، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلى ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ خەن سۇلالىسىغا يازغان بىر پارچە مەكتۇبىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭدا: «تەڭرى بەخت

ئاتا قىلغانلىقى، سەركەردە ۋە لەشكەرلەر سەر خىل، ئات ـ ئۇلاغلار كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ياۋچىلارنى قىرىپ، ئەسىر ئېلىپ ۋە مەغلۇپ قىلىپ، روران، ئۇيسۇن، خۇجى دۆلەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 دۆلەتنى تىنجىتىپ ئۆزۈمگە قاراتتىم»[②] دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن «روران» دېگەن نامنىڭ مىلادىيىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنلا مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئارخېئولوگلار روران خارابىسىدىن تاپقان خەنزۇچە پۈتۈكلەردە بۇ شەھەر « 楼兰» (روران) دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، «قارۇشتى يېزىقى»[③]دىكى ھۆججەتلەردە «Kroraina» (كروراينا) دەپ خاتىرىلەنگەن. ھازىر بەزى چەت ئەللىك ئالىملار « 楼兰»نى «كروراينا»نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن دەپ قارىماقتا.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن غەربىي رايوننى تۇنجى قېتىم ساياھەت قىلىپ قايتىپ بارغاندىن كېيىن، پادىشاھ خەن ۋۇدىغا سۇنغان دوكلاتىدا: «روران خانلىقىنىڭ سېپىلى بار ئىكەن، ئۇ، تۇزلۇق كۆل (لوپنور كۆلى)گە يېقىن ئىكەن» دەپ يازغان[④]. ئەمما، مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر، بولۇپمۇ دەريالار قۇرۇپ، قۇملارنىڭ بوستانلىقلارغا كۆچۈپ كىرىشى تۈپەيلىدىن بۇ ئاۋات قەدىمكى شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى ھەر تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن، بۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر تەدرىجىي «تاشلىنىپ» قالغان. 4 ـ ئەسىردە ئېلىمىزنىڭ داڭلىق بۇددا ئالىمى فا شيەن بۇ جايدىن ئۆتكەندە خارابىلىقنىڭ «ئۆلۈكلەر ماكان»غا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. ئەمما، بۇ شەھەر ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىغان. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ 7 ـ ئەسىردە بۇ جايدىن ئۆتكەندە بۇ جاينىڭ ئاللىقاچان خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. دېمەك، بۇ قەدىمكى شەھەر 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ تاشلىنىپ قالغان.

ئارخېئولوگىيە ئىلمىدا «ئالتۇن ماكان» ھېسابلىنىدىغان بۇ

قەدىمكى شەھەرنى 1900 ـ يىلى شۋېتسىيىلىك جۇغراپىيە ئالـ ـمى ۋە داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن (1865 ـــ 1952 ـ يىللار) شىنجاڭغا كېتىۋېتىپ، ئۇيغۇر يول باشلىغۇ ـ چىلارنىڭ ياردىمىدە تۇنجى بولۇپ تاپقان. ئۇ، بۇ قەدىمكى شەھەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى شەھەرنىڭ تېپىلىـ ـشى مەيلى جۇغراپىيە ياكى تارىخ جەھەتتىن بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 1901 ـ يىلى مەن بۇ قەدىمكى شەھەر ـ گە قايتا بارغىنىمدا، بىر خارابىلىقتىن 150 نەچچە تارشا پۈتۈك ۋە قەغەز پۈتۈك قېزىۋالدىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە يىلنامە خا ـ تىرىلەنگەن، بۇ شەھەر روران شەھىرى دەپ ئاتىلىدىكەن»[5]. روران خارابىسىنىڭ تېپىلىشى ئەنگلىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. بۇنىڭ بىلەن 1906 ـ ۋە 1914 ـ يىللىرى ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ستەيىن (1862 ـــ 1942 ـ يىللار)، 1909 ـ ۋە 1911 ـ يىللىرى ياپونىيىلىك ئارخېئولوگ تاچىبانا قاتارلىق چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى روران قەدىمكى شەھىرىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن بۇ قەدىمكى شەھەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قىزىقىشى بىردەك بولغاچقا، زور مىقداردىكى قەدىمكى ھۆججەت، تارشا پۈتۈك ۋە ئارخېئولوگىيە ئىلمىدا قىممـ ـمىتى يۇقىرى بولغان تۈرلۈك ماددىي بۇيۇملارنى ئېلىپ كەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ 70 ـ يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى ئارخېئولوگـ ـيە خادىملىرى روران خارابىسىنى نۇقتا قىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدا كۆپ قېتىم زور كۆلەملىك ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپتى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمـ ـيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى

مۇشۇنىڭ يۇقىرىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئاساسىدا «سىرلىق قەدىمكى شەھەر روران» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ، ئۇنى 1987 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى.

روران قەدىمكى شەھىرىدە ئەينى چاغدىكى شەھەر سېپىلى ۋە سېپىل ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى بىناكارلىقلار دائىر ئىزلار، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار ساقلىنىپ قالغان. شەھەر سېپىلى سېغىز توپا بىلەن يۇلغۇن شېخىدىن ياسالغان بولۇپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدە كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان. قالدۇق سېپىلنىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن بەش مېتىردىن سەككىز يېرىم مېتىرغىچە، ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن تۆت مېتىرغىچە كېلىدۇ. شەھەرنىڭ ئورنى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئەسلىدىكى سېپىلنى ئاساس قىلىپ ھېسابلىغاندا، شەرقىي تەرەپتىكى سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 333.50 مېتىر، جەنۇبىي تەرەپتىكىسىنىڭ تەخمىنەن 229 مېتىر، غەرب ۋە شىمال تەرەپتىكىلىرىنىڭ تەخمىنەن 327 مېتىر كېلىدۇ. تۆت تەرەپتىكى سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىزى بار. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان بىر قەدىمكى ئۆستەڭنىڭ ئىزى بولۇپ، ئۇ شەھەرنى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ، شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدە كېسەكتىن ياسالغان سەككىز بۇرجەكلىك، ئۇستى تەرىپى يۇمىلاق بىر بۇددا مۇنارى بار، ئۇنىڭ قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10.62 مېتىر كېلىدۇ. مۇنار ئەتراپىدىن ياغاچتىن ياسالغان بۇددا ھەيكەللىرى، ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ ئويمىلار ۋە رەختكە گۈل بېسىشتا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ قېلىپ قاتارلىقلار تېپىلدى. مۇنارنىڭ 30 مېتىرچە شەرقىدە ئۆيلىرى پۈتۈنلەي يۇلغۇن شېخى بىلەن لايدىن ياسالغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق چوڭ بىر ئىمارەت ئىزى بار. ئۇ، قەدىمكى تارىم-

لىقلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى تېپىلىك ما-تېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۆي ئەتراپىدىن ئەينى چاغدا ئىشلىتىل-گەن ئىشىك ۋە كېشەك پارچىلىرى، ئۆي ئىچىدىن كۆپ مىقداردا بۇغداي قالدۇقلىرى تېپىلدى. مانا بۇلاردىن روراندىكى لىقلارنىڭ مۇ-قىم ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزىگە زۆرۈر بولغان شەھەر ـ قەلئەلەرنى بىنا قىلىش بىلەن بىللە دېھقانچىلىق قىلغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋې-لىشقا بولىدۇ. مۇنارنىڭ 50 مېتىرچە جەنۇبىدا كۆلىمى زورراق بولغان يەنە بىر قۇرۇلۇشنىڭ ئىزى بار بولۇپ، بۇ جايدىنمۇ نۇر-غۇنلىغان قەدىمكى بىناكارلىق ئەۋرىشكىلىرى، خەنزۇچە ۋە قا-رۇشتى يېزىقىدىكى تۇرلۇك ھۆججەتلەر، يىپەك رەخت پارچىلى-رى، تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان ھەر خىل نەقىشلىك ياغاچ بۇ-يۇملار، ھەر خىل قەدىمكى پۇللار، تامغىلار ۋە ئالتۇندىن ياسالغان كىچىك تىپتىكى زىننەت بۇيۇملىرى، مىس ئەينەك بۇيۇملار، ھەر خىل مارجان قاتارلىقلار تېپىلدى، ئۆستەڭنىڭ غەربىي تە-رىپىگە ئولتۇراق ئۆيلەر زىچراق جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايدىنمۇ خەنزۇچە ۋە قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر، ياغاچ مېتىر (ئۆلچىگۈچ)، سىرلانغان ھەر خىل ياغاچ جابدۇقلار، ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى، يىپەك رەخت، يۇڭ رەخت، پاختا رەخت، چارۋا بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قوتان ئىزلىرى، بېلىق تۇتۇش قوراللىرى قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملار تېپىلدى. مانا بۇلار يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىگە جايلاشقان بۇ قەدىم-كى شەھەرنىڭ، ئەينى چاغدا، ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن ئاۋات شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار-دىن باشقا، روران خارابىسىدا خەنزۇچە ۋە قارۇشتى يېزىقىدا يې-زىلغان ياغاچ پۈتۈك ۋە قەغەز پۈتۈكلەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگى-لەيدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەينى چاغدىكى روران دۆلىتىنىڭ تۇرلۇك ئورگان ئالاقىلىرى ۋە ھەربىي ئىشلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ـ سېتىق، ئۆرپ ـ ئادەت، بىناكارلىق، تېبا-

بىي ئىلىم قاتارلىقلار ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇ-رۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە روران دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى، قانۇن - تەرتىپلىرى ۋە روران دۆلىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان دۇڭخۇاڭ، قەدىمكى قارا شەھەر، قەدىمكى كۇچا، قەدىمكى خوتەن، قەدىمكى قوچۇ (ئىدىقۇت) قاتارلىق دۆلەتلەر ھەققىدىمۇ ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇلار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. ئاز بىر قىسمىلا شىنجاڭ مۇزېيى ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئو-لوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئىزاھلار:

① «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 34 - بەت.

② «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 50 - بەت.

③ قارۇشتى يېزىقى: ئەرەب يېزىقىنىڭ قولىيازما شەكلىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن. بۇ يېزىق مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردە ھىندى دەريا ۋادىسىدا ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللىنىشكە باشلى-غان. بۇ يېزىق شىنجاڭدا كەم دېگەندە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىر-دىن 5 - ئەسىرگىچە يەنى تەخمىنەن 700 يىل داۋام قىلغان. ئۇ لوپنور كۆ-لى رايونىدىن خوتەنگىچە بولغان كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان. (ئا)

④⑤ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 51 - بەت.

# قەشقەر شەھىرىدىكى بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرىدىن قەشقەرلىكلەرنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىك شەكلىگە نەزەر

مۇختەر ئابدۇرېشىت

يەر نامىلىرى مەلۇم بىر رايونغا بەلگە سۈپىتىدە قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، شۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ شۇ رايوننىڭ تارىخى، سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىشلىق قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىمىزدە قەشقەر شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئاساسلىق يەر ـ جاي ناملىرىنى كۆرۈپ ئۆتۈش ئارقىلىق قەشقەر خەلقىنىڭ ئاساسلىق ياشاش ئۇسۇلى (ئادەتلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تىرىكچىلىك شەكلى) بىلەن بىر قۇر تونۇشۇپ چىقىمىز.

(1)

ھازىر قەشقەر شەھىرىگە تەۋە تۆت مەھەللە باشقارمىسىدا 99 كوچا ـ مەھەللە بار بولۇپ، بۇنىڭ 30ى ھۈنەر ـ كەسىپ نامى ۋە بازار نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇلارنىڭ نامىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 . ئەۋرىشىمكار كوچىسى. يىپەكچى، شايى توقۇغۇچىلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا.

2 . شامچى كوچىسى. شام ياسىغۇچى ۋە ساتقۇچىلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا.

3 . ئەلگەكچى كوچىسى. ئەلگەكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا.

4 . قازانچى يار بېشى كوچىسى. چۆيۈن قازان ـ مەش قاتار ـ

لىقلار قۇيمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار مەركەز ـ لىك ئولتۇراقلاشقان كوچا. بۇ جاي تۇمەن دەرياسى بويىدىكى يار ـ لىققا جايلاشقان بولغاچقا يار بېشى مەھەللىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

5 . چەكمەنچى كوچىسى. چەكمەن توقۇپ چەكمەن چاپان تىكىدىغان كاسىپلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا.

6 . بورىچى كوچىسى. بورا توقۇش ۋە سېتىش بىلەن شۇ ـ غۇللىنىدىغان كاسىپلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا.

7 . كوزىچى يار بېشى. كوزا قاتارلىق ساپال بۇيۇملارنى يا ـ ساپ ساتىدىغان كۇلالچىلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا.

8 . تاغارچى كوچىسى. تاغار، پالاس توقۇيدىغان كاسىپلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا.

9 . زەيتاپ كوچىسى. زەيتاپ (پاختا، يۇڭ ئاتقاندا ئىشلىتى ـ لىدىغان ئاساسلىق ئەسۋاب) ياسايدىغان ۋە زەيتاپتا ئاتقۇچىلىق قىلىدىغان كاسىپلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا.

10 . زەرگەر كوچىسى. زەرگەرلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كوچا.

11 . زىلچا ـ گىلەم كوچىسى. زىلچا ـ گىلەم توقۇيدىغان كاسىپلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا.

12 . ياغاچچى كوچىسى. ياغاچچىلار مەركەزلىك ئول ـ تۇراقلاشقا كوچا.

13 . جىڭچى كوچىسى. چوكا جىڭ ياساشنى ئاساسىي كە ـ سىپ قىلغان كاسىپلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان كوچا.

14 . گوداڭ كوچىسى. گوداڭ (ماتا پىششىقلاشتا ئىشلىتى ـ لىدىغان ياغاچ توقماق، بۇ سۆز ئەسلىي كۇدۇڭ ئىدى) ياسايدىغان ۋە ماتا ـ خام پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كاسىپلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقا كوچا.

15 . ياچى كوچىسى. ئىلگىرى بۇ كوچىدا ئەگمە يا ياسايدى ـ غان ئۇستىلاردىن بىر نەچچىسى ئولتۇراقلاشقان ئىكەن.

16 . موفاڭ كوچىسى. موفاڭ خەنزۇچە سۆز بولۇپ، يارغۇن ـ

چاق ياكى يارمىخانا دېگەن مەنىدە، ئەسلىي بۇ كوچىدا ماش ــ پۇرچاق تارتىدىغان كاسىپلاردىن بىر نەچچىسى ئولتۇراقلاشقاچقا، شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن.

17 . دەڭ كوچا. ئىلگىرى بۇ كوچىدا (مەھەللىدە) ئات ــ ئېشەك، هارۋا قويىدىغان بىر نەچچە دەڭ (ساراي) بولغانىكەن.

18 . تۇماق، دوپپا بازىرى. بۇ ئورۇندا تۇماق، دوپپا قاتارلىق باش كىيىملەر سېتىلىدۇ.

19 . قوناق بازىرى. بۇ هەر خىل ئاشلىقلار سېتىلىدىغان بازارنىڭ نامى.

20 . قاسقان بازىرى. قاسقان، تۇۋاق، چويلا ــ چۆمۈچ ياسىلىدىغان ۋە سېتىلىدىغان بازار جايلاشقان كوچا نامى.

21 . ياغ بازىرى. هەر خىل ئۆسۈملۈك ياغلىرى سېتىلىدىغان كوچىنىڭ نامى.

22 . كېپەك بازىرى. كېپەك، ئاقئۇششاق، كۇنجۇرە قاتارلىق يەم ــ خەشەك سېتىلىدىغان كوچىنىڭ نامى.

23 . ئۆرۈك بازىرى. ئۆرۈك ــ شاپتۇل، قوغۇن ــ تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەر سېتىلىدىغان كوچىنىڭ نامى.

24 . پاختا بازىرى. پاختا ــ چىگە، يۇڭ ــ تىۋىت سېتىلىدىغان كوچىنىڭ نامى.

25 . تاش بازىرى. بۇ ئورۇندا بۇرۇن تۈگمەن تېشى ۋە تۇلۇق تېشىغا ئوخشاش تاش سايمانلار سېتىلغان. بۇ كوچا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

26 . قايماق بازىرى. سۈت، قېتىق، قايماق سېتىلىدىغان كوچىنىڭ نامى.

27 . سەي بازىرى. تۈرلۈك كۆكتات سېتىلىدۇ.

28 . كەتمەن بازىرى. كەكە، پالتا، كەتمەن ــ ئورغاق قاتارلىقلار ياسىلىدىغان ۋە سېتىلىدىغان كوچىنىڭ نامى.

29 . ئۆتۈك بازىرى. هەر خىل ئاياغ كىيىملەرنى تىكىدىغان ۋە ساتىدىغان كوچىنىڭ نامى.

30 . خام بازىرى. خام، بۆز، چىكەن قاتارلىق يەرلىك تو-
قۇلمىلار سېتىلىدۇ.

يۇقىرىقى 30 نام ھەم مەھەللە ـ كوچا نامى، ھەم بازار نامى بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەر بىر كوچا ـ مەھەللىلىرىگە قە-
دەر قويۇلغان. بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرى قەشقەر شەھىرىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ 30 پىرسەنتىگە يېقىنلىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئارقا ئوردا، ئوردا ئالدى، جاڭ قورغان، ئوردا ئىشىكى، كونا ئوردا، كونا دەرۋازا، قارقى دەرۋازا، سېپىل تۈۋى، يۇمىلاق شە-
ھەر، خەزىنىچى بەگ مەھەللىسى قاتارلىق خان ـ پادىشاھ، ئوردا ـ ساراي، سېپىل ـ دەرۋازا بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى، ئې-
گىز ئېرىق، تۇرۇمتاي كۆلى، قۇرۇق تېرەك، نور بېشى، ئۆستەڭ بويى، تۇمەن بويى، باغچا كوچىسى، بەش ئېرىق، قۇرۇق كۆل بې-
شى، بۇلاق بېشى، دۆلەت باغ، نەزەرباغ، شامال باغ، يارباغ، تۆرە-
يار باغ، گۆرباغ، چاھار باغ قاتارلىق باغ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆل ـ بۇلاقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك نامىلار، ئارسلانخان، ھەزرەت ھېكىم ئاغىچام، ئوراڭقاي، ئارىپ ھاجىم كوچىسى، داموللام كوچىسى، خوجا ئەلا ئاخۇنۇم كوچىسى، ئىمىن خەلپىتىم كوچىسى قاتارلىق تارىخىي شەخس، دىنىي ئەربابلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان نامىلار، ئەنجان كوچىسى، ئەنجان رەستىسى، ئاتۇش مەھەللىسى، غوجا گۇزىرى، جانان كوچىسى، ئەلچىخانا كوچىسى قاتارلىق ئىمتىيازلىق جايلار نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى؛ قىزىل دۆۋە، دۆڭ كوچا، يېڭى جاي، ئاراكوچا، ئوي كوچا، پايناپ، ئارا-
يار، كەسكەن يار قاتارلىق تەبىئىي ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قويۇل-
غان نامىلار، ئازات كوچا، خەلق يولى، ئايرودروم يولى، تەنتەربىيە يولى، مەدەنىيەت يولى، ساغلاملىق يولى قاتارلىق يېقىنقى يىللاردا قويۇلغان نامىلارمۇ بار. بىراق، بىز بۇ ماقالىمىزدە ئال-
دىنقى 30 يەر نامى ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

**(2)**

شۇنداق ئوخشىتىشقا بولىدۇكى، تارىختا كاتتا مەدەنىيەت

بەلبېغى بولغان يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى قەشقەر شەھىرى چوڭ بىر قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسى، ھەر بىر كوچا ـ مەھەللە بىر سېخ؛ ھەر بىر ئائىلە بىر بەن ـ گۇرۇپپا، ھەر بىر ئائىلە ئەزاسى بىر ئۇستىكار ياكى شاگىرت ئىدى. ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىسىدە تىلغا ئېلىنىدىغان 72 خىل ھۈنەرنىڭ ھەممىسى قەشقەردە تېپىلىدۇ. ئاز دېگەندە شەھەردىكى ھەر بەش ئائىلىنىڭ ئۈچى ھۈنەرۋەن ئائىلىسى، قالغان ئىككىسى تىجارەتچى ياكى باشقا كەسىپدار. بىرەر ئەزاسى ھۈنەرۋەن بولمىغان ئائىلىلەر ئاساسەن يوق. بىرەر ھۈنەر كەسىپ ئىگىلىمىگەن ئەر ئەل قىلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالالمايدۇ، ھۆرمەتلەنمەيدۇ. بىرەر ئاددىي ھۈنەر بىلىدىغان قىزلار كېلىنلىك نامزاتىغا تېزرەك كىرەلەيدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ تۈنجى ئوقۇتقۇچىسى بولغان ئانىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھېچبولمىغاندا دوپپا تىكەلەيدۇ ياكى ماشىنا تېپەلەيدۇ. «ھۈنەر قىلساڭ ئۈنەر»، «ھۈنىرى يوق ئەردىن يانتاق ئۈنگەن يەر ياخشى» دېگەن ئەقىدە پۈتۈن قەشقەر ۋادىسىدا ئورتاق، شۇڭا نۇرغۇن ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپسىز چوڭ بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ ـ دە، ئوقۇۋاتقان باللىرىنىمۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ھۈنەر ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ. گەرچە ھۈنەر ئۆگىنىشنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشتىن ئەلا بىلىدىغان ئەنئەنىۋى قاراشنى تەشەببۇس قىلىشقا بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپكە بولغان ئىخلاسىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. قەشقەردە يەنە ھۈنەرگە تۇتۇپ بېرىش، ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولغاندا دۇكان ئايرىپ قويۇش قاتارلىق ئىشلار مۇكەممەل مۇراسىم تۈسىنى ئالىدۇ.

**(3)**

قەشقەر شەھىرى چوڭ بىر بازار. بۇ بازاردا بولىدىغان سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ئۆز تۈرى بويىچە ھەر قايسى كىچىك بازارلارغا ئايرىلغان. ئادەم بارلىكى جايدا بازار بار. ئازراق دەسمايىسى بارلارنىڭ ھەممىسى تىجارەتچى سۈپىتىدە سودا قىلالايدۇ. يول

ئۈستىدە ئۆيى بار ھەر قانداق بىرى، يول تەرەپتىن بىر ئىشىك ـ لىك تامنى چېقىپ ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىتىۋالسىلا، ئۇ دۇ ـ كاندارغا ئايلىنىدۇ ياكى بولمىسا ئادەم كۆپرەك ئۆتىدىغان يول دوقمۇشىغا بىرەر بوتكا قويۇپ ئالسا، تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدۇ. مۇۋاپىق مەبلەغ سېلىپ توغرا يول بىلەن تىجارەت قىلىپ ھالالدىن پۇل تاپقۇچىلار تىرىشچان، ئېپى بار، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم دەپ قارىلىپ ھۆرمەتلىنىدۇ. شۇڭا، يې ـ قىندىن بۇيان كەسپىي تىجارەتچىلەردىن باشقا، يەنە شەنبە، يەك ـ شەنبە، ياكى تەتىللىك چار بازارچى، توپ ئېلىپ ئىش ئورنىدا پارچە ساتىدىغان تىجارەتچىلەر قوشۇنىمۇ بارلىققا كەلدى. ھېچ ئىش قىلالمىغاندا ئېشىنچا پۇلنى بىرسىگە دەسمايە قىلىپ بې ـ رىپ، پايدىسىنى تەڭ كۆرۈدىغانلارمۇ بار. قەشقەردە كىچىك با ـ لىلارنى كىچىكىدىن سودا ـ تىجارەتكە كۆندۈرۈش ئومۇمىي كەي ـ پىياتقا ئايلىنىپ كەتكەن. ياغيۇ ـ پۇرچاق پىشۇرۇپ سېتىش، سەرەڭگە ـ سوپۇن، پايپاق ـ پەلەي ئېلىپ سېتىش سودا ـ تى ـ جارەتنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ. بازارنىڭ قەشقەر شەھە ـ رىدىكىدەك بۇنداق ئىنچىكە ئايرىلىشى — بىر ئالاھىدىلىك. باشقا يۇرتلاردا ئاشلىق بازىرى، مېۋە ـ چېۋە بازىرى، ياغاچ بازى ـ رى، مال (چارۋا) بازىرى دەپ ئايرىلسا، قەشقەردە تېخىمۇ ئۇش ـ شاقلاپ قوناق بازىرى، ياغ بازىرى، كېپەك بازىرى، ئۆرۈك بازى ـ رى، قوغۇن بازىرى، ساندۇق بازىرى، بۆشۈك بازىرى، ئىشىك با ـ زىرى، قوي بازىرى، ئات بازىرى، توخۇ بازىرى، كەپتەر بازىرى دەپ ئىنچىكە ئايرىلىدۇ. باشقا بازارلارمۇ ئۆز تۈرى بويىچە ئە ـ شۇنداق ئىنچىكە ئايرىلغان.

قەشقەر شەھىرىنى بىر بازار مۇزېيى دېيىشكە، يېقىندىن قۇ ـ رۇلغان ئوتتۇرا ـ غەربىي ئاسىيا ئۇنىۋېرسال بازىرىنى بازار كۆرگەزمىخانىسى دېيىشكە بولىدۇ. ياپونىيە گۇڭتۇڭ ئاگېنتلى ـ قىنىڭ توكيوغا يوللىغان تېلېگراممىسى خەۋىرىدە بۇ بازار مۇنداق تەرىپلەنگەن. «ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ بازار خۇددى بىر كى ـ

چىك شەھەرگە ئوخشايدىكەن، شۇبھىسىزكى بۇ بىز كۆرگەن ئا-
سىيادىكى ئەڭ چوڭ بازاردۇر». شىخەنزە شەھەرلىك ھۆكۈمەت
ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ بازارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن
مۇنداق دەپ خاتىرە قالدۇرغان: «بۇ بازاردا ئايروپىلان، زەمبىرەك-
تىن باشقا ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدىكەن. كۆلىمى 200
موغا يېتىدىغان بۇ بازاردا 200 مىڭ بازارچى سودا - سېتىق
قىلالايدىكەن». بۇ بازاردا چوڭلىرى موتسىكلىت، تېلېۋىزور،
كىچىكلىرىدىن ياماقچىلار ئىشلىتىدىغان كۆن - خۇرۇم پۇرۇچ-
لىرىغىچە سېتىلىدۇ.

**(4)**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
تەشەببۇسى ھەممە كىشىدە يۇكسەك دەرىجىدىكى تاۋار ئېڭى،
قىممەت ئېڭى ۋە بازار ئېڭى، رىقابەت ئېڭى بولۇش تەشەببۇسى-
دۇر. ئەمەلىيەتتە خېلى بۇرۇنلا شەھەر تۇرمۇشىغا قەدەم قويغان
قەشقەر جەمئىيىتى ئۇچۇن ئېيتقاندا، تاۋار ئېڭى، قىممەت ئې-
ڭى، رىقابەت ئېڭى — بازار ئېڭى خېلىدىن بۇيان مەۋجۇت ئىدى.
كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى شەكىللەنگەن قەشقەر بازارلىرى گەرچە
كۆپ قېتىم ئورۇن يۆتكەش، نام يۆتكەش، مال قۇرۇلمىسىنى يې-
ڭىلاش قاتارلىق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ،
بازارغا بولغان ئېھتىياج، ئىشتىياق، قىزغىنلىق، بازار كۆلىمى،
بازارچىلار جامەسى ۋە بازارغا بولغان سېلىنما نىسبىتى قاتارلىق
جەھەتلەردە ئىلگىرىلەش بولۇپ، چېكىنىش بولمىدى. مەسىلەن:
دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مايلامچىلار بازىرى، ئەشمە (سالما)
چاچ بازىرى، تارغاق - سۇزگۇچ بازىرى دېگەندەك بىر قىسىم كو-
نا بازارلار يوقالغان ۋە يوقىلىۋاتقان بولسىمۇ، موتسىكلىت - ۋې-
لىسىپىت بازىرى، تېلېۋىزور، ئۇنئالغۇ بازىرى دېگەندەك يېڭى
بازارلار پەيدا بولماقتا. دەۋرىمىزنىڭ ئىسلاھات دولقۇنىدا بىر
قىسىم يەرلىك مىللىي ھۇنەر - كەسىپلەر بازار رىقابىتىگە دۇچ
كەلدى. مەسىلەن: تاۋاق - ھىجىر ۋە كوزا - ئۇرىق ياساشنى

ئاساس قىلغان كۇلالچىلىق كەسپى، تاقىچىلىق، ناھالچىلىق كەسپى، ئىگەر ـ توقۇم ياساش كەسپى، چىنە قاداقچىلىق كەسپى قاتارلىقلار بىر تەرەپتىن يوقىلىش خەۋپىدە تۇرۇۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كەسىپلەر شاگىرتسىز ـ ئىزباسارسىز قېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، زامانغا ماس ھالدا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتچىلىقى كەسپى، ئاپتوموبىل، موتسىكلىت رېمونتچىلىقى كەسپى باش كۆتۈردى. مەلۇم مەنىدىن مىللىي ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپلەر زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر تەبىئىي شاللاش بولۇپ، ھازىرقى زامان رىقابىتى ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ تۇرمىغاندا، ئۇنى ئۇزاق مەزگىل ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قەشقەر شەھىرىدەك ئاھالىسى كۆپ، دائىرىسى كىچىك، ئىجتىمائىيلاشقان سانائەت كارخانىلىرى كەمچىل بولغان شەھەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى يا ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىش، يا سودا ـ تىجارەتكە كىرىشىش بولغان. گەرچە ئازادلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بېرى، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىك ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش بولغان، نۇرغۇن كىشى دەۋرگە لايىق كەسىپلەر، زامانىۋى تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىراق تەبىئىي مۇھىتىنىڭ چەكلىمىسى، قاتناش شارائىتىنىڭ نىسبەتەن ناچار بولۇشى تۈپەيلى قەشقەردىكى نۇرغۇن ئاھالىلەر يەنىلا ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە بازار تىجارىتى ئاساس قىلىنغان تىرىكچىلىك شەكلى بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا. ئەلۋەتتە بۇنداق بولۇشىدا پىسخىك ئۇدۇمۇ رول ئوينىغان. شۇڭا، مۇشۇ مەنىدىن تەھلىل قىلغاندا، قەشقەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىگەرچىلىكنى ئاساسىي تىرىكچىلىك ۋاستىسى قىلىپ ياشىشى مۇمكىن.

قەشقەر شەھرىدە شۇنچە كۆپ ھۈنەر ۋە بازار ناملىرىنىڭ يەر نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىشى، قەشقەر شەھرىنىڭ بۇ جەھەتتە باشقا يۇرتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرۇشى تاسا-دىپىي ئەھۋال ئەمەس. بۇ، مۇشۇ شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدا يا-شاۋاتقان ئاھالىنىڭ كەسپىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ۋە تىل ئىشلىتىش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

قەشقەر شەھرىدە ھۈنەر – كەسىپ ۋە سودا – تىجارەت ئو-مۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ كەتكەن، كاسىپلار ۋە تىجارەتچىلەر ئۆز كەسپى بويىچە مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، شۇنىڭ بىلەن ھۈنەر – كەسىپلەرنى مەركەز قىلغان بازار – رەستىلەر پەيدا بولغان ھەمدە نىسبەتەن مۇقىم بولغان سودا – تىجارەت سورۇن-لىرى قۇرۇلغان. نەتىجىدە كىشىلەر كوچا – مەھەللىلەرگە ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتقا ۋە ئۆزىنىڭ ئىش – ئوقىتىگە قاراپ ئات قويغان ھەمدە بۇ نامنى ئەسىرلەردىن بېرى قوللىنىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىشى، تەبىئىيكى، ساتىدىغان ياكى ئالماشتۇرىدى-غان سورۇن — بازارنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلغان. شۇنىڭ بى-لەن ھەر خىل بازارلار پەيدا بولغان. بازارلار ھۈنەر – كەسىپنىڭ تېخىمۇ جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قەشقەر شەھرىدىكى يەر – جاي ناملىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، قەشقەر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ھايات تىرىكچىلىكى ئاساسەن ھۈنەر – كەسىپ ۋە بازار تىجارىتىنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك شەكلىدىن ئىبارەت بولغان.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**

① «قەشقەر شەھرىنىڭ يەر – جاي ناملىرى تەزكىرىسى»، 1984 – يىلى نەشرى.

② فېڭ شۇنىڭ «مۆجىزە يارىتىش» ناملىق چوڭ ئاخبارات ئەدەبى-ياتى — «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، 91 – يىللىق 9 – سان.

# يەكەن دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

## ياقۇپ ئەمەت

يەكەن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «شاچې» (莎车) دەپ خاتىرىلەنگەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ «يېئېرچياڭ» (叶儿羌) دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. خەنزۇچە «叶儿羌» سۆزى ئۇيغۇرچە «ياركەند»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت.

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» ۋە «چىڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەردە «ياركەند» تۈركىي تىلدىكى «يەر» بىلەن «كەند»نىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن بولۇپ، «بىپايان زېمىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىلگەن. خەلق ئىچىدە «ياركەند»نى «مېھماندوست» مەنىسىدىكى «يار» بىلەن «ئىكەن»نىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن دەيدىغان كۆز قاراشلار بار. مېنىڭچە، «يەكەن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئىزدەنگەندە، خەلق ئىچىدىكى «يارئىكەن» بىلەن چاغاتاي يېزىقىدىكى «ياركەند»نى بىرلەشتۈرۈپ قاراش كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىككى سۆز بىر ـ بىرىگە باغلىق ھەم بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ قايسىسىنى ئاساس قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەلۋەتتە، يازما خاتىرىدىكىلەرنى ئاساس قىلىش كېرەك. چۈنكى ئالدىنقىسى «يەكەن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى پەرەز بولسا، كېيىنكىسى ئىزچىللىق ھەمدە بىر خىللىقتا ئىگە يازما پاكىتتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا «ياركەند» دېگەن نام قانداق كېلىپ چىققان؟

قەدىمكى يەكەن شەھىرى 1462 ـ يىلى سۇلتان ئەخمەت خان زامانىدا بۇددىست باتۇر تۇمەنخان قەبرە يادىكارلىقى بويىدىكى كەڭ يارلىق ئۈستىگە سېلىنغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «يار ـ كەند» دېگەن ئىسىم داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شۇ شەھەرنىڭ كېـ ـيىنكى مەركىزى رېگىستان (ھازىرقى يەكەن ناھىيىلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) بولۇپ، «رەگ» پارس تىلىدا «قۇم» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ. «غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى»دە «ياركەند» «يېرى كەڭ» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بەزى كىشىلەر بۇ ئۇ ـ قۇمنى دەلىللەش ئۈچۈن، قاراخانىيلار خانلىرىدىن بولغان سۇلـ ـتان سۇتۇق بۇغراخان (ئابدۇكېرىم)نىڭ نەۋرىسى يۈسۈپ قادىر ـ خان بۇ يەرگە «ياركەن» دەپ نام بېرىپتىكەن، دېيىشىدۇ. بىراق، بۇنىڭدىن «يارلىق»، «يار ـ دوست» ۋە ياكى «يېرى كەڭ» دېگەن مەنە چىقمايدۇ. خەنزۇچە «يېئېرچياڭ» نامى ئەڭ دەسلەپ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆز خەنزۇچە ماتېرىياللاردا تا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنىپ كەلگەن. 1759 ـ يىلىدىن باشلاپ رەسمىي 叶儿羌 (ياركەند) دەپ يېزىش بەلگىلەنگەن. يەكەننىڭ جۇغراپىيىلىك يەر شەكلىدىن قارىغاندا، «ياركەند» سۆزى «يار بو ـ يىدىكى كەنت» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇنداق: 950 ـ يىلى ۋە 1110 ـ يىلى يەكەن دەرياسىغا زور كەلكۈن كېلىپ، يە ـ كەن شەھىرىنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان، كەلكۈن زەربىـ ـسىدىن يەكەن دەرياسىمۇ بىر كېچىدىلا ئۆز ئېقىنىنى ئۆزگەرت ـ كەن. شۇ قېتىمقى كەلكۈندە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بەرپا قىلىنـ ـغان جۇجۈيخۇا بۇددا مۇنارى (بايدۆۋە)نىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك كەنت يار لېۋىدە ساقلىنىپ قالغان. ھەر تەرەپكە سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەن خەلق يەنە بىر ـ بىرلەپ بۇ كىچىك كەنتكە كېـ ـلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بىر بازارنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا، يار لېۋىدىكى بۇ كىچىك كەنتكە كىشىلەر «ياركەنت» دەپ نام بەر ـ

گەن. مانا مۇشۇ كىچىك بازار ئاساسىدا 1276 ـ يىلى 6 ـ قېـ-
تىم يەكەن كونا شەھىرى بەرپا قىلىنغان.
دېمەك، ھازىرقى «يەكەن» دېگەن نام ئەسلىي «يار بويىدىكى
كەنت» مەنىسىدىكى «ياركەند» نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بو-
لۇپ، بۇنىڭ 1 ـ بوغۇمىدىكى «ر» تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇ-
نىيىتى بويىچە چۈشۈپ قالغان. 2 ـ بوغۇمىدىكى «د» تاۋۇشى
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ت» بولۇپ ئۆزگەرگەن.
1943 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەكەن ناھىيىسى ۋىلايەت
دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا يەكەن، پوسكام، مەكىت، قاغى-
لىقتىن ئىبارەت تۆت ناھىيە قارايدىغان بولغان. ئەسلىدىكى
يەكەن كونا شەھەر (叶尔羌) ناھىيىسى يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە
قوشۇلۇپ، خەنزۇچە «شاچې» (莎车) دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

# «سوقاق يولى» توغرىسىدا مۇلاھىزە

## مامۇت زايىت

ئىلىم ـ پەن ساھەسىگە مەلۇمكى، ئىشەنچلىك يازما ماتېرىيال ياكى ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەدىن ئىلىنغان بىر ئاتالغۇ گاھىدا ناھايىتى زور تارىخىي چىنلىقنى شەرھلەپ بېرەلىشى مۇمكىن، يۇزەكى قىياس بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرەر ئاتالغۇ گاھىدا چوڭ خاتالىقنى، قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېلى بىر قىسىم ماقالە، ئەسەرلەردە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر، جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يازما مەنبەلىرىدە، ھەتتا جانلىق تىلدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولمىغان «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ قانداق كېلىپ چىققان؟

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 484 ـ يىلىدىن 420 ـ يىلىغىچە ياشىغان يۇنان تارىخچىسى ھىرودوت، 2 ـ ئەسىردە ياشىغان يۇنان جۇغراپىيە ئالىمى كلاۋدى پىتولېمى، 1 ـ ئەسىردە ياشىغان يۇنان يازغۇچىسى مارتىيوس قاتارلىقلار ئاسىيا بىلەن ياۋروپا قۇرۇقلۇق يولى بويىدىكى دۆنخۇاڭدىن تارتىپ قومۇل، تۇرپان، ئىلى، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنگىچە بولغان كەڭ زېمىننى «سېرىس ئېلى» (يىپەك ئېلى) دەپ ئاتىغان ۋە بۇ يەرنىڭ يىپەك قاتارلىق ماللىرىنىڭ مۇشۇ چوڭ يول ئارقىلىق مىلادىدىن 4 ئەسىر بۇرۇنلا يۇنانىستانغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. باشقا مەملىكەتلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىمۇ «يىپەك ئېلى» ھەققىدە خېلى تەپسىلىي ماتېرىياللار بولسىمۇ، لېكىن «يىپەك يو ـ

لى» دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلمىغان. مەيلى جاڭ چيەن خەن ۋۇدىغا سۇنغان غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللار بولسۇن، مەيلى سى ماچيەن، بەن گۇ، پەي جۇ قاتارلىق مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىدا بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرىمايدۇ.

پەقەت 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ يىپەك مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى باشلانغاندىن كېيىن، نېمىس شەرقشۇناسى ف. ۋ. رىچخوفېن «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ ئىسىم كەڭ ئىلىم ساھەسىگە ئومۇملاشتى.

يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، «يىپەك يولى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تۈرك، ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ يازما مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇنداقتا، مۇشۇ يولدا ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان، بۇ يولدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان خەلق ئۇيغۇرلار بۇ يولنى نېمە دەپ ئاتىغان؟ بۇ، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

759 ـ يىلى تىكلەنگەن «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان «سوقاق يولى» (بۆكەن يولى) ئاتالغۇسى ۋە گۇمىلىق ئۆلىما، تارىخچى مەۋلانە داموللا مۇھەممەد كامالى ھەزرىتىم① 1747 ـ يىللاردا 30 يىل سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان «كارۋان بۈيۈك تەزكىرىسى»دە باشتىن ـ ئاخىرغىچە قەيت قىلىنغان «كارۋان بۈيۈك يولى» ئاتالغۇسى ئەجدادلىرى-

① چوڭ بوۋام، بۇ زاتنىڭ 4 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى بولغان ئاتامنىڭ ئائىلىۋى كۇتۇپخانىسىدا بۇ زات يازغان «كارۋان بۈيۈك تەزكىرىسى» ناملىق زور ھەجىملىك قول يازما كىتاب ئائىلىمىزنىڭ تەۋەررۇكى سۈپىتىدە تاكى 1952 ـ يىلىغىچە ساقلانغان. مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا گۇمىنىڭ ئۆلىمالىرى ئاتام بىلەن بۇ كىتاب ھەققىدە ئۆيىمىزدە نۇرغۇن مۇتالىئە قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەم مەنمۇ بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققانىدىم. ئەپسۇس، 1952 ـ يىلى بۇ كىتاب باشقا كىتابلار قاتارىدا مۇسادىرە قىلىنىپ ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى.

مىزنىڭ بۇ يولنى قەدىمكى زاماندا «سوقاق يولى» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان بولسا، ئوتتۇرا ئەسىردە (ئىسلامىيەتتىن كېيىن) «كارۋان بۇيۇك» (بۈيۈك كارۋان يولى) دېگەن نام بىلەن ئاتىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»دا «ئۇ يەردە خەلقلەر (ماڭا) بويسۇندى ... قېچىپ قارلۇقلارغا قوشۇلدى ...، ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ ئورخۇن ۋە بالىقلىق دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا ئەل ئۆيى (خان ئوردىسى) سالدۇردۇم. ئەل ئۆيىنى ... ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمىسى قارابۇلاقنىڭ شەرقىدە سوقاق يولىدا چىگىل تۇتۇق ... توغۇرغۇ (دەرياسىدىن؟) ئۆتۈپ ...» دېگەن قۇرلار چېلىقىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( II توم 417 ـ بەت)دا «سوقاق ـ بۆ-كەن. سوقاق ـ ئوغۇزلار پارسلارنى كىنايە قىلىپ شۇنداق ئاتاي-دۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ كىتابنىڭ I توم 186 ـ بېتىدە مۇنداق بىر كۇپلېت قوشاق خاتىرىلەنگەن:

قۇلان تۇگەل قۇمىتتى،
ئارقار، سوقاق يۇمىتتى.
يايلاق تابا ئەمىتتى،
تىزىق تۇرۇپ سەكرىشۇر.
تەرجىمىسى: قۇلان تۇگەل قوزغالدى،
ئارقار، بۆكەن توپلاندى.
يايلاق تامان تەلپۈندى،
تىزىلىشىپ سەكرىشۇر.

بىز بۇنىڭدىن 1230 يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلار ياشىغان يۇرتلاردا «سوقاق يولى» دەپ ئاتالغان، چوڭ قوشۇنلارمۇ بىمالال يۈرۈش قىلالايدىغان كاتتا يولنىڭ بارلىقىنى، بۇ يول شەرقتە ئورخۇن ۋە بالىقلىق دەرياسى بويلىرىدىن تارتىپ تاكى پارسلار (ئىران)غا قەدەر سوزۇلغانلىقىنى ھەمدە بۇ يولنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلى-

قىنىڭ چىگىللەر رايونىنى باشقۇرىدىغان ھەربىي، مەمۇرىي مەر-كىزىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. «تۈركىي تىللار دىۋا-نى»نىڭ I توم 511 ـ بەت، 512 ـ بەتلىرىدە چىگىللەر ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بار: «چىگىل — ئۇچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى؛ بىرىنچىسى، بارسغاننىڭ تۆۋەن تەرى-پىدىكى ‹قۇياس› شەھەرچىسىدە ياشايدىغان كۆچمەنلەر. ئىككىن-چىسى، ‹تالاس› شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر شەھەرچىدە ياشايدى-غانلارمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىدۇ... ئوغۇزلار باشقا تۈرك قەبىلى-لىرىنىمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتايدۇ، ئوغۇزلار يەنە جەيھۇندىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان يەرلەردە ياشىغۇچى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھەم-مىسىنى ‹چىگىل› دەپ ئاتايدۇ. ئۈچىنچىسى، قەشقەردىكى بىر مۇنچە يېزا ـ قىشلاقلاردا ياشايدىغان تۈرك قەبىلىلىرىمۇ ‹چى-گىل› دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارمۇ بۇ يەردىن تارقالغان».

مانا بۇلاردىن چىگىللەرنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا ياشايدىغان، كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ياشىغان بۇ كەڭ زېمىننى كېسىپ ئۆتىدىغان يولنىڭ «سو-قاق يولى» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

تارىخچىلىرىمىزغا ئايانكى، ھازىر «يىپەك يولى» دەپ ئاتى-لىۋاتقان بۇ يول «شىمالىي يول» ۋە «جەنۇبىي يول» دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر ئىككى تارماق يول دۇنخۇاڭدىن باشلىنىپ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم تۈگۈنلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ يۇنانغا بارىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر مەنبەلىرىدە تىلغا ئې-لىنغان «سوقاق يولى»نىڭ لىنىيىسى بىلەن ئاساسەن بىردەك-لىككە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يولنى «سوقاق يولى» دەپ ئاتىشى ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرىگە خاس بىلىش ئىقتىدارىغا، تىل ئادىتىگە، ئەقىدە توتىمىغا، جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

سوقاق (بۆكەن) قەدىمدىن بۇيان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا ئىنتايىن قەدىرلىك، مۇقەددەس هايۋان. بۆكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا بۆرىدىن كېيىنكى 2 ـ توتېم هېسابلىنىپ، ئۇنىڭ مۈڭگۈزىدىن تارتىپ تۇيىقىغىچە بولغان بارلىق ئەزالىرى قىممەتلىك دورا دەپ قارالغان. قەدىمدە تارىم، جۇڭغارىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا داللىرىدا بۆكەن ناهايىتى كۆپ بولۇپ، ناهايىتى يۈگۈرۈك ۋە ئوت ـ چۆپ، سۇ بار مۇنبەت جايلارنى بويلاپ كۆچۈپ يۈرۈشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. قەدىمكى زامانلاردا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ پايانسىز چۆل ـ جەزىرە، تاغ ـ داۋانلاردىن يول تېپىپ مېڭىشىدا يۇقىرىقىدەك ئالاهىدىلىككە ئىگە بۇ مۆجىزىلىك هايۋان ـــ بۆكەن (سوقاق) ئۆز ئىزلىرى بىلەن يول باشلىغۇچىلىق رولىنى ئوينىغان. 1 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە شەرقتىن غەربكە كۆچكەن هۇن، روران، تۈرك، ئۇيغۇرلار ... مۇ مانا مۇشۇ بۆكەنلەرنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئىككى قىتئەنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان «سوقاق يولى»نى بەرپا قىلغان. «سوقاق يولى»نىڭ «كارۋان بۇيۇك يولى»غا ئۆزگىرىشى تىل تەرەققىياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك، 950 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى پەيدىنپەي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باشلىغان هەمدە ئۇيغۇر تىلى تەركىبىگە نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلار سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. بۇ خىل ئەهۋال موڭغۇل شاهزادىسى چاغاتاينىڭ نامى بىلەن خاتا ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇر تىلىدا تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندى. سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە روناق تېپىشى بىلەن ئىلگىرىكى «سوقاق (بۆكەن)» سۆزىنىڭ ئورنىنى تەبىئىي هالدا سودىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوردۇچە «كارۋان» ئاتالغۇسى دەسسىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرچە «بەدۇك» سۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرى-

ـدىكى ئۆزگەرگەن شەكلى بولغان «بۇيۇك» سۆزى «كارۋان» سۆزى بىلەن بىرىكىپ «بۇيۇك كارۋان يولى» دېگەن ئىلمىي نامنى ھاسىل قىلدى. 1747 ـ يىلى يېزىلغان «كارۋان بۇيۇك تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا بۇ ئاتالغۇنىڭ كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىشى، خوتەن، قەشقەر... قاتارلىق جايلاردىكى پېشقەدەملەرنىڭ ھازىرمۇ بۇ يولنى «كارۋان يولى» دەپ ئاتىشى بىزنىڭ يۇقىرىدىكى قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

# «قاغىلىق» نامى توغرىسىدا

## سۇلتان مامۇت

«قاغىلىق» نامى توغرىسىدا كىشىلەر ھازىر ئىككى خىل پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بىرى «كەتمەي تۇرۇپ قالسا بولىدىغان يەر» مەنىسىدىكى «قالغۇلۇق»تىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دېگەن قاراش؛ يەنە بىرى «قاغا كۆپ جاي» مەنىسىدىكى «قاغالىق»تىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دېگەن قاراش. 2 ـ خىل كۆز قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى قاغىلىق نامى «تارىخى ھەمىدى»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە «قارغا» دېگەن قۇشنىڭ نامىغا «لىق» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، «قارغا» سۆزىدىكى «ر» تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلى ئادىتى بويىچە ئارىدىن چۈشۈپ قېلىپ «قاغىلىق» بولۇپ قالغان. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە قاغىلىق نامىنىڭ «قارغىلىق» شەكلىدە خاتىرىلىنىشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە يۇقىرىقىدەك ئۇچار قۇش، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى بىر قەدەر كۆپ. مەسىلەن: «قاغا بېغى»، «قاغا مەھەللىسى»، «ئاققۇشقاچ»، «كىرپە مەھەللىسى»، «پاشا مەھەللىسى»، «داۋغان»، «تۇغرول» (ئەسلى «تۇغرۇل» بولۇپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «بىر خىل يىرتقۇچ قۇش» دەپ ئىزاھلانغان)، «ئالمىلىق»، «چىلانلىق»، «سۆگەتلىك»... قاتارلىق.

تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز دەسلەپ ماكانلىشىشقا باشلىغان چاغدىكى بىرەر مەھەللە ياكى

كەنتىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن شۇ جايغا نام قويغىنىغا ئوخشاش، «قاغىلىق» (قارغىلىق)نىڭمۇ ئاۋۋال بىر ەر كىچىك كەنتنىڭ خاس نامى بولۇپ، كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن بىر يۇرتنىڭ ئورتاق نامى بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، «قاغىلىق» نامى «قاغا كۆپ جاي» مەنىسىدىكى «قار-غىلىق»تىن ئۆزگىرىپ كەلگەن.

# خوتەندىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىغا دائىر رىۋايەتلەر

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

1

قەدىمكى ئۇيغۇر قاغانلىرىدىن بىرى قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا «قىزىم مەلىكە خوتەنگە تۆت نەرسىدىن (يىلان ـ چايان، يەر تەۋرەش، سۇ ئاپىتى، قاتتىق ئىسسىق ۋە قاتتىق سوغۇقتىن) خالىي بىر باغ بىنا قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلغانىكەن. ئەمەلدارلار نۇرغۇن يۇرتلارنى ئارىلاپ خوتەننى تۆت نەرسىدىن خالىي دەپ ھېسابلاپتۇ ۋە بۇ يەرگە باغ، ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يۇرت مەلىكىنىڭ ئىسمى بىلەن «خوتەن» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

2

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئالتىنقان دېگەن يەردە تۈركلەر بىلەن سوقۇشقاندا، بىر ئۇيغۇر يىگىت ئىسكەندەر قوشۇنىغا ئەسىر چۈشكەنىكەن. كېيىن بۇ بالىنى ئەپلاتۇن بېقىۋاپتۇ ۋە ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋاپتۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يىگىت ئايالى بىلەن يۇرتىغا مېڭىپتۇ. باشقىلار ئەپلاتۇندىن بۇلار نەگە بارىدۇ دەپ سورىغاندا، ئەپلاتۇن «خوتەنگە بارىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەسلىدە خوتەن دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ تىلىدا كۈيئوغۇلنىڭ يۇرتى دېگەن مەنىدە ئىكەن.

3

تارىخچى ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزى «تارىخىي مۇسىقىيۇن»دا، يەكەن، خوتەن خەلقى نوھ بىننى ياپەسنىڭ ئوغ-

لى خىزىرنىڭ ئەۋلادلىرى، دەپ يازغان. «ئەسرارى خوتەن» دېگەن ئەسەردە، خىزىرنىڭ ئوغلى «خوتەن» دەپ ئاتىلىپ قالغان، دې-يىلگەن.

پېشقەدەم تارىخچى، تەزكىرىچىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، خوتەن خانى خالخال ماچىن ئۆز زامانىسىدا خەلچىن كەنتى (ھا-زىرقى خوتەن ناھىيە باغچى يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)نى چىن دەپ، ماجا كەنتى (خوتەن ناھىيە توساللا يېزىسىنىڭ غەر-بىي تەرىپىدە)نى ماچىن دەپ ئاتىغانىكەن. كلاسسىك ئەسەرلەردە دائىم كۆزگە چېلىقىدىغان «چىن ماچىن» ئاتالغۇسى مۇشۇ رىۋا-يەت بىلەن چېتىشلىق بولسا كېرەك.

## 4

«شاھنامە»دە «بۇقاخان (ئاپراسىياپ) سىياۋۇشنى خوتەنگە پا-دىشاھ قىلدى» دېيىلگەن. ئاپراسىياپ پېشدادىيلار سۇلالىسىنىڭ 6 ـ خاقانى. ئەمىر نىزامىددىنىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» دېگەن ئەسە-رىدە پېشدادىيلار سۇلالىسى زامانىدىن مىلادىيە تارىخىغىچە 4300 يىل ئۆتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، خوتەن نامى پېشدادىيلار سۇلالىسى زامانىدىلا مەۋجۇت بولغان بولىدۇ.

## 5

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۇرسۇن بەگ دېگەن بىر بەدنىيەت كىشى خوتەنگە بەگ بولىدۇ. ئۇ خوتەن خەلقىگە ئې-غىر باج ـ سېلىق سېلىپ قاتتىق قاقشىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە ئارتۇقچە خۇشامەت قىلىپ، چوڭ ئىمتىيازلار بې-رىلىدۇ. بۇ خىل ئىمتىيازدىن تۇرسۇن بەگنىڭ يۇرتىدىكىلەر كۆپرەك بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلار خۇددى يوگەنسىز توسۇن ئاتتەك خالىغىنىنى قىلىدىغان، سىياسەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي-دىغان خوتەننىڭ ئەركىلىرىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى كىشىلەر دەسلەپتە توسۇنلار، توسانلار دەپ كېيىنچە تو-

سالىلا دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

**6**

ئەلىشىر ھېكىم بەگ سەئىيە خانىدانلىقى دەۋرىدە ئىلچى شەھىرى گۇجان ئۆستەڭ بويىغا ئالىي ئىمارەت سېلىپ، لوقمان سانى (2 ـ لوقمان) دەپ شۆھرەت قازانغان موللا ئەلەم شاھ ئاخۇنۇمنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئاتاقلىق تېۋىپ مۇھەممەد سالىھ ئاخۇنۇمنى لوپنىڭ جىيا دېگەن يېرىدىن بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىدۇ ھەمدە بۇ زاتنى تېبابەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە شاگىرت تەربىيىلەشتە ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. تېبابەتكە ئېھتىياجلىق قىممەتلىك دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىشقا يېرلىك يەر ئاجرىتىپ بېرىدۇ. كېيىنچە بۇ جاي گۈلباغ دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ. بۇ جاي ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىگە توغرا كېلىدۇ.

**7**

مۇھەممەد ئەلىشىر ھېكىم بەگ ئوردا ئىشى بىلەن تەۋەككۇلگە كىرىپ قايتىشىدا ئىلچىگە 15 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر جايدا سىرغىم سۇدىن پايدىلىنىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ئىككى ئائىلىلىك كىشىنى ئۇچرىتىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئەھۋال سورايدۇ. ئۇلار:

«بىز ئاقسۇ سايرامدىن بولىمىز، خوتەن ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىقىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلسەك، بۇ سىرغىم سۇلار بار ئىكەن، شۇڭا كەنتكە چىقمايلا ئۆزىمىزگە تۇشلۇق يەر ئېچىپ تېرىكچىلىك قىلىپ ئولتۇردۇق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ ئىشتىن سۆيۈنگەن ئەلىشىر ھېكىم بەگ ئۇلارغا كۆپلەپ ئىنئام بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، ئەمەلدارلارغا بۇيرۇپ، ئۇلارغا يېڭىدىن بىر ئېرىق ئېلىپ بېرىدۇ ھەمدە 15 يىلغىچە ھېچقانداق سېلىق ئالماسلىقنى بۇيرۇيدۇ. ھازىرقى يېڭىئېرىقلىقلار ئاشۇ ئىككى ئائىلىلىك ئاقسۇلۇق كىشىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. يېڭىئېرىق نامىمۇ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# «بۈگۈر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

ئەنۋەر سەيدۇللا

بۈگۈر ناھىيىسى شىنجاڭدىكى تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن نا- ھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەت- نىڭ بىرى ئىدى. بۇ جاي شەرقىي ۋە غەربىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە خەنزۇچە لۇنتەي (轮台)، لۇنتۇ (仑头)، ۋۇلېي (乌垒) دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان. خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسى- گىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ جاينىڭ يەنە قانداق ناملار بىلەن ئا- تالغانلىقى نامەلۇم. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، بۇ جاي خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بۈگۈر (布古尔) دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. 1902 ـ يىلى بۈگۈر ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ جاينىڭ قەدىمكى خەنزۇچە نامى بولغان لۇنتەي (轮台) قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى[1]. بۇ نام خەنزۇچە ماتېرىياللاردا كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا ئىزچىل ھالدا «بۈگۈر» دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

خەنزۇچە لۇنتەي، لۇنتۇ، ۋۇلېي سۆزلىرىنىڭ قەدىمكى قايـ- سى مىللەت تىلىغا تەئەللۇق ئاتالغۇ ئىكەنلىكى، قانداق مەنىلەر- نى بىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق. بەزى تەت- قىقاتچىلارنىڭ بۇ ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەرەزلىرىگە قارىتا چيەن بوچۈەن ئەپەندى مۇنداق دېگەنىدى: «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەي، ۋۇلېي دېگەنلەر خەنزۇچە نام ئە- مەس، چۈنكى خەنزۇ تىلى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىدىغان بول- سا، بۇ سۆزلەردىن ھېچقانداق مەنا چىقارغىلى بولمايدۇ»[2].

يۇقىرىقىلاردىن لۇنتەي، لۇنتۇ، ۋۇلېي ئاتالغۇلىرىنىڭ بۇ-

گۇردە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر تىلىدىن خەنزۇچىغا ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە شۆ-زۇڭجېڭ ئەپەندى: «لۇنتەي ساكچە سۆز بولۇپ، يۇقىرى ئېقىم رايونى، دېھقانچىلىق رايونى دېگەن مەنىدە»[3] دېگەنىدى. لۇنتەي، لۇنتۇ دېگەنلەر ئوخشاش بىر نامنىڭ ھەر خىل يېزىلىشى. ۋۇلېي (ئۇررى) لۇنتەي بەگلىكىنىڭ بىر شەھىرى[4]، بۇ ناملار ئەڭ بۇ-رۇن «تارىخىي خاتىرىلەر»دە ئۇچرايدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. پەر-غانە تەزكىرىسى»دە «پەرغانىدەك كىچىك دۆلەتنى ئالالمىسا، باك-تىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خەن خاندانلىقىنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇسۇن، بۇگۇر قاتارلىق ئەللەر تېخىمۇ كۆزگە ئىلمايتتى»[5] دې-يىلگەن. يەنە شۇ كىتابتا ئېرشى سانغۇنى پەرغانىگە يۈرۈش قىلغاندا، ئەتراپتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ خەن قوشۇنىغا ئاشلىق تاپشۇرغانلىقى، بۇگۇر بەگلىكى ئاشلىق تاپشۇرمىغاچقا ئۇرۇش بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن[6]. ئەنە شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئېرشى سانغۇنى لى گۇاڭلى بۇگۇر بەگلىكىگە بېسىپ كىرىپ ئوت قو-يۇۋەتكەن. بۇ خارابە «كۆيۈك شەھەر» دېگەن نام بىلەن ھازىرمۇ ساقلانماقتا.

بۇگۇر نامىنىڭ قاچان، قانداق كېلىپ چىققانلىقى ۋە قايسى دەۋردىن باشلاپ قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە تارىخچىلاردا ھەر خىل كۆز قاراش مەۋجۇت. بۇ ھەقتە تارىخچىلار مۇنداق ئۈچ خىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بىرىنچى، بۇگۇر نامى «بۇركۇت» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەل-گەن، دېگەن كۆز قاراش.

ئىككىنچى، بۇگۇر نامى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلە-سى بولغان «بۆكۇ» قەبىلىسىنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دېگەن كۆز قاراش.

ئۈچىنچى، بۇگۇر نامى «يۇگۇر» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن كۆز قاراش.

تۆۋەندە بىز بۇ ئۈچ خىل كۆز قاراشنىڭ ماتېرىيال ئاساسى-

نى كۆرۈپ باقايلى.

بىرىنچى خىل قاراش «بۇگۇرنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرە-سى» دېگەن كىتابتا مۇنداق ئىزاھلانغان: «بۇگۇر سۆزى بۇركۇت-تىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. قەدىمكى بۇگۇردە كىشىلەر بۇركۇت بې-لەن ئوۋ ئوۋلايتتى»[7]. مېنىڭچە، بۇ سۆز قىلچە ئاساسسىز ئوت-تۇرىغا چىقىپ قالغان. چۈنكى، ھېچقانداق بىر ماتېرىيالدا بۇ-گۇر «بۇركۇت» دەپ خاتىرىلەنمىگەن ھەم بۇركۇت سۆزىنىڭ بۇ-گۇر سۆزىگە ئۆزگىرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇركۇت سۆزى ھازىرمۇ مەۋجۇت.

ئىككىنچى خىل قاراش «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى» دېگەن كىتابتا مۇنداق ئىزاھلانغان: «仆固 (بۇگۇ)، 仆骨، 布古尔 لارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، يەنى ئوخشاش سۆزنىڭ ھەر خىل يېزىلىشىدىن ئىبارەت. قەدىمدە بۆگۈ، تۇغرا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، كۇسەن ۋە بۇگۇر ئەتراپىدا ياشىغان»[8]. ئاپتور بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئوخشاش بىر دەۋردە قوللىنىلغان ئىككى خىل مەنىدىكى «بۆكۈ» بىلەن بۇگۇرنى بىر قىلىۋەتكەن. بۆكۈ دېگەنلىك «بىلىملىك، دانىش-مەن» دېگەن مەنىدە، «بۇگۇر» سۆزىنىڭ مەنىسى بولسا «ساغرا، دۈمچەك، ئۈچ بۇرجەك، ئەگرى - بۈگرى» دېگەنلىكتۇر.

ئۈچىنچى خىل كۆز قاراشنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۇ سۇڭ دېگەن ئادەم ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىن-لىرى خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: «يۇگۇر - باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلە دېگەن مەنىدە، قەدىمدە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان بۇگۇر خەلقى ئەسكەر-لەرنى باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلە دېگەن سۆز بىلەن ئىلھاملاندۇ-رۇش ئۈچۈن يۇگۇر سۆزىنى قوللانغان، يۇگۇر سۆزى كېيىنچە بۇگۇرگە ئۆزگەرگەن»[9]. بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بې-شىدا «ي» تاۋۇشىنىڭ «ب» تاۋۇشىغا ئالمىشىش ھادىسىسى مەۋ-جۇت ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، بۇگۇر نامى ھېچقانداق

تارىخىي ماتېرىيالدا «يوگۇر» دەپ خاتىرىلەنمىگەن. ئۇنىڭ ئۇس-تىگە، يوگۇر سۆزى ھازىرمۇ مەۋجۇت.

بوگۇر نامى «تۇرپان تېكىستلىرى»دە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئە . جەپەر ئوغلى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇ-غىتى» ناملىق كىتابىدا بوگۇر سۆزىنى «تۇرپان تېكىستلىرى»دىن نەقىل كەلتۇرۇپ، مەنىسىنى «ساغرا» دەپ چۈشەندۈرىدۇ[10]. بوگۇر سۆزى ئوغۇز ـ قىپچاق تىلىدىكى «بوكىر» (دۈمچەك، ئۆچ بۇر-جەك) سۆزى بىلەن مەنىداش بولۇپ، ساغرا، ئەگرى ـ بوگرى، دۈمچەك دېگەن مەنىگە ئىگە. بوگۇر سۆزىنى ئۇيغۇرلار ئۆز پېتى قوللانغان بولسا، باشقا قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر بوكىر دەپ قوللانغان. 13 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەل زەمەخشەرى «مۇقەددىمە تۇل ئەدەب» دېگەن كىتابىدا «بوكىر» سۆزىنى «دۈمچەك، ئۆچ بۇرجەك» دەپ چۈشەندۈرىدۇ[11]. دېمەك «بوگۇر»، «بوكىر» سۆزلە-رى مەنىداش سۆز.

بوگۇر ھەققىدە ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات بەرگۈچى ئۇيغۇر ئا-لىمى مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق دېگەن: «بوگۇر ـــ كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە، بۇ يەر چېگرا»[12]. «بوگۇر تەزكىرى-سى»دە «لياۋ خانلىقى پادىشاھ تەيزۇ زامانىسىنىڭ تۇنجى يىلى ھازىرقى بوگۇر ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمىدا بوگۇر شەھىرى قۇ-رۇلغان»[13] دېيىلگەن.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، بو-گۇر قەلئەسىنىڭ ئەڭ دەسلەپ بىنا بولغان ۋاقتى 10 ـ ئەسىر-نىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ.

بوگۇر قەلئەسى قۇرۇلغان تاغ ئەگرى ـ بوگرى، دۈمچەك، ئۆچ بۇرجەك بولۇپ، يىراقتىن قارىماققا، خۇددى ئادەمنىڭ ساغ-رىسىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، بۇ قەلئەنىڭ ساغرا مەنىسىنى بىلدۈرى-دىغان بوكىر سۆزى بىلەن ئاتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئى-دى. ياپونىيىلىك ئالىم مورى ماسائو «بوگۇرنىڭ شىمالىي قىس-

مىدا بىر تاغ بولۇپ، بۇ تاغمۇ شۇنداق ئاتالغان. بۇ تاغنىڭ ئىسمى بىلەن بۇ جاينىڭ ئىسمى بۇگۇر دەپ ئاتىلىپ قالغان»[14] دەيدۇ. بۇ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. چۈنكى قومۇلدا بىر تاغ بولۇپ، بۇ تاغمۇ بۇگۇر دەپ ئاتىلىدۇ (قومۇلنىڭ ئاستانە يېزىسىدىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتا). بۇ تاغمۇ شۇ يەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چوقچىيىپ چىققان بولۇپ، گوياكى ئادەمنىڭ ساغرىسىغا ئوخشايدۇ.

دېمەك بۇگۇر تاغ ئۇستىگە قۇرۇلغان قەلئە بولۇپ، شۇ تاغنىڭ شەكلىگە قاراپ «بۇگۇر» دەپ ئاتالغان. يەر شەكلىگە قاراپ قويۇلغان بۇنداق يەر ناملىرى شىنجاڭدا خېلى بار.

هازىرقى بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا بۇگۇر دۆڭ مەھەللىسى دەيدىغان كىچىك كەنت بار (بۇ كەنت چۇمپاق يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ ئۈچ كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى بوستانلىقتا). بۇگۇر دۆڭ دېگەن سۆزدىن قارىغاندا، بۇگۇر بىلەن دۆڭ مەنىسى ئوخشاش سۆزلەر قاتارىدا تەڭ قوللىنىلغان. دۆڭ، ئېگىز تۆپە دۆۋىلىرىمۇ بۇگۇر دەپ ئاتىلىپ كەتكەن.

«بۇگۇرنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»دە «بۇگۇر دېگەن نام ئەڭ بۇرۇن دېگەندىمۇ 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ قوللىنىلغان دېيىلگەن»[15]. بىراق، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بۇگۇر نامىغا دائىر مەلۇمات يۇقىرىقى كۆز قاراشنى رەت قىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى 8 ـ ئەسىردە كۇچادا ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندا بۇگۇردە ئۇررى (乌垒) ئايمىقىنى تەسىس قىلغان. بۇگۇر نامى دەل مۇشۇ 8 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. 920 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلىغاندىن كېيىن، كۇچا ۋە بۇگۇر قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چېگرىسى بولۇپ قالغان. ئېھتىمال ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ هۇجۇمىدىن

مۇداپىئەلىنىش، چېگرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۈررى ئايمە-
قىدا بىر قەلئە سالدۇرغان، بۇ قەلئە يەرلىك خەلق تەرىپىدىن
«بۇگۇر» دەپ ئاتالغان ھەم بۇ نام كېيىنچە بۇ بوستانلىقنىڭ
ئورتاق نامى بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىزاھلار

①⑦⑮ «بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»، خەن-
زۇچە، 7 ـ، 115 ـ، 154 ـ بەتلەر.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1984 ـ
يىللىق 2 ـ سان، 37 ـ بەت.

③④ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1984 ـ
يىللىق 4 ـ سان، 164 ـ، 165 ـ بەتلەر.

⑤⑥ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 511 ـ،
512 ـ بەتلەر.

⑧ سۇ بېيخەي: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى»، خەنزۇ-
چە نەشرى، 241 ـ بەت.

⑨ يۇۋېيچېڭ: «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر
ناملىرى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 50 ـ بەت.

⑩ ئە . جەپەر ئوغلى: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى».

⑪ «مۇقەددىمە تۇل ئەدەب»، رۇسچە نەشرى، 123 ـ بەت (ن . پوپپې
نەشرگە تەييارلىغان).

⑫ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم.

⑬ «بۇگۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى. 13 ـ بەت.

⑭ ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقى-
قات»، خەنزۇچە نەشرى، 351 ـ بەت.

# «بۇگۇر» نامى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزە

## قۇربان تۇران

بۇگۇر نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە 10 ـ ئەسىردىن كېيىن 布古尔 خېتى بىلەن خاتىرىلىنىشكە باشلىغان[1]. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي بۇگۇر نامىنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «بۇگۇر ـــ كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا»[2]. شۇڭا، بۇگۇر نامى ئەڭ بالدۇر دېگەندىمۇ 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاددىن يەر نامى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ نامنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش مۇنداق:

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان تېلې قەبىلىلەر ئىتتىپاقى (4 ـــ 6 ـ ئەسىرلەر)نىڭ ئەزالىرى ياشىغان جايلار توغرىسىدا «سۈينامە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تېلېلارنىڭ ئۇرۇقى ناھايىتى كۆپ ... توغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا پۇگۇ (仆骨)، تونگرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ ۋە فۇلۇ قەبىلىلىرى بار، ئۇلار ئىسمۇملاشتۇرۇلۇپ ئېركىن دېيىلىدۇ»[3].

«تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىشلىرىغا دائىر ۋەسىقىلەر توپلىمى»دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز قەبىلىسى بار، ئۇلار: ئۇيغۇر، پۇگۇ (仆固)، قۇن، بايىرقۇ، تونگرا، سىقار، قىبئار، ئابۇس (باسمىل)، قارلۇق ...»[4]. بۇ يەردىكى 仆骨 ياكى 仆固 دېيىلگەن قەبىلە مۇلاھىزىمىزنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى. ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدا ئىزچىل تۇرۇپ كەلگەن بۇ قەبىلە ئۆزىنى نېمە دەپ ئاتىغان؟

ل . ن . گۇمىلېيېف ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئارقى-
لىق قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تۇغلا دەرياسى بويىدا ياشاي-
دىغانلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشاپ
كېتىدىغان بۆك كىيىدىغان بىر قەبىلىنىڭ بارلىقىنى ئالاھىدە
تىلغا ئالىدۇ[5]. مەھمۇد كاشغەرىي ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدى-
كى «بۆك»نىڭ ئەسلى شەكلى «بۆرك» ئىكەنلىكى ھەققىدە ئى-
شەنچلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ[6]. ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي
خەلقلەر ياشىغان كەڭ تېررىتورىيىدىكى قوۋملەردىن تۇغلا دەر-
ياسى بويىدىكى 仆固 لار دائىم باش كىيىم كىيمەي يۈرەتتى.
«يەنە بۇ يەردىكى قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى باش كىيىمسىز يۈ-
رەتتى. چەۋەندازلىرى ئات چاپتۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ
ئۇزۇن چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى»[7].

شىمالىي ئاسىيا تېررىتورىيىسىدىكى تۈركىي خەلقلەر گۈل-
لىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، گۈللىنىش بىلەن تەڭ
ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدە ۋە ئۇلار بىلەن تاشقى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا
دائىم توختاۋسىز ئۇرۇشلار بولۇپ تۇراتتى. بۇنداق رىقابەت تورى
ئىچىدە ياشاۋاتقان 仆固 قاتارلىق قەبىلىلەر ئۈچۈن ئۇرۇشتىكى
جەڭگىۋارلىق ناھايىتى مۇھىم ئىدى. شۇڭا، پۇگۇ قەبىلىسى ئۆ-
زىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، «بۆك كىيگەن جەسۇرلار»
(بۆركىكۇر) دەپ ئاتالغان. «كۇر» سۆزىنى مەھمۇد كاشغەرىي
مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «كۇر — جەسۇر، كۇر ئەر — جەسۇر ئەر.
كىم كۇر بولسا كۆۋەز بولۇر (كىم جەسۇر بولسا مەغرۇر بولى-
دۇ)»[8].

پۇگۇلار ھەققىدىكى يۇقىرىقى تەھلىلىمىزنى «يېڭى تاڭنا-
مە»دىكى مۇنۇ بايانلار تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ: «پۇگۇلار تۆلەنگىتلەر-
نىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ئاھالىسى 30 مىڭ تۈتۈن، 10 مىڭ
ئەسكىرى بار. زېمىنى ئەڭ شىمالدا بولۇپ، خۇلقى مەغرۇر، تەبى-
ئىتى ۋەھشىي كېلىدۇ. ئۇلارنى ئىدارە قىلىش تولىمۇ قىيىن»[9].

دېمەك، خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى 仆固 نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر

تىلىدىكى ئوقۇلۇشى «بۆركۈر» بولغان. تۈركىي تىللارنىڭ فو-نېتىكا قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەتتە قاتار كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ھەمىشە بىرىكىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر-دىكى بۆركۈر ئۆزگىرىپ «بۆركۇ»گە، كېيىن يەنە بىرىنچى بو-غۇمدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ «بوكۇر»گە ئۆزگەرگەن. تا-ۋۇشلارنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىكى يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەسى-رىدىن «ك» تاۋۇشى «گ»غا نۆۋەتلەشكەن. بۇ خىل ئۆزگىرىش تەرتىپىنى تۆۋەندىكى سخېما بىلەن كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

borkkur → borkur → bokur → bogur

بۇ سۆز خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنغاندا «r» تاۋۇشى خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە تولۇق ئىپادىلەنمەي 固仆 دەپلا ئېلىنغان. قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «r» تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويۇش ئومۇمە-يۈزلۈك ھادىسە ئىدى. مەسىلەن: قەدىمكى ئۇيغۇر، تارخان، چاپار سۆزلىرى خەنزۇچە 回鹘، 达干، 掣拨 دەپ يېزىلغان.

دېمەك، ھازىر ناھىيە نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىۋاتقان «بو-گۇر» دېگەن نام 7 ـ ئەسىرلەردە قەبىلە نامىنى بىلدۈرگۈچى «بۆركۈر» شەكلىدە بارلىققا كەلگەن.

840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كې-يىن «... ۋەزىر ساغىنچ ۋە شاھزادە پان تېكىن قاتارلىقلار 15 قە-بىلىنى باشلاپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ قارلۇقلارغا كەتتى، بىر قىسمى تىبەتلەرگە قوشۇلدى، يەنە بىر تارمىقى ئەنشىگە كەلدى»[10].

قىرغىزلار ئۇيغۇر بالىقنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىپ پان تېكىننى ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇرلارنى باشلاپ، تەكلىما-كاننىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ داۋاملىق چېكىنگەن ۋە قاراشەھەرگە كەلگەن. بۇ يەردىن يەنە يۈرۈپ ئەنشى (كۇسەن)نىڭ غەربىگە كەل-گەن. مانا بۇ «يېڭى تاڭنامە»دە ئېيتىلغان «بىر قىسمى ئەنشىگە كەتتى» دېگەن بايانلارنىڭ مەنبەسى.

«ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، «بۈيۈك تاڭ يارلىقلى-

رى»، «ھۇدۇدۇلئالەم» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە پان تېكىننىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق، كۇچالارغىچە، غەربتە تا ئىسسىقكۆلگىچە يېتىپ بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

دېمەك، پان تېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۆسەنگىچە كەلگەن ئىكەن، چوقۇم بۇگۇر تېررىتورىيىسىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە بۇگۇر قەبىلىسىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ بېشبالىق ئەتراپىغا كەلگەنلىكى ئېنىق. 866 ـ يىلى پان تېكىننى ئۆلتۈرگەن بۇگۇركۇن دەل شۇ قەبىلىدىن ئىدى. پان تېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار جەنۇبقا سۈرۈلگەن چاغدا بۇگۇر قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى بۇگۇردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن تەڭلا بۇ يۇرت «بۇگۇر» دەپ ئاتالغان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم جەريان كەتكەن.

866 ـ يىلى بۇگۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بۇگۇركۇن ھاكىمىيەت تالىشىپ پان تېكىننى ئۆلتۈرگەن. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان پان تېكىننىڭ ئۆلۈمى خەلقنىڭ قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بۇگۇركۇننىڭ قول ئاستىدىكى يەنە بىر تۈركۈم بۇگۇر قوۋمى بېشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ھازىرقى بۇگۇرگە كېلىپ شۇ يەردىكى بۇگۇر قەبىلىسىگە قوشۇلغان. ئەنە شۇندىن كېيىن بۇ جاي بۇگۇر دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

«تارىخى رەشىدىي»دە بۇ جاي «تار بۇگۇر» دەپ ئاتالغان. ج . ر . خاملتۇن «تار» سۆزىنىڭ «بۆلۈنۈش»، «ئايرىلىش»، «قارشى چىقىش» دېگەندەك مەنىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. خۇددى «تارخان» سۆزىنىڭ «خاندىن ئايرىلىپ چىققان كىشى» دېگەن مەنىسى بولغىنىدەك[11].

بۇنىڭدىن «تارىخى رەشىدىي»دە تىلغا ئېلىنغان «تار بۇگۇر» سۆزىنىڭ دەل «بۇگۇركۇن»دىن ئايرىلىپ چىقىپ بۇگۇردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھېلىقى بىر تۈركۈم بۇگۇر قەبىلىسى بى-

لەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

قومۇلنىڭ ئالتىزاق دېھقانچىلىق مەيدانىدىمۇ «بۇگۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. بۇ يۇقىرىقى تېما بىلەن قانچىلىك مۇناسىۋەتلىك، بۇمۇ ئايرىم مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە.

يۇقىرىقى يەكۈن پەقەت ۋاستىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا چىقىرىلغان. بۇ ھەقتە بىز ئىشەنچلىك يازما پاكىتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. شۇڭا، بۇ قاراش بىۋاسىتە پاكىتلىق ماتېرىياللار ئاساسىدا ئاغدۇرۇپ تاشلانسا ياكى تولۇقلانسا، مەن ئۇنى قىزغىن قوبۇل قىلىمەن.

ئىزاھلار:

① «بۇگۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، 1991 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 29 ـ بەت.

② مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 468 ـ بەت.

③ «سۈينامە»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 84 ـ جىلد، «شىمالىي دىلار، تېلېلار تەزكىرىسى»، 1879 ـ بەت.

④ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىشلىرىغا دائىر ۋەسىقىلەر توپلىمى. ئۇيغۇرلار»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1985 ـ يىل نەشرى 16 ـ كىتاب، 1744 ـ بەت.

⑤⑦ ل . ن . گۇمىليېف: «قەدىمكى تۈركلەر»، موسكۋا «پەن» نەشرىياتى، 1967 ـ يىل نەشرى (رۇسچە)، 68 ـ، 70 ـ بەتلەر.

⑥⑧ مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 455 ـ، 425 ـ بەتلەر.

⑨ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. پۇگۇلار»، 6140 ـ بەت.

⑩ مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ كىتاب 79 ـ بەت.

⑪ ج . ر . خامىلتون: «بەش دەۋر ئۇيغۇرلىرىغا دائىر ماتېرىياللار».

# ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

بەيتۇللا جانئەخمەت

يەر نامى — ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىش جەريانىدا پەيدا بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەبىئىي نامايەندىسى، ئۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قىلىپ داۋاملىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى مۇقىم ساقلاپ كەلمەكتە. مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىپ يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئېغىزدا دېيىلىپ كېلىۋاتقان يەر ناملىرىنى يېزىق شەكلىدە تارىخ بېتىگە يېزىپ قالدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى يارىتىلىپ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يەر نامى — ئىنسانلار قەدىمدىن بۇيان ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلغان ئۆزىگە خاس نام بولغاچقا، ئۇنى كەلسە - كەلمەس ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

ئەمما، ئىلىمىزدە 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بۇرۇنقى يەر ناملىرى كونىلىق دەپ قارىلىپ مەجبۇرىي ئۆزگەرتىلدى. جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىدىمۇ نۇرغۇن يېزا - كەنتلەرنىڭ ئەلمىساقتىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر چىرايلىق ناملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «خۇڭشىڭ» گۇڭشېسى (بۇرۇنقى شىمىرشىك يېزىسى)، «چاۋيىڭ» گۇڭشېسى (بۇرۇنقى ئىگىز تۆبە يېزىسى)، «خۇڭۋېي» گۇڭشېسى (بۇرۇنقى شاغانغۇل

يېزىسى) دېگەنگە ئوخشاش تارىخىي ئاساسمۇ، ئىلمىي ئاساسمۇ بولمىغان يەر ناملىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. بۇ ئىش پەقەت پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا ئاندىن تۈزىتىلىپ، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن يەر ناملىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئالتاي ۋىلايىتى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەرگە ماكانلاشقان ھەر مىللەت خەلقى تارىختىن بۇيان ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ چېگرا رايوننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان، ئۇ ئۆزىگە خاس تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەمۇرىي رايون. ئەگەر بىز ئالتايدىكى يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئالتايىنى ئەسىرلەر بويى ئۆزىگە ماكان قىلغان ئاساسلىق مىللەت قازاق خەلقىنىڭ مىللىي تىل ـ يېزىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. مەن بۇ ماقالەمدە ئاساسلىقى ئالتاي ۋىلايىتىگە تەۋە جايلاردىكى قازاقچە يەر ناملىرىنىڭ قويۇلۇشىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈپ بايان قىلىمەن.

**1. يەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن قويۇلغان ناملار**

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى ئاساسلىقى شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك، يەر شەكلىگە ئاساسەن قويۇلغان. چۈنكى ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي تېغى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئۆزگىچە، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغاچقا، بۇ يەردىكىناملار شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە يەر شەكلىگە ئاساسەن قويۇلغان. مەسىلەن: «ئاستاۋچە»، «بوتامويىن» (بوتىلاق بوينى)، «ئېگىز تۆبە»، «جامان ئادىر» (خەتەرلىك ئېدىر) دېگەندەك.

**2. قەبىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى**

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى تارىختا شۇ يەردە ياشىغان چوڭ ـ كىچىك قەبىلىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بىر ئەۋلادتىن تار ـ

قالغان توپ ـــ قەبىلە دېيىلىدۇ. قازاق مىللىتى مانا شۇ قەبىلە-لەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن مال بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوت ـ چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەن ھەمدە قەبىلىلەر بويىچە بۆلەك ـ بۆلەك ياشىغان، شۇڭا ئۇ جايلار ئەشۇ قەبىلىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: «جارىلغاپ تاۋى» (جارىلغاپ تېغى) بۇ يەر جېمىنەي ناھىيە بازىرىنىڭ شەر-قىي تەرىپىدە بولۇپ، ئاباق كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى جەنتېكەي ئەۋلادىدىن تارالغان بىر كىچىك ئۇرۇق ـــ جارىلغاپ ئۇرۇقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان؛ «بازارقۇل»، بۇ جېمىنەي ناھى-يىسىنىڭ توستى يېزىسىغا قاراشلىق يەر نامى بولۇپ، ئاباق كې-رەي قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى جەنتېكەي ئەۋلادىدىن تارالغان بازارقۇل ئۇرۇقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان؛ «ئېلكېلدى سازى» (ئەلكەلدى سازلىقى)، بۇ ئالتاي شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى يايلاق بولۇپ، ئاباق كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى جەنتېكەي ئەۋلادى-دىن تارالغان ئەلكەلدى ئۇرۇقى ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ يەردە ياشى-غانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

**3. يۆنىلىشكە قاراپ قويۇلغان يەر ناملىرى**

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى شەرق بىلەن غەربنى، جەنۇب بىلەن شىمالنى، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى نىشان قىلىپ قويۇلغان. بۇ يەرلەرگە ماكانلىشىپ كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قازاق خەلقى بىر جاينى مەركەز قىلىپ شۇ يەرنىڭ شەرق ـ غەرب، جەنۇب ـ شىمال تەرەپلىرىنى نىشان قىلغان ھالدا يۆنى-لىشكە قاراپ نام قويغان. مەسىلەن: «كۈنگەيتى» (كۈنگەيلىك)، بۇ ھازىرقى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى يايلاق، «شى-غىس سارقامىس» (شەرقىي قومۇشلۇق)، «باتىس سارقامىس» (غەربىي سېرىق قومۇشلۇق)، بۇلار ھازىرقى چىڭگىل ناھىيىسى-دىكى ناملار. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى-گە قاراپ قويۇلغان يەر ناملىرىمۇ بار. مەسىلەن: «ئۆرئالتاي» (يۇقىرى ئالتاي). ئالتايدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئې-

قىمىدا ئولتۇرىدىغان قازاق خەلقى ئېرتىش دەرياسىنىڭ باش تە-رىپىنى شۇنداق ئاتايدۇ.

**4. دەريا، كۆل، بۇلاقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قويۇلغان يەر ناملىرى**

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى مەلۇم بىر جايدىكى دەريا، كۆل، بۇلاقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان. مەسىلەن: «شىم-بار كۆل». بۇ چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يايلاق نامى. بۇ يايلاقتا بۇرۇن بىر قانچە كىچىك كۆلچەكلەر بولغان. شۇڭا بۇ يەر «شىبار كۆل» (چىپار كۆل) دەپ ئاتالغان. «كارەسىن باستاۋ» (كىرسىن تولغىماس)، بۇ جېمىنەي ناھىيىسىدىكى بىر بۇلاق بېشىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى قاتتىق سوغۇق-تىمۇ تولغىماي ئېقىپ تۇرغاچقا شۇنداق ئاتالغان. «باتپاق بۇلاق» (پاتقاق بۇلاق)، بۇ نام شۇ بۇلاق سۈيىنىڭ داۋاملىق سىرىق لاي بولۇپ ئاقىدىغانلىقىغا قارىتىلغان. «بۇلغىن ئۆزەنى» (بۇلغۇن دەرياسى)، بۇ چىڭگىل ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى دەريا بولۇپ ئۇنىڭ بويلىرىدا دۆلەت تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان — بۇلغۇن كۆپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئا-تالغان.

**5. ئادەم ئىسمى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى**

مۇنداق يەر ناملىرى كۆپىنچە شۇ جايدا ياشىغان ئادەملەر ئىچىدىكى مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەسى-لەن: «شەگەتاي قاباغ» (شىگېتاي تۆپىلىكى)، بۇ بۇرچىن ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى يەر بولۇپ، تارىختا بۇ يەردە شەگەتاي ئىسىملىك ئەل بېشى ياشىغاچقا شۇنداق ئاتىلىپ قالغان. «بىي-دىڭ قۇۋۇسى» (بەگنىڭ ئۆڭكۈرى)، بۇ ئالتاي شەھىرىنىڭ شىما-لىدىكى يايلاقنىڭ نامى. ئالتاي قازاقلىرى تۆت بەگنىڭ بىرى بولغان كۆكەن مامىت ئوغلىنى «كارى بى» (قېرى بەگ) دەپ ئا-تىغان. شۇڭا، بۇ ئادەمنىڭ يايلىقى بولغان بۇ جاينى «بەگنىڭ قۇۋۇسى» دەپ ئاتاشقان. «شالىشقاي»، بۇ يەر ناھىيە بازىرىنىڭ

شىمالىدا بولۇپ، تارىختا شالىشقاي ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى ياشىغاچقا، ھازىرغا قەدەر «شالىشقاي» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**6. سان بىلەن ئىپادىلەنگەن يەر ناملىرى**

بۇ خىل يەر ناملىرى مەلۇم ئىسىمنىڭ ئالدىغا سان قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان. مەسىلەن: «جىېتى ئارال» (يەتتە ئارال)، بۇ يەر بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، يەتتە ئارالدىن تەركىب تاپقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

**7. ھەر خىل رەڭلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى**

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى ئىسىمغا رەڭ نامىنى قوشۇش يولى بىلەن ياسالغان. مەسىلەن: «كۆكتوقاي»، «بۇرۇلتوقاي»، «قىزىل تاۋ» (قىزىل تاغ) قاتارلىقلار.

**8. تەقلىد قىلىپ قويۇلغان يەر ناملىرى**

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى مەلۇم بىر يەرنى مەلۇم بىر نەرسىگە تەقلىد قىلىش يولى بىلەن ياسالغان. مەسىلەن: «نار ئۆركەش» (نار لوككىسى)، «بىلەزىك» (بىلەزۈك)، «سارتاقتاي» (سېرىق تاختاي)، شۇڭقارتاش قاتارلىقلار.

**9. تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى**

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى كىشىگە شۇ جايدا يۈز بەرگەن تەسىرلىك ۋەقەلەرنى ئەسلىتىدۇ. مەسىلەن: «سارسۈمبە»، بۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا موڭغۇل بۇتخانىسى سېلىنغان جاي. «بەگەن شابىلغان قارا سەڭىر» (بەگەن يېزىسى تالانغان قاراسىڭىر). بۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قوبدۇ موڭغۇللىرى بەگەن ئاۋۇلىدىكى قازاقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قازاقلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان تاغلىق جاينىڭ نامى. «جاڭجۇن قىزىل»، بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلى جاڭجۇنى ئالتايغا كېلىپ شۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىققانلىقى سەۋەبىدىن شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان. «گېگېن تۇۋغان» (گېگەن تۇغۇلغان)، بۇ جاي بىر موڭغۇل موللىسى مۇشۇ يەردە تۇغۇلغاچقا شۇنداق ئاتىلىپ قالغان.

## 10. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى

ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن يەر نامى قويۇش قازاقچە يەر ناملىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن: «قارىغايلى» (قارىغايلىق)، «تۇراڭغى سىۋقى»، «جىڭغىلدى» (چاتقاللىق)، «قامىستى» (قومۇشلۇق)، «شىيلى ئۆزەك» (چىغلىق ساي) ۋە «ئايۇۋساي» (ئېيىق ساي)، «شوشقا تۆبەك» (چوشقا دۆڭ)، «قۇلجا قىزىل» دېگەندەك يەر ناملىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

قازاقچە يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە قازاق خەلقى سۆزگە باي خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن، يەر ناملىرىنىڭ تۈرى خېلى كۆپ. مەن بۇ ماقالەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىمراقلىرىنى يۈزەكى ھالدا تەھلىل قىلىپ ئۆتتۇم. بۇ ساھەدە يەنىمۇ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى يەر ناملىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# «ئاق ئوردا» ۋە «تۇرۇمتاي كۆلى» دېگەنناملار ھەققىدە

ئوسمان مۇھەممەت

سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھلىرىدىن بولغان ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولۋاسخان قەشقەردە 30 يىل نائىپ خان بولغانىدى. مىلادىيە 1669 ـ 1670 ـ يىللىرى ئۇ ئاتىسى ئابدۇللاخاننى ئەرەبىستانغا مەجبۇرىي يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى يەركەندە پادىشاھ بولدى. يولۋاسخان دۆلەت ئەركانلىرى ۋە پۇقرالارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغاچقا، شۇ يىلى، يەنى 1670 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋەزىرلەر تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

يولۋاسخان قەشقەردە ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە ئۇنىڭ بەگ ـ ۋەزىرلىرى ئاساسەن قىرغىز ـ ئۇيغۇرلاشقان موغۇللار ئىدى. ئەركە بەگ، ئەلى شاھ بەگ، ئېۋەزبەگ، دۆلەتبەگ، تۇرۇمتاي بەگ ۋە باباق بەگلەر شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى.

يولۋاسخان گەرچە سەككىز يېشىدا قەشقەرگە نائىپ بولغان بولسىمۇ، بالاغەتكە يېتىپ مۇستەقىل ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن لەشكىرىي ھوقۇقنى چىڭ تۇتۇپ، كۆپلەپ ئەسكەر ئېلىپ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يۇقىرىدىكى بەگ ـ ۋەزىرلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىمۇ نۇرغۇن نۆكەرلەر بار بولۇپ، بەگلەر نۆكەرلىرى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا (تاغ ئارىلىرىغا) يىلدا بىر نەچچە رەت بېرىپ تۇراتتى. يولۋاسخان ئاشۇ قىرغىز ۋە ئۇيغۇرلاشقان موغۇل بەگلەرنى تۇراقلاندۇرۇش ۋە قەشقەردە يىلتىز تارتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۆزى باش بولۇپ، ئىچكىرىكى شەھەردىكى ئوردىنى سىپىل

سىرتىغا يۆتكەشكە بۇيرۇپ يىڭىدىن ئوردا بىنا قىلدۇردى ھەمدە بەگلەرنى ئوردا ئەتراپىدا ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈر-دى. بۇنىڭ بىلەن ئوردا ئەتراپىدا بىر مۇنچە كوچا، مەھەللىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يىڭىدىن ياسالغان ئوردىنىڭ تاملىرى ئېگىز، ھەيۋەتلىك بولۇپ، پۇتۇنلەي ئاق گەجدە ئاقارتىلغانىدى. ئوردا يىراق - يېقىنغا ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ يەر كېيىنچە «ئاق ئوردا» دەپ ئاتالدى. «ئاق ئوردا»نىڭ بىر تەرىپىدە يەنە «بامگىر قەبرىستانلىقى» بار ئىدى.

نەتىجىدە ئەزەلدىن كۆچمەن ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن قىر-غىز ۋە ئۇيغۇرلاشقان موڭغۇل بەگلەر قەشقەر، يەركەن، بارچۇق قاتارلىق شەھەرلەردە ماكان تۇتۇپ قالدى. مەخمۇت جۇراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە «ئەركە بەگنىڭ ھەمىشە تىلەيدىغىنى، ئىسلام شەھىرىگە ئۆي سالسام، دەيتتى. تەلىپىگە بىنائەن ھىد-جىرىيە 1080 - يىلى ئىسلام شەھىرىدە ۋەتەن تۇتۇپ ئىناۋەتلىك قوماندان بولۇپ قالدى. ياخشى ئىشلارغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆللەرنى چاپتۇرۇپ، ساراي، كۆۋرۈك، مەسچىتلەرنى سالدۇرۇپ مەملىكەتنى ئاۋات قىلدى» دېيىلگەن.

يەنە قىرغىز بەگلىرىدىن دۆلەتبەگ، تۇرۇمتاي بەگلەرمۇ ئاق ئوردىنىڭ ئەتراپىدىن كوچا ئېلىپ، ئۆي سالدۇرۇپ، كۆل چاپ-تۇرۇپ، مەسچىتلەرنى بىنا قىلدۇردى. قەشقەر شەھىرىنىڭ ھا-زىرقى قۇمدەرۋازا كوچا باشقارما تەۋەسىدىكى «ئاق ئوردا» مەھەل-لىسىگە جايلاشقان «تۇرۇمتاي كۆلى» ئەنە شۇ تۇرۇمتاي بەگ كولاتقان كۆلدۇر.

# قاغىلىقنىڭ تارىختىكى ناملىرى ۋە «叶城» توغرىسىدا مۇلاھىزە

مۇختەر مامۇت مۇھەممىدى

قاغىلىق ــ يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆتەڭگە جايلاشقان مۇھىم بازار. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 59 ـ يىلى غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان. غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى يەكەنگە، ئوتتۇرا قىسمى كۆكيارنى مەركەز قىلغان جىغاپ دۆلىتى (子合国)گە، غەربىي جەنۇب تەرىپى پۇرۇساپۇرا (漂沙) دەپمۇ ئاتىلىدىغان سىيىيا (sieia) دۆلىتى (西夜国)گە[①] تەۋە بولغان. «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە جىغاپ بىلەن سىيىيا بىر جاي دەپ قارالغان. «كېيىنكى خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە يۇقىرىقى قاراشنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقى كۆرسىتىلىپ، ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى جاي دەپ قارالغان ھەم «جىغاپنىڭ خەلقى بەك يامان، بۇ جاي سۇلىغا مىلك چاقىرىم كېلىدۇ. 350 تۈتۈنى، 4000 نوپۇس، 1000 ئەسكىرى بار»، سىيىيانىڭ «2500 تۈتۈنى، 10 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى، 3000 ئەسكىرى بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. قاغىلىق «كېيىنكى خەننامە» ۋە «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى»دە «子合国» (جىغاپ دۆلىتى)، «ئىبادەتخانا خاتىرىسى»دە «朱句国» (چاكۇك qakuk) دۆلىتى، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «哈而噶里克» (قاغىلىق) دېيىلگەن.

قاغىلىق مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. «يېڭى تاڭنامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە مۇنۇلار خاتىرىلەنگەن: «朱具波» (چۇكۇپا)

朱俱 (چۇكۇپەن) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 子合 (جىغاپ) دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭغا 西夜 (سىپيا)، 蒲梨 (سارىقول)، 依耐 (يىپگىسار)، 得若 (دورا)دىن ئىبارەت تۆت جاي قارايدۇ». بۇنىڭدىن 朱俱般 (چۇكۇپيا)نىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەتراپىدىكى بەزى رايونلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بىراق كېيىن، ئۇنى شەرقتىكى ئۇدۇن (于阗) ئۆزىگە قوشۇۋالغان، مىلادى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇ يەكەن (叶尔羌)گە قارايدىغان بولغان. ئەينى چاغدىكى خانلىق (قاغىلىق) دىيارى ھازىرقى قاغىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە تۇقۇز كىلومېتىر كېلىدىغان موڭگال دېگەن جايدا بولۇپ، كېيىن شەھەر غەربكە — ھازىرقى قاغىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان سايئېرىق دېگەن جايغا يۆتكەلگەن. 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى باستۇرغاندىن كېيىن، قاغىلىق يەكەندىكى ئىش بېجىرگۇچى ئامبالنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولغان، 1856 ـ يىلى ئەتراپىدا خوتەنگە تەۋە بولغان، 1882 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسى قۇرۇلۇپ، خەنزۇ تىلىدا «叶城» (يېچېڭ)، ئۇيغۇر تىلىدا «قاغىلىق» دەپ ئاتالغان. 1902 ـ يىلى يەكەن ۋىلايىتى قۇرۇلغاندا، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرى يەكەن ۋىلايىتىگە، گۇما خوتەن ۋىلايىتىگە ئايرىلغان. 1950 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، يەكەن ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1956 ـ يىلى يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، بۇ ناھىيە قەشقەر ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلمەكتە.

خەنزۇچە «叶城» دېگەن نام «يوپۇرماق شەھەر»، «گۈزەل شەھەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما بۇ ھەرگىز بۇ جاينىڭ مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ بېرىلگەن نام ئەمەس، بۇ نامنىڭ قويۇلۇشى يەكەن دەرياسىغا مۇناسىۋەتلىك. يەكەن (叶尔羌) دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەكەن ناھىيە بازىرىدىن باشقا،

«叶尔羌» (يېئېرچياڭ)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «叶城» (قاغىلىق) تارىختا دائىم شۇ ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ تالىشىشىغا ۋە قوشۇۋېلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن تەۋەلىكىمۇ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان. 1759 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى ئېنىق ھالدا يەكەننىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بەرگەن. 1881 ـ يىلى ليۇ ـ جىنتاڭ شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەكەندە بىۋاسىتە قاراشلىق ئايماق تەسىس قىلىشنى، ئايماق ئاستىدا بىر يېڭى ناھىيە تەسىس قىلىشنى، يەكەن كونا شەھىرىنى مۇشۇ يېڭى ناھىيىنىڭ مەركىزى قىلىشنى، يېڭى ناھىيىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ «叶城» (يېچېڭ) دەپ ئاتاشنى پىلانلىغان. مانا بۇ ۋاستىلىك ھالدا يەكەن (叶尔羌) دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ناھىيە بازىرى ئىدى. لېكىن، گۇاڭشۇنىڭ 10 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ۋالىيسى ليۇجىنتاڭنىڭ چىڭ ئوردىسىغا يوللىغان مەكتۇبىدا «叶城» (يېچېڭ) ناھىيىسىنىڭ مەركىزىنى قاغىلىق دېگەن يەرگە يۆتكەش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. («شىنجاڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى . خانغا يوللانغان مەكتۇب ــ 10») شۇنىڭ بىلەن «叶城» (يېچېڭ) ناھىيە بازىرى ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ ئورنى قاغىلىق (哈哈里克) دېگەن يەرگە يۆتكەلگەن. «叶城» (يېچېڭ) ناھىيىسىنىڭ ئۇيغۇرچە نامىمۇ شۇڭا «قاغىلىق» دەپ بېكىتىلگەن.


**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1) «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، خەنزۇچە نەشرى.
2) «قەشقەر يىلنامىسى» (1985).
3) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خەرىتىلىك يەر ـ جاي ناملىرى.
4) «سۇلتان ئەھمەد جۇرجانى تەزكىرىسى»، چاغاتايچە قوليازما.
5) مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، خەرىتە.
6) «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1990 ـ يىل ئۇيغۇرچە 2 ـ سان.

# سەددىچىن، بوغدا، توپئاتار، فۇكاڭ دېگەن يەرناملىرى توغرىسىدا

## ئىمىن تۇرسۇن

يەر نامىلىرى قەدىمدىن تارتىپ خەلق ياكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ھەر خىل شارائىت نەزەردە تۇتۇلۇپ قويۇلىدۇ. تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا، قەدىمكى نامىلار تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىپ ساقلىنىپ قالىدۇ ياكى باشقا ناملار بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. بىرەر ئىنشائات ياكى شەھەرنى بىنا قىلغان خەلق ئۆز تىلىدا باشقىچە ئاتىسا، ئۆزگە خەلقلەر باشقىچە ئاتايدىغان ئەھۋاللامۇ كۆرۈلىدۇ، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، لېكىن «نام ئۆز ئىگىسىگە باقىدۇ» دېگەن قائىدە بەزىدە نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. بىز تۆۋەندە مىسال كەلتۈرۈلگەن بىر قانچە يەر نامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە نەزەر سالايلى.

**چاڭچېڭ ـــ سەددىچىن**

جۇڭگو تارىخىدىلا ئەمەس، دۇنيا تارىخىدىمۇ ئالاھىدە مەشھۇر بولغان بىر زور ئىنشائات بار، ئۇ خەنزۇچە «چاڭچېڭ» (ئۇزۇن سېپىل) دەپ ئاتالغان. ئەرەب ـ ئەجەم ئەللىرى ۋە ئۇلاردىن ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بۇ سېپىلنى «سەددىچىن» («چىن تېمى» ياكى «چىن سېپىلى») دەپ ئاتاشتى. جۇڭگونىڭ سىمۋولى بولغان بۇ ئىنشائاتقا خەنزۇلار بىلەن قوشنا ياشىغان قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تۈركىي تىلدا «بورقۇرقى» دەپ نام بەرگەنىدى. كىدانلار بولسا، ئۇنى «ئۆنگۈ» دەپ ئاتىغانىدى. كىدانلاردىن مائاش ئېلىپ مەزكۇر سېپىلنى ساقلىغان تۈركىي جامائەت ئۆنگۈت دەپ ئاتالغان. موڭغۇل تىلىدىكى «ت» قوشۇمچىسى تۈركىي تىلدىكى

«چى» ياكى «ي» قوشۇمچىسىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ سۆزلەر ئۆنگۈچىلەر، ئۆنگۈنى ساقلىغۇچىلار دېگەنلىك بولىدۇ. موڭغۇل دەۋرىدە بۇ ئۆنگۈچىلەر 4000 ئۆيلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېگى ئالاقۇش تېگىن قۇرى دېگەن كىشى ئىكەن.

**بوغدا چوققىسى ۋە «ساماۋى كۆل»**

بۇلار كېيىنرەك پەيدا بولغان ناملاردۇر. «بوغدا» موڭغۇلچە «ئۇلۇغ»، «يۇكسەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز. بۇ چوققىنىڭ تۈركىي تىلدا ئەسلىي ئىسمى بار ئىدى. تەڭرىتاغ خەنزۇچە مەنىسى بويىچە «تيەنشەن» دەپ، ئۇ تاغنىڭ ئېگىز چوققىسى — خانتەڭرى بولسا، ئاھاڭى بويىچە «خەن تېڭ گې لى» دەپ ئېلىنغان. تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، يەنى ئالتۇن ئارت قىسمىدىكى يەنە بىر چوققىسى تۈركىي تىلدا ئوغراچ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق بولسا كېرەك: مىلادىيىدىن ئىككى - ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ئوغۇرداش (ھازىرقى لوپنور كۆلى) بويىدا ياشايدىغان ئوغۇزلار ھۇنلارنىڭ قىسمى تۇ-پەيلى ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ، شەرقىي شىمالغا — قوش ئېلىگە كۆچكەندە ھازىرقى ئۈرۈمچى - فۇكاڭ يۆنىلىشى بويىچە تەڭرى-تاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوققا باغرىدىن يول ئاچقان. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇزلار ئاچقان بۇ تاغ يولى «ئوغۇزئاچ» دەپ ئاتالغان. كېيىن مەزكۇر يول نامى تەڭرىتاغنىڭ 2 - چوققىسىغا نام بولۇپ قالغان ۋە «ئوغراچ» دەپ ئىخچاملانغان. 14 - ئەسىردىن كېيىن، جۇڭغارلار بۇ چوققىنىڭ نامىنى «بوغدا» دەپ ئۆزگەرتكەن بولۇ-شى مۇمكىن.

ئوغراچ چوققىسىنىڭ تۆۋىدىكى كۆل تەڭرىتاغ بىلەن ئاتداش قىلىنىپ «تەڭرى كۆل» دەپ ئاتالغان. ئۇ خەنزۇچە مەنىسى بويى-چە «تيەنچى» دەپ ئېلىنغان. يېقىنقى چاغلاردا بۇ كۆلنىڭمۇ ئەس-لى نامى قوللىنىلماي، «ساماۋى كۆل» دېگەن سۈنئىي نام قوللى-نىلماقتا.

دېمەك، «بوغدا» دېيىلىۋاتقان چوققىنىڭ ئەسلى نامى

«ئوغراچ»؛ ئۇنىڭ بېقىنىدىكى كۆل «تەڭرى كۆل» ـــ بۇ نامىلار تارىخي ناملار ئىدى.

**توپئاتار ـــ تۇپىرئارت**

ئۇرۇمچىنىڭ شەرقىدە، ھازىر «تۇزكۆل» دەپ ئاتالغان ئايدىڭ كۆلنىڭ شىمالىي ئۇدۇلىدا، تەڭرىستاغنىڭ ئوغراچ چوققىسىغا ياندىش كېلىدىغان كىچىكرەك بىر چوققا بار. بۇ چوققا خەلق ئىچىدە «توپئاتار» («توپئاتار غوجام») تېغى دېيىلىدۇ. ئەسلىدە «تۇزكۆل» بىلەن داۋانچىڭ ئارىلىقىدا «شامال ئۆتەڭ» دەيدىغان بىر مەنزىل بار. بۇ مەنزىل دەل ئاشۇ چوققىنىڭ جەنۇبىغىراق توغرا كېلىدۇ. بۇ چوققا ئەسلىدە «تۇپىرئارت» (شامالىلىق داۋان ياكى چوققا) دەپ ئاتىلاتتى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ نام ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، تەلەپپۇزدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، «توپئاتار» بولۇپ قالغان.

**فۇكاڭ ـــ جامغار**

بۇ، بۇيۇك ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى بەش شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە «جامغار بالىق» دەپ ئاتىلاتتى. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇ شەھەر خەنزۇچە «جىنمەنچېڭ» (金满城) دېيىلگەن. موڭغۇللار زامانىدا «تېڭگىر» دېيىلگەن. كۆل مانجۇ تىلىدا «تېڭگىن»، موڭغۇل تىلىدا «تېڭگىر ـــ تېڭگىز» دېيىلىدۇ. قەدىمكى تۈركىي تىلىدا چوڭ كۆل «تېڭىز» دېيىلەتتى. ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى بەزى قوۋملەردە «ن» تاۋۇشى «ز» ياكى «ر» تاۋۇشى بىلەن ئالماشقان. مەيلى موڭغۇل تىلىدىكى «تېڭگىر» بولسۇن ياكى مانجۇ تىلىدىكى «تېڭگىن» بولسۇن، يەنىلا شۇ تەڭرى كۆل نامىدىن كېلىپ چىققان سۆزلەردۇر. تەڭرى كۆل ـــ جامغار ياكى فۇكاڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى مەشھۇر سەيلىگاھ.

# «گوما» نامىغا دائىر رىۋايەتلەر

## ئابدۇلئەھەت ئالىم

گوما ناھىيىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 36 بەگلىكنىڭ تەۋەسىدە بولۇپ، ھازىرقى گوما بازىرىنىڭ ئورنى ھازىرغىچە توققۇز قېتىم يۆتكەلگەن. قەدىمكى پاسيان بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولغان پاسيان شەھىرى ھازىرقى گوما ناھىيىسى تەۋەسىدە ئىدى، قوم كۆچۈشىنىڭ تەسىرىدە پاسيان شەھىرى گومىغا يۆتكەلگەندە، بىزدە «گوما» دېگەن نام بىلەن ئۆزلىشىپ قالغان. خەنزۇچە تارىخي ماتېرىياللاردىن «ئالدىنقى خەننامە»دە «پاسيان» (皮 山)، «ۋېي تارىخىدىن قىسقىچە بايان»دا «پىرۇڭ» (皮 冗)، «ۋېينامە»دە «پۇشەن» (蒲 山)، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»دە «گوما» (固 满) دېگەنناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن[1]. 1902 ـ يىلى گوما قاغىلىق ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا، چىڭ ھۆكۈمىتى «پاسيان»نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان «皮 山»نى ناھىيە نامى قىلىپ قوللاندى. ئۇيغۇرچىدا يەنىلا «گوما» دەپ ئاتىلىۋەردى.

پاسيان بەگلىكى ساكلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان پاسيانلار قۇرغان بەگلىك ئىكەنلىكى[2] ئېنىقلاندى. ھازىر خەلق ئارىسىدا «گوما» دېگەن نام توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەتلەر بار:

1 . «گوما» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ يۇرتنىڭ ئەسلى نامى «پىشا» ئىكەن. «قەدىمكى «پىشا» دۆلىتىنىڭ ئورنى ھازىرقى زاڭگۇينىڭ تەخمىنەن بەش كىلومېتىر شىمالىدىكى قەدىمكى خارابە ئىزىدا بولۇپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جايدا ئۆرۈك ياخشى پىشمايدىكەن. ئەجدادلىرىمىز بۇ جاينى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن،

ھەر خىل ئۆرۈك سورتلىرىنى ئۆستۈرۈپ كۆرۈپتۇ. بۇ جەريانىدا كىشىلەر دائىم «ئۆرۈك پىشارمۇ؟» دەپ سورايدىكەن. ئۆرۈك ئۆستۈرگۈچىلەر «پىشار» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتنىڭ نامى «پىشا» بولۇپ قاپتۇ.

2 . قەدىمكى زاماندا گۇمىنىڭ ئەسلى ئورنى ياغاچ ئۆيلۈك قەدىمكى شەھىرى (بۇ جاي تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە بولۇپ، شەھەر خارابىسى ساقلىنىپ قالغان، گۇما ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 140 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھازىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى)دە بولۇپ، بىر يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئۇدا 40 كېچە ـ كۈندۈز قۇم يېغىپتۇ. نۇرغۇن ئۆيلەر قۇم ئاستىدا قاپتۇ. ئۇ يەرنىڭ سىرتىدا پاسارخان ئىسىملىك بىر تۇل خوتۇن بار بولۇپ، قۇم ياغقان مەزگىلدە يەتتە كالىنى مومىغا قېتىپ، 40 كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي چۆرگىلەپتۇ. ياغقان قۇم كالىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئايال قۇم بالاسىدىن قۇتۇلۇپ، قايا قۇيۇم (قارا قۇرۇمنى دېمەكچى ـــ ئا)غا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. كالا بېقىپ تىرىكچىلىك قىپتۇ ۋە ئاجايىپ ياسىداق بىر ئايۋان، ئايۋاننىڭ ئالدىغا بىر پېشايۋان سېلىپتۇ. كىشىلەر يولدىن ئۆتكەچ: «بۇ كىمنىڭ پېشايۋىنى؟» دېسە، «پاسارخاننىڭ» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. «پېشەن» دېگەن سۆز «پېشايۋان»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەنىكەن. پاسارخان ئولتۇرغان ئۆي ياغاچ ئۆيلۈكتە ھازىرمۇ بارمىش.

3 . بۇرۇن بۇ جايغا ئاسماندىن 40 كېچە ـ كۈندۈز قۇم يېغىپ، شەھەرلەر قۇم ئاستىدا قاپتۇ. كىشىلەر ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپتۇ. پىسەند دېگەن شەھەردىن نۇرغۇن ئاياللار ۋە بالىلار تاغ بويىغا قېچىپ كەپتۇ. پىسەن دېگەن نام شۇنىڭدىن كەلگەنىكەن.

4 . گۇمىنىڭ ئەينى زاماندىكى نامى «قۇما» (قۇما ـــ يۇلغۇن ياكى توغراق نوتىلىرىدىن ياسالغان ئۆي قۇشلىرى كاتىكى)[3] ئىدـ

كەن. چۈنكى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆيلىرى قۇمغا ئوخشاش ياسىلىدىكەن (هازىرمۇ بۇنداق ئۆيلەر كۆپ). قۇمانىڭ پادىشاهى قۇمات ئىكەن (هازىر پىيالما يېزىسىنىڭ شەرقىدە «قۇمات پادىشاهىم» دېگەن بىر مازار بولۇپ، قارىقاش «شەرق شامىلى» سۇ ئامبىرىنىڭ ئاستىدا قالدى). يەكەن ۋە گۇما ناھىيىلىرىدە هازىرمۇ «قۇما» دەپ ئاتىلىۋاتقان كەنتلەر بار.

5 . بۇرۇنقى زاماندا گۇمىنىڭ ئادەملىرى گەمىدە ئولتۇرۇپ چارۋا باققاچقا «گەمە» دەپ ئاتالغانمىش. سانجۇ ۋە تالاغ دېگەن يەردىكى «كەمەكىنىڭ گەمىسى» ئەنە شۇ دەۋردە قۇملۇق ئىچىدىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ گەمىسىمىش. «كەمەك»، «گەمە» سۆزى كېيىنچە «گۇما» بولۇپ قالغانمىش.

6 . رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلۇغلىرىمىز خوتەن تەرەپتىن چىقىپ، ھەممە يۇرتلارغا بېرىپتۇ. يۇرتتىكىلەر ئۇلۇغلارنى سوۋغا ـ سالام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، ئۇلۇغلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە نام بېرىپتۇ. ئۇلۇغلار هازىرقى گۇمىغا كەلگەندە يەرلىك خەلقلەر: «ئۇلار بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلگەندۇ؟» دەپ گۇمان قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغلار «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى گۇمانخور ئىكەن، شۇڭا بۇ يەنى ‹گۇمان› دېسەك بولغىدەك» دەپتۇ. «گۇمان» كېيىنچە «گۇما»غا ئۆزگىرىپتۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1980 ـ يىل نەشرى، 30 ـ بەت.

②③ «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان، 59 ـ، 60 ـ بەتلەر.

# پەيزاۋات ۋە مارالبېشى ناھىيىلىرىدىكى قىسمەن يەر ناملىرى توغرىسىدا

ئابلەت ئابباس

بۇ ماقالىدە مەن جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلار-نى قالدۇرغان ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئەڭ قەدىمكى يەر نام-لىرىنى مىسال قىلىپ، پەيزاۋات ۋە مارالبېشى ناھىيىلىرىنىڭ تارىخىنى يەر نامىلىرى جەھەتتىن يورۇتۇپ بېرىشنى ئاساسىي نىشان قىلدىم ھەمدە بەزى يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە تەبىرلىرى توغرىسىدا تەزكىرە كىتابلىرى كەتكۈزۈپ قويغان جايلارنىمۇ قوشۇمچە كۆرسىتىپ ئۆتتۇم.

1. پەيزاۋات

ماقالىنىڭ بۇ قىسمىدا مەن پەيزاۋات ناھىيىسىدىن دەلىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدىغان، قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن ياسالغان، چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ ئىستې-مالدىن قالغان تەۋەررۇك يەر نامىلىرىنى مىسال قىلىپ «پەيزاۋات ناھىيىسى17 ـ ئەسىردىن بۇرۇن قاقاسلىق ئىدى، كېيىنچە كى-شىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئاۋات قىلغان» دېگەن بىمەنە قاراشقا رەد-دىيە بەرمەكچىمەن.

1) تىم. بۇ ھۇنەر ـ كەسىپكە ئائىت يەر نامى بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل يېزىسىدا. «تىم» دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا مەي قاچىلايدىغان تۇلۇمنى كۆرسىتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ «چى» قوشۇمچىسى ئۇلانسا «مەي ساتقۇچى» دېگەن-لىك بولىدۇ[①]. ئۇ يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «مەي ساتقۇچىلار مە-ھەللىسى» دېگەنلىك بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىسلامىيەتتىن

بۇرۇنقى يەر نامى ئىكەنلىكىنى، ئەجدادلىرىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن بىزدىمۇ ھاراق مەدەنىيىتى بولغانلىقىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز.

2) تېرىم. بۇ پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ تېرىم يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تىلىمىزدىكى «تارىم»نىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تارماق ئېقىم بويىدىكى يۇرت ـ مەھەللە» دېگەنلىك بولىدۇ. دەرۋەقە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تېرىلغۇ يەر «تېرىم يەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ تېگى يەنىلا «تارىم»دۇر.

3) تېتىر. بۇ يەر پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تاتىر» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى. ئۇنىڭ مەنىسى «پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە ئېيتىلغاندەك «يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ» دېگەنلىك بولماستىن، «سۇسىز ۋە دەرەخسىز يەر» دېگەنلىكتۇر[2].

4) ساڭ. پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ تېرىم، جامباز، مىشا يېزىلىرىدا بۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار بار. قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرىدە «جامائەت»، «خەلق» دېگەن مەنىلەردە ئۇچرايدۇ[3].

بىزدە «ساڭ» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەزكىرە كىتابلىرىدا خەنزۇچىگە تارتىلىپ «ئاشلىق ئامبىرى» دەپ ئىزاھلانغان ۋە بۇ ھەقتە بەزى رىۋايەتلەرمۇ توقۇلغان. پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ تېرىم، جامباز، مىشا يېزىلىرىدىكى «ساڭ»مۇ «ئاشلىق ئامبىرى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن[4].

تۇرپاندا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرىدىن «ۋاپ خۋاكى نوم چېچەك ئاتلىغ سۇدۇر»نىڭ «كۇۋانشى ئىم پۇسار» ناملىق بابىدا: «ناموبۇت ... نامودارم ... ناموساڭ» (بۇرھانغا ئالقىش بولسۇن!، دىنغا ئالقىش بولسۇن!، جامائەتكە ئالقىش بول-

سۇن!) دېگەندەك مەدھىيە سۆزلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ساڭ» ئىبارىسىمۇ «جامائەت» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

5) بەشئۇتاق، ئوتتۇز ئوتاق. بۇلار پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قوشئاۋات يېزىسىدا. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوتاغ»نىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى. مەنىسى «ئۆي»، «ئائىلە» دېگەندىن ئىبارەت[5]. بۇلار يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «بەش ئۆيلۈك مەھەللە»، «ئوتتۇز ئۆيلۈك مەھەللە» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. ھەرگىزمۇ «پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە ئېيتىلغاندەك «ئورتاق يەر تېرىغۇچى» ئەمەس.

6) بارىن. بۇ قەبىلە نامىنى بىلدۈرىدىغان يەر نامى بولۇپ، ھازىر پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى بارىن بازىرىنىڭ نامى. ئۇ قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ئىچىدىكى «بايىرىن» دېگەن قەبىلە نامىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى. يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «بارىن (بايىران) قەبىلىسى ئولتۇراقلاشقان جاي» دېگەنلىكتۇر.

7) ئاچچىق. بۇ پەيزاۋات ناھىيىسى باش مەيداندىكى بىر جاينىڭ نامى. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاچىغ» (باياشات) سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «تۇرمۇشى باياشات جاي» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ[6]. «پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «زېمىنى شورلۇق» دەپ خاتا ئىزاھلانغان.

8) چىلاق. پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ مىشا، شاپتۇللۇق يېزىدىلىرىدا مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جايلار بار. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «نەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «چى» سۆزىگە «يايلاغ»، «قىشلاغ» ئاتالغۇلىرىنى ياسىغۇچى ئىسىم ئارقا قوشۇمچىسى «لاغ» (ھازىرقى «لاق»)نى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان. ئۇنىڭ مەنىسى «نەم يەر» ياكى «زەي يەر» دېگەنلىكتۇر.

9) لاۋلاق. بۇ يەر پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ غولتوغراق يېزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «لاۋ» (موم) سۆزىگە ئىسىم ئارقا قوشۇمچىسى «لاغ»نى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان. مەنىسى:

مومىلۇق.

10) مىشا. بۇ ھۈنەر ـ كەسىپكە ئائىت يەر نامى بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مىشە»نىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى. يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «تېرە خالتا تىككۈچى» ياكى «تېرە خالتا تىككۈچىلەر يۇرتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

11) داش. بۇ يەر شارائىتىنى بىلدۈرىدىغان يەر نامى بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قوشئاۋات يېزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تەبىئىي شەكىللەنگەن كۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسىدىكى بىر تەبىئىي كۆلنىڭ ھېلىغىچە «داشكۆل» دەپ ئاتىلىشى بۇ قاراشنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

12) ئالچى. بۇ ھۈنەر ـ كەسىپكە ئائىت يەر نامى بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ گۈللۈك يېزىسىدا، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا رەڭنى ئىپادىلەيدىغان «ئال» سۆزىگە «چى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان. يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «يىپەكچىلەر مەھەللىسى» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ.

13) ھادىرا. بۇ يەر شەكلىنى بىلدۈرىدىغان نام بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئادىرى» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى. مەنىسى «ئاچا» ياكى «قايچىسىمان يەر» دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن[7]. بۇ سۆز «پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «توغرا يولدا ماڭغۇچى» دەپ خاتا ئىزاھلانغان.

14) ئەگۇ تېرەك. بۇ پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ جامباز يېزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى، قوش، جۈپ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئەكۈ» سۆزىگە «تېرەك» دېگەن ئىسىمنى قوشۇشتىن ياسالغان. مەنىسى «قوشتېرەك» دېگەنلىكتۇر.

15) تۆكۇل. بۇ يەر شەكلىنى بىلدۈرىدىغان يەر نامى بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلسۇ يېزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۆرتكۆل» سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى. ئۇ يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «تۆت چاسا يەر» ياكى «تۆت چاسا يۇرت» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىزاھات بېرىلگەن[8].

16) بودىمال. بۇ پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلبۇيى يېزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «بودا» سۆزىدىن ياسالغان. بۇ سۆز باشقا جايلاردا ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرى كۆپرەك ساقلانغان قومۇل شېۋىسىدە كۆرۈلىدۇ[9]. مەنىسى «چوڭ مالچى» دېگەنلىكتۇر.

17) قارلىق. بۇ قەبىلە نامىنى بىلدۈرىدىغان يەر نامى بولۇپ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلبۇيى يېزىسىدا. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە «ئوغۇزنامە»دە ئېنىق مەلۇمات بار[10].

**2. مارالبېشى**

1) ئونيول. بۇ يەر شارائىتىنى بىلدۈرىدىغان يەر نامى بولۇپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ساننى ئىپادىلەيدىغان «ئون» سۆزىگە «يول» (بۇلاق)نى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان قەدىمكى ئىسىم «ئونيول»نىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى. ئۇنىڭ مەنىسى «ئونبۇلاق» دېگەنلىكتۇر.

2) تۇزيانتاق. بۇ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇز» (يۇرت) سۆزىگە «يانتاق»نى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان[11]. مەنىسى: «يانتاقلىق يۇرت» دېگەنلىكتۇر. «مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «تۇز ئۆسكەن يانتاق» دەپ خاتا تەبىر بېرىلگەن.

3) تەڭ توغراق. بۇ مارالبېشى ناھىيىسىدىكى 51 ـ تۇەن ـ مەيداندا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇرت، جاي، مەنىسىنى

بىلدۈرىدىغان «تەڭ» سۆزىگە «توغراق»نى قوشۇش ئارقىلىق يا-سالغان. مەنىسى: «توغراقلىق جاي» دېگەنلىكتۇر.

4) داچى بويى. بۇ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىد-سىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەبىئىي كۆل» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «داش» ئاتالغۇسىدىن ياسالغان قەدىمكى نامنىڭ بۇزۇلغان ۋارىيانتى. مەنىسى: «كۆل بويى» دېگەندىن ئىبارەت.

5) تاڭ. بۇ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «خارابە»، «ئۇل» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادى-لەيدىغان «تاڭ» سۆزىدىن ياسىلىپ بىزگىچە ئەينەن يېتىپ كەل-گەن يەر نامى. مەنىسى: «خارابە» دېگەنلىكتۇر.

6) ئالاغىر. بۇ مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نا-مى. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالاڭىر» (كىچىك ھايۋاننىڭ نامى) سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان شەكلى. مەن-سى: «ئالاڭىز كۆپ جاي» دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەقتە «دىۋان»نىڭ 3 ـ تومىدا ئىزاھ بېرىلگەن[12].

7) ئوتا. بۇ مارالبېشى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوت» سۆزىدىن ياسالغان. ئۇنىڭ مەنىسى: «دورا ئوت ئۆسىدىغان يايلاق» دېگەنلىكتۇر[13].

8) چەكچەك. بۇ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يې-زىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «چەكۈك» (بولقا) سۆزىدىن ياسالغان. يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «تۆمۈرچى» ياكى «تۆمۈرچى-لەر مەھەللىسى» دېگەن مەنىلەرنى ئۇقتۇرىدۇ[14].

9) شاقۇر. بۇ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزى-سىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «شا» ۋە «قىر» سۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. كېيىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يا-ساپ «شا» سۆزى «سا»غا، «قىر» سۆزى «قۇر»غا ئۆزگىرىپ كەت-كەن. ئۇ يەر نامى بولۇپ كەلگەندە «سالار ماكان تۇتقان قىر» دې-گەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

10) چا ئالدى. بۇ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يې-

ـزىسىدا. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «سا» (قەلئە، قورغان) سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ، كېيىنچە «چا»غا ئۆزگىرىپ «چا ئال-دى» شەكلىدە تۇراقلاشقان. ئۇنىڭ مەنىسى «قورغان ئالدى» ياكى «قەلئە ئالدى» دېگەنلىك بولىدۇ.

11) داۋلىق. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال، دۆلەت-باغ يېزىلىرىدا مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار بار. ئۇ قە-دىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «داۋا» (يولغۇن چېچىكى) سۆزىدىن يا-سالغان بولۇپ، «يولغۇن چېچىكى كۆپ يەر» ياكى «يولغۇنلۇق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يەرناملىرىدىن باشقا مارال-بېشى ناھىيىسىدىكى «تىم»، «تېرىم»، «سالڭ»، «ئوتاق» قاتارلىق يەر ناملىرىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستېمالدىن قالغان سۆز ـ ئىبارىلەردىن ياسالغان يەر ناملىرىغا كىرىدۇ.

مېنىڭچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەر ناملىرى پەيزاۋات نا-ھىيىسى بىلەن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىـ-نى ئىسپاتلاشقا كۇپايە قىلسا كېرەك. چۈنكى، ئەگەر ئۇ يەرلەردە 17 ـ ئەسىردىن بۇرۇن يۇرت ـ مەھەللىلەر بولمىغان بولسا ئال-لىبۇرۇن ئىستېمالدىن قالغان سۆز ـ ئىبارىلەردىن ياسالغان يەر ناملىرى مەۋجۇت بولمىغان بولار ئىدى!

ئىزاھلار:

① «پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 119 ـ بەت.

② مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 468 ـ بەت.

③ ئابلىمىت ئەھەد، دىلدار مەمتىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇ-غىتى»، 240 ـ بەت.

④ «پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 21 ـ، 55 ـ، 56 ـ بەتلەر.

⑤ يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 1439 ـ بېيىت.

⑥ مەھمۇد كاشغەريي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 119 ـ بەت.
⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ توم 170 ـ بەت، 2 ـ توم 485 ـ بەت.
⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 3 ـ توم 569 ـ بەت.
⑨ غۇلام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، 32 ـ بەت.
⑩ «ئوغۇزنامە»، 1980 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، 78 ـ بەت.
⑪ مەھمۇد كاشغەريي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم 59 ـ، 169 ـ بەتلەر.
⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ توم 218 ـ بەت.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ توم 48 ـ بەت.
⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 2 ـ توم 418 ـ بەت.

# چاقىلىق نامى ھەققىدە مۇلاھىزە

## غالىپ بارات

چاقىلىق ناھىيىسى تارىخى ئۇزۇن، قەدىمىي يۇرت، ئۇ تارىختا يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ، ئاجايىپ تارىخىي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. چاقىلىق نامى كەڭ مەنىدە چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىنى بىلدۈرىدۇ، تار مەنىدە ناھىيە بازىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇتام، تىكەنلىك يېزىلىرىنىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ھازىرغا قەدەر چاقىلىق نامى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل قاراش بار:

1 . «چارقۇدۇق» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، «چار» سۆزى پارسچە تۆت دېگەن سانىنى بىلدۈرىدىغان «چاھار» سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ، «چار قۇدۇق» تۆت قۇدۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، «چار قۇدۇق» ئاتالغۇسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بويىچە «چارقىلىق»قا ئۆزگىرىشى مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

2 . چارۇقلۇق قەبىلىسى نامىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مىساللاردىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن مەلۇم تەسىر پەيدا قىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 ـ تومىدا: «چارۇقلۇغ، بۇلانىڭ سانى ئاز، تامغىسى نامەلۇم ... چارۇق تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى، ئۇلار بارچۇق شەھىرىنىڭ يېنىدا ياشايدۇ»[1] دېگەن مەلۇماتلار بار. بۇ مەلۇماتلارنىڭ ئىككىنچى قاراشقا زىت

كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. چۈنكى، ھېچقانداق بىر مەنـ-
بەدە چاروۋق قەبىلىسىنىڭ چاقىلىقتا ياشىغانلىقى ياكى ئۇ يەردىن
كۆچۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق. بارچۇق بولسا بۇ قەـ-
بىلىنىڭ ياشىغان جايى، ئۇ ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ناـ-
مى بولماستىن، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى نامى.

3 . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى چاقىلىق دۆلىتىدە «去胡来»
دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن، چاقىلىق ئەشۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى —
چۇرقۇتلەكتىن ئۆزگىرىپ چورقۇلىك - چاقىلىق بولغان دېگەن
قاراش.

بۇ نام چاقىلىق نامىنىڭ قوللىنىلغان ۋاقتىغا توغرا كەلـ-
مەيدۇ.

4 . چاقا دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ نامىدىن كەلگەن دېگەن
قاراش. بۇ قاراشتا، بۇ جايدا بۇ خىل ئۆسۈملۈك كۆپ بولغانلىقـ-
تىن، چاقالىق دەپ ئاتالغان، كېيىن تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش
قانۇنىيىتى بويىچە چاقىلىق بولۇپ قالغان، دېيىلگەن. چاقىلىقـ-
نى ھېلىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر چارقىلىق دەپ ئاتايدۇ، ئۇيغۇر تىـ-
لى فونېتىكىسىدا «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇكى، قوشۇلۇپ قالـ-
مايدۇ.

5 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئېگىز چاقىلىق ھارۋىلاردا
ئولتۇرىدىكەن، بۇ نام شۇنىڭدىن كەلگەن، دېگەن قاراش.

6 . يۇقىرىقى قاراشنىڭ تېخىمۇ ئىلمىيلەشكەن شەكلى بوـ-
لۇپ، مىلادىيە 5 - ئەسىردە تۇرپان رايونىدىن بىر تۇركۇم ئېگىز
چاقلىق ھارۋىدا ئولتۇرىدىغان ئەجدادلىرىمىز چاقىلىق تەۋەسىگە
كەلگەن. بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئاھالە ئۇلارنىڭ ئېگىز چاقلىق ھارـ-
ۋىلىرىغا قاراپ، ئۇلارنى كاروشتى تىلىدا «جاك، جاككا» دەپ ئاـ-
تىغان، بۇ نام تەدرىجىي چاقىلىق بولۇپ ئۆزگەرگەن، دېگەن
قاراش.

چاقىلىق نامىنى ئېنىقلاشتا، ئالدى بىلەن بۇ نامنىڭ قولـ-
لىنىلىشقا باشلىغان ۋاقتىنى ئېنىقلاش مۇھىم. ھازىرقى تەتقىـ-

قات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ نام 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان. چۈنكى، 840 ـ يىلىدىن ئىلگىرىلا يىد ـ پەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان چاقىلىقتىن نۇرغۇن كارۋان، سەيياھ، ئەدىپلەر ئۆتكەن، كۆپلىگەن ساياھەت خاتىرد ـ لىرى يېزىلغان، بۇ ساياھەت خاتىرىلىرىدە بۇ يەرنىڭ باشقا نام ـ لىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، چاقىلىق دېگەن نامى كۆرۈلۈپ باق ـ مىغان. مىلادىيىنىڭ باشلىرىدا بۇ رايون لوپ ياكى نوپ دەپ ئا ـ تالغان، بۇ نام تاكى هازىرغىچە ساقلانماقتا. 10 ـ ئەسىردە چاقد ـ لىق رايونىدا لوپ (ۋاششەھرى خارابىسى)، كىتىك (كورلا بىلەن چاقىلىق ئارىسىدا، چاقىلىقتىن تەخمىنەن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتا)، مەردەك (كىتىكنىڭ شەرقىدە) شەھەرلىرى تازا گۈل ـ لەنگەن؛ قۇتۇم (مىرەن)، قاغان (چاقىلىق بازىرى) شەھەرلىرى ۋەيران بولغان.

ئاتاقلىق سەيياھ ماركوپولو 1276 ـ يىلى ئەتراپىدا چاقىلىق دائىرىسىدىن ئۆتكەن، ئۇ لوپ شەھىرىنىڭ بارلىقىنى يازغان، لېكىن چاقىلىق دېگەن نامنى تىلغا ئالمىغان. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەھەرلەر پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، لوپلۇقلارلا قالغان. سەئىدىيە خانلىقى (1514 ـ 1682) قۇرۇلۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن يەنى، 1517 ـ يىلى سۇلتان سە ـ ئىدخان لوپلۇقلارغا غازاتچى قوشۇن ئەۋەتكەن.

شاھ مەخمۇت جوراس تەرىپىدىن 1672 ـ 1676 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»[②]دە سۇلتان ئابدۇ ـ رېشىتخان زېمىنىدىكى يۇرتلار سانالغاندا چاقىلىق تىلغا ئېلىد ـ نىدۇ، ئەمما مەزكۇر كىتابنىڭ ئاساسى بولغان «تارىخى رەشىد ـ دىي»دە بۇ نام كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇ نامنى سەئىدىيە خانلىد ـ قىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى چاقىلىق رايونى قايتىدىن گۈللەنگەن ـ دە بارلىققا كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»[③]نى تۈزگۈچىلەر خەنزۇچە مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، چاقىلىق نامىنى مىلىك سۇلا ـ

لىسى (1368 ـ 1644)نىڭ ئاخىرلىرى بارلىققا كەلگەن دەپ قارىغان. شۇنداق بولغاندا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ نامنىڭ كۆرۈلۈش دەۋرى يېقىن كېلىدۇ.

«هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە چاق ئىبارىسى مۇنداق ئىزاھلانغان: «چاق ـــ ئىسىم، پارسچە. قاتناش قوراللىرى، ھەر خىل ئەسۋابلار ۋە قۇرۇلمىلارنىڭ ئايلىنىدىغان دۈگىلەك قىسمى؛ قاناتلىق چاق ئارقىلىق يىكنى ئايلاندۇرۇپ يىپ ئىگىرىدىغان تانابلىق ئىگىرىش ئەسۋابى»[4]. دېمەك، چاق ئىبارىسى تىلىمىزغا پارس تىلىدىن كىرگەن. بۇ ئىسىم پارس تىلىدا «چرخ [charkh]»[5]، تۈرك تىلىدا «Carik»[6] دېيىلىدۇ. بۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى «چاق» دېگەن ئىسىمنىڭ ئەسلىسى بويىچە «چارق» دەپ ئوقۇلۇش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەمدى بۇ ئىسىمنىڭ يۇرت نامى بولۇپ قالغانلىقىغا كەلسەك، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چاقىلىق تەۋەسىدىكى شەھەرلەر ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئاھالىلەر بۇ يۇرتتىن سىرتقا كۆچۈپ كېتىپ، يەرلىك ئاھالىلەردىن لوپلۇقلارلا قالغان. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بۇ يۇرتتىن ئۆتكەنلەر ياكى بۇ يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەنلەر مەلۇم ساندا يىپ ئىگىرىش چاقى ياكى ھارۋا چاقىنى ئۇچراتقان. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزلىرىگە ناتونۇش بولغان بۇ يۇرتنى چاق ئۇچرىغان جاي، چاق بار جاي دېگەن مەنىدە «چاقىلىق» دەپ ئاتىغان. ئارخېئولوگلار چاقىلىق دائىرىسىدىكى خارابىلەردىن يىپ ئىگىرىدىغان چاق (ساپالدىن ياسالغانلىرىمۇ بار) ۋە ھارۋا چاقىنى تاپقان. چاقىلىقتا قەدىمدىن تارتىپ پاختا ھەم يۇڭدىن چاق ئارقىلىق يىپ ئىگىرىلىپ كەلگەن. بۇ كەسىپ ھەتتا زامانىمىزغىچە داۋام قىلغان. شۇڭا، بۇ نامنىڭ يىپ ئىگىرىدىغان چاقتىن كەلگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن، يەرلىك خەلقەرنىڭ چارقىلىق دېيىشىمۇ چاقنىڭ پارس تىلىدا «چارق» بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

**ئىزاھلار**

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللا دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 80 ـ، 494 ـ بەتلەر.

② شاھ مەخمۇت جۇراس: «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»، «ئاقسۇ قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى»، 1986 ـ يىل 1 ـ سان، 56 ـ بەت.

③ «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 48 ـ بەت.

④ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 2 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، 644 ـ بەت.

⑤ خەمىت تۆمۈر، لى شياڭ: «پارس تىلى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل، 407 ـ بەت.

⑥ مۆمىن ئابدۇللا: «تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى، 165 ـ بەت.

# «چىن» ۋە «ماچىن» ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

## غالىپ بارات ئەرك

«چىن» ۋە «ماچىن» دېگەنناملار شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ تارىخ ـ تەزكىرە كىتابلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدىغان ناملار بولۇپ، بۇ ناملارنىڭ قەيەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. بۇ ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردا «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك»لەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا چۈشتى.

مەن بۇ ماقالەمدە مۇشۇ ھەقتىكى قاراشلارنى ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈپ بايان قىلىش ئارقىلىق، مۇشۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. «چىن» نامى ۋە تارىختىكى چىن سۇلالىسى

بەزى تەتقىقاتچىلار «چىن» نامىنى تارىختىكى چىن سۇلالىسى بىلەن باغلىنىشلىق دەپ قارايدۇ.

چۈنكى، جۇڭگو تارىخىدا چىن سۇلالىسى دەيدىغان بىر سۇلالە بولغان. بۇ سۇلالە دەسلەپتە شەنشى ئۆلكىسىنى مەركەز قىلغان كىچىك بەگلىك بولۇپ، يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تەدرىجىي كۈچىيىشكە باشلاپ، ئاخىرىدا خەن، جاۋ، ۋېي، چۇ، يەن، چى بەگلىكلىرىنى يوقىتىپ، جۇڭگودىكى تۇنجى بىرلىككە

كەلگەن دۆلەت — چىن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، جۇڭگونىڭ 800 يىللىق بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن. ئۇنىڭ چېگرىسى شىمالدا سەددىچىن سېپىلى، غەربتە چىڭخەي ئېگىزلىكى ئىدى. گەرچە بۇ سۇلالە ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرەلمىگەن بولسىمۇ، جۇڭگو تارىخىدا ئۇششاق بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن تۇنجى سۇلالە بولغاچقا، ئىلىمىز تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

تەتقىقاتچى خې گۇاڭيۆ «خەنلەر ۋە خەن مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى» دېگەن ماقالىسىدە: «... بۇ مىللەت (خەنزۇلار — ئاپتوردىن) گەۋدىسى ئالدىنقى چىن دەۋرىدە شيا ياكى خۇاشيا دەپ ئاتالغان ... چىن سۇلالىسى ئالتە بەگلىكنى يوقىتىپ پۈتۈن شيالارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شيا (夏) مىللىتى چىن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن چىنلار (秦) دەپ ئاتالغان ...»[①] دەپ يازغان. دېمەك، ئۇ بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇلارنىڭ مىللەت نامىنى بىلدۈرىدىغان چىن (秦 人)نى تەدرىجىي بىر پۈتۈن جۇڭگونىڭ نامىغا ئايلانغان دېمەكچى.

شۇڭا ھازىر جۇڭگو دېگەن نامنىڭ ياۋروپا تىللىرىدا CHINA دەپ يېزىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

**2. ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى «چىن»**

ئىسلام ئەقىدىلىرىدە توپان بالاسى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە يەر يۈزىدە ناشايان ئىشلار كۆپىيىپ ئاللاھنى ياد ئېتىدىغانلار ئازىيىپ كېتىپتۇ. ئەزان ساداسى ئاساسەن ئاڭلانماس بولۇپتۇ. بۇ ئىشتىن دەرغەزەپكە كەلگەن ئاللاھ توپان بالاسى پەيدا قىلىپ، بارلىق مەۋجۇداتلارنى سۇغا باستۇرۇۋېتىش نىيىتىگە كەپتۇ ھەمدە نوھ ئەلەيھىسسالامغا بىر كېمە ياسىتىپ ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى سېلىۋېلىشنى، جانلىقلارنىڭ ھەر بىر خىلىدىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ. دېگەندەك كېمە پۈتۈپ، يەتتە كۈندىن كېيىن توپان بالاسى يۈز بېرىپ، پۈتۈن يەر

يۇزىنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. نوھنىڭ كېمىسىگە چىقىۋالغانلارلا ئامان قاپتۇ. ھايات قالغانلار ئىچىدە نوھنىڭ ئوغلى يافەسمۇ بار ئىكەن. كېيىنچە يافەسنىڭ ئوغۇللىرىدىن تۈرك، چىن، موغۇللار شەرقتە ماكان تۇتۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چىن شەرقتە بىر شەھەر بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ شەھەر «چىن شەھىرى» دەپ ئاتىلىپتۇ. چىننىڭ ئوغلى ماچىنمۇ بىر شەھەر سالدۇرغان بولۇپ، بۇ شەھەر «ماچىن شەھىرى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

گەرچە بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ، «چىن» ۋە «ماچىن» ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

**3. مۇسۇلمان مۇئەللىپلەرنىڭ نەزەرىدىكى «چىن»**

پارس تىلىدا يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم»نىڭ 9 ـ بابىدا جۇڭگو «چىنىستان» دەپ تىلغا ئېلىنغان. ئاپتور چىنىستان ۋە ئۇنىڭغا تەۋە جايلار ئۈستىدە توختىلىپ «چىنىستاننىڭ چېگرىسى شەرقتە شەرقىي ئوكيانغا، جەنۇبتا ۋاق ـ ۋاق (ھىندونېزىيىنىڭ غەربىدىكى سۇمىندا تاقىم ئاراللىرى)، سىراندىپ (سىرىلانكا) ۋە چوڭ دېڭىزغا، غەربتە ھىندىستان ۋە تىبەتكە، شىمالدا تىبەت، توققۇز ئوغۇز ۋە قىرغىزلار زېمىنىغا تۇتىشاتتى ... ئۇلارنىڭ قاغانى فەغفۇر چىن بولۇپ، رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ئەفرىدۇننىڭ ئەۋلادى ئىكەن ... ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مانى دىنىدا، لېكىن قاغانى شامان دىنىدا ئىكەن ...»[②] دەپ يازغان ھەمدە ۋاق ـ ۋاقتىن تاكى كۇچاغىچە بولغان كەڭ زېمىن چىنغا تەۋە دېيىلگەن. شۇ كىتابنىڭ 10 ـ بابىدا ھىندىستاننىڭ شەرقتە چىن ۋە تىبەتكە تۇتىشىدىغانلىقى، 11 ـ بابىدا تىبەتنىڭ شەرقىي تەرىپى چىننىڭ بىر قىسىم جايلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقى، 12 ـ بابىدا چىنلىقلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شەرقىدە ئىكەنلىكى، 14 ـ بابىدا قىرغىزلارنىڭ چىننىڭ غەربىدە ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ باشقا بابلىرىدىمۇ چىنغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بار بولۇپ، بۇلاردىن ئەينى

ۋاقىتتىكى جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ سىيماسىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ چىن، ماچىن ناملىرىغا دائىر بايانلار بېرىلگەن. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم راقلىرىدىن بىر قانچىنى كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچىمەن:

«تاۋغاچ — ماچىن ئېلىنىڭ نامى، بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يىراقلىقتا، چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى، يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ تابغاچ، دېيىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ خىتاي دېيىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ بارخان دېيىلىدۇ — بۇ يەر قەشقەردە، لېكىن ھازىر تابغاچ ماچىن دەپ، خىتاي چىن دەپ تونۇلىۋاتىدۇ»[3].

«تابغاچ تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى، ئۇلار تابغاچ يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ تات تابغاچ دېيىلىدۇ، تات ئۇيغۇر دېمەكتۇر»[4].

«ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر يېزىقى بار، ئۇنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ»[5].

«جابارقا — ياپونىيىلىكلەر يىراقتا جايلاشقانلىقى، ماچىن بىلەن ئۇلارنى چوڭ دېڭىز ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىللىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس»[6].

«چىن ـ ماچىننىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ. شۇنىڭدەك ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ ـ دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەجۇج ۋە مەجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس»[7].

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن چىننىڭ كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقى، بۇ ئۈچ قىسىمنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ چىن دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى چىننىڭلا ھازىرقى جۇڭگونى كۆرسە-

تىدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا چىنىنىڭ كونكرېت قەيەرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ھېلىمۇ تالاش - تارتىشلار مەۋجۇت. شۇڭا بۇ يەردە كۆپ توختالمايمەن.

«قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ چىن، ماچىنغا ئائىت ئازدۇر - كۆپتۇر بايانلار بار.

### 4. «چىن» ۋە «ماچىن» ناملىرىنىڭ مەنىسى

يۇقىرىدا مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بايانلار ۋە يۇرگۈزگەن مۇلاھىزىلەردىن «چىن» نامىنىڭ شەرقنى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا جۇڭگونى كۆرسىتىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

«ماچىن» نامىغا كەلسەك تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قاراشلارنىڭ بىرى — ماچىن دېگەن بۇ ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى بەزى بايانلارنى مىسال كەلتۈرۈپ ماچىننى «كىچىك چىن» ياكى «يىراق چىن» دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ. مەنمۇ مۇشۇ قاراشقا مايىل. ئەمما بۇ نامنىڭ تىل تەۋەلىكى ۋە كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

چىن ۋە ماچىن دېگەن بۇ ناملار ئەدەبىياتىمىزدا 15 - ئەسىرلەردىن باشلاپ تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلۈشكە باشلىدى ۋە چىن دېگەن بۇ نام شەرقتە، يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگوغا، ماچىن دېگەن بۇ نام خوتەنگە سىمۋول قىلىنىدىغان بولدى. قىسقىسى مەن ماقالەمنى ئۇلۇغ ئەدىب مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «خىتاي چىن دېمەكتۇر، تابغاچ ماچىن دېمەكتۇر» دېگەن سۆزى بىلەن خۇلاسىلىمەكچىمەن.

ئىزاھلار:

① «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 -

يىللىق 1 ـ سان 40 ـ بەت.

② شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى باستۇرغان پىكىر ئېلىش نۇسخىسى، خەنزۇچە، 46 ـ، 59 ـ، 65 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

③④⑤⑥⑦ مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 38 ـ، 39 ـ، 40 ـ بەتلەر ۋە 3 ـ توم 564 ~ 567 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑧ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1 ـ توپلام ئۇيغۇرچە، 5 ـ بەت.

## «چىرىيە» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

غەيرەتجان ئابدۇللا

چىرىيە شەرقتە كېرىيە ناھىيىسى بىلەن، غەربتە لوپ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا قۇرۇم (كوئېنلۇن) تاغلىرى ئارقىلىق شىنزاڭ بىلەن، شىمالدا تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چىرىيە 1929 ـ يىلى ناھىيە قىلىپ قۇرۇلغان. ھازىر ئۇنىڭغا يەتتە يېزا، بىر بازار قارايدۇ.

يازما ماتېرىياللاردا «چىرىيە» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ئېنىق ۋە ئەتراپلىق مەلۇمات يوق. شۇڭا، مەزكۇر تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن بىر قانچە رىۋايەتنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بەزىلەر، ھەزرىتى ئىمام جەئفىرى تەيران خوجام دىن يولىدا شېھىت بولغاندىن كېيىن كۆككە چىقىپ كۆنچىقىشقا قاراپ ئۇچۇپ، ھازىرقى چىرىيە ئۇستىگە كەلگەندە «چىررا، چىررا» (ياكى «چىرا، چىرا») دېگىنىچە شۇ يەرگە چۈشۈپ، بۇ يەردىكىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ئۈندەپتۇ ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يەر «چىررا» ياكى «چىرا» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ، دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ.

گەرچە ھازىر چىرىيە يېزىسىنىڭ مازار كەنتىدە «ھەزرىتى ئىمام جەئفىرى تەيران خوجام مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بولۇپ، يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئىمام جەئفىرى تەيران

ئىسمىلىك بىر كىشىنىڭ چىرىيىگە كىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ياكى دەپنە قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق بىر تارىخىي ئاساس يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىمام جەئفىرى تەيران دېگەن كىشى مىلادىيە 589 ــ 590 ـ يىللىرى (ھىجرىيىدىن 33 يىل بۇرۇن) شامنىڭ غەسسا دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ، 625 ـ يىلى (ھىجرىيە 3 ـ يىلى) شامنىڭ قۇددۇس شېرىپ دېگەن يې-رىدە ئالەمدىن ئۆتكەن[1] (شېھىت بولغان) بولۇپ، بۇ دەل خوتەن رايونى، شۇنداقلا پۈتكۈل شىنجاڭ بۇددا دىنىنىڭ گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇنچە يىراق جايدا شېھىت بولغان كىشىنىڭ چىرىيىگە دەپنە قىلىنىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىمام جەئفىرى تەيران ھەققىدىكى رىۋايەت ۋە ئۇنىڭ ما-زىرى بولسا كېيىنكى چاغلاردا ئىسلام دىنى مۇرتلىرى تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان.

يەنە بەزى كىشىلەر، بۇرۇنقى زاماندا بىر قېتىملىق قۇم كۆچۈشنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان مەلۇم بىر يۇرتتىكى ھايات قالغان كىشىلەر چۆلدە قاياقا مېڭىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توشقان پەيدا بولۇپتۇ، كۆپ-چىلىك توشقانغا ئەگىشىپ مېڭىپ چوڭ بىر قومۇشلۇققا كېلىپ قاپتۇ ... ئۇلار مۇشۇ يەرگە ماكانلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىپ قاي-تىدىن ئاۋۇشقا باشلاپتۇ، ئۇلارنىڭ دەسلەپتە ئولتۇرغان ئۆيلىرى چىدىر ئۆيلەر بولغاچقا، بۇ يۇرتنىڭ نامىمۇ «چېدىر» دەپ ئاتى-لىپتۇ، كېيىن يەر ـ جاي ياكى ماكان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «يە» ئۇلانمىسى قوشۇلۇپ «چېدىرىيە» دەپ، كېيىنرەك «چىرىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ[2]، دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. ئالدىنقى رىۋا-يەتكە قارىغاندا، بۇ رىۋايەتنىڭ خېلى يۇقىرى پايدىلىنىش قىم-مىتى بار. چۈنكى، تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىم ئوي-مانلىقىنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىدە بىر قېتىملىق ئېغىر قۇم بې-سىش كېتىش ئاپىتى يۈز بېرىپ، بۇ جايلاردىكى نۇرغۇن شەھەر

دۆلەتلىرى خاراب بولغان. بۇ شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئاھالىلىرى باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان[3]. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە غەربىي يۇرتقا ساياھەتكە كەلگەن راھىب فاشيەننىڭ ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى دەۋرىدە گۈللەنگەن كروران شەھىرىنىڭ «ئۆلۈكلەر ماكانى»غا ئايلانغانلىقىنى يازغانلىقى[4]، 6 ـ ئەسىردە تاڭ راھىبى شۈەنزاڭنىڭ ھىندىستانغا بۇددا نوملىرىنى ئالغىلى كېتىۋېتىپ قەدىمكى ئۇزۇن تەرتى دۆلىتىدىن ئۆتكەندە بۇ شەھەرنىڭ ئاللىقاچان قۇم دېڭىزىغا غەرق بولغانلىقىنى كۆرگەنلىكى[5]، شۇنداقلا بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ بۈگۈنكى چىرىيىنىڭ 75 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى[6]، بۈگۈنكى چىرىيە ۋە گۈلاخما يېزىلىرى تەۋەسىدە كۆز يەتكۈسىز قومۇشلۇقلارنىڭ بارلىقى يۇقىرىقى رىۋايەتنىڭ ئەمەلىيەتكە ناھايىتى ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، «چېدىر» سۆزىنىڭ «چىرىيە»گە ئۆزگىرىشى تىلىمىزنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، چىرىيە شېۋىسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن خوتەن شېۋىسىدىمۇ «د» تاۋۇشىنىڭ «ت» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى بۇرۇنقى زامانلاردىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ، «د» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك[7]. مەسىلەن: خوتەنلىكلەر «دېڭىز»نى «تەڭىز»، «دەيدۇ»نى «دەيتۇ (دېيتۇ)» دەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھازىر چىرىيىدە «چېدىر» دېگەن سۆز بولۇپ، يەرلىك شېۋىدە «چېدىي» دېيىلىدۇ. مەنىسىمۇ ئورتاق تىلدىكى «چېدىر» سۆزى بىلەن ئوخشاش. ئۈچىنچىدىن باشقا، ھازىر بۈگۈر ناھىيىسىگە قاراشلىق «چېدىر» دېگەن بىر يۇرت بولۇپ، ئۇ 2000 يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە «چېدىر» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. دېمەك، «چېدىر» دېگەن سۆز كېيىنكى ۋاقىتلاردا «چىرىيە»گە ئۆزگىرىپ كەتكەن دەپ ھۆكۈم قىلىش ھازىرچە بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

بىزگە مەلۇم، رىۋايەت مەلۇم تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆزىنىڭ

پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىسىمۇ، ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈ-شى بىلەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي، تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ھەر خىل مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، بېيىتىلغان بولىدۇ. شۇ-ڭا بۇنداق رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىشقا بولىسىمۇ، ئەمما ئۇنى چىن تارىخنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا، بىز يەنىلا دىق-قىتىمىزنى تارىخىي قول يازمىلارغا يۆتكىشىمىز كېرەك.

تارىختىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئايانكى، ھازىرقى تەكلىماكان بوستانلىقى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا تارىم ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان 36 شەھەر دۆلىتى بولغان. بىز «خەننامە»دە خاتىرىلەنگەن بۇ دۆ-لەتلەرنىڭ ناملىرىغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى كروران (楼兰)، چالمادان (且末)، نىيە (精绝)، رۇڭلۇ (戍卢)، دەندەن ئۆيلۈك (扜弥)، ئۇدۇن (于阗) ۋە گۇما (皮山) دۆلەتلىرىنىڭ قاتارىدا رۇڭلۇ بىلەن ئۇدۇن دۆلە-تىنىڭ ناملىرى ئارىلىقىدا (渠勒) دەپ ئاتىلىدىغان بىر دۆلەت-نىڭ نامى تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بىلىمىز. تارىخشۇناسلار بۇ تەر-تىپكە ئاساسەن، بۇ دۆلەتنىڭ ئورنىنى ھازىرقى كېرىيە دەرياسى-نىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى پۇل دېگەن يەرگە توغرا كېلىدۇ دەپ جەزملەشتۈردى[8]. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ھازىرقى چىرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق بوستان، نۇرى، چاقا ۋە ئۇلۇغساي يېزىلىرى بۇ دۆلەتنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىكەن[9]. تىلشۇناسلارنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، خەنزۇچىدىكى «渠勒» «چىرا» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى مە-نىسى «بوستانلىق» (ئىمىن تۇرسۇننىڭ سۆزى بويىچە) بولىدى-كەن. مېنىڭچە، بۇ خىل قاراش ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، ھازىرمۇ بۇ ناھىيىگە قاراشلىق «بوستان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىمۇ پۇل دېگەن جايغا ئىنتايىن يېقىن كېلىدۇ. شاھ مەھمۇد جوراسمۇ «تارىخى رەشى-دىي زەيلى» دېگەن كىتابىدا (32 ـ بەتكە قارالسۇن) ئابدۇكې-

ـرىمخان دەۋرى (1570 ـ 1602)دە «چىرا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇرتنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلغان. كېيىن ئەرەب، پارس تىلىنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ «چىرا» سۆزىگە يەر، جاي ياكى ماكان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «يە» ئۇلانمىسى ئۇلىنىپ، «ا» تاۋۇشى تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىش قانۇ- نىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا «ئى» تاۋۇشىغا ئالمىشىپ، «چىرىيە» بو- لۇپ ئۆزگەرگەن. بىراق، بۇ ناھىيىنىڭ ئورتاق تىلدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، يەرلىك خەلق بۇنى قوبۇل قىلمىغان. شۇڭا، چىرىيىلىك- لەر ھازىرمۇ بۇ ناھىيىنى ئاۋۋالقىدەكلا «چىرا» دەپ ئاتاپ كەل- مەكتە.

ئاخىرىدا كىتابخانلارغا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈمەنكى، مېنىڭ بۇ ماقالەم «چىرىيە» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدى- كى دەسلەپكى ئىزدىنىشتىنلا ئىبارەت. «چىرىيە» دېگەن نامنىڭ قاچان، قانداق پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ نېمە مەنانى بىلدۈرىدى- غانلىقى توغرۇلۇق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① ② ⑥ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم: «تۈندىكى چاقماق».

③ 1) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1988 ـ يىللىق 4 ـ سان. لى يۈچۈننىڭ «نىيە خارابىسىدىن چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلى- رى» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن. 2) «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان. توختى تۇراخۇننىڭ «قەدىمكى شەھەر ـــ روران» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن. 3) قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرى- مىز»، 34 ـ، 35 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. 4) «قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى»، 1990 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سانلار. سۇلايمان ئىبراھىمنىڭ «خوتەن بوس- تانلىقىدىكى يەرلەرنىڭ قۇملىشىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلى- رى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. 5) چېن خۇا: «خوتەن بوستانلىقلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، خەنزۇچە 115 ـ، 117 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

④ 2) بىلەن ئوخشاش.
⑤ 1) چيەنداۋ شىنىسى: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»غا قارالسۇن.
2) ③ نىڭ 2) بىلەن ئوخشاش.
⑦ 1) ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە». 2) «تۈركىي تىللار دىۋانى». 3) «ئەتەبەتۇلھەقايىق».
⑧ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1988 ـ يىللىق 4 ـ سان. لياڭ جىڭجىنىڭ «خەن دەۋرىدە تارىم رايونىدىكى نوپۇسنىڭ جايلىشىشى ۋە ئۆزگىرىشى» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن.
⑨ ③ نىڭ 5) بىلەن ئوخشاش (118 ـ بەتكە قارالسۇن).

# «دامكۇ» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى بىر نەچچە خىل قاراش

غەيرەتجان ئابدۇللا

دامكۇ ـــ چىرا ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ نامنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھازىرغىچە يازما ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداقتىمۇ خەلق ئىچىدە بۇ ھەقتە بەزىبىر قاراشلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، «دامكا» سۆزىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ، ئاساسەن دامكۇدىكى پېشقەدەملەرنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار دامكۇ خەلقىنىڭ سۇ قوغلىشىپ، تارىختا ئۇدا يەتتە قېتىم يۇرت كۆچكەنلىكىنى شاھمات تاختىسىدا ئوينىلىدىغان دامكا ئويۇنىدىكى ئۇرۇقلارنىڭ ئۇزلۇكسىز يۆتكىلىپ دامكىغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ئوخشىتىپ، بۇ يۇرت خەلقىنى «دامكىلىقلار»، يۇرتنى «دامكا» دەپ ئاتىغان ئىكەن. بۇ كېيىن ئۆزگىرىپ «دامكۇ» دېيىلىدىن بوپتۇ دېيىشىدۇ. دامكۇلۇقلارنىڭ يەتتە قېتىم يۇرت كۆچكەنلىكى ھەققىدە بۇ رىۋايەت دامكۇغىلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپتىكى نۇرغۇن يۇرتلارغىمۇ ئايان. شۇڭا، دامكۇلۇقلار يەتتىنچى قېتىم كۆچۈپ ھازىرقى دامكۇغا چىققان چاغدا كىشىلەر ئۇلارنى «مۇغا» (مۇغا ـــ دامكۇ ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان، يەر تېشىپ داۋاملىق كۆچۈپ يۇرىدىغان بىر خىل ھايۋان) دەپ لەقەم قويغان دېگەن گەپ ـ سۆزلەر بار. تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، دامكا پارسلاردىن بىزگە تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، خەلقىمىز ئىچىدە ئوينىلىشقا باشلىغىنىغا 1000 يىلدىن ئاشقان. ئۇلۇغ ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسـ-

ـريده بۇ ئويۇننىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان[1].

ئىككىنچى، «دامىنكوھ» سۆزىدىن كەلگەن دەپ قاراش. بۇ، ئاساسەن بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار پارسـچىدىن «دامەن» بىلەن «كوھ» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن، مەنىسى «تاغ ئېتىكى»، «تاغ باغرى» دېگەنلىك بولىدۇ[2] دەيدۇ. ئەمما مېنىڭچە، «دامىنكوھ» ئاڭلاتقان مەنە، دامىكۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا تازا ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ھازىرقى دامىكۇ تاغ باغرىدا ئەمەس، بەلكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى سۇيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت بولغان يەلپۈگۈچسىمان تىنما (لاتقا) تۈزلەڭلىك ئۈستىگە جايلاشقان.

ئۈچىنچى، «دامىكۇ» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ، ئاساسەن بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار بۇ يۇرتتا بۇرۇن «دامىكۇ» ئاتلىق بىر موڭغۇل سانغۇنى تۇرغان ئىكەن، كېيىن ئۇنىڭ ئىسمى بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ قېلىپ، ئۆزگىرىپ «دامىكۇ» بولغان ئىكەن دەيدۇ.

ھەقىقەتەن، مىلادىيە 1218 ـ يىلىدىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە موڭغۇللار جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن موڭغۇللار بۇ تۇپراقتا قەدەم باسقاندا يەرلىك مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ ئۆز يۇرت نامى بار ئىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى، باشقا يېڭى قاراشلارنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، «دامىكۇ» دېگەن نامنىڭ پەيدا بولغىنىغا كۆپ بولغاندا 1000 يىل، ئاز بولغاندا 300 يىل بولغان بولۇپ، كونا دامىكۇ چىڭ دەۋرىدە (ھازىر قۇمغا غەرق بولۇش ئالدىدا) خەنزۇچىدە «大木固» دەپ تىلغا ئېلىنغان بولسا، ھازىر «老大木固» (كونا دامىكۇ) دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ[3]. دامىكۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىمغا كەلگەن ياۋروپا

ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن «دوموكو» (DOMOKO) دەپ تىلغا ئېلىنغان[4]. ھازىرقى دامىكۇ خەنزۇچىدە « 达玛沟» دەپ، ئۇيغۇرچىدە «دامىكۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىزاھلار:

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 561 ـ بەت.

② ئەبەيدۇللا ئىبراھىم: «تۇندىكى چاقماق» رومانىدا شۇنداق نەقىل ئالغان.

③ چېن خۇا: «خوتەن بوستانلىقلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» (خەنزۇچە).

④ خاملىتون (فرانسىيە): «158 ـــ 1001 ـ يىللاردىكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ نەسەبنامىسى»، «خوتەن پېداگوگىكا كەسپىي ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 ـ يىللىق 1 ـ سان، 73 ـ بەت.

# ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى بېشبالىق

ئەخمەت سۇلايمان، ھەببۇللا

بېشبالىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ خارابىلىكى ھازىر جىمسار ناھىيە بازىرىنىڭ 12 كىلومېتىر شىمالىدىكى خۇپۇزا (后堡子) دېگەن جايدا. بېشبالىق تارىختا قوش (قاڭقىل)، تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن.

بېشبالىق دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇچرايدۇ. «خەننامە»دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن قوش بەگلىكى بوغدا تېغىنى پاسىل قىلىپ، ئالدى قوش بەگلىكى ۋە ئارقا قوش بەگلىكىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئالدى قوش تۇرپان ۋادىسىغا، ئارقا قوش بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. «خەننامە»دە ئارقا قوش بەگلىكى ھەققىدە «ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ مەركىزى ئۈتۈ قورغىنى (务涂 沟)، 595 تۈتۈنى، 4774 نوپۇسى، 1890 ياراملىق ئەسكىرى بار»[①] دېيىلگەن.

بىر قىسىم ئارخېئولوگلار 1990 ـ يىلى جىمسار ناھىيەسىنىڭ 24 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى دالۇڭكۇ دەرياسى (大 龙 口河) جايلاشقان شياۋشىگۇ (小 西 沟) خارابىلىكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، شياۋشىگۇ ئىزى خەن دەۋرىدىكى ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان ئۈتۈ قورغىنىنىڭ خارابىلىكى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشماقتا[②].

«كېيىنكى خەننامە»دە: «ئارقا قوش بېگى ئۈتۈ قورغىنىدا

تۇرىدۇ، 4000دىن ئارتۇق تۇتۇنى، 15 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار، يارام‍لىق ئەسكىرى 3000دىن ئاشىدۇ ... ئارقا قوشتىن غەربكە قاراپ ماڭسا ئۇسۇن ئېلىگە بارغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن[③]، بۇ، 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردىكى قوش بەگلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە غەربىي يۇرتتىكى بىرقەدەر كۈچلۈك ھەم چوڭ بەگلىككە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى كىچىك پادىشاھلىقلار ئۇزۇن مۇددەت ئۆزئارا تىركىشىپ تۇرغاچقا، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان، شۇڭا ئۇ دەۋردىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە بېشبالىق ياكى ئارقا قوش بەگلىكىگە دائىر خاتىرىلەر ئانچە ئۇچرىمايدۇ. پەقەت «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى . ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى»نىڭ 30 ـ جىلدىدا «شىمالىي يېڭى يولدىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا شەرقىي قۇمىد، غەربىي قۇمىد، تەڭقىن، بارىكۆل، ئوغان قاتارلىق بەگلىكلەر ئارقا قوش بەگلىكى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى. بېگى يۇلەي شەھىرى (于赖城)دە تۇرىدۇ» دېيىلگەن. لېكىن، يۇلەي شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمىگەن. بىراق، نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلار ۋېي، جىن ۋە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ جۇغلىدىن ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «بۇ دەۋردە ئارقا قوش بەگلىكى يۇقىرىدىكى بىرقانچە بەگلىكنى قوشۇۋېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى كۈچلۈك بەگلىككە ئايلانغان. بۇ خىل ئەھۋالدا مەركىزى يەنىلا تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچىدە (يەنى جىمىسارنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا) تۇرىۋەرسە، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ماسلىشالماي قالاتتى. شۇڭا، بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقان بىردىنبىر چوڭ ھەم ئۇزۇن مۇددەت ئىدارە قىلىش ئاساسىغا ئىگە بولغان جىنمەن شەھىرى ... بۇ يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئورنى بولۇپ قالغاندى. شۇڭا، يۇلەي شەھىرىنىڭ

ئورنىمۇ خۇپۇزا دېگەن جايدىكى قەدىمىي شەھەرنىڭ ئۆزىدۇر»[4] دەيدۇ. بىراق، يۇلەي شەھىرى ئارقا قوش بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئارقا قوش قاتارلىق بەگلىكلەر سيانپىي، روران، قاڭقىل، ئېفتالىت قاتارلىق كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ قوشۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىغا دۇچ كەلگەن، نەتىجىدە ئارقا قوش بەگلىكى 260 ـ 269 ـ يىللىرى سيانپىلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە كۆك تۈرك خانلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن تارتىپ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى، بېشبالىق شەھىرىمۇ بۇ خانلىقنىڭ مۇھىم پائالىيەت سورۇنىغا ئايلاندى. بېشبالىق شەھىرىنىڭ نامى قەدىمكى تۈركچە، ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلاردىن ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 735 ـ يىلى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغاننىڭ (684 ـــ 735 ـ يىللاردا ياشىغان) تۆھپىسى ئۈچۈن ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا ئۇچرايدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ شەرقىي يۈزى 28 ـ قۇرىدا: «ئوتتۇز يېشىمدا بېشبالىققا يۈرۈش قىلدىم، ئالتە قېتىم ئۇرۇشتۇم ... قوشۇنىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈردۈم. شەھەر ئىچىدىكى ھەممە ئادەملەر يوقىلاتتى ... (لېكىن) ئۇلار بىزنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بېشبالىق (ۋەيرانچىلىقتىن) ساقلىنىپ قالدى»[5] دېيىلگەن. مانا مۇشۇنداق مەڭگۈ تاشلاردا بېشبالىق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ شەھەرنىڭ نامى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 北庭 (بېيتىڭ ـــ شىمالىي ئوردا)، 可汗浮图城 (قاغان بۇت بالىق)، 庭州 (تىڭجۇ) دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان. قاغان بۇت بالىق دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ «كونا تاڭنامە . ئاشناشىر تەزكىرىسى»دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا: «ۋۇدىنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيە 626 ـ يىلى) تاردۇش، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ يوقۇق شادقا ھۇجۇم قىلدى. جېنگۇەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 628 ـ

يىلى) (ئاشناشىر) ئۆزىنىڭ قالدۇق قەبىلىلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ قېچىپ قاغان بۇتقا ئورۇنلاشتى» دېيىلگەن.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچو خانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، قاغان بۇت بالىقتا غەربىي تۈركلەرنىڭ يۇقۇق شاد قاغانى بىلەن ئۇنىڭ يابغۇسى ئاشنا قۇل تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار قوچونىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۇقۇق شاد قاغان غەربكە قېچىپ كەتكەن. ئاشنا قۇل تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. تاڭ سۇلالىسى بېشبالىقتا تىڭجۇ ئايمىقى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ تەۋەسىدە جىنمەن (762 ـ يىلدىن كېيىن 后庭 دەپ ئۆزگەرتكەن)، بارىكۆل (薄类)، ئۇرۇمچاي (轮 台)، شىخەي (西 海)دىن ئىبارەت تۆت ناھىيە قۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن بېشبالىق شەھىرى تاكى 702 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرغانغا قەدەر خەنزۇچە ماتېرىياللاردا تىڭجۇ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. «كونا تاڭنامە . جۇغراپىيە تەزكىرىسى Ⅲ»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چيەنئەنىنىڭ 2 ـ يىلى (702 ـ يىلى) ۋۇزېتيەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، بېشبالىقتا بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرىپىدىكى كەڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى باشقۇرغان. شۇنىڭدىن تارتىپ 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەرگە قەدەر بېشبالىقنىڭ نامى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بېيتىڭ دەپ ئاتالغان.

8 ـ، 10 ـ ئەسىردە بېشبالىق شەھىرى تۈركلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى مۇھىم مەركىزىي شەھەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭمۇ غەربىي يۇرتقا ئىچكىرىلەپ كىرىشى ۋە كېيىنچە تارىم ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى مۇھىم شەھەر بولۇپ كەلگەن. ياپونىيىلىك ئالىم ئابى تاكېئو ئەپەندى «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەر ئا-

ساسىدا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بېشبالىق شەھىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇرلار بىلەن بېشبالىقنىڭ مۇناسىۋىتى يازما خاتىرىلەردىن تاڭ گاۋزۇڭنىڭ يۇڭخۇي يىللىرى (650 ــ 655 ـ يىللار)دىكى ئۇيغۇر قاغانى بايانىنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كۇنەس يولىغا يۇرۇش قىلغۇچى قىسىملار باش بۇغاچېنى قۇل تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان بۇ شەھەرنى قايتۇرۇۋالدىغان ۋاقىتقا سۇرۇشكە بولىدۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تيەنباۋ يىللىرى (742 ـ 756)نىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاللىقاچان بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندى، بۇ مەركىزىي شەھەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پەقەت نامدىلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىدا ئىدى. جېنيۈەن يىللىرى (785 ـ 805 ـ يىللار) تەڭرى قاغانىنىڭ بېشبالىق شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئاندىن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتتى»[6] دەيدۇ.

مۇشۇ مەزگىللەردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بېسىۋالغان تۇبۇتلەرنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىمۇ كۆزى قىزىرىپ، بېشبالىق شەھىرىگە بولغان ھۇجۇمنى تېزلەتكەن. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەر ئوتتۇرىسىدا ئاز كەم ئون يىل بېشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى بولغان. «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە تۇبۇتلەر 789 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يۈز بەرگەن ئىچكى نىزادىن پايدىلىنىپ بېشبالىق شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان بولسىمۇ، بىراق 790 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ۋەزىر تالاس باشچىلىقىدا 50 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئەۋەتىپ تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

«توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»دا قۇتلۇق قاغان (795 ــ 805 يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ قۇدرىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەرقايسى تە-

رەپلەرگە كەڭ كۆلەمدە جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى، بېشبالىق، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغانلىقى، غەربكە يۈرۈش قىلىپ سىر دەرياسىغىچە بارغانلىقى، تۈبۈتلەرنى قوغلاپ چىقارغانلىقى، قىرغىزلارنى بويسۇندۇرغانلىقى يېزىلغان[7].

بېشبالىق شەھىرى قۇتلۇق قاغان تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، تاكى 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەنگە قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم بىر شەھىرى بولۇپ كەلگەن. 840 ـ يىلىدىن كېيىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بېشبالىقتىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى، بېشبالىق بۇ خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى (ياكى شىمالىي ئوردىسى) بولۇپ قالدى.

ئىزاھلار:

① بەنگۇ: «خەننامە»، 96 ـ جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

② كەن ياۋپىڭ قاتارلىقلار: «جىمسار ناھىيىسىدىكى شياۋشىگۇ ئىزىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1992 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

③ فەن يې، سىمابياۋ: «كېيىنكى خەننامە»، 88 ـ جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، 518 ـ، 555 ـ، 525 ـ، 552 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ مېڭ فەنرېن: «بېيتىڭ (بېشبالىق)نىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، 28 ـ، 29 ـ، 31 ـ، 175 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑤ ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 95 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑥ ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، 149 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

# سايرام كۆلىنىڭ قەدىمكى نامى ـــ «سۈتكۆل»

## ئابدۇرېشىت تۇداجى

سايرام كۆلى ـــ تەڭرىتاغنىڭ غەربىي شىمالىغا، جىڭ ناھىيىسى بىلەن قورغاس ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 3 ـ چوڭ كۆل ھېسابلىنىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ئالغاندا، شەرقىي مېردىئان ″45 ′26°81 قا، شىمالىي پاراللېل ″25 ′43°44 قا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 460 كۋادرات كىلومېتىر، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 90 مېتىر كېلىدۇ. سۇ كۆلىمى بورتالا ئوبلاستى بويىچە سۇ كۆلىمىنىڭ 45 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار، قارلىق چوققىلار ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ ئەتراپتا قىشتا قار كۆپ ياغىدۇ، قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، يازدا سالقىن بولىدۇ. تاغ باغرىدىكى يايلاقتىن ھەر خىل يېپيېشىل ئۆسۈملۈك ۋە گۈل ـ گىياھلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، كۆپكۆك قارىغايلار گويا سايرام كۆلىنى كېچە ـ كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قاراۋۇللاردەك تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. سايرام كۆلى گۈزەل، مەنزىرىلىك جاي بولغاچقا، قەدىمدىن تارتىپ نۇرغۇنلىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر بۇ جايدا ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن ھەمدە بۇ كۆلنى ئۆز تىلىدا گۈزەل ناملار بىلەن ئاتىغان.

قەدىمدە ھۇن، ساك، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بايقال كۆلى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپلىرىدا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدە ياشىغان. شۇلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان تۇرالار (شەرقىي تۇرالار) 487 ـ يىلى

ئاكا ـ ئۇكا ئاپاچىرو بىلەن چۆنچىنىڭ باشلامچىلىقىدا رورانلار ـ غا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن ئالتاي ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كەلگەن ھەمدە بۇ يەردىكى قان ـ قېرىندىشى بولغان غەربىي تۇرالار بىلەن قوشۇلۇپ، روران خاندـ لىقىنى يوقىتىپ، ھازىرقى ماناس ئەتراپىدا قاڭقىل خانلىقىنى قۇرغان. قاڭقىل خانلىقىنىڭ زېمىنى شىمالدا ئالتاي تاغلىرى، غەربتە سۇتكۆل، شەرقتە جىيايۇگۇەن، جەنۇبتا قاراشەھەرنىڭ غەرـ بى، شەرقىي جەنۇبتا كىرورانغىچە سوزۇلغان بولۇپ، 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇيغۇرلار ئەشۇ زامانلاردا ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆلنى ئانا سۈتىگە ياكى ھايۋانلارنىڭ سۈتىگە ئوخشىتىپ، «سۇتكۆل» دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياز كۈنلىرى كۆلدە نۇرغۇنلىغان ئاققۇلار ئۈزۈپ يۈرۈشىدۇ ھەمدە كۆلنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنىدىن ھاسىل بولغان بۇژغۇنلار يىراقتىن قارىسىڭىز گويا ئاق بۇلۇتلار سايرام كۆلىنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ قالغاندەك كۆرۈنىدـ دۇ. ئاي تولغان كېچىلەردە بولسا چوڭ بىر جانان چىنە ئىچىدە قېلىن قايماق تۇتقان سۈتتەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ «سۇتكۆل» دەپ ئاتىلىشىدا بۇ ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭ غەربىي يۇرتتىكى كۆك تۈركلەرنىڭ تەسىرىنى تامامەن يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلىگەندىن كېيىن، غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن «چېگرىدـ نى تىنچلاندۇرۇش خاتىرىسى» دېگەن مۇنداق بىر شېئىرنى ياز ـ غان:

«تەلپۈندى پايتەختكە ئەمدى سۇتكۆل،
خانلىقا تەۋە بولۇپ قوش سۇ پۇتكۈل».

كېيىنكى كۈنلەردە يەنى موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن، بۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ كۆپلەپ ئولتۇراقلىشىشى تۈپەيلىدىن بۇ كۆل «سايرام كۆلى» دەپ ئاتالغان. موڭغۇل تىلىدا سايرام كۆلى «چاغان سەرىم نور» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىكى «چاغان» سۆزى «ئاق» دېگەن مەنىنى، «سەرىم» سۆزى «تىنچ، دولقۇنسىز» دېگەن مەنىنى،

«نور» سۆزى «كۆل» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئومۇمىي مەنىسى «ئاق تىنچ كۆل» دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرچە «سۈتكۆل» بىلەن باراۋەر.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ساياھەتچى چيۇ چۇجى سەمەرقەنتكە بېرىش سەپىرىدە سايرام كۆلى بويىدىن ئۆتكەن. شۇ چاغدا سايرام كۆلى بويىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كاتتا زىياپەت بېرىپ، چيۇ چۇجىغا بولغان دوستلۇق رىشتىسىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن موڭغۇللارنىڭ قائىدىسى بويىچە «سەرىم»، «سەرىن» (خادا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەقدىم قىلغان. راھىب چيۇ چۇجى ھەيران بولۇپ، «بۇ نېمە؟» دەپ سورىغىنىدا، موڭغۇللارنىڭ ئاقساقىلى چۈشەندۈرۈپ، «بۇ بىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىمىز، يەنى سەرىم»، دەپ چۈشەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن راھىب چيۇ چۇجى: «بۇ يەرنىڭ نامىمۇ سەرىم بولسۇن»، دەپ ئېيتقانىكەن. كىشىلەر بۇ رىۋايەتكە ئاساسەن، «سەرىم» كېيىن سايرام كۆلىنىڭ نامى بولغان دەپ قارايدۇ. لېكىن، چيۇ چۇجى «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتى» دېگەن ئەسىرىدە سايرام كۆلىنى قانداقتۇر «تەڭرى كۆلى» دەپ تىلغا ئالغان (سۇ بېيخەي: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» خەنزۇچە نەشرى، 273 ـ بەت).

# «مەكىت» دېگەن نام ھەققىدە

## تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

«مەكىت» دېگەن بۇ ئىسىم ھەققىدە ھازىرغىچە بىر نەچچە خىل قاراش ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئورتاق بىر خىل قاراش تېخى ۋۇجۇدقا چىققىنى يوق. تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتىكى بىر نەچچە خىل قاراشقا بولغان ئىزدىنىشىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. «مەكىت» ــ «مىكىت گەۋرى»نىڭ ئىسمىغا قويۇلغان دېگەن قاراش.

«قەشقەر گېزىتى»نىڭ 1993 ـ يىللىق 13 ـ دېكابىردىكى سانىغا بېرىلگەن «مىكىت گەۋرى» ھەققىدىكى ئىزاھاتتا مۇنداق دېيىلگەن: «مىكىت گەۋرى ــ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىلى چىن دەيخانىنىڭ مەكىت خەلقىگە قىلغان زوراۋانلىقلىرىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن يەرلىك خەلقنىڭ پالۋانى، ھازىرقى مەكىت شۇ مىكىت گەۋرىنىڭ نامىغا قويۇلغان».

«مىكىت گەۋرى» «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىكى «دولان مەشرىپى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدە «دولان خەلقىنىڭ ياش ھەم تەدبىرلىك بولغان يولباشچىسى» دەپ تونۇشتۇرۇلغان. ئەمەلىيەتتە، «مىكىت گەۋرى» ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بىر تارىخىي شەخس بولۇپ، ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئاپتور «مىكىت گەۋرى»نى كۆتۈرۈپ چىقىرىش ئۇچۇن ماقالىدە «1743 ـ يىلدىن 1748 ـ يىلغىچە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرى-

ـدىن چىن دەيخان قوشۇن باشلاپ كېلىپ دولان خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان ... مىكىت گەۋرى دولان خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ چىن دەيخانغا قارشىلىق كۆرسەتكەن» دېگەن ئاساسسىز تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىردىنبىر ئاساسى سۈپىتىدە مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ھاڭقىلىق يېزىسىكى ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان «قالماق جىلغىسى» دېگەن بىر تاشلاندى يەرنى مىسال قىلغان. بۇ خۇددى ھازىرقى جاڭلىق تىلىمىزدا «شىياڭگاڭ بازىرى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جايلارنى ئەشۇ ئىسمىغا قاراپلا شياڭگاڭدىن ئادەم كېلىپ بەرپا قىلغان دېگىلى بولمىغىنىدەك ۋە ياكى شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى «شىنجاڭ كوچىسى»، «خوتەن كوچىسى» دېگەندەك ئىسىملارغا قاراپلا ئۇ يەرنى ئۇيغۇرلار بەرپا قىلغان دەۋالغىلى بولمىغاندەكلا بىر ئىش بولۇپ، ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچراتقىلى بولمايدىغان «قالماق جىلغىسى»نىمۇ «مىكىت گەۋرى»نىڭ ئىسپاتى قىلىپ كۆرسىتىشكە بولمايدۇ.

موڭغۇللارنىڭ مەكىتكە كېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، دەرۋەقە، تارىخىي ماتېرىياللاردا جۇڭغارلارنىڭ مەكىتتىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بار. بىراق، ئۇلار ھېلىقى ماقالىدە كۆرسىتىلگەندەك «دولان خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش» ۋە شۇ ئارقىلىق «مىكىت گەۋرى»نى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جاھالەت جارچىلىرى بولغان پاسىق خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەشۇ خوجىلارغا تارتىپ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىدە «ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىكى ئۇچتۇرپان، كەلپىن، مارالبېشى، كالتە يايلاقتىن ئۆتۈپ، ئاتۇشقا چۈشۈپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان، يەنە بىر بۆلىكى ئاقسۇدىن ئۇدۇل غورۇ چۆل، مەكىتنى كېسىپ ئۆتۈپ، يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان ۋە 170 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرۈپ ئۇيغۇرلار تارىخىدا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان»[①].

بىراق، ھېلىقى ماقالىدە دېيىلگەندەك «1743 ـ يىلىدىن 1748 ـ يىلىغىچە» ئەمەس، بەلكى 1678 ـ يىلى ئاپپاق خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلەپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇر-غاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشكەن.

دېمەك، 1743 ـ يىللاردا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مە-كىتكە ئاتايىن بۇلاڭ ـ تالاڭغا كەلگەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار رەت قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاتالمىش تارىخىي شەخس «مىكىت گەۋرى» ۋە «مەكىت شۇ مىكىت گەۋرىنىڭ نامىغا قويۇلغان» دې-گەن قاراشمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

2. «مەكىت» ـــ «مەنكەنت»، «مەڭگەن» دېگەن ئىسىملاردىن كەلگەن دېگەن قاراش.

1981 ـ يىلى «ئاتۇش ئەدەبىياتى»نىڭ 1 ـ، 2 ـ قوشما سا-نىدا «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئارتۇچ» دېگەن بىر ماقالە ئېلان قى-لىندى. ماقالىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان قەش-قەر تەۋەسىدىكى يەر ـ جاي، يۇرت ناملىرى بىر ـ بىرلەپ نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، «مانكەنت» دېگەن ئىسىمغا كەلگەندە ئاپتور تىرناق ئىچىگە (مەكىت) دەپ ئىزاھلىغان. ئەينى چاغدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نەشرگە تەييارلىنىۋاتقان بولۇپ، تېخى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلمىگەن بولغاچقا، ئەسلى تېكىست بىلەن سې-لىشتۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا، «مەكىت» «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «مەنكەنت» دېگەن نامدىن كەلگەن دېگەن قاراش شەكىللەندى.

بىراق، 1984 ـ يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نەشردىن چىققاندىن كېيىن «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان قەشقەر تەۋەسىدىكى يەر ـ جاي، يۇرت ناملىرى بىۋاستە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش نەتى-جىسىدە «مانكەنت» ھازىرقى مەكىت بولماستىن، بەلكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر خاراب بولغان شەھەر ئى-كەنلىكى ئېنىقلاندى. «دىۋان»دا ئېنىق قىلىپ: «مانكەنت ـــ قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئېتى. كېيىن خاراب بولغان»

دېيىلىپ، ئاستىغا بىرىلگەن ئىزاھاتتا «بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرغىچە ‹mankant›, mangan› نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە، شۇ شەھەر يېنىدىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئىچى مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ»[2] دەپ ئەسكەرتىلگەن. بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى خاراب بولغان شەھەرنى كۆرسىتىدىغان «مانكەنت» بولسۇن، مەيلى توققۇزاق بازار ئىچىدىكى مەھەللىنى كۆرسىتىدىغان «مانكەنت» بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى توققۇزاق تەۋەسىدە بولۇپ، ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىدىن كۆپ يىراق. شۇڭا، «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئارتۇچ» دېگەن ماقالىدىكى «مانكەنت»كە بېرىلگەن ئىزاھاتنى ئەتراپلىق بولمىغان پەرەز كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇقۇشماسلىق دېمەي تۇرالمايمىز.

بۇنىڭدىن باشقا، خەلق ئارىسىدا «مەكىت» دېگەن ئىسىم «مەڭگەن» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دەيدىغان بىر خىل قاراشمۇ مەۋجۇت. مەكىت بۇغداي بەك ئوخشايدىغان ھەم كۆپ تېرىلىدىغان يۇرت بولۇپ، «ئويبۇغداي»، «خامان كۆيدى» دېگەن جايلارمۇ بار. ھەر يىلى يازدا خامانلارغا گويا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدىغان مەڭگەنلەرنى كۆرۈپ، سىرتتىن كەلگەنلەر بۇ يەرلەرنى «مەنگەنلەر»، «مەنگەن» دەپ ئاتىغان. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «مەكىت» دەپ ئاتىلىپ قالغان ...

بۇ بىر ئىلمىي ئاساسى يېتەرلىك بولمىغان ئاغزاكى مەلۇمات بولۇپ، تارىخىي نۇقتىدىن ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈش ھەم ئىزاھلاش ئىمكانىيىتى يوق.

3 . «مەكىت» — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەركىتلەرنىڭ نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش.

بۇ قاراش ھەققىدە پىكرىمىزنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، مەركىت قەبىلىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەركىت قەبىلىسى تىلغا ئېلىنسىلا، بەزىلەر «بۇ قەبىلە قازاق ۋە موڭغۇللاردىمۇ تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئۇيغۇر قەبىلىسى

دېگىلى بولسۇن؟» دېيىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلايلى: «مىلادىيە 907 ـ يىلى شەرقىي شىمالدا قىتان خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاتار قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بەزى قەبىلە ئەزالىرى ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ‹ئاق تاتار› ۋە ‹قارا تاتار› دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. ئاق تاتارلار ئاساسەن، تاتار ۋە تاتار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى قونغىرات، ئونغۇت، جالايىر، مېركىت، تۆرە قاتارلىق قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قارا تاتارلار بولسا، ئاساسەن موڭغۇل قەبىلىسىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى ... مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە ئاق تاتارلار بىلەن قارا تاتارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. بۇ كۈرەشتە قارا تاتارلار ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا باشلىدى ھەم بۇرۇنقى ‹تاتار› دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەنە ‹موڭغۇل› دېگەن نامنى قوللىنىشقا باشلىدى ... ئاق تاتارلار بارغانسېرى ئاجىزلاشتى ۋە پارچىلاندى، ھەتتا مېركىت، تۆرە قاتارلىق ئاق تاتار قەبىلىلىرىمۇ موڭغۇللارنىڭ يېڭى قەبىلە ئىتتىپاقىغا قاتناشتى»[3].

مەزكۇر كىتابتا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىنلا ساپ قانلىق موڭغۇل قەبىلىلىرى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىنىپ، 13 قەبىلە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېركىت قەبىلىسى يەنىلا تىلغا ئېلىنمىغان. ئەكسىچە، «تۈرك، قىرغىز، قازاق ھەم خانلار شەجەرىسى»[4] دېگەن ئەسەردە مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ: «چىڭگىزخان دەسلىپىدىلا كېرەيگە تايىنىپ، موغۇللارنى ئاز ـ ئازدىن يىغىپ، تاتار ھەم مەركىت بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نايمانغا تېگىشىپ ھەم ئۇنى يېڭىپ، ئاخىرى پۈتكۈل موغۇللارنى يىغقان چاغدا، ئۇلار ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر تالاي تۈركلەر كۆچۈپ، قېچىپ كېتىشكە يېرىنى قىيالماي، نەتىجىدە موغۇللارغا قاراشلىق بولۇپ قالدۇ»[5].

چىڭگىزخان ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ھەققىدىكى باشقا تارىخىي مەلۇماتلاردىمۇ 1176 ـ يىلى چىڭگىزخان بۆرتە ئىسىملىك

بىر موڭغۇل مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندە توي ئاخشىمى مەركىتلەر-نىڭ بېسىپ كېلىپ بۆرتەنى بۇلاپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنى-دۇ. ئارىدىن ئۇن ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭگىزخانىنىڭ يىقىنى-لىرى بۆرتەنى قۇتقۇلدۇرۇپ، چىڭگىزخانغا ئەكېلىپ بەرگەندە، شۇ ئاخشىمىلا بۆرتەنى تولغاق تۇتۇپ بىر ئوغۇل تۇغقان. موڭ-غۇللار بالىغا «مېھمان» دېگەن مەنىدە «جوجىخان» دەپ ئىسىم قويغان. بەزىلەر بالىنى مەركىتلەردىن بولغانمىكىن دەپ گۇمان قىلغاندا، چىڭگىزخان ئۇلارنى شۇ كېچىسىلا مەخپىي ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. كېيىن چىڭگىزخان ئۆزىگە تەخت ۋارىسى تاللىغاندا قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە بويىچە تۇنجى ئوغلى جوجىخاننى تاللىماي، ئۇنىڭ ئىنىسى ئوگىدايىنى تاللىغان.

ئەمدى مەركىت قەبىلىسىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى قايسى ئۇرۇق، قايسى جەمەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە كەلسەك، «مەركىتلەر ئۇي-غۇرلارنىڭ ئەجدادىدىن بولغان قاڭقىللاردىكى 12 جەمەتنىڭ بىرى بولۇپ»[6]، «ئۇلار ئەڭ دەسلەپ، يەنى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھازىرقى تۇرپاننىڭ غەربىگە ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە غەر-بىدىكى يايلاقلارغا كۆچكەن»[7]. مەخسۇس مەركىت قەبىلىسى تىل-غا ئېلىنغان تارىخىي مەلۇماتلاردىمۇ مەركىت قەبىلىسى ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلاتتى دېگەن بايانلار بار. يۇقىرىدا سۆز-لەنگەندەك، ئەينى چاغدا «قارا تاتارلار»دىن يېڭىلىپ كۆچۈشنى خالىماي، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىغا قاتناشقانلار موڭغۇل قە-بىلىسى بولۇپ، ئالتاي، تارباغاتايلاردا قالغانلىرى قازاق قەبىلە-سى بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا كۆچكەنلەر ئەس-لىدىكى ھالىتى بويىچە ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

دېمەك، «مەركىت» دېگەن بۇ ئىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قە-دىمكى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەركىتلەرنىڭ نامىدىن كەلگەن. يەنە كېلىپ جانلىق تىلىمىزغا «مەكىت» دەپ ئۆزلىشىپ قالغان بۇ ئىسىم يېقىنقى يىللارغىچىلىك يېزىقتا ئەينەن ھالدا «مەركىت» دەپ يېزىلاتتى. ھازىر «مەكىت» دېگەن ئىسىم بىلەن

ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جايلار ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى تەۋەسىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

**ئىزاھلار:**

① «تارىختىن قىسقىچە بايانلار»، 234 ـ، 237 ـ بەتلەر.

③ ⑦ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر-نىڭ تارىخى»، 1229 ـ، 1230 ـ، 752 ـ، 755 ـ، 63 ـ، 268 ـ بەتلەر.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، Ⅲ توم، 215 ـ بەت.

④ ⑤ «شىنجاڭ ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، 1986 ـ يىل 2 ـ سان.

⑥ ئىبراھىم مۇتىئىي: «ئىبراھىم مۇتىئىي ئىلمىي ماقالىلىرى»، 391 ـ بەت.

# تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە

ئابلىم قېيۇم

1. چىگبۇلاق. بۇ تۇرپان شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 35 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يېزىنىڭ نامى. يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنى «چىگبۇلاق»، «چولاق»، «چىۋلاق»، «چىيلاق»، «چىگلاق» دې-گەندەك ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندە ئايرىم - ئايرىم ئىزاھلاپ ئۆتىمىز:

چىگبۇلاق: پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يۇرتتا بۇرۇن ياۋا كەندىر ناھايىتى كۆپ ئۆسىدىكەن. كىشىلەر ئاشۇ كەندىر چىگىسى ئارقىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. كېيىن-كى كۈنلەرگە كەلگەندە ئەۋلادلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ چىگچىلىك كەسپىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرغان ھەمدە بۇ جايغا «چىگە بۇلاق» دەپ ئىسىم قويغان.

چولاق: بۇ باشقا يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇق-تىسى بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز بۇ يۇرتنى «چولاق» دەپ ئاتاش-قان. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بۇ يۇرتنىڭ ئەتراپىدا باشقا يۇرت - مەھەللىلەر يوق.

چىۋلاق، چىيلاق، چىگلاق: بۇلار ئەسلىي ئاتالغۇنىڭ ئىستې-مال جەريانىدىكى بۇزۇلۇشى.

«چىگبۇلاق» خەنزۇچە «七个布拉克» دەپ يېزىلغاچقا، بەزى كىشىلەر بۇ يەردە ئەسلىدە يەتتە بۇلاق بولغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ئەمەلىيەتتە، بۇ پەرەزنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. بۇ يۇرتنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بۇرۇندىن تار-تىپلا «سالا قومۇش» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان پايانسىز كەتكەن

«چىغ ـ قومۇشلۇق بار. شۇنداق بولغانلىقتىن بۇ يۇرت ئەسلىدە «چىغ بۇلاق» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن «غ» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇ-شىغا ئالمىشىشى نەتىجىسىدە «چىگبۇلاق»قا ئۆزگەرگەن. بۇ يۇرتنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ئا-ساسلانغاندىمۇ «چىغ بۇلاق» دېگەن ئىسىم بىر قەدەر مۇۋاپىق كېلىدۇ.

2. چىچانخو. بۇ تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر يۇرتنىڭ ئىسمى بولۇپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ ئا-ساسلىق كۆمۈر بازىلىرىنىڭ بىرى. جۇغراپىيىلىك ئورنى جە-ھەتتىن ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. سۈيى ئەلۋەك، ھەر خىل ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، بولۇپمۇ چىغان كۆپ ئۆسىدىغان، مۇھىتى گۈزەل بىر جاي بولغاچقا، كىشىلەر جۇغراپىيىلىك ئور-نى ۋە تەبىئىي شارائىتىغا قاراپ «چىغانلىق غول» ياكى «چىغان-غول» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە ئىستېمالدا «چىچانخو»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن. خەنزۇچىسىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا «七泉湖» دەپ يېزىلغان.

3. تۇركارىز. تۇرپان ئويمانلىقىدا «تۇر كارىز» دەپ ئاتالغان يەرلەر خېلى كۆپ. تۇر بىر خىل خەۋەرلىشىش ئەسلىھەسى بو-لۇپ، دۈشمەن تاجاۋۇز قىلىپ كەلسە ياكى تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرسە، دەرھال ئوت يېقىلىپ شۇ مەھەللىگە ياكى بىر مەھەللى-دىن يەنە بىر مەھەللىگە خەۋەر بېرىلەتتى. تۇرپان ئويمانلىقىدى-كى «تۇر كارىز» دەپ ئاتالغان جايلار قەدىمدىلا كىشىلەر توپلى-شىپ ئولتۇراقلىشىپ، تۇرلارنى ياساپ ئۆزئارا خەۋەر بېرىشكەن ھەمدە كارىزلارنى كولاپ دېھقانچىلىق قىلغاچقا مۇناسىپ ھالدا «تۇر كارىز» دەپ ئاتالغان.

4. «شا» بىلەن ئاتالغان جايلار. تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەسىدە «شا» بىلەن ئاتالغان جايلار خېلى كۆپ. مەسىلەن: «تۇيۇقشا»، «ئامانشا»، «توقسۇنشا»، «ئەششا»، «قاراشا» دېگەنگە ئوخشاش، بىراق ئىستېمالدا «شا»نى «شاھ» دەپ خاتا قوللىنىۋالىدىغان ئا-

دەت شەكىللىنىپ قالدى. «شا» ھەرگىزمۇ «شاھ» مەنىسىنى بىر-رىدىغان سۆز بولماستىن، بەلكى «شەھەر» مەنىسىدىكى سۆزدىن ئىبارەت. شۇڭا، كىشىلەر «تۈيۈق شەھىرى»نى «تۈيۇقشا»، «ئامان شەھىرى»نى «ئامانشا» دەپ ئادەتلىنىپ قالغان. «ئەششا» — بۇ، تۇرپان شەھىرى قاراغوجا يېزىسى تەۋەلىكىدىكى ئىدىقۇت (قو-چۇ) قەدىمكى شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەينى زامانلاردا «ۋاششەھىرى» (ۋاز - ۋاز شەھەر، كاتتا شەھەر دېگەن مەنىدە — ئا) دەپ ئاتالغان بولۇپ، كېيىنچە كىشىلەر «ۋاششا» دەپ ئادەتلى-نىپ قالغان.

«توقسۇنشا» ھازىرقى توقسۇن ناھىيە بازىرىنىڭ قەدىمكى خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىي «توقسۇن شەھىرى» بولۇپ، كىشىلەر «توقسۇنشا» دەپ ئادەتلىنىپ كەتكەن.

«قاراشا»نىڭ ئەسلىسى «قارا شەھەر» («بۈيۈك شەھەر»، «چوڭ شەھەر» دېگەن مەنىدە — ئا) بولۇپ، ھازىرمۇ كىشىلەردە «قاراشا ئېتى»، «قاراشاغا بارىمەن» دېگەندەك ئادەت سۆزلىرى بار.

# «تۆيۇق» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

غاپپار روزى، ئۆمەر قادىر

«تۆيۇق» — پىچان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېدىرلىق باغرىغا جايلاشقان قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ بىرى. بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق بولغاچقا، ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«تۆيۇق»تا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان «تۆيۇق مىڭ ئۆيى»، «ئەسھابۇلكەھف» («تۆيۇق غوجام») زىيارەتگاھى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان قەبرىگاھلار ھەم 18 - ئەسىردە ياشىغان ئالىم ۋە شائىر موللا ئەھمەد باقى غوجامنىياز قىسسۇرى مەقبەرىسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. شۇڭا، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، چەت ئەل ۋە ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى، تەتقىقاتچى خادىملىرى، ساياھەتچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن تۆيۇققا كېلىپ زىيارەت قىلدى ھەم تەتقىقات ئېلىپ باردى.

«تۆيۇق» سۆزى توغرىسىدا تىلشۇناسلار ۋە تارىخچىلار: «بۇ سۆز ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ‹تار› دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق، «تۆي»+ «ئۇق» دېگەن ئىككى پېئىلدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، سۈپەت رولىنى ئۆتەپ كەلسە «ئاخىرى يوق»، «تۆيۇق يول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كۆچمە مەنىدە كەلسە «ئاخىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان، يېتىپ بولمايدىغان، توغرا مۆلچەرلىيەلمەيدىغان، داۋاملاشتۇرالمايدىغان» بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ سۆز «تار

يولغا كىرىپ قالماق» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، «تۇيۇق» يېزىسىنىڭ شىمالىدا تەخمىنەن بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تەبىئىي تار جىلغا بار.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تۇيۇق» سۆزىگە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن:

(1) «تايۇق — تۇيغۇن، زېرەك، تۇيۇق
تايۇق ئەر — تۇيغۇن، زېرەك ئەر»
(2) «تۇيۇق — تۇيۇق، تۇتۇق، غەمكىن
تۇيۇق كىشى — تۇتۇق ئادەم، غەمكىن ئادەم
تۇيۇق كۈن — تۇمانلىق ۋە بۇلۇتلۇق كۈن
تۇيۇق قاپۇغ — يېپىق قوۋۇق»
(3) «تۇيدۇردى — تۇيدۇردى، بىلدۇردى، بىلدۇرۇپ قويدى»
(4) «تۇيدى — تۇيدى، سەزدى»[①].

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «تۇيۇق» سۆزى مۇنداق ئىزاھلانغان: «(1) پىچان ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى»، «(2) سەزگۈ، تۇيغۇ، تۇيۇق بولماق، تۇيۇق چۈشمەك، تۇيۇق بەرمەك، شەپە بەرمەك، تۇيدۇرۇپ قويماق، سېزىلمەك، تۇيۇلماق، شەپە بولماق»، «(3) ئەدەبىياتتىكى شېئىر شەكىللىرىدىن بىرىنىڭ نامى بولۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى شەكىلداش سۆزلەردىن قاپىيىلىنىشىپ كەلگەن سۆز ئويۇنى شەكىلدىكى تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرگە ئىگە تۆت مىسرالىق شېئىرنى كۆرسىتىدۇ»[②].

«تۇيۇق» سۆزى يەنە كۆچمە مەنىدە «ئاشكارىلىنىش، سېزدىلىش ياكى بۇ ئىش تۇيۇق بولۇپ قاپتۇ، سېزىلىپ قاپتۇ»[③] دېگەندەك مەنىلەرگىمۇ ئىگە بولۇپ، بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سېزىلىش ياكى تۇيۇق بولۇپ ئاشكارىلىنىپ قېلىش، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشتەك نەتىجە ۋە ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

«تۇيۇ» سۆزىنى يەرلىك خەلقلەر ئىككى ئىسمىدىن تۈزۈلگەن

«تۇرغول» («تۇر+ غول») دېگەن سۆز بىلەنمۇ ئىزاھلاپ كەلمەكـ ـتە. بۇلارنىڭ ئىككىلىسى تولۇق ئۇقۇمغا ئىگە سۆز بولۇپ، ئالـ ـماشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنغان. «تۇرغول» سۆزىدىكى «تۇر»: «باشقا جايلارنى كۆزىتىش، بەلگە بېرىش ئۈچۈن ياسالغان ئېگىز قۇرۇلما، قىيادۆڭ»[4] دېگەن مەنىنى، «غول» سۆزى بولسا، «ئىككى تاغ ياكى يار ئارىسىدىكى بوشلۇق، چوڭ جىلغا، سۇ يولى»[5] دېـ ـگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ. بۇ قوشما ئىسىم ئىككى تاغ ياكى ئىككى يار ئۈستىگە قۇرۇلغان تۇر، تۇر سېلىنغان قىيالىق دۆڭ دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ. يۇقىرىدا «تۇيۇق» يېزىسىنىڭ شىمالىدا تەبىئىي تار جىلغا بارلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ تار جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى تىك قىيالىق بولۇپ، بۇددىزم دەۋرىدە مىڭ ئۆي قېزىلغان. ھازىر مۇشۇ مىڭ ئۆيلەرنىڭ جەنۇبىدىراق ئىككى قاشتا ئىككى تۇرنىڭ خارابىسى بار. بۇ جاي ئەينى زاماندا ئەشۇ ھالىتىگە قاراپ، «تۇرلۇق غول»، «تۇرغول» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. «تۇيۇق» سۆزىنى «تۇرلۇق غول» سۆزىدە تاۋۇش ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ «تۇيلۇق غول»، «تۇيۇق غول» دېگەن ھاـ ـلەتلەرگە ئۆزگىرىپ، كېيىن ھازىرقى «تۇيۇق» شەكلىگە كەلگەن دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولىدۇ ۋە ياكى «تۇيۇق غول»، «تۇيۇق» سۆزى كېيىن بۇ يەرگە تۇر سېلىنغاندىن كېيىن، «تۇرلۇق غول»، «تۇرغول» دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

«تۇيۇق» نامى توغرىسىدا رىۋايەتلەر ئېقىپ يۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دەقيانۇس بىلەن «ئەسھابۇلكەھف» توغرىـ ـسىدىكى رىۋايەتلەرگە باغلىنىدۇ.

قەدىمدە تۇرپاندا ياشىغۇچى ئاۋام خەلقلەردىن ئۆز دىنىدىن گۇمانلانغۇچى يەملىخا، ماكسىلمىنا، ئازارپەتيۇنۇس، كاشاپەت يۇنۇس، يۇۋايۇنۇس قاتارلىق ئىخلاسمەن مۇخلىسلار ھەقىقىي تەڭرىنى ئىزدەپ تېپىش كويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار بۇرۇن قۇياش، ئاي، ئوت قاتارلىقلارغا چوقۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ھېچ قانائەت ھاسىل قىلالماي، پۈتۈن دۇنيانى ئىدارە قىلىۋاتقان قانداقتۇر

بىر قۇدرەتلىك تەڭرى بار، ئۇ پۈتكۈل كائىناتنى، مەخلۇقاتنى ياراتقان، ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، دەپ قىياس قىلىدىكەن. ئۇلار ھەقىقىي تەڭرىنى ئىزدەش يولىدا خېلى جايلارنى كېزىپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىرى دەقيانۇس شەھىرىگە كەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىسمىمۇ دەقيانۇس ئىكەن. پادىشاھ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئۇلار شەھەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ بىر كۈنى ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ھەي جاھانكەزدىلەر، سىلەر نېمە مەقسەت بىلەن بۇ ياقا يۇرتقا كەلدىڭلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار:

— بىز ھەقىقىي خۇدانى ئىزلىگۈچىلەرمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، دەقيانۇس ھېچ تارتىنماستىنلا:

— ھەقىقىي خۇدا مەن بولىمەن، ئىشەنمىسەڭلەر مانا بۇ جەننەت ۋە دوزاق، — دەپ سۇنئىي ئورۇنلارنى، مەخسۇس ياساتقان چاھار باغلارنى، تېگىدە گۇلخان يېنىپ تۇرغان زىندان ۋە ئوتتەك قىزىپ تۇرغان قوملۇق جازا مەيدانلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپتۇ. ئۇلار ئامالسىز، يالغاندىن ئۇنىڭ خۇدالىقىغا ئىشىنىپتۇ. دەقيانۇس خۇشال بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز ھۇزۇرىدا بىر قانچە ۋاقىت تۇرۇشقا ئىجازەت بېرىپتۇ.

دەقيانۇس قىمار ئويناشقا بەك ھېرىسمەن بولۇپ، كۈندۈزى ئۆزىنىڭ خۇدالىقىنى تەشۋىق قىلسا، كېچىسى قىمار ئوينايدىكەن، ئۇنىڭ مەخسۇس كۆندۈرۈلگەن، بېشىغا چىراغ كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان مۈشۈكى بولۇپ، قىمار ئوينىغاندا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىدا چىراغ كۆتۈرۈپ جىم تۇرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى كىشىلەر، بىر تەرەپتىن، ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ خۇدالىقىدىن گۇمانلىنىپتۇ. راست - يالغانىنى ئايرىش ئۈچۈن، ئۇلار چاشقاننى تىرىك تۇتۇپ، قىمار سورۇنىغا يوشۇرۇن ئېلىپ كىرىپ، قىمار راسا ئەۋجىگە چىققاندا دەقيانۇسقا تۇيدۇرماي، چاشقاننى مۈشۈككە كۆرسىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ. مۈشۈك خۇدىنى يوقىتىپ چاشقانغا بىر ئېتىلغانىكەن، بېشىدىكى چىراغ

يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كېتىپتۇ. سورۇن پاتپاراقلىققا تولۇپتۇ. پادىشاھنىڭ خۇدالىقى چېنىپ قاپتۇ. پادىشاھ دەقيانۇس ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ بۇ مۇخىسـ لىسلارنى تېز كۆزدىن يوقاتمىسا، ئاۋام ئارىسىدىكى «خۇدا»لىق ئابرۇيىغا قاتتىق تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارـ نى ئۇجۇقتۇرۇۋېتمەكچى بوپتۇ. بۇ ئىشنى ئاللىبۇرۇن سېزىۋالـ غان يىگىتلەر شۇ كېچىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېـ تىپتۇ. دەقيانۇس دەرغەزەپكە كېلىپ چاپارمەنلىرىنى ئۇلارنى تۇـ تۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. يىگىتلەر قوغلاپ كېلىۋاتقان چاپارمەنـ لەرنى تۇيۇپتۇ. ئۇلار بىر قويچىغا يولۇقۇپتۇ. قويچى ئۇلارنى ئۆـ زى دائىم دەم ئالىدىغان بىر ئېغىزى بار ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپتۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دەل ھازىرقى تۇيۇققا كەلگەن ۋاقتى ئىكەن. دەقياـ نۇسنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ، شۇـ نىڭدىن كېيىن بۇ ئۆڭكۈر ئېغىزىنى سىرلىق يەر، تۇيۇق يەر دەپ تونۇپ «تۇيۇق» دەپ ئاتىشىپتۇ.

«تۇيۇق» نامى چىڭ سۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىـ ياللاردىمۇ ئۇچرايدۇ. جاڭ يۇشىن ئەپەندىنىڭ «چىڭ سۇلالىسىـ نىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆـ چۈش جەريانى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بايانلار بار:

«كاڭشى 18 ـ يىلى (1679 ـ يىلى) يەكەن خانلىقى جۇڭـ غارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ. قومۇل، تۇرپانلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن جۇڭغارلارغا قارايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قومۇل، تۇرپان خېلىغىچە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭـ غارلار تالىشىدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك جۇڭغارلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ، قىرغىنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۇـ چۈن گۇاجۇغا كۆچۈشكە توغرا كېلىدۇ. 1732 ـ يىلىدىن باشلاپ قوچو ئۇيغۇرلىرى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ئىمىن خوجا (لۈكچۈنـ لۈك) رەھبەرلىكىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن بىر تۇمەندىن ئوشۇق ئاھالە گۇاجۇغا كۆچۈپ، چيەنلۇڭ 21 ـ يىلى

(1756 ـ يىلى) كەبىسە 9 ـ ئايغىچە شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. 1756 ـ يىلى ئاچارچىلىق ۋە بەزى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى ئۆز ماكانى تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن». ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار بەش قەلئەگە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان. 3 ـ ۋە 4 ـ قەلئەدە ئولتۇراقلاشقان قوچو ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرىلەر بار:

«(3 ـ قەلئەدە) ... بۇ قەلئەگە سۇ بېشى (تەخمىنەن تۇيۇقنىڭ بەش كىلومېتىر شىمالىدا، غول ئېقىنىنىڭ باش قىسمىدا ـ ئا)، لەمجىن، كىچىك ئاستانە، پىچان، شۆگە قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بېگى ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىدىن بولۇپ جەمئىي 307 ئۆيلۈك، 1244 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان» دېيىلگەن.

«(4 ـ قەلئەدە) ... بۇ قەلئەگە لەمجىن، ياڭخىي، تۇچېڭگۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىدىن بولۇپ جەمئىي 327 ئۆيلۈك، 1351 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان» دېيىلگەن. 4 ـ قەلئەدە تىلغا ئېلىنغان تۇچېڭگۇ (土 城 沟)نى دەل بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان تۇيۇق يېزىسى دەپ جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، تارىخىي خاتىرىلەردىكى بۇ يۇرت ناملىرىنىڭ تىزىلىش تەرتىپىنى جۇغراپىيىلىك ئاساستا تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساقمۇ، ياڭخىي مەھەللىسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شىمالىدا تۇيۇق (تۇچېڭگۇ) دېگەن جاينىڭ بارلىقىنى مۇنازىرىسىز ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھازىر پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا ـ كەنتلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، تارىخىي ماتېرىياللاردىكىگە ئوخشاشلا رەتلىك يېزىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: تۇيۇقنىڭ شىمالىدا سۇ بېشى، شەرقىدە لەمجىن، پىچان، شۆگە، جەنۇبىدا ياڭخىي بار. سۇ بېشى، تۇيۇق، ياڭخىي قاتارلىق يېزىدىكىلەر بىر ئېقىننىڭ سۈيىنى ئىچىدۇ. غەربىدە ئاستانە، قاراغوجا بار.

يەنە بىر تەرەپتىن، تۇچېڭگۇ ھازىرقى تۇيۇقنىڭ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، ھازىر خەنزۇچە تۇيۇگۇ (土 峪 沟) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. تۇچېڭگۇ (土 城 沟)

دېگەن ئىسىمدىكى «شەھەر ــ قەلئە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «城» سۆزى كېيىنچە «ئېدىرلىق، تاغ جىلغىسى» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «峪»گە ئۆزگەرگەن. بۇ خىل ئۆزگىرىش شۇ يۇرتنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىگىمۇ باپ كېلىدۇ.

ئىزاھلار:

① مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، Ⅲ توم، 227 ــ، 228 ــ، 267 ــ، 335 ــ بەتلەر.

② ④ ⑤ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، Ⅱ توم، 351 ــ، 352 ــ بەت، Ⅰ توم، 317 ــ بەت، Ⅲ توم، 901 ــ بەت.

③ «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، 76 ــ بەت.

⑥ ⑦ ⑧ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984 ــ يىل 3 ــ سان.

# تۇرپاندىكى بەزى يەرناملىرى توغرىسىدا

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىلـ لىق 1 ـ سانىغا «بىلەمسىز، بۇ يەر نامىلىرى قانداق كېلىپ چىقـ قان» سەرلەۋھىلىك ماقالە بېسىلدى. ماقالىدە نۇقتىلىق ھالدا تۇرپاندىكى «قانىقا»، «دەپسەڭگە»، «قۇرۇتقا» دېگەن يەر ناملىرىـ نىڭ قانداق مەنبەدىن كەلگەنلىكى ئۈستىدە بەزى قاراشلار ئوتـ تۇرىغا قويۇلغان. ئاپتور بۇ يەر ناملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ياقۇپبەگنىڭ تۇرپاندا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىق ئۇرۇشىغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن، يەنى «قاناق»نى قان تۆكۈلگەن يەر، قان ئاققان يەر، قانغا بويالغان يەر دەپ، «دەپسەڭگە»نى ياقۇپبەگ قوـ شۇنى خۇيزۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئاتقا دەسسىتىپ ئۆلتۈرگەنلىـ كى ئۈچۈن دەپسەڭگە دەپ ئاتالغان دەپ، «قۇرۇتقا»نى ياقۇپبەگنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغان خۇيزۇلار يىڭرمىرىم ئىسسىقتا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۇسساپ قاق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قۇرۇتقا دەپ ئاتالغان، دەپ چۈشەندۈرگەن.

مېنىڭچە بۇ يەر ناملىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. مەن تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قوـ يۇپ ئۆتىمەن.

«قانىقا» توغرىسىدا. تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدا قانقا كەنتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. بۇ يەر نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا «ئوغۇزنامە» داستانىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ جۇرجىتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن، جەڭدە ئوغۇزخان غالىپ

كېلىپ نۇرغۇن ئۆلجىغا ئىگە بولىدۇ. بۇلارنى ئېلىپ كېتىشكە
ئات ـ ئۇلاغ ئازلىق قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئوغۇزخان قوشۇنىدىكى
بارماق يوسۇن بىلىگ دېگەن كىشى ياغاچ هارۋا ياسايدۇ. باش ـ
قىلارمۇ مۇشۇ هارۋىغا ئوخشىتىپ هارۋا ياسايدۇ. ئولجىلار هار ـ
ۋىلارغا بېسىلىپ ماڭغاندا هارۋىدىن «قاڭق، قاڭق» قىلغان ئاۋاز
چىقىدۇ، ئوغۇزخان خۇشاللىقىدىن هارۋىغا «قانقا» دەپ، هارۋىنى
ياسىغان بارماق يۇسۇن بىلگىگە «قاڭقىلى» دەپ نام بېرىدۇ. كې ـ
يىنكى قانقا قەبىلىسىدىكەر ئەنە ئاشۇ «قاڭقىلى»نىڭ ئەۋلادلى ـ
رىدۇر. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ «قاڭ ـ
قىل قەبىلىلىرى» دېگەن بابىدا «قانقا» دېگەن بۇ نامنىڭ تارىختا
تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىدە تۇرغان قانقا قەبىلىسىنىڭ نامى ـ
دىن كەلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. دېمەك، «قانقا» دېگەن بۇ نام قە ـ
بىلە نامىدىن كەلگەن.

«دەپسەڭگە» توغرىسىدا. تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يې ـ
زىسىدا دەپسەڭگە كەنتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. ئۈزۈم ـ
چىلىك يېزىسىغا تەۋە باغرى دېگەن يەردىن ئۆتۈپ بۇيلۇقتا بې ـ
رىشتا بىر دۆڭ (تۆپىلىك) يولۇقىدۇ. مۇشۇ تۆپىلىككە قەدەم قو ـ
يۇلىدىغان يەر «دەپسەڭگە» دەپ ئاتىلىدۇ. «دەپسەڭگە» دېگەن بۇ
نام مۇشۇنىڭدىن كەلگەن. ئەگەر مېنىڭ بۇ قارىشىم ئىنكار قى ـ
لىنسا، ئۇنداقتا قاغىلىق ناهىيىسى يېتىملىقۇم يېزىسىدىكى
«دەپسەڭگە» كەنتىنى، پوسكام ناهىيىسى يىما يېزىسىدىكى «دەپ ـ
سەڭگە» كەنتىنى قانداق چۈشەندۈرگۈلۈك؟ ئەجىبا بۇ يەرلەردىمۇ
تۇرپاندىكى ۋەقەلەر يۈز بەرگەن دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەكمۇ؟!

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1995ـ يىلى 9 ـ ئاۋ ـ
غۇست سانىغا «بەزى يەر ناملىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە» دېگەن
بىر پارچە ماقالە بېسىلدى. ئاپتور ماقالىدە «تۇرپان» دېگەن سۆز ـ
نىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئۈستىدە توختىلىپ تۆۋەندىكىدەك قارى ـ
شىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1) تۇرپان ئەسلىي «تۇرپاناه» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بو ـ

لۇپ، تۈركچە تاغ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «تۇرپاناھ» دېگەن سۆز تاغلار بىلەن ئىھاتە قىلىنغان يۇرت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

2) تۇرپان ئەسلىي «تۇرپاناھ»تىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «تۇر-قەلئە» دېگەنلىك بولىدۇ. تۇرا بىلەن پاناھتىن تۈزۈلگەن «تۇرپا-ناھ» پاناھلىنىدىغان قەلئە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاپتورنىڭ تۇرپان دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدىكى تەبىرلىرى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ.

دەرۋەقە، تۇرپان دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك يازما مەلۇمات يوق. بەزى ماتېرىياللاردا بۇ سۆزنىڭ موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «مېۋىلىك» دېگەن مەنىدە ئىكەن-لىكى يېزىلغان. ئامېرىكىلىق ئالىم دېنى سىنور ئۆزىنىڭ «ئۇي-غۇرلار» دېگەن ماقالىسىدە تۇرپان دېگەن بۇ يەر نامىنىڭ موڭغۇل دەۋرىدىن كېيىن كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يەر نامىلىرى تەتقىقاتى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە ئىلمىي ئەمە-گەك. شۇڭا، بۇ جەھەتتە ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ پەرىزىگە تايىنىپ يەكۈن چىقارماستىن، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتى-سىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن جامائەتچىلىكنى شۇ يەر نامىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەن-لىكى ۋە قانداق مەنا بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچلىك، توغرا ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتەلەيمىز.

# قومۇل رايونىدىكى بەزى يەر - جايناملىرى ھەققىدە

سەمەت ئەسرا

كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردە قومۇل دىيارىنىڭ قەدىمكى ساك، ھۇن، تۈرك، ئۇسۇن، توخرى، چۇمۇل، خۇ (غۇز)، ئۇيغۇر، ئەلكە، قارلۇق قاتارلىق جەڭگىۋار مىللەت، قەبىلىلەرنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ مىللەت، قەبىلىلەر بۇ رايوندا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرغان. ھازىر قومۇل رايونىدا قەدىمكى ساك، تۈرك، ئۇيغۇر، قارلۇق، ئەلكە، چۇمۇل قاتارلىق مىللەت، قەبىلە ناملىرى بىلەن ئاتالغان بىر مۇنچە يەر - جاي ناملىرى بار. بۇ جايلارنىڭ ناملىرى يۇقىرىدىكى مىللەت، قەبىلە ناملىرىغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا مۇناسىۋەتلىك، بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى جەمەت لەقەملىرىنىڭ نامىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرى، قومۇلدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسمىغا قويۇلغان يەر - جاي ناملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مانا مۇشۇ يەر - جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەلىرىنى ئېنىقلاش تەزكىرە خىزمىتىدىكى مۇھىم ئىشلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## قەدىمكى مىللەت، قەبىلە ناملىرى بىلەن ئاتالغان جايلار

قومۇل قەدىمكى ساك قوۋملىرىنىڭ مۇھىم پائالىيەت سورۇنلىرىدىن بىرى ئىدى. تارىخىي خاتىرىلەردە «ساكلار مىلادىيەدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇن ھازىرقى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى (قومۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) جايلاردا ياشاپ كەلگەن، كېيىنكى كۇنلەرگە كەلگەندە توخرى خانلىقىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ئاستا

ـ ئاستا سۇرۇلۇپ، شىمالىي شىنجاڭ تەۋەسىگە ئۆتكەن، ھۇنلار ـ نىڭ كۆچىيىشى ئارقىسىدا توخرىلارنىڭ شەرققە سۇرۇلۇشى بىلـ ـ لەن ساكلار ئىران، ھىندىستان تەرەپلەرگە كەتكەن» دەپ قەيت قىلىنىدۇ. شۇ نۆۋەتتىكى كۆچۈشتە ساكلار تەلتۆكۈس كۆچۈپ كەتمىگەن، بىر قىسمى يەنىلا ئانا ماكانلىرىدا قېلىپ، ھەر خىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ھازىر قومۇل رايونىدىكى ساك نامى بىلـ ـ لەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «بۇركۇت ساقا»، «ئاراساقا»، «جۇجەم ساقا»، «دۇڭگۇر ساقا»، «ئالتىزاق» قاتارلىق يەر ـ جاي نامىلىرى قومۇلدا ساكلارنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ جايلاردىن ساكلارغا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالتىزاق رايونىدىن 3200 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بايقالـ ـ دى. 1958 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بۇ جاينى تەكشۈرۈپ كۆپلىگەن رەڭلىك ساپال قاچىلارنى، مىس قوراللارنى، تاش قوراللارنى، ئۇستىخان قوراللارنى تاپتى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ رايوننى كۆپ قېتىم كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ، تەتقىقاتنى چوڭـ ـ قۇرلاشتۇردى. بۇ جايدىن يەنە ھەر خىل بۇيۇملار، رەڭدار توقۇلـ ـ مىلار، ئۇچى ئۇچلۇق كىگىز قالپاقلار تېپىلدى، تەتقىقاتچىلار بىردەك بۇ جايدا ساكلارنىڭ بىر قەدەر گۈللەنگەن مەدەنىيەتلەرنى ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. ئالتىزاق رايونىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا «ئالتىزاق مەدەنىيىتى» دەپ نام بېرىلدى.

6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىستەمى خان زامانىسىدا قومۇل، باركۆللەرمۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ مۇھىم پائالىيەت سورۇنـ ـ لىرىغا ئايلانغان. ھازىرقى ئاراتۈرۈك ئەينى دەۋردە تۈركلەرنىڭ مەركىزىي سورۇنلىرىدىن ئىدى. چۈنكى، ئاراتۈرۈكنى مەركەز قىلغان تۈرك قەبىلىلىرى «غەربىي تۈركلەر» ۋە «شەرقىي تۈركـ ـ لەر» دەپ ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنگەنىدى. «ئاراتۈرۈك» دېگەن نامدىنلا بۇ جاينىڭ تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر مەركىزىي ئورنى

ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
ئاراتۇرۇك تەۋەسىدىن تۈركلەرگە ئائىت بىر قىسىم ئارخېئولو-
گىيىلىك قېزىلمىلار تېپىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئاراتۇرۇكتە
«تۈرگەن غول» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانچە ئېقىن بار.

تارىخىي مەنبەلەردە چۇمۇل قەبىلىلىرى «قومۇل، دۇنخۇاڭ
ئەتراپلىرىدا ياشىغۇچى تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى» دەپ
كۆرسىتىلىدۇ. قومۇلدا چۇمۇللارغا مۇناسىۋەتلىك «چۆمەنتۇر»
دېگەن جاي بار. بۇنىڭدىن باشقا «چۇمۇن (چۆمەن)» لەقەملىك
بىرقانچە جەمەت كىشىلەر ھازىرمۇ ياشاپ كەلمەكتە.

ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە «ئەلكە بۇلاق قەبىلە-
لىرى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى» دەپ بايان قىلىدۇ. قومۇلدى-
كى راھەتباغ يېزىسىنىڭ 6 - كەنتى «ئەلكە» دەپ ئاتىلىدۇ.
تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ جاينىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن
ئىكەنلىكى مەلۇم.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې يىللىرىدا تۈزۈلگەن «ۋىلايەت، نا-
ھىيە تەزكىرىلىرى» دېگەن ماتېرىيالدا «لاپچۇق شەھىرىنى پە-
چانلىق (ھازىرقى چەرچەنلىك) خۇ (غۇز)لار كۆچۈپ كېلىپ
قۇرغان» دەپ يېزىلغان. ھازىرمۇ قارادۆۋە تەۋەسىدە خۇلارنىڭ
مەھەللىسى دېگەن جاي بار، شۇ مەھەللىدە ياشىغۇچى بىر قانچە
جەمەت ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا «خۇ» سۆزىنى قوشۇپ «خۇ سەي-
دۇل»، «خۇ ئابدۇۋاھىت»، «خۇ ئىلياس» دەپ «خۇ» سۆزىنى بىر
خىل فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا قارلۇقلارنىڭ
قومۇل رايونىدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا كۆپلىگەن پۈتۈكلەر قال-
دۇرۇلغان. قارلۇقلارنىڭ نامىغا قويۇلغان يەر - جاي نامىلىرى،
جەمەت لەقەملىرى، خەلق قوشاقلىرى قومۇلدا كۆپلەپ ساقلىنىپ
قالغان. مەسىلەن: قومۇل شەھىرىگە تەخمىنەن 75 كىلومېتىر
كېلىدىغان توغۇچىدىكى بۇگۇر تەيزاڭدىن باشلانغان غول لاپچۇق
قەدىمكى شەھىرىنى قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، قارادۆ-

ۋىگە بارىدۇ. بۇ غولنى يەرلىك كىشىلەر «قارلۇق غول» دەپ ئا-
تايدۇ. غولنىڭ ياقىسىدا «قارلۇقلار مەھەللىسى» دېگەن بىر مە-
ھەللە بار، يەنە بۇ غول ياقىسىدا «قارلۇق تۆگمەن»، «قارلۇق كا-
رىز» دېگەن جايلار بار. قارلۇقلار مەھەللىسىدە «قارلۇق» لەقەم-
لىك بىر قانچە جەمەت كىشىلەر ياشىماقتا، ئۇلار ئۆز ئىسمىلى-
رىنىڭ ئالدىغا «قارلۇق» سۆزىنى قوشۇپ «قارلۇق ئىساق»، «قار-
لۇق مەتنىياز»، «قارلۇق نىياز» دەپ ئاتايدۇ. ئالىم مەھمۇد كاش-
غەرىينىڭ قارلۇقچە، ئوغۇزچە، قىپچاقچە دەپ ئىزاھات بەرگەن
سۆزلىرى ئىچىدە «قارلۇقچە» دەپ ئىزاھلىغان سۆزلەر قومۇلدا
ھازىرمۇ قوللىنىلماقتا. تارىخىي خاتىرىلەردە، قارلۇقلار قومۇل
رايونىدىن يەتتە سۇ تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتكەن، دەپ بايان قىلىن-
نىدۇ. بىز تۆۋەندىكى خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان تارىخىي
قوشاقتىن قارلۇقلارنىڭ تەقدىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەي-
مىز.

قارلۇغۇم قارلىق سايان،
سەگۈنچىكى سەرۋەڭ سايان.
زامانىنىڭ دۇشقارىدا[1]
سەن بىر سايان، مەن بىر سايان.

تۇغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە قاتارلىق جايلاردا ساقلىنىپ قال-
غان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك قارلۇق،
ئۇيغۇر يۇرتى چىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تەيزۇڭ بۇددا غارلىرى
دەل قارلۇق غولىنىڭ سۇ بېشىغا جايلاشقان بولۇپ، 30دەك گۈل-
لۈك كېمىر ياسالغان. تاڭ سۇلالىسى تارىخىي مەنبەلىرىدە بۇ جاي
ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ جايدىكى رەسىملەر تۇرپان ــ دۇن-
خۇاڭ رايونلىرىدىكى رەسىملەردىن قېلىشمايدۇ.

ئۇيغۇرلار قومۇل دىيارىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ياشاپ
كەلگەن، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئەسەردە «伊吾户»،
«呼得»، «呼揭»، «乌揭» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى

[1] دۇشقار ــ قىيىن، مۇشكۇل.

«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشىدۇر، دېيىلگەن. ھا-
زىرقى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدىكى «ئۇغۇر چوققا»
دەپ ئاتىلىدىغان يەر جاي نامى، «كونا تاڭنامە . جۇغراپىيە تەز-
كىرىسى»دە ھازىرقى بارىكۆلنىڭ «بارىس كۆل» دەپ خاتىرىلەن-
گەنلىكى ئۆز دەۋرىدە بۇ رايوندا ئۇيغۇرلار ياشىغانلىقىنى ئىس-
پاتلايدۇ. ئالىم مەھمۇد كاشغەرىيمۇ تۇرپان، قومۇل تەرەپلەرنى
«ئۇيغۇر ئېلى» دەپ كۆپ قېتىم تىلغا ئالىدۇ. دەرۋەقە، يېقىنقى
يىللاردىكى بىر قانچە قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا قومۇل
رايونىدا «ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان «ئۇيغۇر بالىقلىرى
(شەھەرلىرى)»، «ئۇيغۇر چوققىلىرى»، «ئۇيغۇر غوللىرى» ناھا-
يىتى كۆپ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. مەسىلەن: ئاراتۇرۇك ناھىيە-
سى تەۋەسىدىلا «بەلچىر ئۇيغۇر چوققىسى»، «توپ ئۆيلەر ئۇيغۇر
چوققىسى»، «تۇركۆل ئۇيغۇر چوققىسى»، «ئاداق ئۇيغۇر چوققى-
سى»، «ئۆرگەي ئۇيغۇر چوققىسى»، «باي ئۇيغۇر تۆپىلىكى»، «ئۆ-
مۇر تاغلىرىدىكى ئۇيغۇر چوققىلىرى»، «قىرساي ئۇيغۇر چوققى-
سى»، «قىزىل غاشا ئۇيغۇر چوققىسى»، «بۇرالىق ئۇيغۇر چوققى-
سى»، «نوم ئۇيغۇر چوققىسى»، «قوتوغول ئۇيغۇر چوققىسى» قا-
تارلىق جايلار ئېنىقلاندى. پەقەت بۇلاردىن «قوتوغول ئۇيغۇر
چوققىسى» تەكشۈرۈلگەندە بۇ جايدىكى تاش ئورەكلەر ئەتراپىدىن
قىياتاش رەسىملىرى، رەڭلىك ساپال قاچىلار، تاش يارغۇنچاق،
تاش قوراللار تېپىلدى. «نوم ئۇيغۇر چوققىسى»دا «كارساڭ» دې-
گەن بىر جاي بار، «كارساڭ» دېگەن «ساپال» دېگەنلىك بولىدۇ.
بۇ جايدا ئۇيغۇرلار ساپال قاچا پىشۇرۇپ كەلگەن. «باي ئۇيغۇر تۆ-
پىلىكى»نىڭ يېنىدا باي قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەر خارابىسى بار،
ئۇ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم
تۈگۈن ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېتەك-
لىرىنى ماكان قىلغان ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈپ
قومۇل بوستانلىقىنى كېسىپ ئۆتكەن توققۇز غول (ئېقىن)نى
بويلاپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار بۇ غول (ئېقىن)لارغىمۇ ئۇيغۇر

دىگەن نامنى ئۇلۇغلاپ قويغان. مەسىلەن: «تاشبالىق غول»، «ئۇيغۇر غول»، «ئاراتام غول»، «قىزىل يۇلغان غول»، «تۆرۈك غول»، «كۆكيار غول»، «قارلۇق غول»، «بەكنى غول» قاتارلىقلار. ئۇيغۇرلار تاشبالىق غول ياقىسىدا تاشبالىق (تاش شەھەر)نى، ئاراتام غول ياقىسىدا قەدىمكى «ئاراتام ئۇيغۇر شەھىرى»، «تاش شەھەر»، «چارلىق ئۇيغۇر شەھىرى»، «بوداق ئۇيغۇر شەھىرى»، «دۆشۆي ئۇيغۇر شەھىرى»، «بوستان گۆنچەك ئۇيغۇر شەھىرى» قاتارلىقلارنى بىنا قىلغان. بۇ مەدەنىيەت ئىزنالىرىدىن پەقەت چارلىق ئۇيغۇر شەھىرىدىن ھەرخىل ساپال قاچىلار، ساپال پىشۇرىدىغان خۇمدان ئىزى، قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى. «ئاراتام ئۇيغۇر شەھىرى» ئەتراپىدا مىڭ ئۆيلەر، قىياتاش رەسىملىرى بار. بۇ جايدىن رەڭلىك ساپال قاچىلار، قەدىمكى جەسەتلەر، مىس قوراللار، ياغاچ قوراللار قېزىۋېلىندى. قىزىل يۇلغۇن غول ياقىسىدا ئۇيغۇرلار قەدىمكى دۆۋەجىن (دۇربەجىن) قەلئەسىنى بىنا قىلغان، بۇ غول ياقىسىدىن لۇجاۋەن قەدىمكى تاش قوراللار مەدەنىيىتى تېپىلدى. ئىۋىرغول ياقىسىدا ئۇيغۇرلار قامىل بالىق، ئۇيغۇر بالىق قاتارلىق شەھەرلەرنى بىنا قىلغان. «ئۇيغۇر بالىق» ھەققىدە مىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە ئېنىق مەلۇمات قالدۇرۇلغان. يەرلىك كىشىلەرمۇ ھازىرقى راھەتباغ تەۋەسىنى «ئۇيغۇر بالىقلىرى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. پەقەت راھەتباغ تەۋەسىدىلا تۇر دەپ ئاتىلىدىغان 70 جاي بولۇپ، ھەر بىر تۇر بىر قەلئە ياكى شەھەر ئىكەن. كۆكيار غول ياقىسىدا قەدىمكى بەش شەھەرنىڭ ئىككىسى ئاستانە (يۇقىرى پايتەخت) شەھىرى بىلەن سۇمقاغا (سۇمۇل قارغۇي) شەھەرلىرى بىنا قىلىنغان. قارلۇق غول ياقىسىدا تۇغۇچى (تۇغ تۇمان، ئۇرۇش، جەڭلەر بېشى)، لاپچۇق (ناجى)، قارا دۆۋە (قارلۇق تۆپە) شەھەرلىرى بىنا قىلىنغان. بەكنى غول ياقىسىدا قەدىمكى شەھەر كىدىك شەھىرى بىنا قىلىنغان.

## جەمەت لەقەملىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر - جايلار

قومۇلدا جەمەت لەقەملىرى بىلەن ئاتالغان يەر - جاي نامىلىرى ناھايىتى كۆپ. قومۇلدىكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان لەقەمنى بىر خىل فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلگەن. كىشىلەر مەلۇم بىر شەخسنىڭ لەقىمىنى ئاڭلاش بىلەن ئۇ كىشىنىڭ قايسى جەمەتتىكى كىشى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپلا قالماي، شۇ جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ قومۇلنىڭ قايسى تاغ، قايسى يېزا - كەنتىدە بىر قەدەر كۆپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنىمۇ بىلىۋالالايدۇ. مەسىلەن: قومۇلدا «تۇر» دەپ ئاتىلىدىغان يەر - جاي نامىدىن 149ى ئېنىقلاندى. مۇشۇ يەر - جاي نامىلىرىنىڭ 80 پىرسەنتى جەمەت لەقەملىرىنىڭ نامىغا قويۇلغان. بۇنىڭغا «چاشقانتۇر»، «توخۇتۇر»، «تازتۇر»، «چوپاقتۇر»، «پالۋانتۇر»، «قوشقاچتۇر»، «كارنەيچىتۇر»، «قايناقسۇتۇر»، «چايچىتۇر» قاتارلىقلار دەلىل بولالايدۇ. تۆۋەندە بۇلاردىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى:

پالۋانتۇر — پالۋانتۇر يېزىسىنى ئەڭ بۇرۇن ماكان قىلغان كىشى كېرەم پالۋان دېگەن كىشى بولۇپ، ھازىرقى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىدىكى زور كۆپچىلىك كىشىلەر ئاشۇ كېرەم پالۋاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى. كېيىنچە بۇ نام يېزىغىمۇ ئومۇملىشىپ «پالۋانتۇر» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

كارنەيچىتۇر — 1712 - يىلى قومۇل ۋاڭلىرىدىن ئىمىن ۋاڭ دەۋرىدە ۋاڭ ئوردىسىدا يوغان ئىككى كارنەي بولۇپ، بۇ كارنەيلەرنى مەخسۇس چالىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. بۇلار ئوردىدا توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام بولغان كۈنلىرى كارنەي چېلىپ، ۋاڭنى رازى قىلىپ تۇرغان. شۇڭا، كىشىلەر بۇ كىشىلەرنى پالانچى كارنەيچى، پوستانچى كارنەيچى دەپ ئاتاشقان. ۋاڭ بۇ كىشىلەرگە ھازىرقى كارنەيچىتۇرنى ھەدىيە قىلىپ بەرگەن. بۇ

كىشىلەر بوش ۋاقىتلىرىدا بۇ جايدا تېرىقچىلىق قىلىپ جان باقىدىغان، بۇلاردىن يەر بېجى ئېلىنمىغان. بۇ يەرلەر ئاتىدىن بالىغا مىراس قالغان. كېيىنچە بۇ جاي «كارنەيچىتۇر» دەپ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ۋە شۇ كىشىلەرگە لەقەم بولۇپ كەلگەن.

چايچىتۇر — قومۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە ياش ۋاقىتىدا ۋاڭ ئوردىسىدا مەخسۇس چاي قاينىتىدىغان بىر كىشى بولۇپ، ۋاڭ ھازىرقى چايچىتۇرنى بۇ كىشىگە ھەدىيە قىلىپ بەرگەن، كېيىن كىشىلەر بۇ كىشىنى چايچى پالانچى دەپ ئاتىغان ۋە بۇ جايغىمۇ «چايچىتۇر» دەپ نام قويغان.

قايناقسۇتۇر — بۇ ھەقتە ناھايىتى قىزىقارلىق بىر رىۋايەت بار. شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە ئىلىدا مۇستەبىت ياڭ زېڭشىنغا قارشى ئىنقىلاب پارتلايدۇ. ئۇلار تېز ئىلگىرىلەپ جىڭ ناھىيىسى تەۋەسىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ جىددىي پەيتتە ياڭ زېڭشىن قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلاردىن ئەسكەر ئالىدۇ. جۈملىدىن قومۇل ۋاڭغىمۇ مەكتۇپ يوللاپ، قومۇلدىن ئەسكەر تەلەپ قىلىدۇ. ۋاڭ دەرھال 200 دېھقاننى سەپەرۋەر قىلىپ ئۇرۇمچىگە ماڭدۇرىدۇ. ئۇلار جىڭدا سوقۇشقا قاتنىشىدۇ. ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپ تىركىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا قومۇل قوشۇنى تەرەپتىكى تۇغ (ئەلەم) بېگى ئۇسساپ كېتىپ، يېنىدىكى بىر ئەسكەردىن سۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئەسكەر قاپاقتا يېڭىلا قايناقسۇ قاچىلىۋالغانىكەن. ئۇ، جىددىيچىلىكتە ئالدىراپ كېتىپ تۇغ بېگىگە قاپاقنى بېرىدۇ، تازا ئۇسساپ كەتكەن تۇغ بېگى قاپاقنى قولىغا ئېلىپلا سۇنى ئىچىدۇ، قىزىق سۇدا تۇغ بېگىنىڭ ئاغزى كۆيۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ قولىدىكى قاپاق ئىگەرگە تېگىپ چېقىلىپ، ئىچىدىكى قايناقسۇ ئاتقا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ئات ئىسسىققا چىدىماي ئالدىغا تېز چېپىپ كېتىدۇ. تۇغ بېگىنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قوشۇن بىراقلا ئالغا ئېتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاخىرلىشىدۇ.

ئارقىدىن كەلگەن ئەسكەر بېگى تۇغ بېگىنى «سەن نېمىشقا بۇيرۇق بەرمەيلا ھۇجۇمغا ئۆتىسەن» دەپ ئەيىبلەيدۇ. لېكىن، تۇغ بېگى تىلىنىڭ كۆيۈپ كېتىشى سەۋەبلىك «قايناقسۇ! قايناقسۇ!» دەپلا باشقا سۆز قىلالماي قالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەسكەر بېگى «نېمە ئۇ قايناقسۇ دېگەن؟ ھۇ، لومودى قايناقسۇ» دەپ تىللايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۇغ بېگىنىڭ لەقىمى «قايناقسۇ» بولۇپ قالىدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، قوشۇن قومۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ كىشىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى بەدىلىگە ھازىرقى قايناقسۇتۇر ھەدىيە قىلىپ بېرىلگەن ھەمدە بۇ جايمۇ ئاشۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن «قايناقسۇتۇر» دەپ ئاتالغان.

## مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جايلار

قۇمۇلدا نۇرغۇن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر ئۆتكەن. ئۇلار قومۇلدا تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىشلارنى قىلغان. قومۇل خەلقى ئۇلارنى ياد ئېتىش، ئۇلۇغلاش ئۈچۈن، ئۇلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان تاغ، غول، كارىز، بۇلاق، مەھەللە قاتارلىق جايلارغا شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى قويۇپ ئەسلەپ كەلگەن. مەسىلەن: ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە «ئۆمەر تاغلىرى»، «ئۆمەر غول» دېگەن جايلار بار. بۇ تاغلار ناھايىتى ھەيۋەتلىك، ئارىسى مۇرەككەپ، جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە جۇڭغارلار كۆچىيىپ، قومۇلنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندا، خەلق ئىچىدىن چىققان ئۆمەر باتۇر بىر قىسىم خەلققە باش بولۇپ، خوتۇنتام، شوپۇل، باي، نوم قاتارلىق جايلاردا جۇڭغارلارنىڭ كۆنچەك ئىسىملىك ھەربىي قوماندانى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى تاغ ئارىسىدا مەغلۇپ قىلىپ، بىر يوغان تاشقا يۆلەپ ئۆلتۈرگەن، يەرلىك كىشىلەر بۇ تاشنى «كۆنچەك تاش» دەپ ئاتايدۇ. كىشىلەر بۇ تاغلارنى «ئۆمەر تاغلىرى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بىر بۆلەك جۇڭغارلار بىتچىت قىلىنغان غول «ئۆمەر غول» دەپ ئاتالغان.

سوپا بۇلاق ـــ 1895 ـ يىلى سوپا ئىسىملىك بىر كىشى بۇ بۇلاقنى تېپىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا، بۇ جاي «سوپا بۇلاق» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

تەيجى بەگ كارىز ـــ تۇغۇچى ئەتراپىدا بىر كارىز بولۇپ، بۇ كارىزنى قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ بىر تەيجى بېگى قازدۇرغان. شۇڭا هازىر بۇ جاي «تەيجى بەگ كارىز» دەپ ئاتالماقتا.

# شوتا يېزىسى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شوتا تەۋەسىدىكى يەر - جايناملىرى

## قۇربان رەھىم

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى شوتا يېزىسى ئىلى رايونى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدىغان قەدىمكى قاتناش يولىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە تاش ئابىدىلەرگە قارىغاندا، بۇ يېزا ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئەڭ قەدىمكى يېزىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ قاتناش تۈگۈنى بولغان بۇ يېزىنىڭ نامىنى ۋە بۇ يېزا تەۋەسىدىكى «شوتا سېيى»، «شوتا ئارشىڭى»، «شوتا پەللەك»، «شوتا بۇلاق»، «شوتا ئاغزى» (شوتا سېيىنىڭ ئاغزى)، «شوتا دەرياسى»دىن ئىبارەت ئالتە ئورۇن نامىنى مۇشۇ قەدىمكى يولدىن ئۆتكەن ئۇيغۇر يولۇچىلىرى ۋە بۇ ئەتراپقا ماكانلاشقان ئۇيغۇر ئاھالىسى بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ قويغان.

«شوتا» دېگەن نامنىڭ قويۇلۇشى بۇ تەۋەدىكى مۇھىم ئىككى ئورۇنغا مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ بىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلى رايونىغا چىققان يولۇچىلار مەشھۇر مۇز داۋانغا كەلگەندە، شوتىغا ئوخشاش ياسالغان 70 ـ 80 پەللىلىك مۇز يول ئارقىلىق داۋان ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ. يەنە بىرى، يولۇچىلار شوتا پەللەكتە قارىغاي قويۇپ ياسالغان 20 ـ 30 پەللىدىن چىقىپ، شوتا بۇلاق ئاغزىغا كېلەلەيدۇ. ئىلى رايونىدىن بۇ يول ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغانلارمۇ ئەنە شۇ شوتىغا ئوخشاش ياسالغان پەللىلەردىن تۆۋەنگە چۈشۈشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يولۇچىلىرى بۇ قو-

نالغۇغا «شوتا قونالغۇسى» دەپ نام قويغان، بۇ قونالغۇ كېيىن «شوتا يېزىسى» دەپ ئاتىلىپ قالغان. يۇقىرىدا تىلغان ئېلىنغان دەريا، ساي، ئارشاڭ، بۇلاقناملىرىمۇ مۇشۇ ئىككى جايغا مۇناسىۋەتلىك «شوتا» نامى بىلەن ئاتالغان.

«شوتا سېيى» شوتا يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئورمان بىلەن قاپلانغان چوڭ سايىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ مۇز داۋانغا قەدەر بولغان تاغ جىرالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غول سايدىن ئىبارەت. سايىنىڭ شىمالىي ئۇچى شوتا دەرياسى بىلەن ئوتتۇرا ساي دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئورنىغا قەدەر بولغان ئارىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، «شوتا ئاغزى» (شوتا سېيىنىڭ ئاغزى) دەپ ئاتىلىدۇ، شوتا سېيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى توغرا سۇ، شىپالىق، ئايغىر يايلىقى («ئايغىر ئالدى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) خادا مۇز، مۇز داۋانغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شوتا بۇلاق» شوتا سېيىنىڭ ئاغزىدىن ئىككى كىلومېتىرچە جەنۇبقا توغرا كېلىدىغان غەربىي جەنۇبىي تەرەپتىكى كىچىك سايدىن چىقىدىغان بۇلاق سۇيىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تار ساي نامى. ئۇنىڭدىن جەنۇبقا 200 مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن «شوتا پەللەك»كە بارىمىز. بۇ، مۇشۇ يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلار تاغ باغرىدىكى قورام تاشلارنى كېسىپ، قارىغايلارنى شوتىغا ئوخشاش ياتقۇزۇپ، ئارىسىغا تۇپا - تاش تۆكۈپ ياسىغان پەللەك يول، ئىلگىرى بۇ يەردىن ئات - ئۇلاغ بىلەنلا ماڭغىلى بولاتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە بۇ يول مەۋلانوپ پولكىدىكىلەر تەرىپىدىن بىر قۇر كېڭەيتىلىپ ياسالغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر ئاز كېڭەيتىلگەن پەلەمپەي شەكلىدىكى يول بولۇپ قېلىۋەرگەن. ھازىر بۇ يول ماشىنا قاتنىيالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، «شوتا پەللەك» دېگەن نام ساقلىنىپ قالدى.

«شوتا ئارشىڭى» شوتا يېزىسىدىن 28 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئارشاڭ نامى، شوتا سېيىنىڭ كۈن چىقىش قاپتىلىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان بۇ ئارشاڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە. ئارشاڭنىڭ

بىر بۆلىقى 1902 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم بىر ئېغىز ياغاچ ئۆي بىلەن قورشالغان. «شوتا دەرياسى» شوتا سېيىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىن باشلانغان ئاساسىي ئېقىنغا چوڭ ساي ئىچىدىكى تاغ جىرالىرىدىن كەلگەن تارماق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان دەريا بولۇپ، شوتا سېيىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە ئوتتۇرا سايدىن چىققان بىر چوڭ ئېقىن بىلەن قوشۇلۇپ شوتا دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ دەريا شىمالغا قاراپ 27 كىلومېتىر ئېقىپ بېرىپ، نارىنقول ۋە چوڭ مۇزات سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ، تېكەس دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

«شوتا يېزىسى» شوتا سېيىنىڭ ئاغزى ۋە ئوتتۇرا ساي ئاغزىنىڭ شىمالىغا، شوتا دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان يېزا نامى. بۇ يېزا جايلاشقان مەھەللە 1959 ـ يىلى ئىلگىرىكى ئورنىدىن ئىككى كىلومېتىر شىمالغا يۆتكەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا «شوتا يېزىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

شوتا يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر ـ سۇ ئىسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرچە نام بىلەن، بىر قىسمى موڭغۇل ۋە باشقا مىللەتلەر قويغان نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: «توغرا سۇ»، «يىلقا بۇلاق» (موڭغۇلچە «ئادىن بۇلىك» دەپ ئاتىلىدۇ)، «شەھەر بۇلاق» (موڭغۇلچە «خوتىن بۇلىك» دەپ ئاتىلىدۇ)، «ئارشاڭ»، «ئۇزۇن بۇلاق»، «تاللىق بۇلاق» (موڭغۇلچە «تالدى بۇلىك» دەپ ئاتىلىدۇ)، «سۆسەر بۇلاق»، «نارىن قاراسۇ»، «شارقىراتما» («گۇركىرەتمە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «شوتا بۇلاق»، «بۇلاق بېشى» (تارىختا «مىڭ بۇلاق» دەپ ئاتالغان)، «قارا ئۆتكەل»، «تەذتەك قاراسۇ»، «يېڭى بۇلاق» (ھازىر موڭغۇلچە «شىنئۇسۇن» دەپ ئاتىلىدۇ)، «سالاسۇ»، «مارالئاتا سۈيى» قاتارلىق بۇلاق، ئېقىن نامىلىرى؛ «مۇز داۋان»، «بارسا كەلمەس»، «خادا مۇز»، «ئايغىر ئالدى»، «پاقىلىق كۆل»، «شىپالىق»، «خان يايلاق»، «پالاس قارىغاي»، «كوچا قارىغاي»، «قىزىل تاغ»، «مۇز تاغ»، «ئاي دىڭەر» («ئايدىڭدا قونغان يەر» دېگەن مەنىدە)، «كۆك يايلاق»، «چوڭ

تاش»، «ئارچىلىق تۆرە»، «پىيازلىق»، «كالا پاڭزا»، «مۆيدىنگەر»
(«مودىنگەر» دېيمۇ ئاتىلىدۇ)، «قەشقەر كۆۋرۈك»، «كەڭ ئىغىز»
(«چوڭ ئىغىز» دېيمۇ ئاتىلىدۇ)، «بۇختى» (موڭغۇلچە «گۈزەل
يەر» دېگەن مەنىدە)، «مارالقا» (مارالئاتا)، «قورۇق ساي»، «قوش
چوققا»، «چولاق كۆنگەي»، «چولاق ساي»، «تاش ئۆڭكۈر»، «تۇم-
شۇق داۋان» (موڭغۇلچە «خامىر داۋان» دەپ ئاتىلىدۇ)، «ياقۇت-
لۇق» (موڭغۇلچە «ئېردەنتى» دەپ ئاتىلىدۇ)، «مۇڭ چوڭقۇر»،
«يايلاق»، «كۆك قارىغاي»، «تاش دۆۋە»، «تام تاش»، «تارچۇق
ساي»، «قاراڭغۇ ساي»، «شالاڭ قارىغاي»، «دۆگىلەك قارىغاي»،
«سۇلۇق ساي»، «كەڭ ئارال»، «ئوتتۇرا ساي» (موڭغۇلچە «دوندى-
غول» دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق يەر - جاي ناملىرى ھېلىھەم
شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە.

# چىڭدې ۋە ئىلى

## ئابلىمىت مەھەممەت

مەن 1987 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئوقۇش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يۇرتۇمدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چېڭدې شەھىرىگە بېرىپ، بۇ شەھەرگە سېلىنغان پادىشاھ جەمە ـ تى ئارامگاھى ۋە «ئىلى ئىبادەتخانىسى» قاتارلىق سەككىز ئىبا ـ دەتخانىنى زىيارەت قىلدىم.

خېبېي ئۆلكىسىگە جايلاشقان، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ساياھەت ـ چىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرغان بۇ شەھەرگە چىڭ سۇلا ـ لىسى پادىشاھلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك يازلىق ئوردىسى بىنا قى ـ لىنغان. ئەسلىي نامى «رېخې» بولغان بۇ شەھەرنىڭ يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىدىكى مەشھۇر بىر ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغا ـ لىقى بۇ يەرگە بىنا قىلىنغان، ھازىرغىچە ئەتىۋارلىنىپ مۇھاپى ـ زەت قىلىنىپ كېلىۋاتقان، نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز بويىچە كۆلە ـ مى ئەڭ چوڭ بولغان چىڭ ئوردىسى پادىشاھ جەمەتى ئارامگاھى ۋە چوڭ تىپتىكى ئىبادەتخانىلار توپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چىڭ ئوردىسىنىڭ پادىشاھ جەمەتى ئارامگاھى ۋە نەزىر ـ چىراغ، دۇئا ـ تىلاۋەت ئىبادەتخانىلىرى بۇ شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ مەنزى ـ رىلىك تاغ باغرىغا جايلاشقان. ئارامگاھنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرەپ سېپىل سىرتىغا ئارامگاھنى چۆرىدەپ يېرىم چەمبەر شەكلىدە سېلىنغان سەككىز ئىبادەتخانا «سىرتقى سەككىز ئىبادەتخانا» دەپ ئاتىلىدىكەن. چېڭدې شەھىرى بېيجىڭ شە ـ ھىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ سەككىز ئىبادەتخانا پۇنىڭ ئىبادەتخانىسى، ئىلى ئىبادەتخانىسى، پۇلو ئىبادەتخا ـ

نىسى، كىچىك بۇدالا سارىيى، جۇشىياڭ ئىبادەتخانىسى، فۇشۇ ئىبادەتخانىسى، پۇشيەن ئىبادەتخانىسى، پۇرېن ئىبادەتخانىسىدىن ئىبارەت.

ئىلى ئىبادەتخانىسى «ئەنيۇەن ئىبادەتخانىسى» (安远庙 يەنى «يىراقنى تىنچلاندۇرۇش ئىبادەتخانىسى») دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىبادەتخانا 1764 ـ يىلى ياسالغان. 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغارلارنىڭ كاتتىبېشى ئامۇرسانانىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندا، جۇڭغارلارنىڭ داشىداۋا قەبىلىسى چىڭ سۇلالىسىگە بېقىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىن ئۇلاستاي، جاڭجياكۇ ئارقىلىق چېڭدېغا كۆچۈپ كەلگەن. چيەنلۇڭ خان جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ئارزۇسىنى نەزەرگە ئېلىپ، شۇ قېتىملىق تىنچىتىش ئۇرۇشىدا كۆيۈپ كەتكەن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى غۇلجا ئىبادەتخانىسىغا تەقلىد قىلىپ مۇشۇ ئىبادەتخانىنى ياساتقان. لېكىن، ئىبادەتخانىنىڭ كۆلىمى ئەسلىدىكىدىن ناھايىتى كۆپ كىچىك بولغان. ئەينى چاغدىكى غۇلجا ئىبادەتخانىسى ھەققىدە موڭغۇل تارىخچىسى باخى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «جۇڭغار خانلىقىنىڭ غالدان سېرىن دەۋرىدە (1727 ـ يىلىدىن 1745 ـ يىلىغىچە) ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدا مەشھۇر ئىككى ئىبادەتخانا ياسالدى. دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ‹غۇلجا ئىبادەتخانىسى›، جەنۇبىدىكىسى ‹قاينۇق ئىبادەتخانىسى› دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى ئىبادەتخانا بىر ـ بىرىگە روبىرو قارىشىپ تۇراتتى. غۇلجا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈگزىسىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ چاقناپ تۇراتتى. شۇڭا يەرلىك خەلقلەر ‹ئالتۇن قۇببىلىق ئىبادەتخانا› دەپ ئاتىغانىكەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، غۇلجا ئىبادەتخانىسى بەكمۇ ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك بولۇپ، تام ـ تورۇسلارغا پۇتۇنلەي ئاق كىگىزدىن يوپۇق تارتىلغان، ئىشىك ـ رۇجەكلەرگە تامامەن ئالتۇن ھەل بېرىلگەنىكەن. ئىبادەتخانا ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى جەھەتتە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل رايونلىرى

تەۋەسىدە ئەڭ ئالدى بولۇپ سانىلىدىكەن. ئەڭ روناق تاپقان ئاۋات مەزگىللىرىدە لاما راھىبلىرى 6000غا يەتكەنىكەن. ھەر قېتىملىق ھېيت ـ بايرام، نەزىر ـ چىراغ مەزگىللىرىدە ھەر يەر ـ ھەر يەردىن كەلگەن لاما مۇرتلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ ياقۇت ۋە مال ـ چارۋىلارنى ئېھسان قىلاتتىكەن («غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 39 ـ جىلد «ئۆرپ ـ ئادەتلەر»). بۇ ـ نىڭدىن ئەينى چاغدىكى غۇلجا ئىبادەتخانىسىنىڭ جۇڭغار خانلىقىدا تۇتقان ئورنىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ» («شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى»، خەنزۇچە 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانى، «جۇڭغارلار رايونىدىكى سىرىق تونلۇقلار لاما مەزھىپى ۋە ئۇلار ـ نىڭ ئىبادەتخانىلىرى»). ئەينى ۋاقىتتىكى غۇلجا ئىبادەتخانىسى ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ قارادۆڭ يېزىسى تەۋەسىدىكى شەر ـ قىي تۆپىلىككە جايلاشقان.

چېڭدىغا سېلىنغان ئىلى ئىبادەتخانىسى قۇرۇلۇشى چاسا شەكىللىك بولۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن مەھكەم جىپسىلاشتۇرۇل ـ غان نەقىشلىك ياغاچ قۇرۇلمىلاردىن تۈرغۇزۇلغان. ئىبادەتخانا ئىچىگە ھەر خىل ئىلاھىي بۇت ـ ھەيكەللەر جايلاشتۇرۇلغاندىن باشقا، بارلىق تەرەپلىرىگە بۇددا رىۋايەتلىرىگە ئائىت ھەر خىل تام رەسىملەر سىزىلغان.

ئىلى ئىبادەتخانىسىدىن باشقا، چېڭدې شەھىرىگە سېلىنغان سەككىز ئىبادەتخانا ئىچىدە يەنە ئىككىسى ئىلىغا مۇناسىۋەتلىك. بۇلار: پۇنىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە پۇلۇ ئىبادەتخانىسى.

پۇنىڭ ئىبادەتخانىسى 1755 ـ يىلى ياسالغان. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ جۇڭغار قەبىلە خا ـ نى داۋاچىخاننىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغان. 10 ـ ئايدا پادىشاھ چيەنلۇڭ چېڭدېدىكى يازلىق ئوردىسىدا ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تۆت قەبىلە ئاقساقىلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زى ـ ياپەت بەرگەن ھەمدە مەخسۇس يارلىق چۈشۈرۈپ، تىبەتتىكى سەنمۇيى ئىبادەتخانىسىغا تەقلىد قىلىپ بىر ئىبادەتخانا سېلىش ـ

ـنى بۆيرۇغان. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش گەۋدىسىدىن خەنزۇ ـ تاڭغۇت بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ مۇجەسسەملەنگەنلىـ ـكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

پۇلۇ ئىبادەتخانىسى 1766 ـ يىلى ياسالغان. بۇ ئىبادەتخانا جۇڭغار توپىلىڭى پۈتۈنلەي تىنچىتىلغاندىن كېيىن، پادىشاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن زىيارەتكە كەلگەن بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى دىنىي پائالىيەت سورۇنى بىلەن تەمىن ئېتىش مەقسىتىدە پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ مەخسۇس يارلىقى بىلەن ياسالغان. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بېيجىڭدىكى تيەنتەن ئىستىقامەتگاھىغا تەقلىد قىلىنىپ ھەشەـ مەتلىك بېزەلگەن.

# خوتەننىڭ قەدىمكى نامى ھەققىدە

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە كۆپلىگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى خوتەننىڭ قەدىمكى نامى ھەققىدە ئىزدەندى ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە چىقارغان يەكۇنلىرى، كۆز قاراشلىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوخشاش بولماي كەلدى.

**1. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەبىرلىرى**

ستەين، پېللىئوت، ھېدىن، چېنىدىر، ھارتمان، توماس، چوللېن، سابلې قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرى يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان تارشا پۈتۈكلەرگە ئاساسەن خوتەننىڭ قەدىمكى نامىغا تەبىر بەرگەن بولسا، بەزىلىرى بۇددا نوملىرى ۋە قەدىمكى كىتابلاردىكى بايانلاردىن نەقىل ئېلىپ تەبىر بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پېللىئوتنىڭ ئىزدىنىش دائىرىسى كەڭ، تەتقىقاتى خېلى چوڭقۇر بولۇپ، نىسپىي ھالدا كىشىنى قايىل قىلىش ئاساسلىرىغا ئىگە.

ئۇ مۇنداق قارىغان:

خوتەننىڭ نامى ئەڭ بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان ھۆججەت غەربنىڭ قەدىمكى ھۆججەتلىرىدىن بىرى بولغان دامىتتا بولۇپ، ئۇ، 1221 ـ يىلى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەرەب تىلىدىكى بىر پارچە ھۆججەتتۇر. بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدا تاكى موڭغۇللار مۇسۇلمان رايونلىرىنى ئىشغال قىلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى تارىخ بايان قىلىنغان. بۇ ھۆججەتتە خوتەننىڭ نامى Chetem ۋە chacem دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىككى تاۋۇش

chetan دىن كېلىپ چىققان؛ 1603 ـ 1604 ـ يىللىرى ماركو ـ پولودىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ خوتەننى زىيارەت قىلغان گوسـ مۇ ماركوپولوغا ئوخشاشلا خوتەننىڭ نامىنى Gotan دەپ خاتىرىـ لىگەن. بۇ Gotan كېيىنكى خوتەن (Hotan)، يەنى هازىرقى بىز ئاتاۋاتقان خوتەن (和阗 Khotan)دىن ئىبارەت.

خوتەن دېگەن نامنىڭ مەنىسى توغرىسىدا روسىيىلىك چېنـ دىر مۇنداق قارىغان: «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» (史记 . 大宛列传)دىكى يۇتيەن (于阗) دېگەن سۆز «قاشتېـ شى» (Jade) دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ ۋە هاكازا. ستەيىننمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلۇپلا قالماي بەلكى ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچـ رىغان هەمدە بۇ قاراشنى ئۆز ئەسەرلىرىدە كەڭ ئىستېمال قىلـ غان. پائول پېللىئوت بولسا، بۇ كۆز قاراش ئەمەلىيەتتە پۇتۇنلەي خاتا، «قاشتېشى» دېگەن سۆز بىلەن «خوتەن» دېگەن نامنىڭ مەـ نىسى مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغان. پېللىئوت يەنە سانسكرىت تىـ لىدىكى Udyana (خوتەننىڭ سانسكرىت تىلىدىكى ئاتىلىشى) دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى «مېۋىلىك باغ» ياكى «گۈللۈك باغ» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىغان هەمدە بۇ سۆزنىڭ تومۇرىنى خەن دەۋرىدىكى هۇنلارنىڭ تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەنگلىيىلىك ئالىم جۇللىن بولسا خوتەننىڭ قەدىمكى نامى «Kostana» (كوستانا) ئىدى، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش يەنە ستەيىن، هارتمان، توماس قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەن ۋە «Kostana» دېگەن نامنى ئەمەلىي ئىستېمال مەنىسىـ دە قوللانغان. ئۇلارنىڭ ئاساسى:

كارۇشتى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بىر تارشا پۈتۈكتە راپسون يازغان «كارۇشتى ۋەسىقىلىرى» دېگەن كىتابتىكى «Kustanagasa» دېگەن يەر (خوتەن)نىڭ نامى بۈگۈنكى خوتەننى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن.

فرانسىيىلىك ئالىم لېۋى بولسا «khostan, Custana

«qostani, Kustand, Costani» دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش مەزمۇندا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا «qostani» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئۈزۈم» (grape) دەپ كۆرسىتىلگەن، شۇڭا خوتەننىڭ قەدىمكى نامى qostani (قوستانى) بولۇپ، «ئۈزۈم» دې-گەن مەنىنى بىرىدۇ، دەپ قارىغان.

ئەنگلىيىلىك ئالىم بەيلىي ئۆزىنىڭ «سۆزلۈكلەر قوللانمى-سى» ناملىق ئەسىرىدە (مەزكۇر ئەسەر پائول پېللىئوتنىڭ دۇن-خۇاڭدىن ئىلىپ كەتكەن خوتەن ۋەسىقىلىرىگە ئاساسەن رەتلەپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا سانسكرىت يېزىقى بىلەن خوتەن يې-زىقى پاراللېل يېزىلغان) «khotan» (خوتەن)نىڭ سانسكرىتچە نامى «Gaustana ياكى Gaus–atana» بولىدۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ مەنىسى «Gostans»دىن ئىبارەت بولىدۇ، دەپ قارىغان.

تارىخشۇناس ۋاتىپېرس ئۆزىنىڭ «شۈەنزاڭنىڭ ساياھەت خا-تىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە خوتەننىڭ نامىنى «Gosthan, Godan, chu – tan, yu – tien» دەپ ئالغان ھەمدە بۇ ناملار ئالدى بى-لەن تۈركىي تىلدا پەيدا بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھىندى تىلى دىئالىكتىدا پەيدا بولغان، ئۇنىڭ مەنىسى «كالا باقىدىغان قوتان» ياكى «كالا باقىدىغان جاي» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىغان.

تىبەتشۇناس داس ئۆزى تەرجىمە قىلغان قەدىمكى تىبەت يې-زىقىدىكى بىر پارچە ھۆججەتتىن «Gostana» دېگەن جاي ئىس-مىنى ئۇچراتقان ۋە ئۇنى بۈگۈنكى خوتەن دەپ جەزىملەشتۈرۈپ، «Gostana» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «دۆلەت»، «ئەل»، «يۇرت» ياكى «گۈزەل جاي» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىغان.

تۈركولوگ بارتولد، كوردىر، توماس قاتارلىقلار خوتەننىڭ قەدىمكى نامى «yotken» بولۇپ، ئۇ «khotan» دېگەن نامدىن ئىلگىرى قوللىنىلغان، دەپ قارىغان.

ياپونىيىلىك ئالىم خاتانى لىيوتكى ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» ناملىق ئەسىرىدە خوتەننىڭ قەدىمكى نامى ھەققىدە توختىلىپ: جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى «كوستانا» دېگەن نامنىڭ شۈەنزاڭ-

نىڭ خاتىرىسىدىن باشلانغانلىقىنى، تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرى خو-تەننىڭ نامى «于阗» (utien) ئىكەنلىكىنى، «كوستانى» دېگەن نام بۇددا دىنىي مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان سانسكرىت تىلىدىكى نام ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغان[1].

شۋېتسىيىلىك ئالىم سۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە: «بىز 1896 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خوتەنگە يېتىپ كەلدۇق، بۇ قەدىمكى شەھەر سانسكرىت تىلىدا «Gustana» (گوستانا) دېيىلىدۇ، بۇ شەھەردىكىلەر نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا شەرق - غەرب بىلەن سودا ئالاقىسىنى باشلىغانىدى ...»[2] دەپ يازغان.

ياپونىيىلىك ئالىم شىراتورى كۇراكىچى خوتەننىڭ قەدىمكى نامى ئۈستىدە توختىلىپ: «خوتەننىڭ ئەسلىي نامى «khuten» بولۇپ، ئۇ، «قاشتېشى شەھىرى» ياكى «قاشتېشى ماكانى» دېگەن-لىك بولىدۇ، بۇ نام قەدىمكى تىبەت تىلىدا ۋە باشقا تىللاردىكى ماتېرىياللاردىمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ»[3] دەپ يازغان.

يەنە ياپونىيىلىك ئالىم شايشيوك ئۆزىنىڭ «كىچىك توخ-رىلار ۋە ۋىسا ئۇرۇقى» دېگەن ئەسىرىدە، خەنزۇچە مەنبەلەردىن ئۇرغۇنلىغان پاكىتلارنى ئىزدەش ئارقىلىق، خوتەننىڭ قەدىمكى نامىنىڭ ۋىسا (visa بەزىدە vifaya دەپمۇ يېزىلىدۇ) ئۇرۇقىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ۋىسا ئۇرۇقى بولسا توخرىلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن[4].

يەنە بەزى غەرب ئالىملىرى «خوتەننىڭ مىلادىيىدىن ئىلگى-رىكى 2 - ئەسىردىن بۇرۇنقى نامى «Gotan» بولۇپ، ئۇ، «دۆ-لەت»، «ئەل»، «يۇرت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى ...» دەپ تەبىر بېرىشسە، يەنە بەزىلىرى «شەھەر دۆلىتى»، «غەربتىكى دۆلەت»، «قاشتېشى دۆلىتى» دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرەتتى. دەپ تەبىر بېرىشىدۇ[5].

**2. جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ تەبىرلىرى**

خەنزۇچە مەنبەلەردە غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلى-

ـرىدىن باشلاپ قەدىمكى خوتەننىڭ نامى 于田، 于阗 ... دېگەنـ
ـدەك ئاھاڭ تەرجىمىسى ۋە ئېغىزغا ئاسانراق كېلىدىغان ھەرپ شەكىللىرى بىلەن خاتىرىلىنىپ كەلدى.

پەقەت تاڭ سۇلالىسىدىن ھىندىستانغا بۇددا نومى ئالغىلى بارغان شۇەنزاڭلا خوتەننىڭ نامىنى «霍萨旦那» دەپ خاتىرىلىدـ
ـگەن ھەمدە بۇ يۇرت نامىنى ھۇنلارنىڭ «于遁» دەپ ئاتايدىغانلىـ
ـقى، باشقا 胡لار بولسا «豁丹» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن[6]. شۇەنزاڭ يەنە بۇ سۆزگە «تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىلى بىوـ
ـيىچە يەر ئەمچىكى دېمەكتۇر» (唐言地乳) دەپ ئالاھىدە ئىزاھات بەرگەن[7].

ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ فىڭ چىڭجۈن قاتارـ
ـلىقلار مەخسۇس غەربىي دىيار يەر ناملىرى ھەققىدە كۆپ يىللار ئىزدەنگەن. ئۇلار ئاخىرقى خۇلاسىسىدە شۇەنزاڭنىڭ خوتەن ھەققىدىكى يۇقىرىقى ئىزاھىنى توغرا دەپ قاراشتىن باشقا يېڭى ئىلمىي نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىگەن[8].

ئۇنىڭدىن كېيىن، خې جاڭچۈن قاتارلىقلارمۇ خوتەننىڭ قەـ
ـدىمكى نامى ھەققىدە كۆپ يىللار باش قاتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا شۇەنزاڭنىڭ يۇقىرىدىكى ئىزاھىنى توغرا دەپ قارىماي مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى[9].

ھازىر بىزدە يازما ئىسپات ۋە تىل تارىخىي ماتېرىياللىرى يېتەرلىك بولمىغاچقا، قەدىمكى خوتەن دېگەن نامنىڭ مەنىسىنى ئىسپاتلاشقا قۇربىمىز يەتمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىمىز. شۇڭلاشقا ھازىرچە بىز پەقەت بۇنىڭدىن 1200 يىل ئىلگىرى تاڭ سۇلالىسىدىن كۇچا، خوتەن ۋە ھىندىستانغىچە بېرىپ قايتقان راھىب شۇەنزاڭنىڭ نەق مەيداندا يازغان ئەمەلىي خاتىرىسىنى، يەنى «Khotana» دېگەن نامنىڭ مەنىسى «تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىدـ
ـلى بويىچە ئېيتقاندا يەر ئەمچىكى دېمەكتۇر (唐言地乳) دېگەن خاتىرىسىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تارىخىي ھۆججەت دەپ قارايـ
ـمىز.

ئىزاھلار:

① خاتانى ليوتكى: «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم»، 1956 ـ يىلى شاڭخۇ كىتابخانىسى نەشرى، 188 ـ، 189 ـ بەتكە قاراڭ.

② سۋېن ھېدىن: «ئاسىيانىڭ مەركىزىگە ساياھەت»، 1934 ـ يىلى، كايىملڭ كىتابخانىسى نەشرى، 199 ـ بەتكە قاراڭ.

③ خاتانى ليوتكى: «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم»، 1956 ـ يىلى، شاڭخۇ كىتابخانىسى نەشرى، 183 ـ، 184 ـ بەتكە قاراڭ.

④ شايىشيۇڭ (ياپونىيە): «كىچىك توخرىلار ۋە ۋىيسا ئۇرۇقى»، «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە مەجمۇئەسى»، 1980 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سانلىرىغا قاراڭ.

⑤ «خوتەن پېداگوگىكا تېخنىكومى» ئىلمىي ژۇرنىلى، 1983 ـ يىللىق 6 ـ سان، 38 ـ، 39 ـ بەتكە قاراڭ.

⑥⑦ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 225 ـ بەتكە قاراڭ.

⑧ فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، 1957 ـ يىلى، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى، 44 ـ بەتكە قاراڭ.

⑨ خاتانى ليوتكى: «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم»، 1956 ـ يىلى، شاڭخۇ كىتابخانىسى نەشرى، تەرجىمانىنىڭ مۇقەددىمىسى 18 ـ بەتكە قاراڭ.

# يەنە «تارىم» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە

ئېلى غوپۇر

«تارىم» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا تەتقىقات ساھەسىدە ھەرخىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. يېقىندا يەنە «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «تارىم ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە پاكىتلىق قاراش» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پاكىتلىق قاراش» دېيىلىدۇ) دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە ئاپتور بىر قىسىم تارىخىي پاكىت ۋە ئاساسلىقى تىلشۇناسلىق نۇقتىدىن ئىنەزىرىنى چىقىش قىلىپ، «تارىم» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى چاغاتايچىدىكى «تارەم» ئاتالغۇسىدىن كەلگەن، مەنىسى «پەلەك، ئاسمان» دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ئاتالغۇ توغرىسىدىكى تەبىرلەرنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېيىتتى.

ھازىرغا قەدەر «پاكىتلىق قاراش»تىكىدىن باشقا، «تارىم» ئاتالغۇسىغا بېرىلگەن تەبىرلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، «تارىم» ئاتالغۇسى ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە مەنبەلەردە «تارىخىي خاتىرىلەر . ھۇنلار تەزكىرىسى»دە « 林» شەكلىدە خاتىرىلەنگەن[1]. «ۋېينامە»دە «جىرۇڭ سۇيى»، «كىتابلار جەۋھىرى»دە «جىشۇ سۇيى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا «تارىم» (塔林) شەكلىدە خاتىرىلىنىپ، چىڭ دەۋرىدىن باشلاپ ھەقىقىي «تارىم» دېگەننى ئىپادىلەيدىغان «塔里木» دېگەن ئۈچ خەت بىلەن ئىپادىلىنىشكە باشلىغان[2].

ئىككىنچى، «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ئۇستىدە

تەتقىقات» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «تارىم، كۇچانىڭ جەنۇب تەرىپىدە، تارىم دەرياسى بويىدىكى بىر كىچىك كەنتمۇ ‹تارىم› دېيىلىدۇ، يۈەن دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ‹曲先塔林›، (ئۆسمى تارىم) بەلكىم شۇ بولۇشى مۇمكىن»[3].

ئۈچىنچى، «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى خاتىرىسى» (1819 ـ يىلى يېزىلغان)دە «تارىم، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ‹تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان يەر› دېگەنلىك بولىدۇ[4]» دېيىلگەن.

تۆتىنچى، «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»دا «تارىم، تارىم دەرياسى، سانسكرىتچە ئىسمى Sita، ‹سالنامە›دە ‹جەنۇبىي دەريا› دېيىلگەن. ‹غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەپسىرى›دە ‹ئېرگوگول›، ‹يۇنانچە قەدىمكى يەر ناملىرى تەزكىرىسى›دە ئۇيغۇرداس (oikhardas) دېيىلگەن»[5] دەپ يېزىلغان.

بەشىنچى، «سانسكرىتچە ـ خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»تە «Sita سوغۇق دەريا. بۇ ھازىرقى يەكەن دەرياسى بولۇپ، Siricol (سارىكۆل)نىڭ شىمالىنى ئايلىنىپ ئېقىپ لوپنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. بىر قىسمى قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ. يەر ئاستى ئېقىنى خۇاڭخېنىڭ باشلىنىش مەنبەسى»[6] دېيىلگەن.

ئالتىنچى، «ئوكيانۇس»تا «تارىم ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، مەنىسى ‹ئېكىنزار›، ‹تېرىقچىلىق› دېگەنلىك بولىدۇ»[7] دېيىلگەن.

يەتتىنچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 ـ تومىدا مۇنداق دېيىلگەن: «تارىم. كۆل ۋە قۇملۇقلارغا قۇيۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى (تارماق دەريا)، ‹تارىم› ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى ‹كۇچا› دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي. بۇ يەر ‹ئۆسمى تارىم›مۇ دېيىلىدۇ. بۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ تارىم دېيىلىدۇ»[8].

«ئۆسمى تارىم. ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا، بۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ»[9].

سەككىزىنچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 ـ تومىدا يەنە «تارىم. تېكىنلەرگە (شاھزادىلەرگە)، ئافراسىياپ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق بالىدـ

لىرىغا خاس بىر سۆز. خاقان ئوغۇللىرىدىن باشقىلارغا ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاغىچا ـ خېنىملارغا ئۇنىڭ ئورنىدا (altun tarim) دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ» دېيىلگەن[10].

توققۇزىنچى، «تارىمدىن تامچە»دە مۇنداق دېيىلگەن: «خەن زامانىسىدىكى غەربىي ئەللەر خەرىتىلىرى ھەققىدە» دېگەن كىتابنىڭ كىرىشمە چۈشەنچىسىدە بايان قىلىنىشىچە، تارىم دەرياسىنىڭ قەدىمكى دەۋردە «جوبىن دەريا»، «جىشۇ سۇيى»، «جىشى سۇيى»، «جىشۇي سۇيى» ۋە «سىرىق دەريا» دەيدىغان ھەر خىل ناملىرى بار ئىكەن. بۇ ناملاردىن «سىرىق دەريا» دېگىنى ئۇنىڭ سۇپىتى بولغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرى بولسا تارىم دەرياسىنىڭ باش ۋە ئاياغلىرىدىكى تارماقلارنىڭ يەرلىك ناملىرى، يەنى گەز، تىزناپ، چىلچىل، چاتچاش ۋە كۆكچى (ھازىرقى كۆنچى) دەريالىرىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى بولسا كېرەك.

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تارىم ــــ كۆلگە ئاقىدىغان ۋە قۇمغا سىڭىپ كېتىدىغان بىر ۋادىنىڭ نامى، كۇچا يېنىدىكى بىر دەريامۇ شۇ سەۋەبتىن ‹ئۇسمى تارىم› دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ شەرھلىگەن. بىزنىڭچە، بۇ نامنىڭ «ئۇسمى» دېگەن ئېنىقلىغۇچى تەركىبى، ئېھتىمال، قوۋم بېسىپ كەتكەن «ئۇشمى» ياكى «ئېشىم» شەھىرىنى بىلدۈرسە كېرەك: «تارىم»، «تار» (تەمەل)دىن ياسالغان ھەرىكەتنام. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تار» تېرىلغۇ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ «تار» سۆزىدىن ياسالغان ۋە تېرىقچىلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەر ئاز ئەمەس. دېمەك، «تارىم» ــــ «ئېقىن ـ ۋادى»، «ئېتىز ـ ئۆلكە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ[11].

ھەممىمىزگە مەلۇم، «تارىم» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىلىدىغان رايونىمىزدىكى تارىم دەرياسىدىن باشقا، يەنە تارىم كەنتى ۋە مۇشۇ ئاساستا قۇللىنىلغان تارىم ئويمانلىقى بار. تارىم دەرياسى بولسا ئاقسۇ دەرياسى، يەكەن دەرياسى ۋە خوتەن دەريالىرىنىڭ

ئاۋات ناھىيە تەۋەسىدە قوشۇلۇشى بىلەن ئاندىن ھەقىقىي تۇردە «تارىم دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىدۇ: «تارىم» دېگەننىڭ مەنىسى، «پەلەك، ئاسمان»، «تېرىلغۇ يەر»، «تارماق ئېقىن»، «ئېقىن – ۋادى»، «ئېتىز – ئۆلكە» ۋە «تارىم» دېگەندىن ئىبارەت ئەمەل نامىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە «تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر»، «ئېقىن – ۋادى»، «ئېتىز – ئۆلكە» دېگەنلەر ئاساسەن ئوخشاش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولۇپ، بۇ، ئاساسەن، تېرىقچىلىققا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردۇر. «پەلەك، ئاسمان» دېگەننى ئىپادىلەيدىغان «تارەم» ئاتالغۇسىغا كەلسەك، بۇ ھەرگىزمۇ «تارىم» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى بولالمايدۇ. پەقەت «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى پاكىتلاردىنلا «تارىم» ئاتالغۇسىنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە چاغاتاي تىلى مەيدانغا كېلىشتىن بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا خېلى ئومۇملاشقان ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

چاغاتاي تىلى پەقەت چىڭگىزخان ئۆزى ئىگىلىگەن زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەرگەندە، ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۆلۈپ بېرىلگەن ئىلى دەرياسىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە، ماۋەرا ئۇننەھىر ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا، ئەنە شۇ چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە شەكىللەنگەن، 14 – ئەسىردىن 20 – ئەسىرگە قەدەر يۇقىرىقى رايونلاردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىنى تەشكىل قىلغان تىلدىن ئىبارەت.

«پاكىتلىق قاراش»تا ئاپتور يەنە 19 – ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن خوتەنلىك تارىخشۇناس موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزى يازغان «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» دېگەن كىتابتىن «سۇلتان (ئابدۇرەشىتخان) ۋۇزەرا، ئۇمەرا، لەشكەرلىرى بىلەن پايتەخت ياركەندىن ئاتلىنىپ، تارەم دەرياسىنى بويلاپ تەرك ماكان دەشتكە

شىكارغا يۈزلەندىلەر» دېگەن جۈملىلەرنى نەقىل ئېلىپ، بۇنى ئۆز كۆز قارىشىنىڭ مۇھىم دەلىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان. بىراق، 1982 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى ئەسلى قول يازمىسىنىڭ فوتو نۇسخىسىدىن «تارىم» سۆزىنىڭ «تارەم» شەكلىدە ئەمەس، بەلكى ئېنىق ھالدا «تارىم» شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

دېمەك، «تارىم» ئاتالغۇسىنىڭ ھەقىقىي ئېتىمولوگىيىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تارىم» دېگەن ئەمەل نامىدىن كەلگەنلىكىدە شەك يوق. بۇ ئەمەل نامىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە بىر دەريا، بىر كەنت ۋە بىر ئويمانلىقنىڭ نامى بولۇپ قېلىشى كېيىنكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ «تارىم» ئۇنۋانىغا مۇيەسسەر بولغان بىرەر شاھزادىسىنىڭ ھازىرقى ئاۋات ناھىيىسىنى سۇيۇرغال قىلىپ ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، يەر ـ جاي ناملىرى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ئالاھىدىلىكى، مەشھۇر كان بايلىقلىرى، يېزا ـ ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئاتاقلىق كىشىلەر، قەھرىمانلارنىڭ نامى، شۇ ئورۇننى تاپقۇچىلارنىڭ نامى، يۈز بەرگەن تەبىئىي ھادىسىلەر ... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان بولغاچقا، «تارىم» دېگەن ئەمەل نامىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەر نامى شەكلىدە قەيت قىلىنىشىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

ئىزاھلار:

① سېن جۇڭمىيەن: «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ئۈستىدە دەلىل»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1962 ـ يىل نەشرى، 1 ـ قىسىم، 72 ـ بەت.

② جاۋشياگرۇ: «"تارىم" سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»،

1986 ـ يىللىق 4 ـ سان خەنزۇچە 36 ـ بەت.

③ ئابې تاكېئو (ياپونىيىلىك): «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 351 ـ بەت.

④ شۇسۇڭ: «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى خاتىرىسى»، 1 ـ جىلد.

⑤ «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 93 ـ بەت.

⑥ «سانسكرىتچە ـ خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»، توكيو، 1904 ـ يىلى نەشرى، 155 ـ بەت.

⑦ «ئوكيانۇس»، كىچىكلىتىلگەن نۇسخا، 543 ـ بەت.

⑧ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 514 ـ بەت.

⑨ ⑧گە ئوخشاش 175 ـ بەت.

⑩ يۇقىرىقى ئىزاھاتقا ئوخشاش، 514 ـ بەت.

⑪ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 424 ـ، 425 ـ بەتلەر.

# تۇرپاننىڭ تارىختىكى ناملىرى توغرىسىدا

ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تۇرپان رايونىدا ياشىغان ئەڭ دەسلەپكى خەلق قوشلار («گوشلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، قوشلارنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا مۇشۇ رايوندا پائالىيەتتە بولغانلىقى ئېنىق. مىلادىيىدىن 11 ئەسىر بۇرۇنلا قوشلار سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەن بولۇپ، پادىشاھلىقنىڭ مەركىزى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئون كىلومېتىر غەربىدىكى يارغول قەدىمكى شەھىرىدە ئىدى.

شۇڭا تۇرپان خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە مۇشۇ رايوندا ياشىغان خەلق قوشلارنىڭ نامى بىلەن 车师 ياكى 姑师 دەپ خاتىرىلەنگەن. خەنزۇچە قەدىمكى ئەسەرلەردە شىگيۇەننىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 63 ـ يىلى) قوشلار «ئالدى قوش»، «ئارقا قوش» دەپ ئايرىلدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن 姑 师 (قوش) دەپ ئاتىلاتتى[①] دېيىلگەن. بۇ يەردىكى ئالدى قوش (车师前部) تۇرپاننى ھەم تۇرپان رايونىدىكى قوشلارنى كۆرسەتكەن، ئارقا قوش (车师后部) تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جىمسارنى پايتەخت قىلغان ئارقا قوش خانلىقىنى كۆرسەتتى. قوش (قوشو) ناملىرى كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىدا Qosu ياكى Qusu دەپ خاتىرىلەنگەن. فرانسىيىلىك پېللىئوت (1876 ــ 1945) قوشلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە توختىلىپ، «Qosu، «تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دىكى گۇشۇ (孤舒)غا ئاھاڭ جەھەتتىن يېقىن. 孤舒 نى 哥舒 (گېشۇ) دېيىشكىمۇ بولىدۇ. 哥舒 لار ئەسلىدە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. گوش دۆلىتى (姑师)لار

گەرچە شەھەر دۆلىتى بولسىمۇ، بىراق غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھۇنلار قوشلار رايونىنى ئۇرۇش بازىسى قىلىۋالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھونلار ئىچىدە قوشلار بار ئىدى. كېيىن ئۇلار تۈركلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن» دەيدۇ[②].

تۇرپان قەدىمكى زاماندا قوش پادىشاھلىقى（车师王国）دەپ ئاتالغاندىن سىرت، يەنە قوچو（高昌）دەپمۇ ئاتالغان. بۇ نام غەربىي خەن مەزگىلىدىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «قوچو قوشۇلار پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئورنى ئېگىز، خەلقى باياشات بولغاچقا، 高昌 دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، قەدىمكى زاماندا تۇرپاندا قوشلار ياشىغان بولۇپ، تۈركىي تىلدىكى مەنبەلەردە qusi، qushu، qusu، qusu، Qocu، Qocu، Qoco، Khooc ... دېگەندەك خاتىرىلەنگەن بولسا، خەنزۇچە مەنبەلەردە 车师، 姑师، 姑句، 孤舒، 哥舒، 和者، 和卅، 火卅، 火绰 دېگەندەك خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇچە 车师 ۋە 姑 师 ناملىرى ئۇيغۇرچە قوش（qusi ياكى qushu）سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، تەدرىجىي ھالدا ئاخىرى 高昌غا ئايلانغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە قوشلار يىپەك يولىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاستانە بىلەن قاراغوجا ئارىلىقىدا سېپىللىرىنى ئېگىز قىلىپ بىر قورغان سالغانىدى. شۇڭا، بۇ يەر خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە 高昌 دەپ ئاتالغانىدى. بۇنى مەلۇم مەنىگە ئىگە جۇغراپىيىلىك يەر نامى ھەم قوش دېگەن مىللەت نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. 442 ـ يىلى شىمالىي لياڭنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان قۇتقۇ ئۇرۇقىدىكىلەر ئەسكەر چىقىرىپ قوش پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى يارغولنى ئىشغال قىلدى. قوشلار شاھى قايلۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قالغان قوۋملىرىنى باشلاپ غەربتىكى

قاراشەھەرگە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قوشلار پادىشاھلىقى يوقالدى. 460 ـ يىلى شىمالىي لياڭنىڭ شاھى قۇتقۇئەنجۇ ئاۋارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇ يىلى ئاۋارلار غابوجو دېگەن كىشىنى قوچودا بىرىنچى بولۇپ پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. شۇ-نىڭدىن ئېتىبارەن قوچو خانلىقى ئىلگىرىكى قوش پادىشاھلىقىنىڭ ئورنىنى رەسمىي باستى. دۆلەت نامىنى قوچۇ خانلىقى (高昌国) دەپ ئاتىدى. 500 ـ يىلى ئەتراپىدا كۈي (چۈ) جەمەتى ھۆكۈمران-لىقنى قولىغا ئالدى. 640 ـ يىلى كۈي جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتى غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ تاڭ ئوردىسىغا قارشى چىققان-لىقى ئۈچۈن، تاڭ ھۆكۈمىتى چوڭ سانغۇن خۇجۇنچىنى قوچوغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، كۈي ھاكىمىيىتىنى يوقاتتى ھەم بۇ يەرنى «غەربىي ئايماق» (西州) دەپ ئاتىدى[3]، بۇ يەردىكى خەلقنى «غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى» (西州回鹘) دەپ ئاتىدى. «سۇڭنا-مە . قوچو تەزكىرىسى»دە: قوچو تاڭ سۇلالىسىنىڭ چىڭگۇەن يىللىرى (627 ـ 649) خۇجۇنچى باشچىلىقىدا قوچو تىنچلاندۇ-رۇلغاندىن كېيىن، ئۇ «غەربىي ئايماق» دەپ ئاتالدى. لېكىن ئەن لۇشەن ـ شى سىمىڭ توپىلىڭىدا قوچو دۆلىتى ئەسلىگە كەلدى. بۇ يەردە ئەسلىدىلا ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا ‹ئۇلۇغ قوچو ئۇيغۇر ئېلى› دەپ ئاتالغان[4]، دېيىلگەن. 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھەر خىل تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىمىرىلىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پىتىراپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئۆز ماكانىدا قېپقالغاندىن سىرت، مۇتلەق كۆپ قىسمى غەربىي جەنۇبقا قاراپ كۆچتى. غەربكە قاراپ كۆچكەنلەر 15 قەبىلە بولۇپ، بۇلار پانتېكىن باشچىلىقىدا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بەشبالىق ئەتراپىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە تايىنىپ تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆ-كۈمرانلىقىغا زەربە بەردى. 9 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى بەش-بالىق ئەتراپلىرىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار ئىچىدىن بۆگۈ تېكىن ئىسىملىك يېڭى يولباشچى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ كىشى قوچو

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى ئىدى. 866 ـ يىلى بۆگۈ تېكىن قوچو رايونىدىكى تىبەت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن قوچو ۋە بەشبالىق شەھەرلىرىنى مەركەز قىلغان ئۇلۇغ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (866 ـ 1350) قۇرۇلدى. خانلىقنىڭ پادىشاھلىق نامى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى» دەپمۇ ئاتالدى. ئىدىقۇت (دەقىيانۇس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەسلى 7 ـ ئەسىردە شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالتۇنبالىق (جىمسار) تەرەپلەردە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى باسمىل قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ نامى ئىدى. كېيىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى «ئىدىقۇت»نى ئۆزىگە نام قىلىش بىلەن ياد ئەتكەن. مەنىسى «بەخت ئىگىسى» دېگەندىلىكتۇر[5]. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىدىقۇت قۇرغان قوچو شەھىرى «ئىدىقۇت شەھىرى» دەپمۇ ئاتالدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا دېيىلگەن ئىدىقۇت شەھىرى قوچۇ شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. قاراغوجا 2 ـ قەلئەنى، ئاستانە 3 ـ قەلئەنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ئىدىقۇت شەھىرىنى مەركەز قىلغاندا، ئاستانە جەنۇبتا، قوچو ئوتتۇرىسىدا، قاراغوجا شەرق تەرەپكىرەك جايلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدىقۇت قوچو شەھىرى ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان شەھەر ھېسابلىنىدۇ.

قاراغوجا توغرۇلۇق يەرلىك خەلق مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئۇلۇغ سانغۇنى قاراغوجىنى قوچو دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئىدىقۇتنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. قاراغوجا باتۇر، قارام، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ئىكەن. قوچو دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئىدىقۇت كۈچلۈك قوشۇننىڭ تەھدىتى ئاستىدا ئادەم ئەۋەتىپ قاراغوجا بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ، قاراغوجا قوچو پادىشاھى ئىدىقۇتقا ئۆز مەلىكىسىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇرۇشنى توختىتىشنى شەرت قىپتۇ. قوچو پادىشاھى ئىدىقۇت بۇ شەرتكە ماقۇل بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختاپتۇ. ئۇرۇش توختاپ ئۈچ يىل ئۆت-
كەندىن كېيىن قاراغوجا قوچولۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ،
جەسىتى قۇدۇققا تاشلىۋېتىلىپتۇ. ئاڭغىچە قاراغوجىلىقلار ئىز-
دەپ كېلىپ ئاخىرى قاراغوجىنىڭ جەسىتىنى قۇدۇقتىن تېپىپ
چىقىپ، تۆگىگە ئارتىپ دۆلىتىگە قايتىپتۇ. تۆگە 3 ـ قەلئە
(ئاستانە)گە كەلگەندە ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراغو-
جا 3 ـ قەلئەگە دەپنە قىلىنغان ئىكەن (هازىرغا قەدەر ئاستانى-
دىكى قەبرىلەر ئىچىدە قاراغوجا قەبرىسى ئەڭ ياخشى ساقلانغان
قەبرە بولۇپ هېسابلىنىدۇ)، شۇنداقتىمۇ قاراغوجا هايات چاغلى-
رىدا 2 ـ قەلئەدە تۇرغان بولغاچقا، قوچو پادىشاهى ئاغدۇرۇلغان-
دىن كېيىن، كىشىلەر قاراغوجىنى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن 2 ـ
قەلئەنى «قاراغوجا» دەپ ئاتايدىغان بولغان⑥.

قوچو قەدىمكى شەهرى قوچو ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پادىشا-
هىنىڭ نامى بىلەن «ئىدىقۇت شەهىرى» دەپ ئاتالدى. 3 ـ قەلئە
«ئاستانە» دېگەن سۆز «پايتەخت» دېگەنلىك بولىدۇ. «مىڭ سۇلا-
لىسى تارىخى»دا 火州 (قوچو)نىڭ شەرق تەرىپىدە سېرىق
تۇپراقلىق شەهەر بار، ئۇ قوچو دۆلىتىنىڭ پايتەختىدۇر، دېيىل-
گەن⑦. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچونىڭ پايتەختى بۇرۇنقى
قوچۇ دۆلىتىنىڭ پايتەختى «ئىدىقۇت» شەهىرىنىڭ غەربىدىرەك
بولۇپ، دەل 3 ـ قەلئە ئاستانىگە توغرا كېلىدۇ. قوچو دۆلىتى-
نىڭ كونا پايتەختىنىمۇ ئاستانە دېيىشكە بولىدۇ. ئىتالىيىلىك
سەيياھ ماركوپولو بۇ يەرنى carachoco دەپ خاتىرىلىگەن. «يۈەن
سۇلالىسى تارىخى»دا خاتىرىلەنگەن قاراقوچو بىلەن «تارىخى رە-
شىدىي»دە خاتىرىلەنگەن قاراقوچو ئوخشاش پارس تارىخچىسى
جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاهان كۇشاي» (دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى-
نىڭ تارىخى)دا «قاراخۇاجە» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ مەنىسى
«چوڭ خوجا»، «ئۇلۇغ خوجا» دېگەنلىك بولىدۇ. يۈەن دەۋرىدىكى
قاراقوچو شەهىرى هازىرقى ئىدىقۇت شەهىرى بولغان بولىدۇ.
ئۇلۇغ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى غۇلى-

دى. خانلىق غۇلىغاندىن كېيىن خانلىقنىڭ پايتەختى خارابىلى-
شىپ قوچۇ ئىدىقۇت شەھىرى پايتەختلىك رولىنى يوقاتتى.
يۇەن دەۋرىدىكى قاراغوجا بىلەن قوچو شەھىرى بىر جاي
ئەمەس. شۇڭلاشقا، ھازىرقى قاراغوجا 2 ـ قەلئە بىلەن ئىلگىرى-
كى قاراغوجا ئىدىقۇت شەھىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى يۇەن سۇلالىسى دەۋر-
لىرىگىچە ناھايىتى كېڭەيگەن بولۇپ، ئۇ جەنۇبتىن شىمالغىچە
تۇرپان، تارىم، جۇڭغار ئويمانلىقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەن. شەرق-
تە دۇنخۇاڭغىچە، غەربتە ئاقسۇغىچە يېتىپ بارغان. شىمالىي
سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەيياھ ۋاڭ يەندې يازغان «قو-
چوغا ساياھەت» دېگەن سەپەر خاتىرىسىدە، ئۇلۇغ قوچو ئۇيغۇر
خانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى ئىران (پې-
رسىيە) ۋە ئەرەبىستانغا تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى ھىندى دەريا
ۋادىسىدىكى نىشاپورغىچە يېتىپ بارىدۇ، دېيىلگەن[8]. دېمەك، ئۇ-
لۇغ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى خېلى كەڭ زېمىنغا ئىگە كۈچلۈك دۆ-
لەتكە ئايلانغاچقا، يۇەن دەۋرىگە كەلگەندە ئىلگىرىكى ئۇلۇغ ئۇي-
غۇر خانلىقى دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا مەنىداش بول-
غان ئۇلۇغ، بۈيۈك، ئالىي، كەڭ، چوڭ ... دېگەندەك مەنىلەرنى
بىلدۈرىدىغان «قارا» سۆزى ئالمىشىپ، قارا قوچو ياكى «قاراغو-
جا» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي ماتېرىياللاردا: «يۇەن
سۇلالىسىدىن ئىلگىرى «ئۇلۇغ قوچو ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتال-
غان. بۇ يۇرت يۇەن دەۋرىگە كەلگەندە «قارا قوچو»، «قاراخوجا»
ياكى «قاراغوجا» (哈剌火州، 哈剌火者، 哈剌火綽) دېگەندەك
ناملاردا ئاتالغان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە «تۇرپان» (吐鲁番)
دەپ ئاتالدى[9]، دېيىلىدۇ. بىراق، «خوتەن ساك يېزىقىدا يېزىلغان
خەت ـ چەكلەر (خېشىدىكى ئەلچىلىك خاتىرىلىرى) ھەققىدە
جۇغراپىيىلىك تەتقىقات» دېگەن ماقالىنىڭ يەر ناملىرى قىسى-
مىدا «تۇرپان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ «تۇرپان» دېگەن نام ھەققىد-
ىكى ئەڭ يېڭى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ، 925 ـ

يىلى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېزىلغان قولىيازما بولۇپ، ئۇنىڭدا Tturpana دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، بۇنىڭدىن «تۇرپان» دېگەن نام تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھارپىدىسىدا خاتىرىگە ئېلىنغانلىقى مەلۇم. «تۇرپان» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «چوڭ شەھەر» ياكى «پايتەخت شەھىرى» دېگەنلىكتۇر. بۇ، ئەسلىدە «Tturpara» بولۇپ (بۇنى بەزى ئالىملار «Tturpana» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىشقان)، يەنى «Ttur» (تۇر) «تەخت»، «پەشتاخ» مەنىسىدە، «para» (پارا) ياكى pana (پاناھ) «چوڭ، ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە، دېمەك، بۇ يەردىكى «تۇر» (تەخت) دېگەن ئىسىمنى، «پان» (ئۇلۇغ، چوڭ) دېگەن سۈپەت سۈپەتلەشتۇرۇپ «چوڭ شەھەر»، «چوڭ پايتەخت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان خاس ئىسىمغا ئايلاندۇرغان. 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردە تۇرپاندا ۋاڭلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، «تۇرپان ۋاڭلىقى» دەپ ئاتالدى. 1882 ـ يىلى تۇرپان جۇڭگو ـ روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا شەھىرى قىلىپ ئېچىپ بېرىلدى. 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇرپان ئۆلكە مەركىزى ئۇرۇمچىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارەت قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1913 ـ يىلى تۇرپان ئۇرۇمچىنىڭ قارىمىقىدىكى بىر ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ئىزاھلار:

① ② مىڭ فەنرېن: «بەشبالىقنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى 17 ـ، 266 ـ بەتلەر.

③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 11 ـ ئاي، نەشرى 110 ـ بەت.

④ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى»، 490 ـ بەت.

⑤ «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 4 ـ ئاي، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، بىرىنچى كىتاب، 58 ـ بەت.

⑥ ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 267 ـ بەت.
⑦ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى . قوچو تەزكىرىسى»، 329 ـ جىلد.
⑧ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1984 ـ يىللىق 2 ـ سان، خەنزۇچە، 62 ـ بەت.
⑨ «ئوكيانۇس»، 727 ـ بەت.

# خاتا ئىزاھلانغان بىر قانچە يەر نامى توغرىسىدا

## يۈسۈپ پاۋان

«پەيزاۋات ناھىيىسى يەر ناملىرى تەزكىرىسى»نىڭ خەنزۇچىسى 1988 ـ يىلى ئىچكى ماتېرىيال قىلىنىپ بېسىپ تارقىتىلدى. كىتابقا 876 يەر نامى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەنىسى توغرا ئىزاھلانغىنى 634، 80 يەر نامىنىڭ مەنىسى خاتا ئىزاھلانغان، 20 يەر نامىغا پەقەتلا ئىزاھ بېرىلمىگەن. تۆۋەندە مەنىسى خاتا ئىزاھلانغان يەر ناملىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

**جايقۇم** قۇم ئۈستىدىكى مازار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، يەر ناملىرى تەزكىرىسىدە ئۇ جاھىلقۇم دەپ خاتا ئىزاھلانغان.

**تۆگان بازىرى** بۇ نامنىڭ كېلىش مەنبەسى ئەسلىي مۇنداق: مۇشۇ يۇرتلۇق توختى جانباز ئىسىملىك چامباشچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر پارتىزانلار ئەترىتى ياقۇپبەگكە قارشى جەڭ قىلىدۇ، جەڭدە قوشۇندىكى بىر تۆگان بالىغا ئوق تېگىپ ئۆلگەندىن كېيىن، مۇشۇ يەرگە كۆمۈلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ يەرنى تۆگان مازىرى دەپ ئاتاپ كەلمەكتە، لېكىن يەر ناملىرى تەزكىرىسىدە چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇشتا ئۆلگەن بىر تۆگان ئەسكەرنىڭ مازىرى دەپ خاتا ئىزاھلانغان.

**ئابدال ئېرىقى** بۇ يەر نامىدىكى ئابدال سۆزى ئەسلىي خەتنە قىلغۇچى دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، يەر ناملىرى تەزكىرىسىدە نامراتلار ئېرىقى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ خاتا ئىزاھلانغان.

**لەڭگەر** بۇ خىل يەر نامىدىن ناھىيە بويىچە 15ى بار بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمىغا هاردۇق ئالىدىغان جاي دەپ، ئاز بىر قىسمىغا ئۆتەڭ دەپ ئىزاھ بېرىلگەن، ئىزاھلاش بىردەك بولمىغان.

**ئاقتوقاي** بۇ يەر نامىمۇ تۇرۇپ ئاق توقاي دېگەن گەپ دېسە، تۇرۇپ قۇملۇق دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلانغان، ئىزاھ نائېنىق بولۇپ قالغان.

**لىغىلدىما** بۇ يەر نامى ئۇزۇندىن بۇيان يېزا نامى بولۇپ كەلگەندى. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان كەنت نامى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ يەر نامىنىڭ ئەسلىي كېلىش مەنبەسى مۇنداق: بۇرۇن بىر قېتىملىق زور كەلكۈن ھەم يەر تەۋرەشتە بۇ جاي زەيلەپ نەگە دەسسىسە شۇ يەر لىغىلداپ پاتقاق بولۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ جاينى لىغىلدىما دەپ ئاتاشقانىكەن، بىراق يەر ناملىرى تەزكىرىسىدە بۇ جاي سۇيى ئەلۋەك، سۇ راۋان ئاققاچقا شۇنداق ئاتالغان دەپ ئىزاھلانغان.

**باغچە** بۇ يەر نامى قوغۇنلۇق دېگەن گەپ دەپ نائېنىقلا ئىزاھلانغان.

**شاخياردا** بۇ نام ناھىيىنىڭ بىر قانچە يېرىدە بار، بۇ نامىنىڭ كېلىش مەنىسى شاخ قېنى؟ دېگەن سوئالغا قارىتا شاخ ياردا دەپ جاۋاب بېرىشتىن كەلگەن، بىراق يەر ناملىرى تەزكىرىسىدە ئۇ قوپال، يىرىك دېگەن مەنىلەردىكى گەپ دەپ ئىزاھلانغان.

**تىم** ئەسلىي ئوت ياكى تۇتۇن ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزۈش قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، سۇپا ۋە دۆڭلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇرلاردۇر، بىراق يەر ناملىرى تەزكىرىسىدە تىم دېگەن نام جىمجىتلىق، ئۈن ـ تىنسىز جاي دەپ ئىزاھلاپ قويۇلغان.

**قاز ئېرىق** بۇ نام ناھىيە تەۋەسىدە تۆت جايدا بار، بۇ نامىنىڭ ئەسلىي كېلىش مەنبەسى مۇنداق: 1960 ـ يىللاردا قازى بۇ يەرگە بىر ئېرىق چاپتۇرغان، نەتىجىدە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان. بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەنلەرمۇ بۇ نامنى يېڭى ماكانلاشقان

يۇرتىغا ئىشلەتكەن، لېكىن بەر نامىلىرى تەزكىرىسىدە قازما ھا-شىرىدا چىپىلغان ئېرىق دەپ ئىزاھلانغان.

**مۇنار** بۇ نامنىڭ ئەسلىي كېلىش مەنبەسى مۇنداق: كۇچالىق راشىدىن خوجا خان بولغاندىن كېيىن، يۇرت ئارىلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە خەلق بۇ خان خوجامنىڭ بۇ يۇرتقا قەدەم باسقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن سوۋغىلار قويغان، خەلق ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلار راشىدىن خوجامنىڭ ئالدىدا ئېگىز دۆ-ۋىلىنىپ كەتكەچكە، خوجام ئۇنى ۋاي - ۋۇي سوۋغىلاردىن مۇنار ياسىۋېتىپسىلەرغۇ؟ دېگەن، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرتنىڭ نامى مۇنار دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن. لېكىن، يەر نامىلىرى تەزكىرى-سىدە بۇ يەردىكى كىشىلەر بەك بەختلىك ياشىغاچقا شۇنداق ئا-تالغان دەپ ئىزاھلانغان.

**ئايدۆڭ** بۇ نامنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇنداق: ئەسلىي بۇ يۇرتنىڭ يەر شەكلى ئايسىمان ھەم ئېگىز بولغاچقا، كىشىلەر بۇ-رۇندىن شۇنداق ئاتاپ كەلگەنىكەن. لېكىن، يەر نامىلىرى تەزكى-رىسىدە بۇ جاي ئاي يورۇقى چۈشكەن جاي بولغاچقا، شۇنداق ئا-تالغان دەپ ئىزاھلانغان.

**بۇقەنە** بۇ نام ئەسلىي بۇۋى قىينى؟ دېگەن سۆزدىن كەلگەن، كېيىنچە كىشىلەر بۇقەنە دەپ ئاتاشقا كۆنۈپ قالغان، لېكىن يەر نامىلىرى تەزكىرىسىدە مەنزىرىسى گۈزەل، سۈيى ئەلۋەك بولغاچ-قا، شۇنداق ئاتالغان دەپ ئىزاھلانغان.

**بولغۇچى** بۇ يەر نامى ئەسلىي بولغاچ دېگەن قەبىلە نامىدىن كەلگەن، بىراق يەر نامىلىرى تەزكىرىسىدە بۇلاڭچى مەنىسىدىكى بۇلىغۇچى سۆزىدىن كەلگەن دەپ ئىزاھلانغان.

**ئەگەتېرەك** بۇ يەر نامى ئەگرىتېرەك سۆزىدىن كەلگەن، يەر نامىلىرى تەزكىرىسىدە لىڭشىۋاتقان تېرەك دەپ ئىزاھلانغان.

**جانباز** بۇ يەر مۇشۇ يۇرتتا ياشىغان توختى جانباز ئىسىملىك چامباشچىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، بىراق يەر نامىلىرى تەزكى-رىسىدە جانباز سۆزى تىرىكچىلىك قىلغۇچىلار دېگەن مەنىدە دەپ

ئىزاھلانغان.

چىگلى بۇ يەر نامى ئەسلىي 1902 ـ يىلى ناھىيە يامۇلى مۇشۇ جايدا قۇرۇلغاچقا كىشىلەر بازار ئىچى، شەھەر ئىچى دېگەن مەنىدىكى بۇ نامنى خەنزۇچە تەلەپپۇزدا چېگلى دەپ ئاتىغان، شۇنىڭدىن بۇيان بۇ جاي چىگلى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، بىراق يەر ناملىرى تەزكىرىسىدە بۇ چىگلار دېگەن گەپ بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ مەنىسى پىخسىق، چىڭ خەق دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلانغان.

# تاشقورغان رايونىنىڭ تارىختىكىناملىرى توغرىسىدا

شىرىن قۇربان

تاشقورغان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخى خېلى ئۇزۇن. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ھازىرقى ناھىيە مەركىزىنىڭ 30 نەچچە كىلومېتىر چە جەنۇبىدىكى جىرغال[1] دېگەن جايدىن كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى، ئىككى كىلومېتىرچە شىمالىدىكى «شامبابا قەبرىستانلىقى»[2]دىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى تېپىلدى. دەسلەپكى بېكىتىشتىن قارىغاندا، بۇ، تاشقورغان رايونىدا ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ كەم دېگەندە 10 مىڭ يىلدىن ئاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، تاشقورغان رايونى خىلمۇخىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەمدە ھەر بىر دەۋردە ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ ماقالىدە تاشقورغاننىڭ ئىلمىزنىڭ قەدىمكى تارىخلىرىدا يېزىلغان ھەر خىل ناملىرىنىلا قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

بۈگۈنكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 23 ـ يىلىغىچە) دەۋرىدە غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەت ئىچىدىكى پۇلى (蒲犁)، يىنەي، شىيې (西夜) قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ يېرى ئىدى. «خەننامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، پۇلىنىڭ «650 ئائىلىسى، 5000 نوپۇسى»، يىنەينىڭ «125 ئائىلىسى، 670 نوپۇسى»، شىيېنىڭ «2733 نوپۇسى» بار ئىكەن («خەننامە»، 1975 ـ يىلى نەشرى. 3882 ـ، 3883 ـ بەتلەر).

شەرقىي خەن دەۋرى (25 ـ يىلىدىن 220 ـ يىلىغىچە)دە بۇ يەر دېرو (德若) دەپ ئاتالغان. بۇ قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىدىكى «ئىككى يول» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك.

ۋېي دەۋرىدە (220 — 260 ـ يىللار)دە بۇ يەر مەنلى (满犁) دەپ ئاتالغان. تارىخشۇناسلار بۇ غەربىي خەن دەۋرىدىكى پۇلى (蒲犁)نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ.

جىن دەۋرى (265 — 420 ـ يىللار)دە بۇ يەر يىرو (亿若) دەپ ئاتالغان. بۇ قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىدىكى «بىر يول» دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن.

ۋېي، جىن دەۋرلىرىدە مەنلى بىلەن يىرو سۇلې (疏勒)غا، يەنى قەشقەرگە قارىغان.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (386 — 534 ـ يىللار)دىن تارتىپ تاكى تاڭ دەۋرى (618 — 907 ـ يىللار)دە بۇ يەردە قىرپاند ياكى قىرپانە بەگلىكى ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 500 يىلچە داۋام قىلغان. «قىرپاند» تاجىكچە «تاغ يولى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «يېڭى تاڭنامە . غەربىي رايون تەزكىرىسى»دە قىرپاند بەگلىكى قارىمىقىدا يەنە خەنتۇ (汗陀) قاتارلىق تۆت كىچىك يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن. قىرپاند بەگلىكى دەۋرىدە، تاشقورغاندا شەھەرلەر بىنا قىلىنغان، خەلق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بۇددا مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋر تاشقورغان تارىخىدىكى گۈللەنگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

«يېڭى تاڭنامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، كەييۈەن يىللىرى (مىلادىيە 713 — 727 ـ يىللىرى) تاڭ خاندانلىقى بۇ يەردە «سۇڭلىڭ (كۆكئارت) بوقالى»نى تەسىس قىلىپ، ئۇنى دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم ئىستىھكامى سۈپىتىدە باشقۇرغان. «سۇڭلىڭ» (葱岭) قەدىمكى پامىرنىڭ نامى. «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخلاردا پامىر «سۇڭلىڭ» دەپ ئاتالغان.

سۇڭ (960 ــ 1279 ـ يىللىرى)، يۈەن (1279 ــ 1368 ـ يىللار) دەۋرلىرىدە تاشقورغاننىڭ نامى ئىنتايىن ئاز تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ يۇتيەن (于阗)، يەنى هازىرقى خوتەنگە قاراشلىق ئىكەنلىكىلا قەيت قىلىنغاندىن باشقا ھېچقانداق يازما ماتېرىيال چىلىقمايدۇ.

مىڭ دەۋرى (1368 ــ 1644 ـ يىلىغىچە)دە تاشقورغان يەكەنگە قارىغان. بۇ دەۋردىمۇ تاشقورغان رايونى ھەققىدە تۈزۈك تەپسىلات يوق.

چىڭ دەۋرى (1644 ــ 1911 ـ يىللار)گە كەلسەك، 1759 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىلىدا جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندا تاشقورغان «سەرىكوي مۇسۇلمانلار دىيارى» نامى بىلەن يەكەنگە ئايرىپ بېرىلگەن. بۇ يەردىكى «سەرىكوي» تاجىكچە تاشقورغان رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى جۇغراپىيىلىك نامى بولۇپ، ئۇ، «ئېگىز جاي»، «تاغلارنىڭ بېشى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

1878 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەردە لەڭگەر، راباتلارنى تەسىس قىلغان ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەن.

گۇاڭشۈي 18 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەردە يەكەنگە قاراشلىق «پۇلى شۆبە مۇداپىئە ئىشلىرى ۋازارىتى»نى قۇرۇپ، تاشقورغاننىڭ خەن دەۋرىدىكى «پۇلى» دېگەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇ چاغدىكى پۇلى ۋازارىتىگە بۈگۈنكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمى قارىغان. ۋازارەتنىڭ ئورگىنى تۇرۇشلۇق جاي هازىرقى ناھىيە مەركىزى بولغان. ۋازارەتكە قارايدىغان 27 كەنت ئىچىدە بۈگۈنكى تاشقورغان ناھىيىسىگە تەۋە ئون نەچچە كەنتتىن باشقا يەنە، ئاقتۇ ناھىيىسىگە تەۋە تارباشى، يانبۇلاق، تال بۇلۇڭ، ئالمىلىق، چارلۇڭ، تار، گەز، كوسراپ، سۇباشى، كەڭشىبەر، بۇلۇڭكۆل، مۇجى، ئويتاغ قاتارلىق كەنت، تاغلىق مەھەللىلەر قارىغان. ئەينى زاماندىكى مەلۇ-

ماتلاردىن قارىغاندا، پۈلى ۋازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 1562 ئائىلە، 9201 نوپۇس بار ئىدى، پۈلى ۋازارىتى قەشقەر مەمۇرىيىتىگە قارىغان.

1913 ــ يىلى پۈلى ۋازارىتى پۈلى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

1945 ــ يىلى تاشقورغاندا «تاشقورغان ئىنقىلابى» پارتلىغاندا، تاشقورغان مىللىي ئارمىيىسى پۈلى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ پۈلى ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇرغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ــ يىلى 3 ــ ئايدا تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنغان. 1954 ــ يىل 9 ــ ئاينىڭ 17 ــ كۈنى بۈگۈنكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى مەيدانغا كەلگەن.

«تاشقورغان» دېگەن نام تاشقورغان ناھىيە بازىرى يېنىدىكى ھەيۋەتلىك قەدىمكى تاش شەھەر قەلئەسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇ، تاشقورغان رايونى بىلەن تاجىكلارنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە سەلتەنەتلىك مەدەنىيىتىنىڭ گۇۋاھچىسى. بۇ قەدىمكى تاش شەھەر خەن دەۋرىدىكى پۇلى دۆلىتى، تاڭ دەۋرىدىكى قىرپاند بەگلىكىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. تارىختىكى «يىپەك يولى» مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى. تاڭ دەۋرىدىكى «پامىر بوقالى» ئاشۇ شەھەر قەلئەسىدە تۇرغان.

بۈگۈنكى تاشقورغان ناھىيىسىگە تاغارما، تىزناپ، ۋەرشىدە قاتارلىق 11 يېزا، ئىككى مەيدان ۋە ناھىيە بازىرى، 64 كەنت قارايدۇ. ناھىيىدە تەخمىنەن 3350 ئائىلە، 21 مىڭ نوپۇس بار.

نىسپىي ئوچۇق بولغان (يېزىققا ئېلىنغان) 2000 يىللىق تارىخ جەريانىدا، تاشقورغان رايونى ھەر زامان، ھەر دەۋردە خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ناملار تاجىك خەلقىگە زادىلا سىڭمىدى، ئۇلار دىيارىنى يەنىلا ئەنئەنىۋى نامى بىلەن «سەرىكوي»، ناھىيە مەركىزىنى «ۋەرشىدى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

ئىزاھلار:

① «جىرغال» — تاجىكچە قوش ئېغىل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، تاشقورغان ناھىيە مەركىزىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھەيۋەتلىك «پەرھات ئۆستىڭى» يېنىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت خارابىسى. «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى»نىڭ 1985 - يىللىق 4 - سانىدىكى «تاشقورغان ناھىيە جىرغالدىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىزىنى تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن.

② «شامبابا قەبرىستانلىقى» — تاشقورغان ناھىيە مەركىزىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ نامى. «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانىدىكى «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمىي قەبرىلەر» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن.

# قومۇلدىكى «ساقا»، «دۇڭگۇرساقا»، «ئالتىزاق» دېگەن يەر ناملىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

## شەۋكەت ھامۇت

قومۇل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ شەرقىگە جايلاشقان ۋىلايەت، شۇنداقلا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ بىرى. بۇ جايدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۇرگۇچى ھەر قايسى تۈركىي ئۇرۇق – قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى بىلەن زىچ باغلانغان «ساقا» (قومۇل شەھىرىنىڭ 20 كىلومېتىر شەرقىدە)، «دۇڭگۇرساقا» (قومۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدا)، «ئالتىزاق» (雁不拉大队) (يانبۇلاق) (قومۇل شەھىرىنىڭ 60 كىلومېتىر غەربىدە) دېگەنگە ئوخشاش يەر – جاي ناملىرى ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ يەر – جاي ناملىرى تاسادىپىي بارلىققا كەلگەن بولماستىن، بەلكى شۇ جايدا ياشىغۇچى خەلقنىڭ ئۆرپ – ئادىتى، تۇرمۇشى، تارىخى، تىلى قاتارلىقلار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قومۇل رايونىدا ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا مۇھىم ۋە قىممەتلىك يىپ ئۇچى ھېسابلىنىدۇ، مېنىڭچە «ساق»، «ساقا» دېگەن سۆزلەرنى بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى قەدىمكى چاغلاردا كىشىلەر ئۆزلىرى ياشاپ كەلگەن پائالىيەت ماكانلىرىنى بىرەر ئۇرۇق ياكى ئۆزى تەۋە بولغان مەلۇم قەبىلىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. بۇ خىل ئاتاش كېيىنكى چاغلاردا مەلۇم جاينىڭ خاس نامىغا ئايلانغان.

مېنىڭچە بۇ يەر – جاي نامىلىرىنى تارىخىمىزدىكى «ساق»لارنىڭ نامى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈش ئەقىلگە مۇۋاپىق.

چۇنكى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان يازما تارىخىي خاتىرىلەر ھەم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار «ساق»لارنىڭ ئەسلى ئانا ماكانىنىڭ بىرى ــ قەدىمكى قومۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلار سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، مۇھىتى گۈزەل بۇ جايدا تاش قوراللار دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ساپالچىلىق، مېتالچىلىق ۋە بوياقچىلىق، توقۇمىچىلىق سەنئىتى قاتارلىقلارنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. مەسىلەن: 1978 ـ يىلى قومۇلنىڭ قارا دۆۋە يېزىسىدىن 29 قەدىمكى قەبرە قېزىلىپ، بۇ قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەرنى كاربون 14 (C14) ئارقىلىق تەكشۈرگەندە ئۇ جەسەتلەرنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى جەسەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. جەسەتلەرگە «ئۇچلۇق كىگىز بۆك، جۇۋا، تېرە ئىشتان، ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. قەبرىدىن ياغاچ سايمان، سۇركەپ ياسالغان تاش بۇيۇملار، ساپال قاچىلار، مىس بېزەك، مىس پىچاقلار چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كالا، قوي، ئات سۆڭەكلىرى ۋە تېرىق نېنى، ئارپا قاسىرىقى تېپىلغان. ئايالنىڭ جەسىتىنىڭ چېچى سارغۇچ، بۇدرە بولۇپ، ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلگەن»[1]. تەتقىقاتچىلار ئەينى ۋاقىتتا «قومۇل قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقا جايدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن چىققان نەرسىلەردىن ئىلغار، ئۇلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى. قومۇلدىن چىققان رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن چىققان بوياقسىز يۇڭ توقۇلمىلار ئىككى تەرەققىيات باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ»[2]، دەپ ھۆكۈم قىلغان.

ۋاڭ شياۋپۇ ئۆزىنىڭ: «ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان ساكلار»[3] دېگەن ماقالىسىدە، «قومۇل قارا دۆۋىدىن چىققان قەدىمكى جەسەتلەر ساكلارنىڭ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ساكلار ھەققىدە تاڭ داۋشۇەن «گۇاڭ خۇمىڭ توپلىمى»دا، شۇن جىلىياڭ خانىدانلىقىنىڭ خانى ۋۇدىغا تەقدىم قىلغان «بۇددا شەجەرىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «ساق قەۋمى ئەسلىدە يۇەن فامىلىلىك رۇڭلاردىن بولۇپ، دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا يا-شايتتى. توخرىلار ئۇلارنى زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقى ئۈ-چۈن كۆكئارتنىڭ جەنۇبىغا كەتتى ... ‹塞种› (ساق قەۋمى) دې-گەن خەت ‹释种› قىلىپ خاتا يېزىلغان، ئەمەلىيەتتە بىر يەرنى كۆرسىتىدۇ»[4] دېيىلگەن بولسا، «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت - ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە: «يۇگۇڭ قاتارلىق توق-قۇز ئوبلاستىنىڭ سىرتىدا قەدىمكى رۇڭلارنىڭ جايى بار. ئۇ جاي-نىڭ كونا ئىسمى كۇنۋۇ (昆吾) دەپ ئاتىلىدۇ. جۇمۇۋاڭ غەربىي رۇڭلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، كۇنۋۇ جۇمۇۋاڭغا قىزىل شەمشەر تەق-دىم قىلغان، كېيىن كۇنۋۇ ئېۋىرغۇل دەپ ئاتالغان. جۇ دۆلىتى گۇمران بولغاندا رۇڭ، دى (狄، 戎)لار جىلىڭ، ۋېي دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، قۇمۇل يەنە ھۇنلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن»[5] دەپ خاتىرىلەنگەن.

دېمەك، بىز بۇ يازما تارىخىي خاتىرىلەر ۋە يۇقىرىدىكى ئار-خېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن ھازىر قومۇل خەلقى «ساق»، «ساقا» دەپ ئاتاۋاتقان بۇ قەدىمىي خەلق ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ قەبىلىچىلىك دەۋرىدىن باشلاپلا قومۇلنى مەركەز قىلغان ھالدا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى، دۇنخۇاڭ بويلىرى ۋە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت ماكانى قىلىپ، بۇ جايلاردا ياشاش شارائىتى ھازىرلاپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن «ساق»لارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپ رۇڭ دەپ ئاتالغانلىقىنى، كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا سەي (塞)، شى (释) دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ ناملار دەل قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنا-مە»دە تىلغا ئېلىنغان «ساقلاپ» دېگەن قوۋمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار تۈركىي قەۋملەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللى-

نىشىدە رول ئوينىغان ئېتنىك تەركىبلەردىن بىرى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھىرودود ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تا- رىخ»تا: «پارسلار بارلىق سىكتىئانلارنى ساكلار دەپ ئاتايدۇ ... سىكتىئانلارغا تەۋە ساكلار بىر خىل ئېگىز قالپاق كىيىدۇ، قال- پىقى ھەم تىك ھەم قاتتىق، ئۈستى تەرىپى ئۇچلۇق كېلىدۇ... ئۆز ئېلىدە ياسالغان ئوقيا ۋە خەنجەرلەردىن باشقا، ئۆزلىرى سانگارىس دەپ ئاتايدىغان جەڭ پالتىسى ئېسىۋالىدۇ»⑦ دەپ كۆر- سىتىدۇ. بۇ، قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇرلار «ساق»، «ساقا» دەپ ئاتاي- دىغان خەلقنى پارسلارنىڭ «ساك»، يۇنانلىقلارنىڭ «سىكتىئان» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قىسقىسى، قومۇل قارا دۆۋىدىن تېپىلغان ئۇچلۇق كىگىز قالپاق ساقلارنىڭ كىيىنىش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى ھازىرقى روشەن ماددىي پاكىتى بولۇپ، بۇ، 1) خاۋما ۋارگ ساقلىرى (مە- نىسى ــ ئېتىقاد قىلىدىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان ساقلار)، 2) تىگراخائۇد ساقلىرى (مەنىسى ــ ئۇچلۇق قالپاقلىق ساقلار)، 3) تىئاي پەرادارايە ساقلىرى (مەنە- سى ــ دېڭىز كەينىدىكى ساقلار، قارا دېڭىزنىڭ نېرى ياقىسى- دىكى ساقلار) دېگەن ئۈچ چوڭ ساق قەبىلىسىنىڭ بىرى تىگرا- خائۇد ساقلىرى (يەنى ئۇچلۇق قالپاقلىق ساقلار)نىڭ بىر قىس- مىنىڭ ئەينى زاماندا قومۇلدا ياشىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① ② ③ ۋاڭ شياۋپۇ: «ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلى- مىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان ساكلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن- لەر تەتقىقاتى»، 87 ـ يىللىق 3 ـ سان، 124 ـ بەت.

④ داۋ شۈەن: «گۇاڭخۇڭمىڭ توپلىمى»، 7 ـ جىلد.

⑤ «元和郡县图志» 十四卷

⑥ تارىخىي داستان «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 80 ـ يىلى نەشرى، 50 ـ، 51 ـ بەتلەر.

⑦ ئابلەت نۇردۇن: «ساكلار ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي رايونغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 88 ـ يىللىق 1 ـ سان، 33 ـ بەت.

# «قومۇل» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا تولۇقلىما

## ئابلىز مەمتىلى

شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان تارىخىي يەر ناملىرى قاتارىدا «قومۇل» نامىمۇ تەتقىق قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر بۇ ھەقتە نۇرغۇن كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر تېخى ئاياغلاشقىنى يوق. مەنمۇ بۇ مۇنازىرە سورۇنىغا كىرىپ، بۇ ھەقتە مەيدانغا چىققان بىر نەچچە نۇقتىلىق كۆز قاراش ھەققىدىكى مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن تەڭ ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى تولۇقلىمامنى كىتابخانلار نەزىرىگە ھاۋالە قىلماقچىمەن.

زور كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلار «قومۇل» نامىنى «قام» (قوم) بىلەن «مول» (مىل)نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان، دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى سۆزنىڭ تىل تەۋەلىكى، مەنىسى ھەققىدىكى تەبىرلىرى ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر «قومۇل» نامىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قام (شامان، تېۋىپ، ھېكىم)» سۆزىگە «مول»نىڭ ئۇلىنىشىدىن ياكى «قوم» سۆزىگە «مول»نىڭ ئۇلىنىشىدىن ياسالغان، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئەرەبچە «قوۋم (ئاھالە، خەلق)» سۆزىگە سوپەت سۆزى «مول»نىڭ ياكى موڭغۇلچە «قەم (مېۋە ـ چېۋە)» سۆزىگە «مول»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان سۆز، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزى ئاپتورلار «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن «كەمى تالاس ‹كىچىك شەھەر›»نى ھازىرقى قومۇلنىڭ ئۆزى شۇ دەپ قارىسا، يەنە بەزى ئاپتورلار تارىخ-

تىكى تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان چۇمۇللارنىڭ
قومۇل رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا ئاساسەن «قومۇل»
بىلەن «چۇمۇل»نى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دەپ
قارايدۇ. نۆۋەتتە «قومۇل» نامى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تۆۋەندىكى
بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلانماقتا:

1. «قومۇل» نامى خەنزۇچە خەنمى (扦采) سۆزىدىن ئۆزگە-
رىپ كەلگەن دېگەن قاراش. چيەنلۇڭ خان «قازاق ئەلچىلىرى يار-
لىقا بىنائەن ئۇۋغا چىققاندا» ناملىق شېئىرىنىڭ خاتىمىسىدە
مۇنداق دېگەن: «تارىخنامىلەردە يېزىلىشىچە، خەنمى بىلەن ئۇدۇن
پەرغانىنىڭ شەرقىدە ئىكەن. ‹خەنمى› دېگەن ئىسىم ھازىرقى
‹خامى› (哈密) دېگەن ئىسىمغا ئاھاڭ جەھەتتىن ناھايىتى يېقىن
كېلىدۇ ... خەن سۇلالىسى يىۋۋ (ئۇيغۇرغول)نى ئىگىلەپ، ئۇ
يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەندە، خەنمىلىقلار
غەربكە كۆچۈپ ئۇدۇنغا بېرىپ ماكانلاشقان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-
تىكى سۇلالىلەر ئاجىزلاشقاندا، خەنمىلىقلار يەنە بۇرۇنقى ماكا-
نىغا قايتىپ كەلگەن» دەپ يېزىلغان. «‹يىۋۋ› بىلەن ‹خامى›نىڭ
ئاھاڭى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. خەنمىلىقلار دائىم بۇ يەرنى ما-
كان قىلىپ كەلگەچكە، بۇ يەرنىڭ نامى ‹خەنمى›دىن ئۆزگىرىپ
‹خامى› بولۇپ قالغان... خەنمىلىقلارنىڭ زادى قاچان كۆچۈپ
كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاش قىيىن، لېكىن ‹خامى› دېگەن ئىسىم-
نىڭ ‹خەنمى›دىن كېلىپ چىققانلىقى خاتا بولمىسا كېرەك»[①].

مېنىڭچە، يۇقىرىقى كۆز قاراشتىكى «خەنمى» بىلەن «خا-
مى»نىڭ ئاھاڭداشلىق مەسىلىسىدە «خامى» (哈密) خېتىنىڭ
ئەسلى «خاملى» (哈密力) سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىكەنلىد-
كى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. شۇڭا، بۇ يەردە ئاھاڭداشلىق مەسە-
لىسىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئورنى بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىد-
گە، بىز تارىختا ئېنىق ھالدا كونكرېت يەر نامى سۈپىتىدە
تىلغا ئېلىنغان «扦采» ئاتالغۇسىنى تېخى ئۇچراتمىدۇق. يەنە
كېلىپ بۇ يەرنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىمۇ تېخى تالاشتىكى

مەسىلە.

2. «قومۇل» نامى «قارامىل» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان «خان بېكىتكەن دۆلەت زېمىنى ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە» (钦定河源纪略) ۋە «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» (西域同文志) ناملىق ئىككى ئەسەردە «خامى دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە ‹قارامىل› دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان. قارا — كۆزىتىش دېگەن مەنىنى، مىل — تۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە ئەتراپنى كۆزىتىدىغان تۇرا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان»[2] دەپ تەبىر بېرىلگەن.

3. «قومۇل» نامى «جۇمى» (俱密) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەن كۆز قاراش بولۇپ، بۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغان ئالىم تاۋ باۋلىيەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «شىنماۋ يىللىرىدىكى ھەمراھلىق سەپەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەزكىرىسى»دە «ئېۋىرغول ئايمىقىدىكى ناجى (لاپچۇق) ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ‹جۇمى› دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان، قومۇل ئەنە شۇ تاغ نامى بىلەن ئاتالغان... ھازىرقى توغۇچىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى خامۇر داۋان قەدىمكى جۇمى تېغىدۇر. غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا خا، جۇ، كۇ، كې تاۋۇشلىرى ئوخشاش قوللىنىلىدۇ... ‹جۇمى› (俱密)، ‹خامى› (哈 密)، ‹خاملى› (哈密力)، ‹خامېيلى› (哈梅里)، ‹خامۇر› (哈木尔) دېگەنلەر بىر سۆزنىڭ ھەر خىل تەرجىمىسىدىن ئىبارەت»[3] دەپ يازغان.

ئاتاقلىق تاتار ئالىمى ئەخمەت زەكى ۋەلىدى توغان «بۈگۈنكى تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ياقىسىدىكى قومۇل سوغدى ۋەسىقىلىرىدە قىمىد (Khimid) دەپ ئاتالغان»[4] دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

بىراق، تارىخچى فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى 俱密 (قۇمىد) ئاتالغۇسىغا بەرگەن تەبىرىدە بۇ ئورۇننى سۇرغاپ دەريا ۋادىسىدا (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە)[5] دەپ كۆرسىتىدۇ.

تاۋ باۋلىيەننىڭ يۇقىرىقى بىر نەچچە خىل ئاتالغۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى «جۇمى»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارىشى تازا مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇيغۇرچە يازما ياكىتلارغىمۇ زىت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپتورنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا خا، جۇ، كۇ، كې تاۋۇشلىرى ئوخشاش قوللىنىلىدۇ» دېگەن يەكۈنىمۇ تىلشۇناسلىققا زىت.

4. «قومۇل» نامى «كۈنمۇ» (昆莫) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش بولۇپ، بۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدا تارىخچى سۇبېيخەي قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇلار بۇ كۆز قاراشنى مۇنداق دەلىللەيدۇ: «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلى ھۇنلار لەشكەر تارتىپ غەربكە يۇرۇش قىلىپ ئۇسۇن، توخرى قاتارلىق 36 قەبىلە بەگلىكنى تارمار قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇسۇنلار قومۇل دىيارىدا ياشىغىلى بىر نەچچە ئەسىر بولغانىدى. ئۇلار قومۇلنى بەگلىكنىڭ پايتەختى قىلىپ، بەگلىك نامىنى ‹كۈنمو› (كۈنمى) دەپ ئاتىغان. مانا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ قومۇل دىيارى ‹كۈنمو› (كۈنمى) نامى بىلەن ئاتالغان»[6].

سۇبېيخەي ئەپەندى «كۈنمو» سۆزىنىڭ مەنىسىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ئۇسۇنلارنىڭ ‹كۈنمۇ› دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، قەدىمكى تۈرك تىلىدا ‹كۈن› (昆) دېگەن سۆز ‹قۇياش› دېگەننى بىلدۈرەتتى. خەنزۇچە ‹莫› (مۇ) ياكى ‹弥› (مى) دېگەن خەتلەر ‹伯› (بەي يەنى بەگ) خېتىنىڭ ئۆزگەرگەن ئاھاڭى بولۇپ، ‹ھۆكۈمران› ياكى ‹باشلىق› مەنىسى بىلدۈرەتتى... بۇنىڭدىن ‹قومۇل› دېگەن ئىسمىنىڭ ئەسلىدە ‹قۇياشقا ئوخشاش ھۆكۈمران› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ‹كۈنبەگ› سۆزىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ»[7].

يۇقىرىقى ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلىغاندا، ئاپتور

باشقا ـ باشقا مەنىلىك «كۇن» ۋە «قۇم» سۆزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز ھالدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىدا «ك» تاۋۇشىنىڭ «ق» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشىنىڭ ئەمەلىيەتكە قانچىلىك ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، يېنىكلىك بىلەن ھۆكۈم چىقارغان.

مەن تۆۋەندە «قومۇل» نامىنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە مەنبەلەر ئاساسىدا دەلىللەپ كۆرمەكچىمەن: قومۇل شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن. بۇ رايوندا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا قەدەر ھەرقايسى مىللەت ۋە ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدا بۇ رايوننى تالىشىش يۈزىسىدىن سانسىز قېتىم قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن. شۇڭلاشقا جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمال قىسمىدا ياشىغان قەدىمكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ تارىختا قالدۇرۇپ كەتكەن تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىزلىرى قومۇل رايونىدىن تېپىلىدۇ.

قومۇل ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «كۇنۇۋ» ‹昆吾› (ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرىدە) دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە «يىۋۇلۇ» ‹伊吾卢› (ئۇيغۇرغول)، «يىۋۇ» (伊吾)، «يىجۇ» (伊州) دەپ خاتىرىلەنگەن. ھازىرقى «خامى» (哈密) خېتىنىڭ ئەسلى تولۇق يېزىلىشى «哈密力» (خامىلى) بولۇپ، بۇ ئۈچ خەن، يۈەن سۇلالىسىدىن تاكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەر «哈密力»، «合迷里»، «渴密里»، «感木鲁»، «哈梅里» شەكىللىرىدە خاتىرىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە خەنزۇ تىلىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاخىرقى «(力) 里» خېتى قىسقارتىلىپ، ھازىرقى «哈密» خېتىگە ئىخچاملانغان.

ئۇزۇندىن بۇيان قومۇل نامى ھەققىدە يۇقىرىقى خەنزۇچە مەنبەلەردىن باشقا، بۇ نامنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنى يورۇتۇپ بېرە-

لىگودەك تۇزۇكرەك ئۇيغۇرچە يازما خاتىرىلەر تېپىلمىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ نامنىڭ تىل تەۋەلىكى، مەنىسى، يىل دەۋرى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىشكە بولماي كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە يېڭىدىن مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما خاتىرىلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىزنى بۇ ھەقتە مەلۇم ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. بۇ يازما خاتىرىلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، 1891 ـ يىلى ن . م . يادرىنتسېۋ تەرىپىدىن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئونگىن دەريا بويىدىن تېپىلغان كېيىنكى كۆك تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ «ئونگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ ئوڭ تەرەپ 1 ـ قۇرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «قامىل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدىم، ئورۇنلاشتىم، ئالدىم، قوشۇنى كەلدى، خەلقىنى يەڭدىم، بەگلىرى قاچتى»[8]. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئورنىتىلغان ۋاقتى ھەققىدە ئالىملارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. لېكىن، مەڭگۈ تاشتا تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەرنىڭ 680 ـ يىلىدىن 690 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەئەللۇقلۇقى ئېنىق. لېكىن، بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، مەڭگۈ تاشتىكى «قامىل» سۆزىنىڭ ترانسكرىپسىيە قىلىنىشىمۇ تېخى تازا ئېنىق ئەمەس. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇنى «ھەممە، بارلىق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «قاموق»[9] شەكلىدە ئوقۇسا، يەنە بەزى ئالىملار ئۇنى كونكرېت جاي نامى سۈپىتىدە «قامىل»[10] دەپ ئوقۇماقتا.

ئىككىنچى، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سالام خەتلەردە ئىككى يەردە «قامىل»، «قامال»[11] دېگەن يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ.

ئۈچىنچى، تۇرپاندىن تېپىلغان 10 ـ ئەسىرگە ئائىت مانى دىنىغا تەئەللۇق ھۆججەت پارچىلىرىدىمۇ تۆت نەپەر مانى مۇرىتىنىڭ ئەسلىي يۇرتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى قامىل (Kamilr)لىق، يەنە بىرى سۇلمى (Sulmilr)[12]لىق دېيىلگەن.

تۆتىنچى، ئىتالىيىلىك مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو

(1254 ـ 1324) ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە قومۇلنى «قامۇل (Kamul)» شەكلىدە خاتىرىلىگەن. مانا مۇشۇنىڭدىن كېيىنكى چاغاتاي تىلىغا مەنسۇپ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قومۇل «قامۇل» شەكلىدە يېزىلغان. مەشھۇر تارىخچى، ئالىم موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرىدە «قومۇل»نى بىردەك «قامۇل» شەكلىدە تىلغا ئالىدۇ.

يۇقىرىقى مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان «قامىل، قامال، قامۇل» ئاتالغۇلىرى ھازىرقى «قومۇل» نامىنىڭ ئەسلى تېگى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەكۈن خېلى بۇرۇنلا زور كۆپچىلىك ئالىملار تەرىپىدىن تەستىقلانغان. ئەمدى خەنزۇچە مەنبەلىرىدىكى «خامىلى» (哈密里)، «گەنمۇلۇ» (感木鲁)لار بولسا، دەل يۇقىرىقى ئاتالغۇلارنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

بۇ نامنىڭ يىل دەۋرى مەسىلىگە كەلسەك، بىز گەرچە ئوندىن مەڭگۈ تېشىنى «قومۇل» نامى ھەققىدىكى تۇنجى مەنبە قىلىپ بېكىتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن بۇ نامنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرىنى ھەرگىزمۇ 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ قىلالمايمىز. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەر ناملىرىنىڭ قويۇلۇشى، خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئومۇملىشىش، يازما خاتىرىگە ئېلىنىشىغا مەلۇم جەريان كېرەك. «قامىل» شەكلىدە بارلىققا كېلىپ، چاغاتاي تىلى (13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر) دەۋرىگە كەلگەندە بۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى «ئى (i)» تاۋۇشى «ئۇ (u)» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ «قامۇل» بولۇپ ئۆزگەرگەن. «قامىل» سۆزى ئىككىنچى قېتىملىق ئۆزگىرىش ياساپ «قامۇل»دىن «قومۇل»غا ئۆزگەرگەندە بولسا، بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئا (A)» تاۋۇشى «ئو (O)» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. بۇنى تۆۋەندىكى ئەسخېما بويىچە كۆرستىشكە بولىدۇ.

قامىل ← قامۇل ← قومۇل

ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىش ھادى-

سىسى، پۇتكۇل تىل تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نورمال فونېتىكىلىق قانۇنىيەت ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بۇنىڭغا

| قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا | چاغاتاي تىلىدا | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|---|
| قاپىغ | قاپۇغ | قوۋۇق |
| ئارىغ | ئارۇق | ئورۇق |
| يارىغ | يارۇق | يورۇق |
| ئاچىغ | ئاچۇق | ئوچۇق |
| تاقىغۇ | تاۋۇق | توخۇ |
| تابىشغان | تاۋۇشقان | توشقان |

تۆۋەندىكى مىساللار ياخشى دەلىل بولالايدۇ:

ئەمدى مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە توختالساق، بۇ ھەقتە قولىمىزدا يېتەرلىك ماتېرىيال يوق. شۇنداق بولسىمۇ، بىز تۆۋەندىكى تەبىرنى بۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»تە بۇ سۆزگە «مۇھاسىرە» دەپ تەبىر بېرىلگەن بولسا، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»دە بۇ سۆز «ئايلىنىپ كەتمەك، يىقىلىپ چۈشمەك» مەنىسىدە دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئالدىنقى ئىزاھلاش «قومۇل» نامىنىڭ مەنىسىگە يېقىن كېلىدۇ. «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەرنىڭ تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەردە گەرچە بۇ نامنىڭ ئەسلى مەنبەسى باشقىچە ئىزاھلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەبىر يۇقىرىقى بىرىنچى ئىزاھلاش بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ.

دېمەك، «قامىل» نامى قەدىمدە قومۇل رايونىدىكى بىرەر قەدىمكى قورغانغا ياكى بىرەر كۆزىتىش مۇنارىغا قارىتا ئېيتىلغانلىقىنى ئېنىق بىر نەرسە دېيىش قىيىن. ئۇنى پەقەت قومۇلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، كۆرۈنۈشى، ئىستراتېگىيىلىك ئورنىغا قارىتا ئېيتىلغان ئابستراكىت ئۇقۇم دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«قومۇل» نامىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى تەبىر يەنە ھازىرقى

«قامال» مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ «قومۇل» نامىنىڭ ئەسلىدىكى «قامىل» شەكلىگە ھەم ئۇنىڭ ئىستېمال مەنىسىگە-مۇ ناھايىتى يېقىن. بۇنداق ئىزاھلاش قومۇل رايونىنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىگە تازا ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، قومۇل يىراق قەدىم-كى زامانلاردىن تارتىپلا شىڭشىڭشىيانى پاسىل قىلغان ھالدا ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ھۆكۈمرانلار بىلەن غەربىي ئەلدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئۆزئارا قوغدىنىدىغان، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مىللىي مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان تەبىئىي «مۇھاپىزەت قورغىنى» بولۇپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ زېمىننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇ-ھىم بولۇشى سەۋەبلىك، بۇ يەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ ناھايى-تى تىنچسىز بولغان. شۇڭا، بۇ يەردە ئۆزئارا مۇھاپىزەت قىلىش-نى ئاساس قىلغان، ئۇيغۇر تىلىدا «قورغان، قەلئە» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان خەنزۇچە باۋ (堡 — «پۇ» دەپمۇ ئوقۇلىدۇ) خەتلىك يەر نامىلىرىمۇ نىسبەتەن كۆپرەك. مەسىلەن: «头堡» (سۇمقاغا)، «二堡» (ئاستانە)، «三堡» (توغۇچى)، «四堡» (لاپچۇق) «五堡» (قارا دۆۋە) قاتارلىق. ئۇنىڭدىن باشقا، قومۇلدا يەنە «تۇرا، قەلئە» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارغا» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن يەر نامىلىرىمۇ خېلى كۆپ سال-ماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: سۇمقارغا، چاقارغا، ئامانقارغا قاتار-لىق. قومۇلدا كىشىلەرگە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان يەنە بىر مۇھىم نەرسە شۇكى، ئۇ يەنە «قامىل» سۆزىنىڭ مەنىسىگە تەڭ كېلىدى-غان «تۇر (تۇرا)» سۆزى بىلەن ئاتىلىدىغان يەر نامىلىرىدۇر. بۇنداق يەر نامىلىرى قومۇلدا جەمئىي 120دىن ئاشىدۇ. مەسىلەن: پالۋانتۇر، قومتۇر، دۆشتۇر، چۆلتۇر، چۆمەلتۇر، ئولاتۇر ... قا-تارلىق.

قىسقىسى، قومۇل كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازىسى، شۇنداقلا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئۆزئارا باغلاپ ھەم ئايرىپ تۇرىدىغان تە-

بىئىي مۇھاپىزەت قورغىنى (پاسىل) بولسا، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزى نۇرغۇنلىغان قورغان، قەلئە، قارغا، تۇرالاردىن تەشكىل تاپقان تارىخىي زېمىندۇر.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**

① ② ③ ⑥ ⑦ «قومۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 66 ـ بەتتىن 69 ـ بەتكىچە.
④ شۇ نامىلىق ئەسەر، 1982 ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى، 56 ـ بەت.
⑤ «غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى»، جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1982 ـ يىلى، خەنزۇچە 4 ـ نەشرى، 56 ـ بەت.
⑧ ⑩ لىن گەن: «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، قوشۇمچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 2 ـ سان، 44 ــ 47 ـ بەتلەر.
⑨ س. يې. مالوف: «موڭغۇلىيە ۋە قىرغىزىستاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى»، رۇسچە 1959 ـ يىلى، موسكۋا ـ لېنىنگراد نەشرى، 7 ـ بەت.
⑪ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان.
⑫ «غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ كىتاب، 252 ـ بەت.

# تارىختىكى ئاراتۈرۈك ۋە «ئاراتۈرۈك» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

## ئايشەمگۈل ئايۇپ

ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ـــ شەرقىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا جايلاشقان تاغلىق رايون، ناھىيە مەمۇرىي جەھەتتىن قومۇل ۋىلايىتىگە قارايدۇ.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسى گەرچە كىچىك ناھىيە بولسىمۇ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. 1957 ـ يىلى ئارخېئولوگلار ئاراتۈرۈكتىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئىزلار (قىرساي خارابە ئىزى، توپ ئۆي خارابىلىكى)نى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇنىڭدىن 3000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

«چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئاراتۈرۈك ھۇنلارنىڭ چارۋا باقىدىغان جايى ئىدى. غەربىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان مەزگىلدىمۇ، ئاراتۈرۈك يەنىلا ھۇنلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە (73 ـــ 94 ـ يىللىرى) ئارقا قاڭقىل خانلىقىغا تەۋە بولغان ئاراتۈرۈك زېمىنى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە بويسۇنغان. كېيىنكى دەۋرلەردە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ۋەزىيىتىدە بىر مەھەل داۋالغۇش بولغانلىقتىن، ئۇ ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، رورانلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئاراتۈرۈك ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكەن. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-

رىلىرىدا، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. 630 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئىۋىرغول ئايمىقىنى تەسىس قىلـ. غاندا، ئاراتۇرۇك ئىۋىرغول ئايمىقىغا قاراشلىق بولغان. 10 ـ ئەسىردە، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، گەنسۇ ۋاقىتلىق دىۋان ۋازاراتى تەسىس قىلىنغاندا، ئاراتۇرۇك ۋە بارىكۆل شۇ ۋازارەتكە تەۋە بولغان، شۇنىڭدىن كېيـ. يىن بۇ رايون يۈز نەچچە يىل موڭغۇللارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىـ. دىغان رايونىغا ئايلانغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، توپىلاڭنى تىنچىتىشقا تۆھپە قوشقان قومۇل ۋاڭى يۈسۈپ ۋاڭغا ئاراتۇرۇكنى سۈيۈرغال قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن بېرى ئاراتۇـ. رۇك خەلقى قومۇل ۋاڭىنىڭ يانچىلىرىغا ئايلانغان، ئاراتۇرۇكتىـ. كى نوم يېزىسى قومۇل ۋاڭىنىڭ جىنايەتچىلەرنى سۈرگۈن قىـ. لىدىغان جايىغا ئايلانغان. ۋاڭلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇلغاندىن كېـ. يىن، 1930 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قومۇل رايو. نىدا ئاراتۇرۇك، بارىكۆل، قومۇل ناھىيىلىرىنى تەسىس قىلدى، «قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى» پارتلىغاندىن كېيىن، ناھىيە تۈـ. زۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى توختىتىپ قويۇلدى، 1943 ـ يىلى يەنە ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

ئاراتۇرۇك نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق بىر نەچچە خىل قاراش بار. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: ئاراتۇرۇك قەدىمكى دەۋردە شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەن جاي بولغاچقا «ئاراتۇرۇك» دەپ ئاتالـ. غان. بۇ ھەقتە «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «ئاراتۇ. رۇك شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان» دەپ خاتىرىلەنگەن[1].

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «تۈرك ـــ تۈرك شەھەرلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى»[2] دەپ خاتىرىلەنگەن. دەرۋەقە، مىلادىيە 581 ـ يىلى تۈرك خانلىقى شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك دەپ ئىككىگە

بۆلۇنگەن، ئاراتۇرۇكنىڭ شەرقىدىكى ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلاردا ياشىغان تۇركلەر شەرقىي تۇركلەر، ئاراتۇرۇكنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى باركۆل، ئالتاي يايلاقلىرىدا ياشىغان تۇركلەر غەربىي تۇركلەر دەپ ئاتالغان. ئاراتۇرۇك غەربىي تۇركلەر بىلەن شەرقىي تۇركلەر ياشىغان جايلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەن. شۇڭا ئاراتۇرۇك رايونى «ئاراتۇرۇك» (ئوتتۇرىدىكى، ئارىدىكى تۇركلەر) دەپ ئاتالغان دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر مۇنداق قارايدۇ: ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسى بولغىنى ئۈچۈن، كېيىنكى مەزگىللەردە، كىشىلەر «تۇرك»نى «تۆرۈك»كە ئۆزگەرتىپ «ئاراتۆرۈك» دەپ ئاتىغان. 1866 ـ يىلى قومۇل ۋاڭى ئاراتۇرۇكتىكى دورغىلارغا تامغا تارقىتىپ بېرىدىغان چاغدا، «ئاراتۇرۇك» دېگەن ئىسىمنىڭ نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى سورىغان، ئاراتۇرۇكنىڭ شۇ چاغدىكى مىرابى شاھتۆمۈر دېگەن كىشى: ئاراتۇرۇك نوم، باي، ئاداق، تۇركۆل، نېرىنكىر، شوپۇل قاتارلىق ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسى ھەم ئۇزۇن بۇلاق، بۇرالىق بۇلاق، بېدىلىك بۇلاق، ياپسار بۇلاق، شار ئۆيلەر بۇلاق، بەلچىر تۇڭگانبۇلاق قاتارلىق ئالتە بۇلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسى، ئالتە بۇلاقنىڭ ئوتتۇرىسى دېگەن ئۇقۇم بويىچە ‹ئارا تۆرۈك› دەپ ئاتىساق مۇۋاپىق بولغىدەك، دېگەن[3]. شۇڭا قومۇل ۋاڭى «ئاراتۆرۈك» دېگەن ئىسىمنى بېكىتىپ، تامغا ئويدۇرۇپ تارقاتقان، «تۆرۈك» قومۇل شېۋىسىدە «يۇمىلاق، دۈگىلەك، ئوتتۇرا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر مۇنداق قارىغان: «ئاراتۇرۇك خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ‹يىۋۇلۇ› (伊吾卢)، «يىۋۇ» (伊吾) دەپ تىلغا ئېلىنغان. ‹يىۋۇلۇ›، ‹يىۋۇ› ئەسلى ئىۋىرغول دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، ئىۋىرغول ئەسلى قومۇل رايونىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قومۇلدا ئىۋىرغول ئايمىقى تەسىس قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ نام ئىۋىرغول، قو-

مۇل رايونىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان. 1281 ـ يىلى گەن- سۇ ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنىپ، قومۇل ۋە ئارا- تۇرۇك مۇشۇ ۋازارەتكە قاراشلىق بولغان ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمۇسرغول 〈ئاراتۇرۇك〉نىڭ نامى بولۇپ قالغان»[4]. ئىمۇسرغول قە- دىمكى تۈرك تىلى بويىچە ئەگرى ـ بۈگرى غول دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «غول» قومۇل شېۋىسىدە «دەريا، ئېقىن» دېگەن مەنى- لەرنى بىلدۈرىدۇ.

«ئاراتۇرۇك» نامى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ئۈچ خىل كۆز قاراش ئاراتۇرۇكنىڭ تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ نامنى ئاراتۇرۇكنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇۋاپىقراق.

ئاراتۇرۇك نامىنى تۈركلەرگە باغلاپ بېكىتىش ۋە تەتقىق قىلىش تارىخىي پاكىتلارغا ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، تۈرك خانلىقى شەرقىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەر دەپ ئىككىگە بۆ- لۈنگەندە، ئۇ خانلىق ھەرگىزمۇ ئاراتۇرۇكنى پاسىل قىلمىغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، «شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر ئالتۇن تاغنى پاسىل قىلغان. غەربىي تۈركلەر ئالتۇن تاغنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئۇسۇنلارنىڭ قەدىمكى زېمىنىنى ئىگىلەپ، غەربىي كۇسەنىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى مۇھىم قاتناش يولى ۋە سۇيى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆ- پى مول بولغان يۇلتۇز ۋادىسىدا (ھازىرقى قارا شەھەر دەرياسى- نىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى يۇلتۇز جىلغىسىدا) ئوردا قۇرۇپ، ئۇنى قىشلىق پايتەخت (جەنۇبىي بارگاھ) قىلغان. كېيىن شاش بەگلىكىنىڭ شىمالىدىكى مىڭ بۇلاق (بۈگۈنكى چۇ دەرياسىنىڭ غەربى، قىرغىز تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى)تا يازلىق پايتەخت قۇرغان». شۇڭا، ئاراتۇرۇك نامىنى ئوتتۇرىدىكى تۈرك دېگەن مە- نىدە چۈشىنىش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. 2 ـ خىل- دىكى قاراشتىكىلەرنىڭ يەكۈنى بويىچە ئالتە بۇلاقنىڭ ئوتتۇرد- سى، ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسى دېيىشمۇ كىشىنى قايىل قىلال-

مايدۇ. چۈنكى، ئاراتۇرۇك ھەرگىزمۇ بۇ ئالتە بۇلاقنىڭ ۋە ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلمەيدۇ. بۇ ئالتە بۇلاق ۋە ئالتە يۇرت جۇغراپىيىلىك جەھەتتە ئاساسەن، ئاراتۇرۇكنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. 3 ـ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ يەكۈنىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، يەنى ئاراتۇرۇك نامىنى ئىۋىرغول مەنىسىدىن چۈشىنىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، شىنجاڭدىكى يەر ـ زېمىنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەگرى ـ بۈگرى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا جايلاشقان تاغلىق رايون. ئۇنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئاراتۇرۇك نامى «ئارت تۇرۇك»تىن كەلگەن دېيىش بىر قەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. چۈنكى، ئاراتۇرۇكنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «ئارت تۇرۇك» بولۇپ، تىلىمىزدىكى تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى جەريانىدا بىر «ت» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. ھازىرمۇ ئاراتۇرۇكتىكى خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەر «ئات تۇرك» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ.

«ئارت» قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، داۋان، ئېگىزلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ بويىچە قارىغاندا، «ئاراتۇرۇك» — «داۋان ئۈستىدىكى قەلئە»، «تاغلىق شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئاراتۇرۇكنىڭ تارىختا ئېگىزلىكتىكى تاغلىق يۇرت ۋە مەشھۇر ھەربىي قورغان بولۇپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىزاھلار:

① «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»، 1996 ـ يىلى، 5 ـ سان، ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بىر قىسىم يەر ـ جايناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدىن.

② ③ «قومۇل» ناملىق كىتاب، 6 ـ، 15 ـ بەتلەر.

④ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 131 ـ بەت.

# لوپ رايوندىكى يەر ناملىرى ۋە ئۆلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

غالىپ بارات ئەرك

لوپ رايونى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى چاقىلىق ۋە لوپنور ناھىيىلىرىنى مەركەز قىلىپ ياشاپ كەلگەن قەدىمىي، يەرلىك ئاھالە ـــ لوپلۇقلارنىڭ پائالىيەت رايونىنى كۆرسىتىدۇ. لوپلۇقلاردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي، يەرلىك ئاھالە قەدىمدىن تارىم، كۆنچى، چەرچەن دەريالىرى ۋادىلىرىدا ياشاپ كەلگەن، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ، قۇرۇقلۇق يىپەك يولىنىڭ رولىنىڭ ئاجىزلىشىشى، لوپ رايونىدىن ئۆتىدىغانلارنىڭ ئازىيىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ زېمىن يېتىم ئارالغا ئايلىنىپ قالغاچقا، يەرلىك ئاھالە پۈتۈنلەي بېكىنمە ھالەتتە ياشاپ كەلگەن. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى موللا مۇسا سايرامى 1908 ـ يىلى يازغان «تارىخى ھەمىدىي»دە «... ئالتە شەھەرنىڭ شەرق ۋە جەنۇب بۇرجىنىڭ ئارىلىقىدا لوپ دېگەن بىر چوڭ مەشھۇر زېمىن بار... بۇ زېمىندىن خوتەن، ياركەنت، ئاقسۇ، كورلا دەريالىرى ئۆتىدۇ... بۇ دەريالارنىڭ ئەتراپ ۋە ياقىلىرىدا ياكى ئارالچە ۋە شاخاپچىلىرىدا تەخمىنەن ئون ئىككى مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قەدىمىي ئاھالىنىڭ ياشايدىغانلىقى مەلۇم. ئۇلار زىرائەت تېرىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ باغ-ئىمارەت، ھويلا ـ ئارام ۋە يەل ـ يېمىشلىرىمۇ يوق، بەلكى ئۇلار بۇ خىل نەرسىلەرنى ئەسلا كۆرمىگەن ياكى بىلمىگەن بولسا كېرەك. ئۇلار دەريادىن بېلىق تۇتۇپ تائام قىلىپ يەيدۇ. ھەتتا بېلىقنى قۇرۇتۇپ تالقان قىلىپمۇ يەيدۇ. قومۇشتىن كەپە ۋە ئۆي ياسايدۇ. ئۇلارنىڭ چارۋىسى كۆپ... ئۇلار ئۆز يۇرتىدىن ناھايىتى كەم چىقىدۇ. بەزىلىرى پەقەت چىق-

مايدۇ ۋە بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزگە كەلمەيدۇ. بىزنىڭ شەھەرلىد-
رىمىزدىكى ئادەملەر بارسا، ئۇلار قورقۇپ يېقىن كەلمەيدۇ. دې-
مەك، باشقا ئادەملەر بىلەن ئارىلاشمايدۇ، بېرىش - كېلىش قىلى-
مايدۇ»[①] دەپ يازغان.

لوپ رايونى 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ غەرب
ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن جەلبكار رايون-
غا ئايلاندى، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى
ئارقا - ئارقىدىن لوپ رايونىغا كېلىپ بۇ جاينى تەكشۈردى ۋە
نۇرغۇن تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. ئەنە شۇ ئېكسپې-
دىتسىيىچىلەر — پىرژېۋالىسكىي (1876 - يىلى)، كوزلوف،
بونۋالوت (1899 - يىلى)، سۋېن ھېدىن (1900 - يىلى)، ستە-
يىن (1906 - يىلى)، مالوف (1914 - يىلى)، تاچىبانا زۇئىچۇ
قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا
ئېرىشەلەيمىز. ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن مىرسۇلتان ئوسمانوف
(1960 - يىلى)، ھاشىم تۇردى، مېھراي ياقۇپلار (1982 - يىل-
لىرى) لوپلۇقلارنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن، مەرھۇم ئابدۇرې-
ھىم ھەبىبۇللا (1985 - يىللىرى) مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن
تەتقىق قىلغان. مويدىن سايىت ۋە ئابدۇكېرىم راخمانلار ئېغىز
ئەدەبىياتىنى توپلاش بىلەن شۇغۇللانغان، لېكىن تەتقىقات ناھا-
يىتى تار دائىرىلىك بولغانلىقتىن، لوپلۇقلارنىڭ كېلىپ چىقى-
شى ۋە باشقا جەھەتلەردىن كۆپ پەرەزلەر بولدى. تەكشۈرۈش، تەت-
قىق قىلىش ئىشلىرى ئاز كەم ئىككى ئەسىر داۋام قىلغان بول-
سىمۇ، بەزى ئالىملار ئومۇمىيلىقتىن كۆرە قىسمەنلىككە ئېسى-
لىۋېلىپ، ئۇلارنى موڭغۇل ئەۋلادى دېسە، يەنە بەزىلەر قىر-
غىزلاردۇر دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەن بۇ ماقا-
لەمدە 1900 - يىلى ئەتراپىدىكى يەر ناملىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆ-
تىمەن. بۇ يەر ناملىرى شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىننىڭ «لوپ
كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

سۋېن ھېدىن جۇغراپىيە ئالىمى، شۇنداقلا داڭلىق ئېكسپې-

دىتسىيىچى، ئۇ 1896 ـ يىلى لوپ رايونىغا كېلىپ لوپلۇقلار بىلەن تونۇشقان. بىز مەنبە قىلغان «لوپ كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ» ناملىق كىتابى 1900 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلانغان، 1901 ـ يىلى تاماملانغان تەكشۈرۈشى ئاساسىدا يې-زىلغان. بۇ كىتاب 1904 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان سەككىز توملۇق «1899 ـــ 1902 ـ يىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى»نىڭ 2 ـ تومىدۇر (1 ـ تومى «تا-رىمنىڭ سىرىنى ئىزدەپ»). «لوپ كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ» ناملىق بۇ كىتاب شۋېتسىيە پايتەختى ستوكهولمدا 1905 ـ يىلى ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان. چوڭ ھەجىملىك بۇ ئىلمىي ئەمگەك ۋاڭ ئەنخۇڭ، سۈي يەنخۇ قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىنگ-لىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1997 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. شۋېتسىيىلىك داڭلىق دىپلومات، ئۇيغۇرشۇناس، دوكتور گۇننار ياررىڭنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى يەر ناملىرى ئاساسىدا ئىشلىگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي يەر ناملىرى ـــ لوپنور ۋە تارىم ۋادىسى» ناملىق كىتابى 1997 ـ يىلى ستوكهولمدا نەشر قىلىندى. مەن گۇننار ياررىڭنىڭ ئاشۇ كىتابىدىن پايدىلىنىپ، سۋېن ھېدىننىڭ «لوپ كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەش» ناملىق كى-تابىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا خاتىرىلەنگەن، 1900 ـ يىلىدىكى لوپ رايونىنىڭ يەر ناملىرىنى ئەسلىگە قايتۇردۇم ۋە كىتاب-خانلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە سۇندۇم.

1 ـ باب: «كۆنچى دەرياسىدىن قۇرۇقتاغ باغرىغىچە»: قۇم دەريا، كۆنچۇ (كۆنچى) دەريا، لوپنور، ئاختارما، سەگىر ~ سى-گىر، قىزىل سەگىر، ئاتمىشبۇلاق، ياڭىكۆل، قاراقۇم، يامان ئى-لەك دەرياسى، چوڭكۆل ئۆرتەڭ، دۆرال، كورلا، چاقىلىق، بولجۇ-مال (دەريا سۈيى قېيىپ ئاندىن تۈز ئاققان بىر خىل يەر شەك-لى)، كونا تەگىرمەن (تۈگمەن)، ئاغىش (ئاغىز)، ئاقتاش، دىل-پار، سۇلاقسۇ، كۆنچىقىش تارىم، بوزئىلەك، ئىنچىكە دەريا،

چوڭكۆل، يارداڭ، قالماق تۇشتى (چۇشتى)، ئارۇقبالىق، چىچا-
لى، ئاقئوردەكداشى، ئارپالىق، سايچىكە، ئورۇسچىكە، بوغازچى-
كە، دۆڭئوتاق، سۆكئاقتى، گالىخان، دۆتۆ، تۇگەباشى، سالىنى
سۆرىسۇ، قاچقان ئۆي، ياغانلىق، ئاقباشقىياق، توققۇز توللۇق،
مايني — ماينى، قۇرۇقئۆي، يەتىياغاچ، قالپۇق ئۇچۇغۇ، تولى
(توللاق) دەرياسى، قوڭۇرچۇقچىكە، قازچىپ ئولتۇرغان، ماس
(ماسار — مازار)، داغىلىق، سىچپار، قازان سىندى، شىرداق
ئۆي، ئارۇزۇ (روزى) بەگنىڭ چايلىقى، تۇرپان قاراۋۇل، باش-
توغراق، توغرىكۆل، كالتا، ياڭكۆل، سۇگەت بۇلاق، يىڭپەن،
كۆمۈرسالدى، چورچور، كۆتەكلىك، قۇلانباشى، چىگەبۇلاق. بۇ
بابتىكى يەر ناملىرى 68، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەر نامىدىن پەقەت
تۆتىلا ئۇيغۇر تىلىدا قويۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن.

2 ـ باب: «قۇرۇقتاغ بىلەن يىڭپەن»: ئالتىنبۇلاق، قۇرۇق-
ئاقىن، قۇربانچىكە، توغراقبۇلاق، بۆجىنتۇ بۇلاق، مەردەك شە-
رى، كوناشەھەر — ئەسكىسار، بۆجىنتۇ، ئاچچىقبۇلاق، پاسابەگ-
نىڭ بۇلىقى، ئازغانبۇلاق، ئۇزۇنبۇلاق، باشبۇلاق، تاركابۇلاق،
شوربۇلاق، ئۇجمەدەك، ئاشىربۇلاق (هاشىربۇلاق)، يۇلغۇن تۇزى،
ئاسسا (هازار) شەرى، مۇسلۇق (مۇزلۇق)، ئىگەچىتاغ، قىزىلتاغ.
بۇ بابتىكى يەر نامى 22، بۇنىڭ ئىچىدە بۆجىنتۇ موڭغۇل تىلىغا
تەۋە سۆزلۈك ھېسابلىنىدۇ.

3 ـ باب: «قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبى ۋە قۇرۇق دەريا»: ئايرىلغان
(ئارغان) دەرياسى، تارىم، جىگدەبۇلاق، چارچاقتاغ (ئادەمنى چار-
چىتىۋېتىدىغان تاغ)، بوزئىلەك، ئويكۆبرۈك (كۆبرۈك، ياغاچ
غوللۇق ئۆسۈملۈك)، چايدام، ياردائبۇلاق، ئاچچىق ياردائبۇلاق،
يۇقارقى ياردائبۇلاق، تۆمەنكى (تۆۋەنكى) ياردائبۇلاق، ياقا
ياردائبۇلاق، چاقاياردائبۇلاق (چاقا، بىر خىل ئۆسۈملۈك). بۇ
بابتا جەمئىي 13 يەر نامى بار.

4 ـ باب: «ياردائ چۆللۈكىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاتمىشبۇلاققا
بېرىش»: مۇچلاي بۇلاغى، كۆكسۇ، نوغۇسۇن، تېپىزبۇلاق، ئولۇن-

تۇمبىنتۇ، بۇرۇتۇ. بۇ ئالتە نامدىن ئىككىسى ئۇيغۇرچە، تۆتى موڭغۇلچە. دوكتۇر سۋېن ھېدىن بۇ ناملار ئۇيغۇر تىلى بىلەن موڭغۇل تىلىنىڭ چېگرىسىدا تۇرماقتا، يەر ناملىرىنى قوللىنىشتا، موڭغۇل تىلى تەدرىجىي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنىنى ئالماقتا، دەپ ئىزاھات بەرگەن (63 ـ بەت).

5 ـ باب: بولتا، بەشبۇلاق، ئالچۇقبۇلاق، ئويمانبۇلاق، قىرقساي، چىخىل سۇتۇم، سىندان، مىڭئۆي، مىرتوختاسۇن، يەتمىنبۇلاق، شالدىراڭ، قاتارىيۇلغۇن، ئىلتىرغۇچ، موللامەتبۇلاق، چۆلتاغراقنىڭ تېغى، سېرىتۇ، گانسىشىن توغراق، ۋەرگەنتۇ، تورۇقجاڭال، سوقۇجاڭال، سولاقئاغىز، تاللىق، ئاقبۇلاق، بايىنئوتاق، ئوغرىبۇلاق، ھاغېنابۇلاق، قازانبۇلاق، قاپچالبۇلاق، ياڭبۇلاق، ئەگىربۇلاق، ياتمبۇلاق، تاتلىقبۇلاق، قوشئۆيداۋان، بايبۇلۇڭ، ئاتچىبۇلاق، سەكسەنبۇلاق، تەگىرمەن، يۇلغۇنبۇلاق، سايبۇلاق، ئوتۇننوجا، پاۋانبۇلاق، قۇرۇقتوغراق، تاشئارتۇداۋان، قاتارىيۇلغۇن، تۇگېتاغ، ئورۇس كىيىك ئۇردى تاغ، ساتېي، بۇرۇپتۇ (موڭغۇلچە ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بۇلاق مەنىسىدە)، قۇرۇقتوغراق، ئولتۇرغانبۇلاق، چودچا يۇلغۇن. بۇ بابتىكى يەر ناملىرى 51، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەر نامىدىن ئالتىسى موڭغۇلچە ياكى باشقا مىللەت تىلىدا قويۇلغان.

6 ـ باب: ئاغابۇلاق، قاراقىسىل، توڭغۇزلۇق، گېنسوچولو، چارايلىقتاغ، قانتىبۇلاق، قىزىلسەڭىر، يۇمۇلاقتاغ، سايچىن ئۇلا، پودچۇنا، ئەرپىشمە، نانچانچور. بۇ بابتىكى يەر ناملىرى 12، بۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا مىللەت تىلىدىكىسى تۆت.

7 ـ باب: قالماقئۆلدى، چۆرتۇقتاغ، چارانۇر، قارلىقتاغ. بۇ بابتىكى يەر نامى تۆت.

8 ـ باب: سەكىزيار، پانشابۇلاق، قوراتبۇلاق، ئاستىن يول، ئوتۇنبۇلاق. بۇ بابتىكى يەر نامى بەش.

9 ـ باب: قاناتباغلاغان كۆل، شىرگەچاپقان، قارابوران كۆلى، توققۇزتارىم دەرياسى، يۇرتچاپقان كۆلى، قۇمچاپقان كۆلى،

مىيان ـــ مىرەن، تۇرسۇن چاپقان. بۇ بابتىكى يەر نامى سەككىز.

10 ـ باب: قاراكۆل، ئۇزۇنكۆل، بەلچاپقان، نۇمۇتچاپقان، شاقىرما، قۇمكۆل، غولكۆل، ئوتاقكۆل، تۇياخۇنكول، چىگىلىكمۆي، ئارقاتاغ، ئاياغكۆل، جاڭگاللىقكۆل، كۆكمەكچۇشكەن كۆل، لاقۇنى تېرىسى قالغان كۆل، شاپتىقكۆل، تۇرقۇماقكۆل، ئۇچۇكۆل، باياتكۆل، ساتىكۆل، دۆڭلۈك، تاتلىقبۇلاق، يەكەنلىك كۆل، گۆلمە كەتكەن كۆل، كۇگىك. بۇ بابتىكى يەر نامى 25، بۇلاردىن بىرىلا ئۇيغۇرچە ئەمەس.

11 ـ باب: تۇغداقى چاپقان، كوچوكئاتامنىڭ كۆلى، قامىشلىق كۆل، تۇرقۇماقتىقكۆل. بۇ بابتىكى يەر نامى تۆت.

12 ـ باب: ياڭيەر، تۇزكۆل، چارانۇر، چىندىيىلىك (موڭغۇلچە، يارلىق مەنىسىدە)، بۇغۇلۇق، لاشىم، ئاچچىققۇدۇق، بۇلۇڭگىرغول، چوليول، پارچاشور، يامانشورلۇق، خوڭلوغۇ. بۇ بابتىكى يەر نامى 12، بۇنىڭ ئىچىدە بىرى ئۇيغۇرچە ئەمەس.

13 ـ باب: باشكۆل.

14 ـ باب: چاقىرنى ئاغزى، قۇربان قۇللۇنۇ كۆلۇ، ياتى ئارالى، يوداقكۆل، مۆكمەكۆل، چاينوتكۆل (چايان ئوت)، ياغىزما كۆل، قىرچىن كۆل، ساغىزلىق كۆل، ئەشەك قۇرماچلىق كۆل، جەگرەنلىك قىر، سىمىللاقۇ كۆل (سىمىز لاقۇ كۆل). بۇ بابتىكى يەر نامى 12.

15 ـ باب: چوڭتارىم، بىگتارىم، قىرچىنلىق كۆل، ئايسۇ نىيازنى كۆلۇ، ئالىم خوجانى كۆلۇ، ئايىس ئۇللۇغ چاپقان، ئاقكۆل، ياڭيەر، قوڭۇرچاقتىق كۆل، كونا ئابدال، ئابدال كۆل، مۇھەممەدى قوشۇرۇ، ئۆينى ئالدى كۆل، چاياتتىق كۆل، يانداشقاق، مىيان ئاياغى، نادچى يىچرە، يايۇق، نادچىبىدچىن، سارىقلىق، توللۇق قۇلۇ، ئەندىر، قىقىر، قاراۋۇل دۆڭ، ئەخمەت قۇدۇق، تېزياتقان، چىمەن، ئىغانى قۇللۇ كۆل، يولئارىلىش، چولاقى مىيانى. بۇ بابتىكى يەر نامى 29، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئۇيغۇرچە ئەمەس.

18 ـ باب: چىۋىللىقكۆل، ئىلەك، ئاۋۇلكۆل، قاراكۆل، تايىز كۆل، ئارقاكۆل، ساداقكۆل، نىيازكۆل. بۇ بابتىكى يەر نامى سەككىز.

19 ـ باب: قۇلاچا، ئېتەك تارىم، قوشلاش، نوكىتۇ داۋان. بۇ بابتىكى يەر نامى تۆت.

20 ـ باب: چىمەنكۆل.

23 ـ باب: سېيىت كۆل، ياتىم تارىم، قارائولنۇ كۆلى، بەگلىك كۆل، يېنىمىشىك كۆكئالا، چۇقۇن، تاغقۇم، مالتاقكۆل، مەردەككۆل. بۇ بابتىكى يەر نامى توققۇز.

35 ـ باب: خەمىت مىراب لەنگىرى، كەسكەن توغراق، مۇرتۇق قويغان، قۇدۇق كولىغان، دۆڭئوتاق، يۇلغۇنلۇق تېرىمنىڭ دەرياسى، قۇربانبەگنىڭ ئارىشى، قورغان، يېكەنبۇلجۇمال، تۇرنا باغلىدى چېكە، تۇقۇم، تارقىرچىن ساي ، ئالمۇنچۇق، ئارغامچىباغلاغان چېكە، مۇسا ئەلەم، ساتۇغقان، ئاقياغاچ، يوگەنتاراۋالدى چېكە، ئوتاق چېكە، قارۇنا چېكەسى، تارشى سىندى كۆل، قاراداي ئۆرتەڭ، شام قويغان چېكە، تېلىپ كۆلى، دىلگەرنىڭ ئۆيى، ئابدال چاپقان، سىتمېت قويغان كېمى، قاراۋۇل تۇرغان كۆل، پاتما ئۆلگەن ئۆي، سادىق ئۇن كۆمگەن دۆڭ، ئاتامەت كۆلچۇ، تاۋۇز يېگەن دۆڭ، ئابدال بەگنىڭ كونا كۆلى، سەفەر قازدى، مۇسىنىڭ (مۇسانىڭ) ئۆيى، قاتىق ئارىق چېكەسى، ئاراقۇم، گۇن كۆرۈك، تام ئۆي، قۇربان كۆلنىڭ تەلەم باشى، تۆلۆگۆنىڭ ئۇكتۇسى، كۇزلەك مەللە، قارادۆڭ، تاشلاپ كەتكەن ئۆي، كەسكەن تارىم، قوداق كونا ئۆي، ئۇلۇغكۆلنىڭ ئاقتارمىسى، توڭگىنى تۇشدى چېكە، تالاش قوتان، هازىر ئۆلگەن ئۆي، چودسام قالدىنىڭ توڭغۇس ئۆي، مۇت ئاشۇر تۇرغان ئاقتارما ئۆي، بىرىنچى بايىر كۆل، ئىككىنچى بايىر كۆل، ئۇچىنچى بايىر كۆل، قۇمكۆل، توپاق ئۆلدى، ياڭىسۇنىڭ كۆلى، بەشتوغراق، ئارقا قاراكۆل، كالاسۇغا ياغىلغان يەر، قودايلىق كۆل، قۇشقاچكۆل، ئۇزۇن تامنىڭ قۇشلاچى، چاپقانكۆل، كونا كۆللۇك ئېتەك كۆل، قور-

چاقنىڭ ئۆيى، قارائۇنىلىق كۆل، يەكەن ئۇقۇلۇق، تاتىر ئىلەك، چان دارىنىنىڭ ئوسىىسى، كۇنچىقىش تارىم، بوزكۆل، سوسۇك كۆل، چوڭ كۆك ئارا، تورقاماق كۆل، تارىمنىڭ قوشلاچى، سامارنىڭ تاغمانى، ساپايى قالدى كۆل، سالاتۇ قالغان كۆل، كەركى چۆككەن كۆل، چەنگو مالاك كۆل، چەنگەر سالدى كۆل، مايات قالدى كۆل، ئەنۇ قۇلۇنىڭ كۆلى، ئاباس جىلگەن كۆل. بۇ باتىكى يەر نامى 88.

تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف لوپ رايونىدا (لوپنور ۋە چاقىلىق ناھىيىسىدە) 1960 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ئالتە ئاي تىل تەكشۈرگەن، ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىئالېكتى» ناملىق كىتابىدا شۇ چاغدىكى يەر نامىلىرىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ ئاساسىي قىسمى تۆۋەندىكىچە:

شىنغى، توڭچىكە، باراي چىكە، سىڭگىرتاغ، يول مەللە، قوداي (غوداي)، تەنجىلىك، ئالتاغۇلاقنىڭ (ئالتە ئوغۇللۇقنىڭ) مەللىسى، توغراقلىق مەللە، يۇقۇرى ئۇقۇر، تۆۋەن ئۇقۇر، ئاۋۇل كۆل، ئاتمىشبۇلاق، ئالماشساقال (ھاشىم ئاقساقال)، ئالمانچۇق، پوتقۇ، ئەرگىم چىكە، ئەۋەلە، تارىم كەلدى، تىۋەت (تىبەت)، چاقۇ دۆڭ، چوڭ تارىم، چىچالى، دۆڭئوتاق.

تىلشۇناس ھاشىم تۇردى بىلەن رەيىقىسى مىھراي ياقۇپلار 1982 ـ يىللىرى ئەتراپىدا لوپنور ۋە چاقىلىق ناھىيىسىدە تىل تەكشۈرگەن. تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدىكى يەر نامىلىرى:

چوڭكۆل، جىگدىلىك ئۆي، يايلۇق ـــ يايلىق (كۆل)، ياغۇزما (ياغىزما)، يىكەللىك (يىكەنلىك)، يالغۇز قۇيچىن (قۇرچىن)، كۇن كۆيۈك، قارچۇغا، قايلاش، قىرقى (تارىمنىڭ كونا ئېقىنى)، قوغالا (ئابدالغا يېقىن يەر)، قۇتمەتچۆل، قالۇن ئالدى، قاراقۇشۇن، قاقما چەچىن، قىز ئوتۇقتۇ، قۇشتۇق چاپقان، قانات پاغلاغان كۆل.

80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش داۋامىدا بىر قىسىم يەر ناملىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا خاتىرىلەنگەن. تارىخ ماتېرىياللىرىنى رەتلەش، نەشر قىلىش داۋامىدىمۇ بىر قىسىم يەر ناملىرى ئەسلىمىلەر ئارقىلىق تارىخ بېتىگە يېزىلدى. تۆۋەندە «لوپنور خەلق قوشاقلىرى»، «لوپنور خەلق چۆچەكلىرى»، «باينغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى»دا كۆرۈلگەن بىر قىسىم يەر ناملىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

تىكەنلىك رايونى، يەنى هازىرقى يېزا ئىگىلىك 2 ـ شى 34 ـ تۈەن تۇرۇشلۇق جايدا 1940 ـ يىللىرىغا تەئەللۇق يەر ناملىرىدىن خاڭگۇڭ مەھەللىسى، لاشىم مەھەللىسى، تۇرپان مەھەللە، كوكۇلا (كۆك ئالا) مەھەللىسى، ئويمانكۆل، يېڭىسۇ، غول مەھەللە، باش مەھەللە، كۇزلەك، تىكەنلىك بازار ئىچى مەھەللە قاتارلىق 10 مەھەللە بولغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆرۈلگەن يەر ناملىرى تۆۋەندىكىچە:

جاڭقۇلى، ئاگاينىق (يالغۇز قەبرە لوپلۇقلاردا ئاگاي دېيىلىدۇ)، ئاقسۇپۇ ــ ئاقسۇپا، ئاختاش (ئاقتاش)، بوسسون (بوستان)، بۇرگەلىك ئۆي، دىلپار، دۆڭقوتون (دوڭقوتان)، كۆنچۇ (كۆنچى)، كۇلقوتان، كۇززەك (كۇزلەك)، مىرسالى، مىرەن، مۇزاسسى (مۇڭگۇز ئاستى)، ئونلۇق، ئويمونكۆل (ئويمانكۆل)، پوتقۇ، چارا، چايان دەرياسى (تارىمنىڭ تارمىقى)، چاقۇدۆڭ، چىگىلىك ئۆي، چىۋىن كۆل (چىۋىنلىق)، چوڭ مەھەللە، چوڭ تارىم، سولومو، تارىم، تىكەنلىك، توققۇز تارىم، تۇڭ چىكە، تەسكەن، تۇمەنپۇ، ئۇلۇق كۆل، شۇتاڭ، ياڭىكۆل، ياڭسۇ، يامان خۇۋا، يار قارۇل، غودوي (غۇداي ~ قوداي)، قارادۆڭ، ئەسكى تارىم، ئۆگۆن (قەدىمكى ئۇيغۇرچە، دەريا دېگەن مەنىدە)، تۆگە بېشى، شىگدى، تاغ شەھەر، سەكسەن كۆۋرۈك، يولۋاس چۆكتى، قاراچاچ، تېرىم شەھىرى، ئاغدۆڭ، باش ئاقسۇپا، سالدام، تالباشلام، ئاياقچى (دىلدىرەم)، لايسۇ، چۆل قۇدۇق، جىگدە باشلام،

ئاراقۇم، نۇرمەت كۆلى، ئابدۇش كۆلى، ئارال، تاتلىق، ياڭىكۆل، قوۋزاق، تەسكەن، ئاقكۆرۈك، ھابدال ــ ئابدال، توكام تۈزى، قاراچى، بۇلۇڭشور، ئات باغلىغۇچ، چاچما، لايىباستى، باش ئۆكتە تۈغى، قارامچى، يامبۇلاق، ئايدىڭكۆل، دۆڭبەل، دۇنياك (دۇرال)، پاتقۇچۇم، ئېشەك سۇرگۈچ، بەگلەر چىققان دۆڭ.

لوپ رايوندىكى يەر ناملىرىدىن مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىكنى بايقىيالايمىز:

1. لوپ رايوندىكى يەر ناملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرى تەشكىل قىلىدۇ. بىز يۇقىرىدا 1900 ـ يىللىرىغا تەۋە يەر ناملىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق، بۇلاردىن تەكرارلانمىغان يەر ناملىرى 383، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىغا يات بولغىنى 40 قا يەتمەيدۇ. يەر ناملىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، لوپلۇقلارنىڭ ئۇزۇن زاماندىن بېرى مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەۋەلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. لوپلۇقلار ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان لوپ رايوندا بېكىنمە ھايات كەچۈرۈپ، تىل جەھەتتىن ئۆز خاسلىقىنى ساقلاپ قالغانلىقتىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپ دىئالېكتىنى شەكىللەندۈرگەن. لوپلۇقلار ئىزچىل تۈردە دەريا-كۆل بويلىرىدا ياشىغانلىقتىن تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلەردىن باشقا بوستانلىقلاردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن پەرق ھاسىل قىلغان. بۇ خىل ئادەت پەرقىنى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەممىدىي» دېگەن كىتابىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن.

2. لوپ رايوندىكى يەر ناملىرى ئارىسىدا ئىنتايىن ئاز ساندا موڭغۇلچە، زاڭزۇچە يەر ناملىرى ساقلىنىپ قالغان. سۋېن ھېدىن «لوپ كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ» ناملىق كىتابىنىڭ 4 ـ بابىدا خاتىرىلىگەن يەر نامى ئالتە، بۇنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇرچە، تۆتى موڭغۇلچە بولۇپ، ئالىم موڭغۇل تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن، ئالىمنىڭ بۇ بايانلىرى تارىخىي ئەمەلىيەتكە

ئۇيغۇن. چۈنكى، 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ موڭغۇللار شىنجاڭ تارىخىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلدى. لوپلۇقلارنىڭ ئارىسىدا ھازىرمۇ بىر قىسىم كىشىلەر (سانى كۆپ ئەمەس) ئۆزلىرىنى «قالماقتار» دەپ ئاتايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدە ئىككى موڭغۇل بىر بالىنى ئېلىپ لوپ رايونىغا كەلگەن ھەمدە بۇ بالىنى گۆلمۇ قاتارلىق بەزى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا تېگىشكەن. بۇ بالا چوڭ بولۇپ مۇشۇ يەردە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ ئەۋلاد قالدۇرغان، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «قالماقتار» دەپ ئاتالغان. يەنە بىر نۇقتىنى ئېيتساق، بىر بۆلۈك موڭغۇللار دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن لاساغا تاۋاپ قىلىپ ماڭغاندا، لوپ رايونىدىن ئۆتىدىغانلىقى مەلۇم. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى جۇڭغارلارنى قوغلاپ لوپ رايونىغا كىرگەن، مۇشۇ خىل تارىخىي ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، نوپۇسى ئانچە كۆپ بولمىغان موڭغۇل ئاھالىسىنىڭ لوپ رايونىغا كېلىپ ياشاپ قالغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. «قالماق تۇشتى»، «موڭغۇل ئۆلگەن»، «قالماق ئۆلدى» دېگەن يەر ناملىرى ۋە سانى ئاز ئاشۇ موڭغۇلچە يەر ناملىرى شۇ تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سۆزىن ھېدىن ئېيتقاندەك، بۇ يەرگە كەلگەن موڭغۇللار جايلارغا ئۆز ئادىتى بويىچە نام قويغاچقا، بەزى يەر ناملىرى لوپ دىيالېكتىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئورنىنى ئالغان، لېكىن موڭغۇللارنىڭ سانى چەكلىك، ياشىغان دائىرىسى تار بولغاچقا، موڭغۇلچە ئىسىملارمۇ ئىنتايىن ئاز بولغان، خالاس.

لوپ رايونىدىكى يەر ناملىرىدىن بىز لوپلۇقلارنىڭ جايلارغا ئات قويۇشتىكى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىيالايمىز:

1. لوپ رايونىدىكى يەر ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى جۇغراپىيىلىك ھالەتلەرگە ئاساسەن قويۇلغان. بۇنىڭغا قىزىل سەكىر، بۇلجۇلمال، قاراقۇم، قۇمكۆل، ئاغىش، كۇنچىقىش تارىم، ياردالىڭ، ئاقباشقىياق ... قاتارلىق يەر ناملىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

2. تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەر ئاساسىدا يەر ناملىرى ياساپ

چىقىلغان. مەسىلەن: پاتىمە ئۆلگەن، قالماق تۇشتى، ئورۇس كىدـ
يىك ئۇردى بۇلاق، لاقۇنى تېرىسى قالغان كۆل، گۆلمە كەتكەن
كۆل، قارائۇل دۆڭ ...

3. بەزى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىشلىرى بىلەن باغلانغان ياكى تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان يەر ناملىرى بولغان: خەمىت مىراب لەنگىرى، قۇربانبەگنىڭ ئارىشى، ئابدال بەگنىڭ كونا كۆلى، سەفەر قازدى، چان دارىنىڭ ئۇسىپسى، ئەخمەت قۇدۇق، ئىمانى قۇللۇ كۆل، ئالىم خوجانى كۆلى ...

4. كۆل ۋە دەريا ناملىرى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. كۆل ۋە دەريا ناملىرىنىڭ كۆپ بولۇشى لوپلۇقلارنىڭ سۇ بويلىرىدا ياشىغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ياغىزما كۆل، قىچىن كۆل، سىدىمىللاقۇ كۆل، ئەشەك قۇرماچلىق كۆل، چول كۆل، يوداق كۆل، مۆكمە كۆل، چاينۇت كۆل، ساداق كۆل ...

خۇلاسە قىلغاندا لوپ رايونىدىكى يەر ناملىرى مۇشۇ رايوندا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان لوپلۇقلارنىڭ تىلى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئادەتلىرى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم مەنبەلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئىزاھلاش زۆرۈركى، بىز قوللىنىپ كەلگەن لوپ نامى قەدىمىي ئاتالغۇ بولۇپ، 8 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق تۇبۇتچە ياديكارلىقتا «nop» دەپ يېزىلغان، «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەسەردە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۇيغۇرچە «نوپ» دەپ خاتىرىلىگەن، ماركوپولو «lop» دەپ خاتىرىلىگەن. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەردىمۇ «لوپ» دەپ يېزىلغان بولۇپ، چاقىلىق تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر ھېلىھەم «لوپ» دەپ قوللىنىدۇ، مەسىلەن: لوپ لەڭگەر، لوپلۇق، لوپنىڭ قىبقىرى، لوپ مەھەللىسى... لوپنور ئاتالمىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ «لوپ» دېگەن تۇپ يەر نامىغا موڭغۇل ـ مانجۇ تىللىرىدىكى كۆل مەنىسىدىكى «noor» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. كۆنچى نامى 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆنچى ۋە

لوپنور دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان، 1958 ـ يىلى يەر نامىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا لوپنور نامى بېكىتىلگەن بولۇپ شۇنىڭدىن باشلاپ كۆنچى نامى ئەمەلدىن قېلىپ لوپنور نامى قوللىنىلغان. مەن بۇ ماقالىدە لوپ رايونىنىڭ لوپنور ناھىيىسى بىلەنلا چەك- لىنىپ قالماستىن چاقىلىق ناھىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدى- غانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ئەڭ قەدىمىي يەر نامى — لوپنى رايون نامى سۈپىتىدە قوللاندىم.

ئىزاھلار:

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىي»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 706 ~ 703 ـ بەتلەر.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. سۋېن ھېدىن: «لوپ كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

2. ھاشىم تۇردى، مېھراي ياقۇپ، سۇڭ جېڭچۇن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىئالېكتى ئۇستىدە تەتقىقات»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسى- تېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

GUNNAR YARRING <<CENTRAL ASIAN TURKIC PLASE NAMES – LOPNOR AND TARIM AREA>> 1997 STOCKHOLM .3

4. مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىئالېكتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى، خەن- زۇچە نەشرى.

5. «لوپنور خەلق قوشاقلىرى»، 1982 ـ يىلى، لوپنور ئۈچ توپلام ئىشخانىسى نەشرى.

# قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەسلىي نامى ھەققىدە ئىزدىنىش

## ئابدۇغېنى سەيدىن

ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى خەنزۇچە سۇلې (疏勒) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ قەدىمىي قەشقەرنىڭ ئەسلىدىكى «سۇلىلاغ» دېگەن نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە تەتقىقاتچىلار ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ بولدى ۋە بىرقىسىم تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۇردى. بىراق، ھازىرقى يېڭىشەھەر دەپ ئاتىلىۋاتقان ناھىيىنىڭ ئەسلىي نامى ھەققىدە ھازىرغىچە ھېچكىم ئېنىق بىر كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. بۇ نامنىڭ ئۆزىدىنلا «يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان شەھەر» دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ چىڭ سۇلالىسى قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن مەخسۇس قوشۇن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن يېڭىدىن بىر شەھەر بىنا قىلىش زۆرۈر بولۇپ قېلىپ سېپىل سوقتۇرۇپ، ھازىرقى يېڭىشەھەرنى بىنا قىلغانلىقى دەلىللەنگەن.

لى فېڭشىنىڭ «قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «1759 ـ يىلى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئۆلتۈرۈلۈپ شىنجاڭ تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، 回城 (مۇسۇلمانلار شەھىرى، ھازىرقى قەشقەر شەھىرى)نىڭ يەتتە چاقىرىم غەربىگە 汉城 (خەنزۇ شەھىرى) سېلىندى. بۇ شەھەردە ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئولتۇراقلاشتى، سودا رايونلىرى بەرپا قىلىندى. 1826 ـ يىلى جاھانگىر خوجا يېغىلىقىدا بۇ شەھەر سوغا باستۇرۇلۇپ ۋەيران قىلىندى. 1828 ـ يىلى مىللەتلەرنى ئايرىش، كوناشەھەردىكى ئاھالىلەر ـ

نىڭ زىچلىقىنى پەسەيتىش، ئەسكەر توپلاپ چېگرانى قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمگەك ۋە پۇل سەرپ قىلىنىپ، بۇ شەھەر سېلىنىدى. داۋگۇاڭ خان بۇ شەھەرگە خۇيۇۋچېڭ (恢武城) دەپ نام بەردى. مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر، سودىگەرلەر بۇ شەھەرگە كۆچۈپ كىردى. كونا شەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئايرىلغانلىقتىن، يەرلىك خەلق يېڭىدىن سېلىنغان بۇ شەھەرنى يېڭىشەھەر دەپ، قەشقەر شەھىرىنى كوناشەھەر دەپ ئاتىدى. يېڭىشەھەردە مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدار ـ پۇقرالار كۆپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ۋە شەھەر ئەتراپىدا سەككىز خەنزۇ كەنتى بەرپا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جاي 汉城 (خەنزۇ شەھىرى) دەپ، كوناشەھەردە مۇسۇلمانلار كۆپ بولغانلىقتىن 回城 (مۇسۇلمانلار شەھىرى) دەپ ئاتالدى».

قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن «شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى» دېگەن كىتابىدا: «قەشقەر يېڭىشەھەر (疏勒) قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شۇ نامدا ئاتىلىدىغان بىر ناھىيىنىڭ نامى، بۇ نامنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان ‹سۇلى ـ سۇلاغ ئېلى› (疏勒国)نىڭ نامىدىن قالغان ۋارىس نام. بۇ نام قەدىمكى ‹سۇللاغلا› دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ‹سۇللاغ› دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بار. هازىرقى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە ‹سۇلى› (疏勒) دېگەن بۇ نام بىردەك ‹قەشقەر› ياكى ‹سۇلى› دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ، بۇ خاتا. توغرىسى ‹سۇللاغ› (ئەسلىسى ‹سوغداق›). ئەگەر بۇ نامنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن دېيىلسە، ئۇ ھالدا ‹قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى› دېگەن بۇ نامنى ‹سۇللاغ ناھىيىسى› دەپ ئالساق، ھەم ئىلمىيلىقى، ھەم ئەنئەنىۋىلىكى ئىگە نام بولغان بولىدۇ. ‹قەشقەر يېڭىشەھەر› قەشقەر يېڭىشەھەر رايونىنىڭ نامى بولۇپ، تەۋەلىك نامىدىن باشقىچە مەنە بىرەلمەيدۇ» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق «قەشقەر يېڭىشەھەر نا-

ھىيسى» دېگەن نامنى «سۇللاغ ناھىيىسى» دەپ ئاتاشنى ئىلمىي
ئاتاش بولىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن، بىزنىڭچە بۇ خىل قاراش
ئىلمىي ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ
توم، 606 ـ بەتتە «سۇللاق. بىر يەرنىڭ نامى» دېگەن ئىزاھاتقا
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار شۇ بەتنىڭ ھاشىيىسىگە «قەشقەر كونا ـ
شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا ھازىرمۇ ‹سۇللاغ› دەپ ئاتىلىدىغان
بىر يېزا بار» دەپ تولۇقلىما ئىزاھات بەرگەن. دەرۋەقە ھازىرقى
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە «سۇلا ـــ سۇللاغ» دېگەن كەنت
بار. يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە بۇنداق كەنت ھازىرغىچە ئەنگىيە ئېلىند ـ
ىمغان. قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ ھازىر خەنزۇچە «سۇلې» (疏勒)
دەپ ئاتىلىشى ئورۇن جەھەتتىن بۇگۈنكى سۇلىنىڭ ئۆزى ئە ـ
مەس. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتقا قىزىققۇچىلار ئابلەت ئابباس ئەپەن ـ
دىنىڭ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق
3 ـ سانىغا بېسىلغان، بۇ تېما ئۈستىدە بىر قەدەر ئومۇملاشتۇ ـ
رۇپ، خۇلاسە شەكلىدە يېزىلغان «تارىختىكى ‹سۇلى› بىلەن بۈ ـ
گۈنكى ‹سۇلى› بىر جاي ئەمەس» دېگەن ماقالىسىگە مۇراجىئەت
قىلسا بولىدۇ. بۇيەردە ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ «‹سۇلې› نامى ـ
نىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە تىلغا ئې ـ
لىنغان «سۇلې» نامىدا ئاتىلىدىغان جايدىن ئېلىمىزدە قەشقەرنىڭ
قەدىمكى نامى، ھازىرقى يېڭىشەھەرنىڭ خەنزۇچە ئاتالمىسى
«سۇلې»؛ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جىمسار ئەتراپىدىكى سۇلې؛
گەنسۇ خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى سۇلې دەرياسىدىن ئىبارەت
ئۈچى بارلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىنىڭ ئۆزىمۇ يۇقىرىقى قاراش ـ
نى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
بېرىدۇ.

چوقان ۋەلىخانوفمۇ «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ناملىق ئە ـ
سىرىدە: «چىڭ ئىمپېرىيىسى كىچىك بۇخارا (قەشقەر)نى بوي ـ
سۇندۇرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ يېنىدا ياكى شە ـ
ھەردىن ئىككى چاقىرىمدىن يەتتە چاقىرىمغىچە بولغان يىراق ـ

لىقتا باشقىدىن سېپىل سوقتۇرۇپ يېڭى قەلئەلەرنى بەرپا قىلىپ، ئۇ شەھەرلەرنى مەنچېڭ (مانجۇلار شەھىرى) دەپ ئاتىدى، ئالتە شەھەرلىكلەر بولسا شۇ سۆزلەرنى يېڭى شەھەر ياكى گۈل-باغ دەپ ئاتىشىدۇ. ئىچكىرىدىن يۆتكەپ چىققان ئەسكەرلەر بىلەن يۇقرالار مۇشۇ شەھەرلەردە تۇرىدۇ. مانجۇ، خەنزۇ يۇقرالار ئەسلىدىكى كونا شەھەرلەرگە پەقەت كۈندۈزىلا كىرىپ چىقالايدۇ.» دېگەن مەلۇماتلىرىمۇ يېڭىشەھەر نامى بىلەن بىرگە ھازىرقى يېڭىشەھەرنىڭ 1828 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بەرپا قىلىنغانلىقىنى تەستىقلايدۇ. ھازىرمۇ قەشقەر شەھىرىدىن يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسىدىكى كۆۋرۈكنى ئۇيغۇرلار «قىزىل كۆۋرۈك» دەپ ئاتىسا خەنزۇلار «七里桥» دەپ ئاتايدۇ. كۆۋرۈك نامىغىمۇ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قىلىنىپ «يەتتە چاقىرىم كۆۋرۈكى»، «七里桥» دەپ يېزىلغان. بۇ يەتتە چاقىرىم ئارىلىقتىكى يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان شەھەر ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىغا سوقۇلغان كونا سېپىل ئىچىدىكى دائىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ناھىيە بەرپا قىلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ ئورۇن نېمە دەپ ئاتالغان دېگەن سوئال بىزنى قىزىقتۇرماي قالمايدۇ. بۇنىڭغا يەنىلا تارىخىي ماتېرىياللار ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ.

ئا .ن . كروپاتكىن «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىدە «قەشقەرىيە مەمۇرىي جەھەتتىن مۇنداق 10 چوڭ ئاساسىي رايونغا ۋە نۇرغۇنلىغان كىچىكرەك جايلارغا بۆلۈنىدۇ: قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، باي، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلار ئاساسلىق رايونلار ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر رايوندا بىردىن شەھەر ۋە نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك مەھەللە ـ كەنتلەر بار. قەشقەر رايونىغا تەۋە يەرلەردىن سەمەن، توققۇزاق، قوغان، قارا-قىر، بەشكېرەم، ئاۋات، قىزىلبۇي، ياندۇرما، شاپتۇل، ئاقيار، يامانيار، تۆۋەنكى ياندۇرما، بايتوقاي، قوشئاۋات، پەيزاۋات، كۆپ-سەڭگى، تۇپراقلىق، قاراباغ، پاراچ، بوراختاي، ناچۇق، دۆلەتباغ

ۋە قىزىل دۆۋە قاتارلىق جايلار بار». بۇ ئۇچۇرلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك ئەينى دەۋردىكى قەشقەرىيەنىڭ چوڭ رايونلىرى قاتارىدا يېڭىشەھەر يوق. مەھەللىلەردىن قەشقەرگە تەۋە مەھەللىلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان ياندۇرما، يامانيار، بايتوقاي، ناچۇق كەنتلىرى هازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى يېزا، مەھەللىلەرنىڭ نامى. بىرلا قاراقىردىن باشقا ناملار هازىرقى قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر ، يېڭىسار، پەيزاۋات ناھىيىلىرى تەۋەسىدىكى كەنت، مەھەللىلەرنىڭ نامى. ئۇنداقتا قاراقىر قەيەرگە كەتتى؟ هازىرقى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن يازما ئۇچۇرلار هازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1828 ـ يىللاردىن ئىلگىرى قاراقىر دەپ ئاتالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قەمەرجان قابىل «قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىل ـ دەرۋازىلىرى» ناملىق ماقالىسىدە: «قاراقىر دەرۋازىسى: بۇ دەرۋازا شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپى يەنى هازىرقى چاسا كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ ساقىيە ئاھالە كومىتېتى تەۋەسىدىكى كەتمەن بازىرى مەھەللىسىگە جايلاشقان. بۇ دەرۋازا نامىنىڭ قاراقىر دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىچىچا، ئاراباغ، بارىن قاتارلىق كەنتلىرى ئەينى چاغدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قاراقىر يېزىسى دەپ ئاتىلاتتى، شۇڭا شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى ئۆزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قاراقىر يېزىسىنىڭ نامى بىلەن قاراقىر دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان».

1825 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يازدۇرۇلغان، راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، ئابلا سايىت هاجى نەشرگە تەييارلىغان «ئافاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى»دە مۇنداق ئۇچۇرلار بېرىلىدۇ: «مازارغا قاراقىرغا تەۋە ياندۇرمىدىكى بايرىن شور ئېرىقلىق بورياچىلاردىن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە سېتىپ ئالغان تەخمىنەن ئاتمىش ئالتە پاتمانلىق يەرنى، بىنامغا تەۋە يۈز پاتمانلىق يەرنى قوشۇپ جەمئىي بىر يۈز ئاتمىش ئالتە پاتمانلىق يەرنى ئۆز مۈلكى تە-

سەررۇپلىرىدىن چىقىرىپ ۋەخپە مۇتلەق ۋە مەڭگۈلۈك تەسەددۇق قىلدى.

قاراقىرغا تەۋە ياندۇرمىدا ۋەخپە قىلىنغان بىر يۈز ئاتمىش ئالتە پاتمانلىق يەرنىڭ چەك-چېگرىسى:

شەرقىي چېگرىسى يامان يارغا ۋە بەزىسى قارا كۆلگە تۇ-تاش.

شىمالىي چېگرىسى سېغىزلىق يەرگە، بەزىسى ھىممىتنىڭ بېگى، سامۇ خوجە، قاسىم تۆۋچىلارغا بەرگەن يەرگە ۋە بەزىسى ئايرىلىپ قالغان يىگىرمە پاتمانلىق بىنام يەرگە ۋە بەزىسى ئايە-غى لۈك نىنىڭ قوۋمىنىڭ بۇتخانىسىگە چىقىپ، ئۇشبۇ ۋەخپە يەرگە سۇ كىرىدىغان ئۆستەڭگىچە.

جەنۇبىي چېگرىسى ھەم ئابدۇل باقى بەگنىڭ لەڭگىرىنىڭ يېرىگە تۇتاش پاسىل بويىرچى يولى. بەزىسى جىلغا ۋە بەزىسى ياندۇرمىنىڭ شۇبۇ ۋەخپە يەرگە سۇ كىرىدىغان ئۆستەڭ، كالا قوتىنىدىن باشلاپ يامان يارغىچە جىلغا.

قاراقىرغا تەۋە بايرىن كەنتىدە غوجەك لەنگىرىنىڭ ئالدىدى-كى يار ئاغىچە ۋەخپە قىلغان ئالتە غەلبىرلىك يەر». ئادىل مۇ-ھەممەت تۇران «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار» ناملىق ئەسىرىدە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «قەشقەر يېڭى-شەھەر ناھىيىسى ئەسلىي قەشقەر شەھىرى بىلەن قوشۇلۇپ، قە-دىمكى غەربىي يۇرتتىكى سۇلې بەگلىكىنىڭ مەركىزىي رايونىدىن ئىدى. 1827 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قەشقەر شەھىرىگە يېقىن بولغان ‹قاراقىر› دېگەن يەرگە مۇستەھكەم قورغان سېلىپ شە-ھەر بىنا قىلدى. نامىنى خەنزۇلار شەھىرى (汉城) دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇرلار قەدىمكى قەشقەر شەھىرىگە ئۇدۇل قارىتىپ بىنا قى-لىنغان بۇ شەھەرنى ‹يېڭىشەھەر› دەپ ئاتىدى».

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىر بىز يېڭىشەھەر ناھىيىسى دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان ناھىيە بازىرى مەركىزىدىكى كونا سېپىل ئىچىگە جايلاشقان ئىلگىرىكى يېڭى-

شەھەر ناھىيىسىنىڭ تارىختىكى ئەسلىي نامى قاراقىر بولۇپ، ئۇ چىلى سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن بەرپا قىلىنغان. ھازىر سابىق يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ قورۇسى ئىچىدە بىر ئاز سېپىل قالدۇقى (ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىرچە، قېلىنلىقى بىر مېتىر ـ چە) قالغاندىن باشقا، بارلىق ئىزلار ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن يوقىلىپ كەتكەن.

ھازىر قاراقىر دېگەن بۇ نام پەقەت قەشقەر شەھىرىنىڭ جە ـ نۇب تەرىپى، يەنى ھازىرقى چاسا كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ سا ـ قىيە ئاھالە كومىتېتى تەۋەسىدىكى كەتمەن بازىرى مەھەللىسى ـ دىكى كوچىنىڭ نامى سۈپىتىدە «قارقى دەرۋازا» دېگەن نام بىلەن ساقلىنىپ قالغان.

قاراقىرنىڭ مەنىسى جەھەتتە «پوپالڭ يەر، قارغا ئاتىدىغان جايغا چىقىدىغان ئېغىز، قاراقچىلار بار جاي» دېگەندەك مەنىلەر ـ نى بەرگۈچىلەر بولدى. بىزنىڭچە بۇ خىل ئىزاھلاش سەل يەڭ ـ گىلتەكلىك بولۇپ قالسا كېرەك. بىزدە «قارا» دېگەن سۆزنىڭ «ئۇلۇغ، كەڭ، چوڭ، يوغان، ھەيۋەتلىك» دېگەندەك مەنىلەرنى بە ـ رىدىغانلىقى، «قىر»نىڭ يايلاق، دەريا، ئۆستەڭ، ئېرىق، شۇنداقلا چوڭقۇرچاق نەرسىلەرنىڭ پاسىلىنى، چېتىنى، يەنى قىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەممىيلەنگە ئايان. بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 425 ـ بەتتە «قىر ـ تۆپىلىك، دۆڭ» دېگەن ئۇچۇرمۇ بار. ئابلىمىت ئەھەت بىلەن دىلدار مەمتىمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»دىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقىدەك ئىزاھات بېرىلگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياشاش ۋە يەر ناملىرى ـ نى قويۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قاراقىرنىڭ «كەڭ قىر، كەڭ يايلاق، چوڭ قىر، چوڭ داميا» دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدىغانلى ـ قىنى قىياس قىلالايمىز.

قىسقىسى، يېڭىشەھەرنىڭ ئەسلىي نامى سۇلى «سۇلىلاق، سۇلاغ، سۇلۇق» بولماستىن، بەلكى «قاراقىر»دۇر.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 ـ سان، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللار ھەيئەتى تۈزگەن. 1993 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

2. قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن: «شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 40 ـ، 41 ـ بەتلەر.

3. «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» 2 ـ توم، قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار ھەيئىتى تۈزگەن، 1994 ـ يىلى نەشرى، 12 ـ بەت.

4. مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى: «قەشقەردىكى يادىكارلىقلاردىن تەرمىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

5. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «‹سۇلىپ› نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان، 118 ـ بەت.

6. چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، «شىجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 2 ـ سان، 46 ـ بەت.

7. ئا . ن . كروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 36 ـ، 37 ـ بەتلەر.

8. قەمەرجان قابىل: «قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىل ـ دەرۋازىلىرى»، «شىجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 4 ـ سان 80 ـ بەت.

9. راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، ئابلا سايىت ھاجى نەشرگە تەييارلىغان «ئافاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان 31 ـ، 32 ـ، 35 ـ بەتلەر.

10. ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى.

# كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلارنىڭ قەدىمكى ناملىرى

**پائۇل پېللىئوت** (فرانسىيە)

لېكوك قىزىل ۋە شورچۇقتىن تاپقان قەدىمكى قولىيازمىلار ئارىسىدىن ئاتاقلىق ئالىم لۇدېرس كۇچانىڭ يەرلىك تارىخىغا دائىر ئاتالغۇلارنى بايقىدى[①]، بۇنىڭ ئىچىدە كۇچانىڭ سانسكرىتچە ئاتىلىشى بولغان Kuça سۆزى بىرنەچچە ئورۇندا ئۇچرايدۇ، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇچرىشى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە شۈەن زاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى چۈجى (屈支، Kuçi) دېگەن ئاتالغۇنى سالىدۇ، بۇ سانسكرىتچە ئاتالغۇنىڭ نەق ئۆزى، خالاس. بۇنى سانسكرىتچە بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بۇ سانسكرىتلاشمىغان يەرلىك نامدۇر. بىز خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ كۇچا نامىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە ھەر خىل يېزىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز، بۇ خەنزۇچە ناملار ئاساسەن بىرلا خىل كۇسى (Kuci) دېگەن يەرلىك ئاتالغۇنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىنلا ئىبارەت، بۇنى ھەرگىزمۇ كۇچى (Ku ç i)نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگىلى بولمايدۇ[②]، لۇدېرس ھازىرقى كۇچا نامىنىڭ قانداق مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلىيالمىغان بولسىمۇ، بۇ ئاتالغۇنىڭ 17 ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگەن، چۈنكى بېنوئىت دېگويېس بۇ نامنى كۇسيا (Cucia) دەپ يازغانىدى. ئەمەلىيەتتە 1330 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەردە بۇ نام ئاھاڭى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۇچا (苦叉) دېگەن خەت بىلەن يېزىلغان، بىراق بۇ مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ موڭغۇلچە تەرجىمىسى ئەمەس، بىز موڭغۇللارنىڭ بۇ سۆزنى نېمە ئۈچۈن «كۇسەن» دەپ يازغاد-

لىقىنى بىلمىدۇق، مانا بۇ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»دىكى كۇچا نامىدۇر. خەنزۇلار مانا بۇنى ئايلاندۇرۇپ چۈشىيەن، كۇشيەن دەپ خاتىرىلىگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە خوتەن نامىنىڭ يەنە ئۇدۇن دەپ يېزىلغانلىقىغا ئوخشاش ئىش. شۇڭا، موڭغۇلچە كۇسەن نامىنىڭ «تارىخى رەشىدىي»دە دائىم كۆرۈلىشى نورمال ئىش، بۇ بەلكىم تىبەتچە «دازاڭ تانجۇر» دېگەن نومدا ئۇچرايدىغان Khusenنىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن.[3] مەن بۇ يەردە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختالماقچىمەن، تەپسىلىي توختىلىش كەلگۈسىگە قالدۇرۇلىدۇ.

لۇدېرس تەتقىق قىلغان ھۆججەتلەردە كۇسەن خانلىرىدىن ئىككىسىنىڭ نامى ئۇچرايدۇ. بىرىنىڭ ئىسمى ۋاسۇياساس (Vasuyasas)، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئارتېپ (Artep)، بۇلارنىڭ قايسى زاماندىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا لۇدېرس . لېۋى تەتقىق قىلغان Svarnate (Suvarnadeva) دېگەن نامنىڭ تولۇق ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ چوقۇم سۋارناتېپ (Svarnatep) دەپ يېزىلىشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىغان. مەنمۇ ئىلگىرى خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن سۇفادىي (苏伐叠)غا ئاساسەن مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغانىدىم. بۇنى لۇدېرسنىڭ تەتقىقاتىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بۇ پەرەزنىڭ خاتا ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قەدىمكى كۇسەن تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كۈچلۈك بىر بەگلىك ئىدى. بىراق، ئۇ تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بىردىنبىر بەگلىك ئەمەس ئىدى. كۇسەنىنىڭ غەربىدىكى مۇھىم بەگلىك خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن 姑墨 بەگلىكىدۇر. شۈەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە بۇ يەر 跋禄迦 (بارۇكا) دەپ يېزىلغانىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋاتتېرس (Watters) «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان يەنجى (بۇگۈنكى قاراشەھەر)نى

سانسكرىتچىدىكى ئاگنى (Agni)نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن، بۇ «ئوت» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۈرك تىلىدا ئوت «ياغى» دېيىلىدۇ، ئاگنى سۆزى مانا مۇشۇ سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن دېگەنىدى. ئۇ يەنە 跋禄迦 سانسكرىتچىدىكى بالۇكا (ئەسلىدە ۋالۇكا بولۇشى كېرەك)نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، مەنىسى قۇم دېگەنلىكتۇر، شۇڭا بۇ يەر خەنزۇچە مەنبەلەردە گۇمو( قۇم ـ 姑墨) دەپ يېزىلغان، دەيدۇ. بۇنداق دەلىللەش تەلەپپۇز نۇقتىسىدىن قارىغاندا توغرىدەك قىلىدۇ، ئىلگىرى مەنمۇ مۇشۇنداق قاراشتا بولغان. كۆپچىلىك غەربىي يۇرتنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردە تۈركلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولسا، بۇنداق چۈشەندۇرۇش ناھايىتى تەبىئىي بولغان بولاتتى. بىراق، مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى پۈتكۈل غەربىي يۇرتتا بىر قىسىم ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى بايقالغاندىن كېيىن ، بۇ مەسىلە مۇرەككەپ بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 姑墨 نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى قۇم ئەمەس بەلكى دىماق تاۋۇشىدىكى ھەرپلەردە «قۇماق» ياكى «قۇماغ» بولۇشى كېرەك. بۇنى تۈركچە يېزىلىشى بويىچە ئەمەس بەلكى موڭغۇلچە يېزىلىشى بويىچە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك. لۇدېرس ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان كەمتۈك ۋاراقلار ئىچىدىن بارۇكا (Bharuka) دېگەن دۆلەت نامىنى بايقاپ قالغان ۋە بۇنى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 跋禄迦 دۆلىتىنىڭ نەق ئۆزى دەپ قارىغان.④ ناۋادا ئۇنىڭ تەتقىقاتى خاتا بولمىسا نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەردىن خالىي بولغان بولاتتۇق، بىراق كۇنلەرنىڭ بىرىدە مەن بۇ مەسىلىنىڭ يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

بۇ نام نارېندراياساس تەرجىمە قىلغان «يۆساڭ نومى»دا 婆楼迦 دەپ يېزىلغان، بۇ نامنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يېزىلىشلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. خۇي لىنىنىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھى» دېگەن كىتابىدا بارۇكا دۆلىتىدىن 末禄 مولۇ پاختا رەختى چىقىدۇ،

شۇەن زاڭنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى»دە خۇددى «يېڭى تاڭنامە»نىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكىگە ئوخشاش «بارۇكا دۆلىتىدىن نەپىس پاختا رەخت، نەپىس كىگىز چىقىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردى-كى 末禄نى بارۇكانىڭ باشقىچە يېزىلىشى دېيىشكە بولىدۇ.[5]

يۇقىرىقىلار سانسكرىتلاشقان بەگلىك نامىلىرى، بۇ نامىلارنىڭ يەنە يەرلىك ئاتىلىشلىرىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ خەن سۇلالىسى دەۋ-رىدىكى گۇمو، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى باخۇەن (拔换) لەردۇر. گۇمو دېگەن بۇ نام «تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»نىڭ «غەربىي يۇرت»قىسمىدا 12 ئايماق ئىچىدە كەلگەندە خېمو ... دەپ يېزىل-غان. بىراق، جيا شېننىڭ «يوللار تەزكىرىسى»دە گۇمو دەپ يې-زىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى نامىلارنىڭ يېڭىچە قوللىنى-لىشىدىنلا ئىبارەت. چۈنكى، بۇ يەر تاڭ دەۋرىدە يەنە داۋاملىق گۇمو دەپ ئاتالغان ئەمەس. بىراق، مەن بۇ نامنى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن دەپ قارايمەن. ئەينى دەۋردە كۇچادا جيەنموۋاڭ (剑慕王) ئىبادەتخانىسى دېگەن بىر ئىبادەت-خانا بار ئىدى[6]. مەن بۇ يەردە گۇمونىڭ ھەر خىل خەنزۇچە يېزى-لىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلماقچى ئەمەسمەن. بىز جيەنمونىڭ قە-دىمكى ئوقۇلۇشىنىڭ كاممو (Kammo)، كامبو (Kambo) ئى-كەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. گۇمو دەل مۇشۇ ئىبادەتخانا جايلاشقان كۇچا بىلەن ۋېنسو بەگلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. كامبو بەلكىم گۇمونىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن، ياكى ھىندىس-تاندىكى كامبوجا دېگەن دۆلەتنىڭ نامى خاتا ھالدا بۇنىڭغا باغلاشتۇرۇپ قويۇلغان. بۇ خۇددى Kusinagara دىكى Kusi نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى كۇچاغا ئىسىم بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش ئىش[7].

باخۇەن نامىغا كەلسەك، بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى مەن بۇ ئىسىمنى ئىدرىسىنىڭ جۇغراپىيە تەزكىرىسىدىن كۆرگەنلى-كىمنى چۈشەندۈرگەنىدىم. بۇ قارىشىمدىن ھازىرمۇ يانمايمەن[8]. لۇدېرس ئۆزىنىڭ جۇغراپىيە تەتقىقاتىدا مۇنداق بىر كونا

كۆزقاراشنى تىلغا ئالمىغان، ئىلگىرى كىشىلەر خاتا ھالدا گۇمونى ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئوتتۇرىسىدا دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە مۇنداق كۆزقاراشنى دەلىللەشكە ھېچقانداق ئورۇن يوق. چۈنكى گۇمو دېمەك ئاقسۇ دېمەكتۇر. ستەيىن ئۆزىنىڭ «سېرىندىيە»دېگەن كىتابىنىڭ 1297 - بېتىدە بۇ جايغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق تەتقىقاتلارنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

لۇدېرس تەتقىق قىلغان ھۆججەتتە يەنە ئىككى يەر نامى ياكى دۆلەت نامى بار، بۇنىڭ بىرى ھىپپۇكا (Hippuka) بولۇپ ئورنى مەلۇم ئەمەس[9]. يەنە بىرى H.ɕyuka (باشتىكى ھەرپ تۇتۇق بولۇپ a بولۇشى مۇمكىن ياكى o, e, i بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ھەرگىز u ئەمەس)، لۇدېرس بۇنى خوچيۇكا (Hocyuka) دەپ ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، بۇ تۇرپان ئەتراپىدا بولۇپ، قەدىمكى قوچۇنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە مۇنداق دېيىش توغرا بولمىسا كېرەك. 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تەرجىمە قىلىنغان «يۆساڭ نومى»غا كىرگۈزۈلگەن دۆلەتلەردىن بولۇكانىڭ كەينىدە شىجۇجيا 溪周迦 دېگەن دۆلەت نامى بار. لېۋي بۇنى ھېجۇكا (Hejuka) دەپ ئەسلىگە ياندۇرغان (يىراق شەرق فرانسىيە مەكتىپىنىڭ ژۇرنىلى، 5 - جىلد، 362 - بەت.) بىراق 周 خېتى قەدىمكى ئوقۇلۇشى بويىچە تىل ئالدى تاۋۇشى بىلەن ھېچۇكا ياكى ھېچيۇكا دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك، لۇدېرس كۆرگەن ئەسلىي نامنى مۇشۇنداق تۈزىتىشكە بولىدۇ. بىراق، قوچۇنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلغىلى بولمايدۇ.[10]

ئۇنداقتا ھېچيۇكا زادى قەيەردە؟ بۇ دۆلەت نامى «يۆساڭ نومى»دا بالۇكا دۆلىتى بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنغان. بالۇكا دۆلىتى دەل ھازىرقى ئاقسۇ. ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى جاينىڭ نامى ئۈچتۇرپاندۇر. تۇرپان نامى كېيىنكى يىللاردا قوشۇلۇپ قالغان. قەدىمكى يۇرت نامى بولغان ئۈچ 1330 - يىلى 倭赤 دەپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋېنسۇ (温宿) دەپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۈجۈ (于祝) دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان[11]. جۇ 祝 خېتى

قەدىمكى ئوقۇلۇشى بويىچە تىل ئارقا تاۋۇشى بىلەن ئۇچۈك (ucük) دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك. مەن سانسكرىتلاشقان ھېچيۇكا، ھېچۇكا دېگەن ناملارنى دەل مۇشۇ 于祝 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارايمەن[12]. ئەمدى ۋېنسۇغا كەلسەك، ۋېنسۇدىكى سۇ تىل ئالدى تاۋۇشىغا تەۋە[13]. ۋېنسۇ قەدىمكى تەلەپپۇزى بويىچە ئۇرسۇك ياكى ئۇرچۇك دەپ ئوقۇلۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىمەن. بۇمۇ خەنزۇچە يۇجۇ، شىجۇجىيالاردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن.

مانا مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا لۇدېرس بايقىغان بىر نەچچە خىل نام ھەققىدىكى تەتقىقات ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان ناملىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىزاھلار:

① 1922 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى خاتىرىلىرى»نىڭ 243 ــ 261 ـ بەتلىرىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي يەر ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات»دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

② 龟 خېتى دائىم 归 دەپ ئوقۇلۇپ قالىدۇ، بۇ يەردە جيۇ 鸠 دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك. جۇڭگودا يەرلىك تىلدىكى بۇ باش ھەرپنى ئىپادىلەيدىغان تەڭداش يۇنمۇ بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭدىكى يۇنمۇ ياكى U ھەرپىدىن بۇ سۆزنىڭ Kusi ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بىراق، بۇ سۆزنىڭ بەزى ـ بەزىدە 归兹 دەيدىغان ئالاھىدە يېزىلىشىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. بىز u ھەرپىنىڭ بىراخما يېزىقىدا uu دەپ، ئۇيغۇر يېزىقىدا ui دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. كەينىدىكى 兹 خېتىغا كەلسەك جاراڭلىق ئوقۇلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تەڭدىشى Kuji (hz = j) بولسا كېرەك. بۇ خىل جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن يېزىلىش مەسىلىسىنى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى 拘夷 بىلەن باغلاشقا بولىدۇ. مانا بۇ جۇيىنىڭ يەرلىك تىلدا ئوقۇلۇشى كۇجى (Kuji) بولسا كېرەك. جۇيى خېتى ئىلگىرى 拘尸那揭罗 (kusinaraga) دەپمۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان، بۇ كىشىلەرگە تونۇشلۇق.

③ پ . كوردىيېرنىڭ «تىبەت خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3 ـ

جىلد، 433 ـ بېتىگە قاراڭ.

④ بارۇكا دۆلىتى «بۈيۈك توز نومى»دا بارۇكاچچا (婆卢揭车) نامى بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان. لېۋى ئۆزىنىڭ «بۈيۈك توز نومى. يېچا نامىلىرى»دا بۆتىلىڭنىڭ لۇغىتىدە بارۇكا دېگەن بىر پادىشاھنىڭ نامى بارلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئالاھىدە چۈشەنچە بەرمىگەن.

⑤ «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «بارۇكا بىر كىچىك بەگلىك» دېيىلگەن بولسا، «تاجىكلار تەزكىرىسى»دە «شەرقتە مولۇ 末禄 دېگەن بىر كىچىك بەگلىك بار» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە»نى خاتا پايدىلىنىپ قالمىغان بولسام بۇ ئىككىسىنى ھەرگىز بىر نام دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

⑥ 1913 ـ يىلىدىكى «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2 ـ توم، 338 ـ بېتىدىكى لېۋىنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

⑦ مەن 288 ـ يىلى تەرجىمە قىلىنغان نومدىكى كامبو (剑浮) دۆلىتىنى 姑墨 دۆلىتىنىڭ ئۆزى دەپ قارايمەن.

⑧ «تۇڭباۋ»نىڭ 1907 ـ يىللىق سانىنىڭ 553ـ بېتىدىن 556 ـ بېتىگىچە بولغان جايلارغا قاراڭ. ستەيىن ئۆزىنىڭ «سېرىندىيە» دېگەن كىتابىدا باخۇەن 拔换 نامىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى دەلىللىمىگەن. بىراق، بۇ ماقالە 1906 ـ يىلى مەن قەشقەردە چاغدا يېزىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

⑨ «يۈساڭ نامى»دا تىلغا ئېلىنغان 25 بەگلىك ئىچىدە 溪浮迦 بەگلىكى دېگەن بىر نام ئۇچرايدۇ. بۇ بەلكىم Hecyuka نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ بەگلىكنىڭ ئورنى تېخىچە ئېنىقلانمىدى.

⑩ مېنىڭچە «يۇ» يۇنمۇسى براخما ۋە تۈرك يېزىقلىرىدا «ئۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى كېرەك، «قوچو» نامىدا مۇنداق ھەرپ يوق. تۈرپاننىڭ قەدىمكى نامى 288 ـ يىلى تەرجىمە قىلىنغان نومدا ئالدى قوش بەگلىكى دەپ ئېلىنغان. بۇ دەل ئىلگىرىكى ئالدى قوش بەگلىكىدۇر. قىسقىسى، بۈگۈنكى تۈرپان بىلەن بېشبالىق ئىككىسى ئوخشاش. ئالدى قوش دۆلىتى ھەققىدە «ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1912 ـ يىللىق 1 ـ ساندىكى مېنىڭ 579 ـ بەتتىن 580 ـ بەتكىچە بولغان چۈشەندۈرۈشۈمگە قاراڭ.

⑪ شاۋاننىڭ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىنىڭ 9 ـ بېتىگە، ستەيىننىڭ «سېرىندىيە» دېگەن كىتابىنىڭ 1299 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑫ ھازىرقى خوتەن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يۈتيەن 于闐، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئودون (斡端) دەپ يېزىلغان، نېمە ئۈچۈن مۇنداق يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ھېچيۈكا (溪周迦)دىكى e بىلەن ئۈچ (于祝)تىكى u نى سېلىشتۇرساق بۇ بەلكىم توخرى تىلىدا دائىم كۆرۈلىدىغان تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى قانۇنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسا كېرەك. لېۋى «ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1913 ـ يىللىق 2 ـ توم 372 ـ بېتىدە بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرگەن.

⑬ 宿 خېتى تىل ئالدى ۋە تىل كەينى تاۋۇشلار بىلەن ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ. ۋېنسۇ يەنە جيا شېننىڭ «يوللار تەزكىرىسى»دە 宿肃 دەپمۇ يېزىلغان، بۇ يەردىكى 肃 خېتى تىل كەينى تاۋۇشى بىلەنمۇ ئوقۇلىدۇ.

1995 ـ يىلى بېيجىڭ سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە ئائىت تەتقىقاتلار» ناملىق توپلامنىڭ 1 ـ تومىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابلىز ئورخۇن**

# ئىمىل دەرياسى ۋە ئىمىل شەھرى

## تاھىر تاشبايېۋ

چۆچەك شەھىرىنىڭ 75 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان دۆربىلجىن ناھىيىسى تارىخى ئۇزۇن، بىر نەچچە مىللەت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ناھىيە.

ئىمىل دەرياسى ئۆز مۇساپىسىدە تۇنجى بولۇپ، دۆربىلجىن ناھىيىسىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ ناھىيە خەنزۇ تىلىدا «ئېمىن» (敏额) دېيىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن بىر ناھىيىگە يەرلىك مىللەتلەر تىلىدا بىر خىل، خەنزۇ تىلىدا يەنە بىر خىل نام قويۇلىدۇ؟ خەنزۇچە «ئېمىن» سۆزى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ تارىختىكى نامى «ئېمىل» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، سۆزنىڭ ئەسلىي تېگىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. تارىختىكى ئىمىل شەھىرى ئۆزىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق گۈللىنىش دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدا خاراب بولغاندىن كېيىن، يەنى 18 ـ ئەسىردە موڭغۇللار بۇ خارابىنى « تۆت چاسا» دېگەن مەنىدە دۆربىلجىن دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىمىل دېگەن تارىخىي نامى ئۇنتۇلۇپ، دۆربىلجىن نامى سىڭىپ قالغان. ئەمما خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بۇ نام ئىزچىل ھالدا «也密里»، «叶密力»، «也门勒» دەپ خاتىرىلىنىپ كەلگەچكە، 1918 ـ يىلى مىنگو ھۆكۈمىتى ھازىرقى دۆربىلجىن ناھىيىسىنى چۆچەك شەھىرىدىن ئايرىپ چىقىپ، ناھىيە تەسىس قىلغاندا، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئاھاڭ تەرجىمىسىنى تەلەپپۇزغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ «ئېمىن» (额敏) دېگەن ئىككى خەتكە مۇقىملاشتۇرغان. ئەمما، يەرلىك خەلق تىلىدا موڭغۇلچە دۆربىلجىن نامى

داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. نەتىجىدە بۇ ناھىيە نامىنى ئىككى خىل ئاتاش ھادىسىسى شەكىللەنگەن. مەن مۇشۇ خىل ھادىسە ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەھلىل يۈرگۈزۈپ، يەر ناملىرىدىكى مۇنداق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىپ، تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن خەنزۇچە «ئېمىن» سۆزىنىڭ ئەسلىي تېگى ھېسابلانغان «ئېمىل» دېگەن نامنى «دۆربىلجىن» نامىنىڭ ئورنىغا قايتا دەسسىتىپ، بۇ جاينىڭ ھەقىقىي تارىخىي جۇغراپىيىۋى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىمەن. شۇڭا، تۆۋەندە مەن «ئېمىل» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆزگىرىش جەريانى، مەنىسى ۋە بۇ نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، مەزكۇر ۋادىدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلىكلەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچىمەن.

«ئېمىل» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئىلىم ساھەسىدە «ئېمىل» سۆزى ئۇزۇندىن بېرى موڭغۇلچە «ئىگەر» مەنىسىدىكى «ئېمالى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ كونا تۈركىي تىلىدىكى «ئېمىكلى، ئېمىكلىك» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، چۈنكى بۇ جايدا ئەڭ دەسلەپ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ياشىغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1ـ توم 99 ـ بېتىدە «ئېمىك» دېگەن سۆزگە «ئەمچەك، ئەرلەرنىڭ ئەمچىكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»دەپ؛ 207 ـ بەتتە «ئېمىكلىك: ئېمىكلىك ئىشلەر ـ بالا ئېمىتىدىغان خوتۇن» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. 2 ـ توم 40 ـ بەتتىن 92 ـ بەتكىچە «قائىدىلەر، پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى ۋە سۈپەتلەرنىڭ بايانى ھەم ئۇلارنىڭ تەتبىقلىنىشى» دېگەن تېمىدا «ئىشلىگۈچىنىڭ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت... بۇنداق سۈپەتلەر ئىزافەتلىك مەستەرلەردىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى مەستەر بولسىمۇ، لېكىن Li/Li قوشۇلۇش بىلەن سۈپەتكە ئايلىنىدۇ... تەركىبىدە g, k كەلگەن سۆزلەرگە

مىسال ئالساق (Ol manga tawar bärgäli ol ئۇ ماڭا تاۋار بەرگەـ لىۋاتىدۇ) دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش» دېيىلگەن. مۇشۇ قائىدە بويىچە«ئېمىك» سۆزىگە ئىش ـ ھەرىكەتنى كۆڭلىگە پۈككەنلىـ كىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «لى» نى قوشساق «ئېمىكلى» بولۇپ، ئانا يەرنىڭ چىڭقىلىپ تۇرغان ئەمچىكىنى بارلىق جان ـ جانىۋار، ئۆسۈملۈك، مەخلۇقاتلارغا ئېمىتكىلىۋاتقان ھالىتى شەكىللىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 ـ توم، 663 ـ 665 ـ بەتلىرىدە «بىر نەرسىنىڭ ئۈنگەن، ئۆسكەن جايىنى ياكى بىر نەرسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە، سۆزلەرـ نىڭ ئاخىرى گ، ك بىلەن تۈزۈلگەنلىرىگە ياكى ئومۇمەن يۇمشاق سۆزلەرگە lik قوشۇلىدۇ، بۇ ھەممە تۈركىي تىللار ئۈچۈن ئورتاق ئۆزگەرمەس قائىدىدۇر» دېيىلگەن.

تەتقىقاتچى چيەن بوچۈەن: «ئۆز ۋاقتىدا ياللۇغ تاشىن ئېمىل دەرياسى بويىغا سالدۇرغان شەھەرنى يەرلىك تۈركىي خەلقلەر yemeklik دەپ ئاتىغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بۇ يەرگە جايلاشقاندىن كېيىن، ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش قىسقارتىلىپ، yemeli ياكى yemili بولۇپ قالغان. شۇڭا، خەنزۇچىغا ‹叶密力›، ‹也密里› دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان. غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەر تىلىدا Y, E تاۋۇشلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغاچقا Emil دەپ خاتىرىلەنگەن. ئېمىل خارابىسى ھازىرقى دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا، كۆلىمى ناھايىتى چوڭ» دەپ يازغان.

دېمەك، «ئېمىل» سۆزى ئەسلىي «ئېمالى» دېگەن سۆزدىن ئەمەس، بەلكى كونا تۈركىي تىلدىكى «ئېمىك» ياكى «ئېمىكلى» دېگەن سۆزنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققانلىـ قىنى مۇنازىرىسىز جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئېمىل شەھىرى ۋە ئېمىل دەرياسى ۋادىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار «دۆرـ بىلجىن» نامىدا ئەمەس، بەلكى «ئېمىل» نامىدا تارىخىي خاتىرىـ لەردە تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە.

ئەجدادلىرىمىز باشقا دەريالارغا ئەمەس، نېمە ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ دەرياغىلا «ئېمىل» دەپ نام بەرىدۇ؟

بۇ دەريا تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبى، ئورقاچار تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، جايىر، مايلى تاغلىرىنىڭ شىمالى ھەمدە بارلىق تېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىن ئېقىپ چىققان سانسىزلىغان چوڭ ـ كىچىك دەريا سۇلىرى ۋە بۇلاق سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ تاغلار پەس، پاسىل تاغلار بولۇپ، يازدا قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرمايدۇ. ئۇلاردىن چىقىدىغان سۇلار قىشتىكى قارنىڭ ئەتىيازدا ئېرىپ، سىڭىشىدىن، يازدىكى يامغۇر سۈيىنىڭ سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان يەر ئاستى سۇلىرى تاغ باغرى ۋە تۈزلەڭلىكتە يەر يۈزىگە بۇلاق بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپ، دەريا سۈيىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىققان سانسىز بۇلاقلارنى ئانا زېمىنىنىڭ كۆكسىگە ئوخشىتىپ «ئېمىكلىك دەريا» دەپ ئاتىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئېمىل دەرياسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 220 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 21 مىڭ 50 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ دۆربىلجىن ناھىيىسىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، چۆچەك، تولى، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىنىڭ پاسىلى بولغان قۇلستاي ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، قازاقىستاننىڭ ئالاي كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

ئېمىل دەرياسىنىڭ مۇساپىسى قىسقا، ۋادا كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلۇق تارىخنىڭ شاھىدى بولغان.

**ئېمىل شەھرىنىڭ بىنا قىلىنىشى**

تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە،ئېمىل دەرياسى ۋادىسىدا ئەڭ دەسلەپ تۈرك قەبىلىلىرىدىن ئېلىپلار ياشىغان. 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قارلۇقلار ئېمىل ۋادىسى ۋە سايرام كۆلى ئەتراپىغا توپلىشىپ، بولات، جۇز (سايەك)، تاشلىق قەبىلى-

لىرىدىن تەشكىللەنگەن ئىتتىپاقنى قۇرۇپ كۆچەيتكەن. بۇلار-نىڭ ئىچىدىكى تاشلىق قەبىلىسى تارباغاتاي تېغىنى ماكان قىلـ-غان. بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى كۆك تۈرك خانلىقى شەرق، غەرب دەپ ئىككى خانلىققا بۆلۈنگەندە ئىككى خانلىقنىڭ ئارىلىق پا-سىلىدا تۇرغاچقا، قايسى تەرەپ كۆچەيسە شۇنىڭغا بېقىنىپ كەل-گەن. ئۇلار ھالسىرىغاندا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دا «كۆلتېكىن 27 ياشتا ئىدى. قارلۇقلار مۇستەقىل بولۇپ، بىز بىلەن دۈشمەن-لەشتى. بىز ئۇلار بىلەن تاماغ دېگەن ھېكمەتلىك چوققىدا (تاغدا) ئۇرۇشتۇق» دېيىلگەن. بۇ دەل 715 ـ ۋە 716 ـ يىللىرى تارباغاتاي تېغىدا تۈركلەرنىڭ قارلۇقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشى ئىدى. قارلۇقلار كېيىنكى مەزگىللەردە توققۇز ئوغۇز، ئون ئو-غۇزلار (ئۇيغۇرلار) ۋە باسمىللار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 754 ـ يىلدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. كېيىن يەنە كۈچەي-يىشكە باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى چىققانلىقتىن 757 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەتتىسۇ تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تازا كۈچىيىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىـ-رىسىنى شەرقتە ھىنگان تېغىنىڭ شەرقىگە قەدەر، شىمالدا باي-قال كۆلى ۋە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قەدەر، غەرب-تە كاسپىي دېڭىزىغا قەدەر، جەنۇبتا 757 ـ يىلدىن كېيىن تا-رىم ۋادىسىغا قەدەر كېڭەيتكەنىدى. بۇ چاغدا ئىمىل ۋادىسى ئۇي-غۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانـ-دى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە بۇ جاي ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قالدى. «قاراخانىيلار خانلىقى كۈچەيگەندىن كېيىن بۇ جاينى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى. شەرقىي شىمالىي جۇڭگو رايونىدا قۇرۇلغان قىتان خانلىقى ھىجرىيە 401 ـ يىلى ماھى مۇھەر-

رەمىنىڭ 11 ـ كۈنى مىلادىيە 1013 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈ ـ نى ياللۇغ خۇاگې باشچىلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋە ـ تىپ، موڭغۇل يايلاقلىرى، ئالتاي تېغى ۋە يەتتىسۇ رايونىنى ئىـ ـ گىلىدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنى بالاساغۇن شەھىرىگە يەنە يەتتە كۈن ماڭسىلا يېتىپ باراتتى. بۇ چاغدا توغانخان زور قوشۇن باشلاپ چىقىپ، قىتان قوشۇنلىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلدى ۋە ئاخىرىدا قارا قىتانلارنى ئېمىل دەرياسى ۋادىسىدا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىـ ـ چىدىكى 10 مىڭ كىشىنى مۇسۇلمان قىلىپ، ئۇلارنى ئېرتىش ۋە ئېمىل دەريا ۋادىلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى».

1115 ـ يىلى قىتانلار جۇرجىتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىـ ـ لىندى. 1122 ـ يىلى خان ئەۋلادى ياللۇغ تاشىن 200دىن كۆپـ ـرەك ئادەمنى باشلاپ، غەربىي شىمالغا قاراپ قېچىپ، يەنسەي دەرياسى ۋادىسىغا بېرىپ قىرغىزلارنى بويسۇندۇرماقچى بولغاندا، قىرغىزلار ئۇنى قوغلاپ چىقاردى. ئۇ 1017 ـ، 1018 ـ يىللىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قارشى ئورۇشقا كېلىپ، تۇتقۇن قىلىـ ـنىپ ئېمىل دەريا ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان قىتانلارنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ چاغدا بۇ يەردە تەخمىنەن 40 مىڭدىن ئارتۇق قىتان ياشايتتى. بۇ يەردە ئۇ 81 قەبىلە كېڭەشىنى چاقىرىپ، ئېمىل شەھىرىدە قىتان خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى ھەمدە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، جۇرجىتلارنى بويسۇنـ ـدۇرماقچى بولدى. لېكىن، ياللۇغ تاشىن 1125 ـ يىلى قىتان خاـ ـنى ياللۇغ يەنشىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ، قىتان خانلىقىنىڭ تامامەن يوقالغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى.

قارا قىتان خانلىقى قۇرۇلغان چاغدا ئېمىل ۋادىسىدا ياـ ـشاۋاتقان قىتانلارنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ياللۇغ تاشىن بۇ يەردە قىتان خانلىقىنى قۇرغانـ ـدىن كېيىن، قىتان ئادىتى بويىچە ئېمىل دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا ئېمىل شەھىرىنى بەرپا قىلدى.

ياللۇغ تاشىن بىر نەچچە يىل ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئالدى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنى يوقىتىش، ئاندىن بۇ يەردىكى كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن جۇرجىتلاردىن قىساس ئېلىش پىلانىنى تۈزدى. ئۇ مۇشۇ پىلان بويىچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئۆز دوستلۇقىنى ئىزهار قىلىپ خەت يازدى. بىلگە قاغان ياللۇغ تاشىننى ئۆز پايىتەختىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۈچ كۈن داغدۇغىلىق زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي تەقدىم قىلدى. چۈنكى بۇ چاغدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت بار ئىدى. شۇڭا، ئىدىقۇت خانلىقى ياللۇغ تاشىننىڭ قاراخانىيلار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىدى.

1130 ــ يىلى ياللۇغ تاشىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوللىشىدا قوشۇننى ئىككى يولغا بۆلۈپ، غەربكە يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى قەشقەر، يەكەن، خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قاراخانىيلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ياللۇغ تاشىن بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغان شىمالىي قوشۇنى بالاساغۇنغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا يەتتىسۇ ۋە تالاس رايونىدىكى قاڭلى ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى قاراخانىيلار خانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا بالاساغۇندا تۇرۇشلۇق ئەخمەت بۇغراخان سانى (ئىبراھىم بىننى ئەخمەت) ياللۇغ تاشىننىڭ كۈچىگە تايىنىپ، بۇ قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش نىيىتىدە قىتان قوشۇنلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ بالاساغۇنغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ياللۇغ تاشىن ئۆز كۈچىنى زورايتىپ، 1131 ــ يىلى ئۆزىنى گۈرخان دەپ ئاتاپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالدى. مانا بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى «غەربىي لياۋ خانلىقى» ئىدى.

ئىمىل شەھىرى دەسلەپ بىنا قىلىنىشىدا قارا قىتان خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ خىزمەت قىلغان بولسا، كېيىنكى نەچچە يۈز يىللىق تارىخ جەريانىدىمۇ باشقا خانلىقلارنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە مۇھىم روللارنى ئويناپ كەلدى.

**موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئىمىل شەھىرى**

13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار كۈچىيىپ، قۇدرەتلىك موڭغۇل ئىمپېرىيىسى جاھان سوردى. چىڭگىزخان بويسۇندۇرغان زېمىنلىرىنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. 3 ـ ئوغلى ئوكتايغا ئالتۇنتاغنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى جايلارنى، جۈملىدىن ئېرتىش ۋە ئىمىل دەريا ۋادىلىرىنى بەردى. ئوكتاي ئۆزىگە بېرىلگەن زېمىندا ئوكتاي خانلىقىنى قۇرۇپ، ئىمىل شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ئوكتاي چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە، 1229 ـ يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانى بولدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ 7 ـ يىلى ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قاراقۇرۇم شەھىرىنى سالدۇردى. ئىمىل دەريا ۋادىسىنى ئوغلى كۇيۇككە بەردى. «تارىخى رەشىدىي» ۋە «قۇبلايخان» قاتارلىق كىتابلاردا يېزىلىشىچە، ئوكتاي خاقان بولغاندىن كېيىنمۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يەنىلا ئىمىل شەھىرىدە تۇرۇپ، ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتىكەن.

1241 ـ يىلى ئوكتايخان بىلەن چاغاتايخانلار كەينى ـ كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئوكتاينىڭ 6 ـ خوتۇنى نامىلجى بەش يىل ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز ئوغلى كۇيۇكنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانلىقىغا تىكلىدى. بۇ قۇرۇلتايغا باتۇخان قىر كۆرسىتىپ قاتناشماي قويدى. بۇنىڭدىن گۇمانلانغان كۇيۇك 1248 ـ يىلى ئىمىل دەرياسى بويىدا دەم ئالىمەن دېگەن باھانە بىلەن ئىمىل شەھىرىگە كېلىپ كۆچ توپلاپ، باتۇخانغا يۈرۈش قىلدى، بىراق ئۇ قۇمسىڭىر دېگەن جايغا كەلگەندە كېسەل بولۇپ ئۆلدى. 1249 ـ يىلى باتۇخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئالا-

كۆلنىڭ شەرقىدىكى ئالىكتاغ دېگەن جايدا(ھازىرقى بارلىق تېر-
غى) قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ تولىنىڭ ئوغلى مۆڭكۇ خان قىلىپ
تىكلەندى. مۆڭكۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوكتاينىڭ زېمىن-
لىرىنى پارچىلاپ ئوكتاينىڭ ئەۋلادلىرىغا بۆلۈپ بەردى. ئوكتاي-
نىڭ نەۋرىسى توقتونى ئېمىل شەھىرىدە تۇرۇپ ئېمىل دەريا
ۋادىسىنى باشقۇرۇشقا قويدى.
1259 ـ يىلى مۆڭكۇخان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىد-
تىش يۈرۈشىنى باشلاپ، شۇ يىلى سىچۈەندىكى بىر جەڭدە ئۆل-
دى. 1260 ـ يىلى ئۇنىڭ ئۇكىسى قۇبلاي كەيپىڭدا خان بولغاز-
لىقىنى جاكارلىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ھېسابلاز-
غان مانا مۇشۇ قۇبلايخان 1215 ـ يىلى ئېمىل شەھىرىدە تۇغۇل-
غاندى. 1219 ـ يىلى چىڭگىزخان پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ
غەربكە يۈرۈش قىلغاندا قۇبلايخان ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەندى.
بىر پارس تارىخشۇناسىنىڭ مۇشۇ مەزگىل ھەققىدە يازغان ئە-
سىرىدە: «1225 ـ يىلى ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قۇچۇپ ئۆز يۇرتىغا
قايتىپ كېلىۋاتقان چىڭگىزخاننى ئېمىل دەرياسى بويىدا قارشى
ئالغان قۇبلاي ئېسىنى بىلگەندىن بېرى ئۆز بوۋىسىنى تۇنجى
قېتىم كۆرگەندى. 11 ياشتىكى قۇبلاي بىلەن توققۇز ياشتىكى
ئىنىسى ھۇلاكۇ ئىككىسى ئوۋلىغان توشقانلىرى بىلەن بۇغىلىد-
رىنى غانجۇغىلىرىغا باغلاپ كەلگەندە دۇنيانى بېقىندۇرغان پادى-
شاھ ئۆز قولى بىلەن ئىككى نەۋرىسىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى
باغلاپ قويغانىدى» دەپ يازغان. ئۇلار توققۇز ئوغۇل، بىر قىز بو-
لۇپ، جەمئىي 10 بالا ئانىسى سۇرخۇكتانىڭ تەربىيىسىدە چىڭ-
گىزخان ئىگىلىگەن زېمىنلار ئىچىدىكى ئەڭ ھاۋالىق جاي ئېمىل
دەرياسى بويىدا باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن خالىي ئۆسۈپ يېتىلدى.
1266 ـ يىلىغا كەلگەندە ئوكتاينىڭ نەۋرىسى قايدۇ موڭغۇل
خانلىرىنىڭ «سەھرادا تۇرۇۋېرىمىز، شەھەرگە قەدەم باسمايمىز»
دېگەن قارارى بويىچە ئېمىل، تالاس، چۇ دەريالىرىنى بازا قىلغان
ھالدا، ئۆزۈندىن بۇيان توپلىغان كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، قۇبلاي

بىلەن ئۇرۇشۇپ جەڭدە غەلىبە قىلدى. 1275 ـ يىلى قارا قو-
رۇمنى بېسىۋالدى. 1277 ـ يىلى قۇبلاي ئالمىلىقنى ئىشغال
قىلىشقا ئەۋەتكەن قوشۇنلارنىڭ سەردارلىرىنىڭ بىرىمى دېگۈدەك
قايدۇغا تۇتقۇن بولدى. 1287 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىسيان شەر-
قىي موڭغۇلىيىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. چىڭگىزخاننىڭ
ئۇكىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى نايىنىنىڭ باشچىلىقىدا قايدۇ بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. گەرچە قايدۇ 30 نەچچە
يىل قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يۈەن سۇلالىسى شىنجاڭدا
مۇستەھكەم قوغدىنىش چارىلىرىنى قوللانغانلىقتىن مەقسىتىگە
يېتەلمىدى. 1302 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى قايدۇنى
مەغلۇپ قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قايدۇ ئۆلدى. 1306 ـ
يىلى قايدۇنىڭ ئوغلى جەبە ئىمىل شەھرىدە يۈەن سۇلالىسى
قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئوكتاي خانلىقى تەل-
تۆكۈس يىمىرىلىپ، چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇۋېتىلدى. ئىمىل
شەھىرى چاغاتاي خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

**جوڭغار خانلىقى دەۋرىدىكى ئىمىل شەھرى**

15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئويرات موڭغۇللىرى كۆچىيىشكە
باشلىدى. ئۇۋەيسخان ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ، ئىلى دەريا
ۋادىسىغا بېرىپ ماكانلاشتى. جۇراس، بارىن قەبىلىلىرىنىڭ ئە-
مىرلىرى ئويراتلارغا تەسلىم بولدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرى-
لىرىغا كەلگەندە ئىمىل دەريا ۋادىسى پۈتۈنلەي ئويرات موڭغۇل-
لىرىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىگە كىرىپ كەتتى.بۇ دەۋردىكى ئىمىل
دەريا ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ تارىخىي ئۆزگى-
رىشىگە نەزەر سالساق، 1462 ـ يىلى يەتتىسۇنى مەركەز قىلغان
قازاق خانلىقى قۇرۇلدى. بۇ خانلىق ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇقىم زې-
مىن ۋە بازارنىڭ بولۇشىغا تەقەززا ئىدى. شۇڭا، دائىم ئويراتلار
بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇردى. ئۇلار مۇنبەت ئىمىل ۋادىسىغا كۆز
تىككەنىدى. خالخا موڭغۇللىرى ئويراتلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھا-
مىيلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇشىنى خالىمايد-

تى. شۇڭا، 1562 ـ يىلى ۋە 1587 ـ يىللىرى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېلىپ زور قوشۇن بىلەن ئويراتلارغا ھۇجۇم قىلدى. بىرىنچى قېتىم غەلىبە قىلغان ۋە سۇبۇتاينى ھۆكۈمران قىلىپ تىكلىگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىمدا 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كېلىپ ئېمىل دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولۇپ، سەردارى ئوباش خۇنتەيجىنىڭ كاللىسى ئېلىندى. گەرچە بۇ چاغدا ئويراتلار بىر پۈتۈن خانلىق بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، جۇراس قەبىلىسىدىن چىققان خوتۇخوچىڭ بىلەن خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بايباغىس قەبىلىلەرنى ئورتاق باشقۇراتتى. بايباغىس ئېمىل ۋادىسىغا جايلاشقاندىن كېيىن، ئېمىل دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا بىر قورغان بىنا قىلدى. بۇ قورغان ئۇنىڭ قول ئاستىدا دائىملىق زاپاس ساقلايدىغان 16 مىڭ ئەسكەرنى سىغدۇرالايتتى. شۇڭا، ئۇ خاراب بولغان ئېمىل شەھىرى بىلەن كارى بولمىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئويراتلار مۇقىم تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ھەر خىل زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن تورغۇتلار خارلۇكنىڭ باشچىلىقىدا ۋولگا دەريا بويلىرىغا، خوشۇتلار تۇربايغۇنىڭ باشچىلىقىدا كۆكنۇرغا كۆچتى. 1635 ـ يىلى باتۇر تايشى جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۆزىنى باتۇر خۇنتەيجى دەپ ئاتىدى ھەمدە بايباغىس بىنا قىلغان ئېمىل شەھىرىنى مەركەز قىلدى. ئۇ خانلىقنى تىكلىگەندىن كېيىن كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ شەھەر بىنا قىلىشقا كىرىشتى. 1646 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ ئېمىل، قوبۇق، كۆرخارائۇسۇ (شىخۇ) قاتارلىق جايلاردا شەھەر بىنا قىلدى. دېھقانلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ تېرىقچىلىق قىلدۇردى. مىس، تۆمۈر تاۋلاش، قورال ـ ياراق ياساشتەك ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلاندى، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولدى. شۇڭا، باتۇر خۇنتەيجى تەرەپ ـ

تەرەپكە پىتراپ كەتكەن ئويرات قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، شەرقتىكى خالخا موڭغۇللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىماقچى بولدى. ۋولگا بويىدىكى تۇرغۇتلارنى يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە ئۈندەپ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇ 1640 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئىمىل دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىكى قىرىق ئوچاق دېگەن جايدا تۆت ئويرات قەبىلىسى بىلەن خالخا موڭغۇللىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن 44 كىشى قاتناشقان قۇرۇلتاينى ئېچىپ، دۇنياغا داڭلىق «ئويرات قانۇنى» نى ماقۇللىدى.

باتۇر خۇنتەيجىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن چوڭ لاما زايابەندىدا ئىمىل شەھىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىغا ماسلاشمايدىغان ھەرپلەرنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە تولۇقلاپ، ھازىرقى موڭغۇل يېزىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. «زايابەندىدا تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنىشىچە، بۇ زات پۈتكۈل ھاياتىنى ئويراتلار بىلەن خالخا موڭغۇللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە لاما دىنىغا بېغىشلاپ، شەرقىي موڭغۇلىيە، كۆكنۇر (چىڭخەي)، ئىمىل، ۋولگا ئارىلىقلىرىدا كېزىپ يۈرگەن. 1653 ـ يىلى باتۇر خۇنتەيجى ئۆلدى. كېيىنچە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەخت ۋە زېمىن تالىشىپ جىق ئۇرۇشلارنى قىلدى. ئەڭ قاتتىق ئۇرۇشلار 1657 ـ، 1660 ـ ۋە 1661 ـ يىللىرى ئىمىل شەھىرىنى تالىشىش تۈپەيلىدىن ئېلىپ بېرىلدى. ئاخىرىدا ھوقۇق سىۋان ئارابدانغا مەركەزلەشتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭغار خانلىقى كۈچىيىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، تىڭشىيا، چىڭخەي ۋە خالخا موڭغۇللىرىنىڭ زېمىنلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. مۇشۇ جەرياندا ئىمىل شەھىرى ۋە ئىمىل ۋادىسىدىكى رايونلار ئارقا سەپ تەمىنات بازىسى بولدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سىۋان ئارابدان يەكەن، قەشقەر، ئاق-

سۇ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆزگە سېلىق تۆ-
لەشكە قىستىدى ھەمدە بۇ يەرلەردىكى بەگ، بايلارنى ئېلىپ كې-
تىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا سالدى. كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى جەر-
ياندا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ۋە بېقىندۇرۇلغان رايونلاردىكى
پۇقرالارنى ئېمىل ۋادىسىغا يۆتكىدى. روسىيە دىپلوماتى ئۇنكو-
ۋىسكى 1734 ـ يىلى روسىيىگە قايتقاندىن كېيىن، پادىشاھقا
يازغان دوكلاتىدا: «ھازىر ئۇلار تېرىقچىلىقنى بارغانسىرى كېڭەي-
تىۋاتىدۇ، پەقەت بۇخارالىقلار (ئۇيغۇرلار) لا تېرىقچىلىق قىلىپ
قالماستىن، قالماقلارمۇ تېرىقچىلىق قىلىدىغان بولدى. چۈنكى
خۇنتەيجى بۇ توغرىدا يارلىق چۈشۈرگەنىكەن. ئۇلارنىڭ زىرائەت-
لىرى ئوخشىغان. بۇغداي، تېرىق، ئارپا قاتارلىقلار بار. يەرلىرى-
نىڭ شور تەركىبى يۇقىرى بولغاچقا، كۆكتاتلارمۇ ياخشى ئوخ-
شاپتۇ. خۇنتەيجى بىر قانچە يىل ئىلگىرىلا قورال ـ ياساق يا-
ساشقا كىرىشكەنىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ يېرىدىن مىس،
تۆمۈر چىقىدىكەن... ھازىر تېرىدىن رەخت ئىشلەپچىقىرىشقا
كىرىشىپتۇ، ھازىرقى ۋاقىتتا قەغەز ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ» دەپ
يازغان. ئۇنىڭ بىلەن سەپەرداش بولغان تۇبولىسكىلىق كىنەز
ئەيدىگىروف ئۆز خاتىرىسىدە: «بىز ئوتلاقتىن ئۆتتۇق، خۇنتەي-
جىنىڭ يېرىدە بۇخارالىقلار بىلەن قالماقلارنىڭ ئېتىزلىقى بار
ئىكەن... بىز چاغانسۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى بۇخارا-
لىقلارنىڭ ئېتىزلىقىنىڭ يېنىدىن مېڭىپ ئۆتتۇق» دەپ يازغان.
بۇ يەردە دېيىلگەن «چاغانسۇ» دەل ئېمىل دەرياسىنىڭ تارماق ئې-
قىنى بولغان ئاقسۇنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەر ئېمىل شەھىرىنىڭ
ئالتە كىلومېتىر جەنۇبىدا.

18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، جۇڭغار خان-
لىقى زاۋاللىققا يۈزلەندى. 1757 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى زور
قوشۇن چىقىرىپ، ئامۇرسانانىڭ كۈچلۈك قوشۇنىنى تەلتۆكۈس
تارمار قىلىپ، ئېمىل دەريا ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ
زېمىننى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. 1764 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھا-

زىرقى قازاقىستاننىڭ ئورجار ناھىيىسى تەۋەسىگە قورغان سال-دۇرۇپ، مەسلىھەتچى ئامبال قويدى. بۇ قورغان يەرلىك كىشىلەر «ئىبى» دەيدىغان شامال ئۆتىشىگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئامبال ھاۋارايىغا كۆنەلمەي، چىڭ ئوردىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن 1766 - يىلى ھازىرقى چۆچەك شەھىرىگە بىر قورغان سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئېمىل دەرياسى بويىغا سېلىنغان ئېمىل شەھىرى خاراب-لىشىپ كەتتى. كېيىن كىشىلەر بۇ قورغان خارابىسىنى موڭ-غۇلچە دۆربىلجىن دەپ ئاتاشتى. ھازىر، يېقىنقى زاماندىكى بىر شەھەر خارابىسىغا قويۇلغان دۆربىلجىن دېگەن بۇ نام يەرلىك مىللەتلەر تىلىدا پۈتكۈل بىر ناھىيىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، خەنزۇچىدە يەنىلا دەسلەپكى نامى ئاساسىدا «ئېمىن» دەپ قوللى-نىلماقتا. شۇڭا، مەن ئەڭ ئاخىرىدا يەنە دۆربىلجىن دېگەن بۇ نامنى مەزكۇر ناھىيىنىڭ تارىختىكى ھەقىقىي قەدىمىي نامى بولغان «ئېمىل» غا قايتۇرۇشنى تەكرار ئۈمىد قىلىمەن.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1999 - يىللىق 2 - سان.
2. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، قازاقچە، 1 - قىسىم.
3. مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە، 1 - توم.
4. باكلوۋىچ زىلاتكىن: «جۇڭغار خانلىقى تارىخى»، خەنزۇچە.
5. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، خەنزۇچە.
6. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، ئۇيغۇرچە.
7. «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 6 - ،7 - ، 10 - توملىرى، قازاقچە.
8. م . جولداسبېكوف، ب . كېنجىبايېۋ: «ئاسىل ئارنالار»، 1990 - يىلى قازاقچە نەشرى.
9. ئوتاگى ماتسۇئو: «قۇبلايخان»، قازاقچە.
10. زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، خەنزۇچە.

# يەرناملىرى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر

قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن بۈگۈنگىچە بولغان ئاز كەم 20 يىلدا شىنجاڭدىكى يەر نامىلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، يەنە بەزى خاتا قاراشلار تەتقىقات نە ـ تىجىسى سۈپىتىدە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلدى.

خاتالىقىمىز ئاز بولمىدى. شىنجاڭنىڭ يەر نامىلىرى تەتقىقا ـ تى خاتالىقلارنىڭ يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ يىغىندىسى بولۇشى كېرەك. مەن تۆۋەندە يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان يەر نامىلىرى تەتقىقاتىدا ساقلانغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**بىرىنچى، يەر نامىلىرى تەتقىقاتىدا ئاددىي فونېتىكىلىق تەھلىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، يەر نامىلىرىنىڭ قاتلىمىغا بولغان چۈشىنىش ئايدىڭلاش ـ تۇرۇلمىدى.**

يەر نامىلىرى تەتقىقاتىدا تىل نۇقتىسى جەھەتتىن فونېتىـ ـ كىلىق تەھلىلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىر قەدەر ئىلمىي ۋە ئومۇمىي تەتقىقات يۆنىلىشى بولۇپ، ئۇ يەر نامىلىرى تەتقىقا ـ تىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، لېكىن ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق يەر نامىنى فونېتىكىلىق تەھلىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن تەتقىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، يەر نامىلىرىنىڭ دەۋر قاتلىمىغا بولغان چۈشەنچىمىز سۇسلىشىپ، قەدىمكى يەر نامىلى ـ رىنى ھازىرقى زامان يەر نامىلىرى قاتارىدا چۈشىنىش كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا يەر نامىلىرىنىڭ دەۋر قاتلىمىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئاددىي فونېتىكىلىق تەھلىلەشتۈرۈش ئۇسۇلىغىلا ئەھمى ـ يەت بەرمەستىن، شۇ جاينىڭ تارىخىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش كې ـ

رەك. مەسىلەن: بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يېڭىسار يېزىسىدا «توخۇلا»
دېگەن بىر كەنت بار. بۇ كەنت 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە
«قارا جىگدىلىك» (哈拉吉格代) دەپ ئاتالغان. شۇ يىلىنىڭ ئا-
خىرلىرىدا يەر ناملىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن «توقۇلۇق» دەپ
ئۆزگەرتىلگەن، ئەمما يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى يەنىلا «توخۇلا»
دەپ ئاتاپ كەلگەن①. نەتىجىدە بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى-
نى تەكشۈرگۈچى خادىملار بۇ ئىككى نامنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا
ۋە نېمە مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان، كېيىن
بىر قېتىملىق سۆھبەتتە بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، شۇ
يەرلىك ياشانغان بىر كىشى «توخۇلا» نامىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ
بەرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شۇ يەرلىك
بىر كىشى بىر قېتىم توخلا (ئىككى ياشلىق قوي)دىن بىرنى
سېتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي توخلا دەپ ئاتىلىپتۇ②. ئېھ-
تىمال، «بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرى-
سى»نى تۈزگۈچى خادىملار «توخۇلا» نامىنى ئاددىي ھالدا فونېتى-
كىلىق ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئاشۇ كىشى ئېيتىپ بەر-
گەن «توخلا» نامىدىن ئۆزگەرگەنلىكىگە ئىشەنگەن. بۇ نامنىڭ
فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىنى مۇنداق كۆرسىتىشى مۇمكىن:
tohla → toh(a)la → tohula. ئەمما، مۇنداق فونېتىكىلىق
ئۆزگىرىش «توخۇلا» نامىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى يورۇتۇپ بې-
رەلمەيدۇ. ئېنىقكى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر توخلىنى سې-
تىۋېلىش بىلەن بىر كەنتنىڭ نامىنىڭ توخلا دەپ ئاتىلىپ قې-
لىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. توخلىنى سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن
بۇ كەنتنىڭ نامى يوقمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈر ناھىيىسىدىن
باشقا يەنە كۇچا، ئاراتۈرۈك، ئونسۇ، قاراقاش قاتارلىق ناھىيە-
لەردىمۇ «توخۇلا» نامىدا ئاتىلىدىغان بىرمۇنچە يېزا ـ كەنت بار.
بۇ جايلارنىڭ نامىنىڭ ھەممىسى بىر توخلا سېتىۋېلىشتىن كې-
لىپ چىققانمۇ؟ ياق، بۇ بىر پەرەز، پۈتۈنلەي خاتا قاراشنى ئىل-
گىرى سۈرگەنلىك ياكى يەر ناملىرىنىڭ دەۋر قاتلىمىغا توغرا

باھا بېرەلمىگەنلىك. مەيلى قانداقلا بولسۇن، يۇقىرىقى جايلاردىكى «توخۇلا» نامىغا شۇ ئورۇننىڭ «يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە قانداق مەنا بەرگەنلىكى نامەلۇم. پەقەت «ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە بۇ يەر نامى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «توخۇلۇكسې» (图呼鲁克)، «توگۇلىكې» (图古力克)، «توگۇلۇ» (土古鲁)، «توخۇلۇ» (土乎鲁) دەپ ئاتالغان بولۇپ، موڭغۇلچە «يۇملاق يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»دىكى «توقۇلۇق (图古力克) موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، يۇملاق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان»[3] دېگەندىن كەلگەن، بىراق بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان «图古力克» دېگەن سۆزنى «توخۇلا» دېيىشكە ئاساسىمىز بولمىسا كېرەك. «توخۇلا» دېگەن بۇ نام قەدىمكى دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىپايان زېمىنلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينىغان توخار قەبىلىسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىش بولغان «توقىرى» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «ئوتاق» دېگەن يەر نامىنى «ئورتاق» (ئەمەلىيەتتە «ئوتاغ» بولۇپ، مەھەللە دېگەن مەنىدە كېلىدۇ)، «سوزاق» دېگەن يەر نامىنى «سۇغا ئۇزاق» دەپ (ئەمەلىيەتتە يېزا، كەنت دېگەن مەنىدە)، «ئەگۇس» دېگەن يەر نامىنى «ئەگىش» دەپ (ئەمەلىيەتتە ئەرگوز)، «مۇش» دېگەن يەر نامىنى «مۇشت» دەپ (ئەمەلىيەتتە چىگىلچە «مۇشۇك» دېگەنلىك بولىدۇ)، «بەلدىر» دېگەن يەر نامىنى «بالدۇر» دەپ (ئەمەلىيەتتە «بالدىر» تۇمشۇق دېگەن مەنىدە)[4] چۈشەندۈرۈپ، ئاددىي فونېتىكىلىق تەڭلەشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۇنچىلىغان يەر نامىنى

خاتا ئىزاھلىنىۋالغان.

**ئىككىنچى، يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان يەر ناملىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تارتىش ياكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنى باشقا تىللارغا تارتىش خاھىشى بىر قەدەر ئېغىر.**

يەر ناملىرىنىڭ تىل مەنبەسىنى ئېنىقلاپ چىقىش ـــ يەر ناملىرى تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ تىل مەنبەسى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل. بۇ شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەر تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەيلى قەدىمكى دەۋردە بولسۇن ياكى يېقىنقى زاماندا بولسۇن ۋە ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن، شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تەركىبى ئوخشاش بولماي كەلدى. شۇڭا، يەر ناملىرى ئاشۇ مىللەتلەر تىلىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يەر ناملىرىغا ئائىت تەتقىقاتلارنىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرىدىن قارىغاندا، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان يەر ناملىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تارتىش، ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنى باشقا تىللارغا تارتىشتەك ناچار خاھىشلار خېلىلا ئېغىر. بولۇپمۇ كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ھە دېسىلا موڭغۇل تىلىغا قىستاپ ئاپىرىدىغان، قانداقلىكى شەكىلدىن بولسۇن مەنا چىقىرىشقا تىرىشىدىغان خاھىشلار ساقلىنىۋاتىدۇ. بەزىلەر «ئاراتۈرۈك» نامىنى موڭغۇلچە «شاماللىق» دېگەن مەنىدە، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈكتىن دائىم شامال چىقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان[5] دېدى، بەزىلەر بۇ نام قازاقچە دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنىسىنى چىقىرالمىغان[6]. نيۇرۇجېن ئەپەندىمۇ ئالدىنقى قاراشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[7]. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «غەربىي تۈركلەر بىلەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تۈرك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»، «ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان»[8] دېگەنگە ئوخشاش

قاراشلارمۇ بار. يېقىندا، بۇ نام ئەسلىي «ئارت تۈرۈك» بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «داۋان ئۈستىدىكى قەلئە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلاندى[9]. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇ نام موڭغۇلچە ئەمەس، بەلكى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزدۇر، يەنە بىرى «سايرام كۆلى» نامىنى بەزىلەر موڭغۇلچە سۆز دەپ قاراپ، موڭ-غۇللار «چاغان سەرىم نور» دەپ ئاتايدۇ، بۇ «ئاق تىنچ كۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرچە «سۇتكۆل» بىلەن باراۋەر دەپ ئىزاھلىدى[10]، بۇ توغرا ئەمەس، تېخى بەزىلەر بۇ نامنى ئۇيغۇرچە «راھەت» دېگەن مەنىدە دېسە، يەنە بەزىلەر قىرغىز تىلىدا «سۇتكۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[11] دەپ قاراي-دۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتۇر. «سايرام» دېگەن سۆزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: 1) «سايرام، ئىسپىجاپ دەپمۇ ئاتىلىدىغان «بەيزا» شەھىرىنىڭ ئې-تى، «سارىيان»مۇ دېيىلىدۇ. 2) «سايرام، سايرام سۇ — تېيىز سۇ، ئوشۇقتىن ئاشمىغان سۇ». مەھمۇد كاشغەرىي يەنە «سايرام» سۆ-زىنى پېئىل شەكلىدە ئېلىپ، «سايراملاندى — تېيىزلەشتى، سۇ سايراملاندى — سۇ تېيىزلەشتى» بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن[13]. دېمەك، بۇ يەردىكى «سايرام» سۆزى «تېيىز سۇ» مەنىسىدە كې-لىۋاتىدۇ. «سايرام كۆلى»نىڭ نامىغا كەلسەك، ئۇ «تېيىز سۇ» مە-نىسىدە كەلگەن «سايرام» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىدە كېلىشى بولۇپ، «چوڭقۇر كۆل»، «تېگى يوق كۆل» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك.

باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بەزى يەر ناملىرى بىۋاسى-تە ئۇيغۇر تىلىغا تارتىۋېلىنغان. مەسىلەن: «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر - جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «پايناپ — پايلاپ» (توغرىسى پارسچە پاي + ئاب بولۇپ، سۇنىڭ ئايىغى)، «ئوقاپ — ئويمان» (توغرىسى ئەرەبچە «بۆركۆت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)، «نوقەت — سۇ ئۆتكۈزىدىغان نو» (توغرىسى ئەرەبچە «چېكىتلەر»، «نۇقتىلار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كىچىك مەھەللە دېگەنلىك بولىدۇ)، «كا — ئاكا» (توغرىسى پارسچە ياساۋۇل مە-

نىسىدىكى «كا» سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشى) قاتارلىق يەر ناملىرىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىغا تارتىلىپ ئىزاھ بېرىلگەن[14]. بۇنداق قىلىش ياخشى ئادەت ئەمەس. يەر ناملىرىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بۇرمىلاش ياكى ئۇنىڭ دەۋر قاتلىمىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش، تولۇقلانمىغان، سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان يەر ناملىرى ئۈستىدە ئالدىراپ يەكۈن چىقارماسلىق كېرەك.

**ئۈچىنچى، يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى يەر ناملىرىنى تەھلىل قىلغاندا، بىۋاستە ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىۋاتىدۇ.**

شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىغا ئائىت يەر ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، بۇ يەر ناملىرى قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى فونېمىسىغا ئاساسەن ئاتالغان ۋە يېزىلغان. قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى يەر ناملىرىنى چوقۇم شۇ دەۋردىكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن تەھلىل قىلىش كېرەك. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا، قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن ئاتالغان ۋە يېزىلغان يەر ناملىرىنى ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مۇنداق بولغاندا شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ تىل تەركىبى، مەنىسى ۋە دەۋر قاتلىمى ھەققىدە ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە بولالمايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، خەنزۇ تىلىنىڭ فونېما قائىدىسىگە ھۆرمەت قىلمىغان ياكى شۇ دەۋرنىڭ فونېمىسىنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالمىغان بولىمىز. خەنزۇ تىلىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تەلەپپۇزى ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان كۇسەن (كۇچا)نىڭ خەنزۇچە نامى «龟兹»نى ھەرگىزمۇ ھازىرقى زامان فونېمىسىغا ئاساسەن «guizi» دەپ ئوقۇماستىن، بەلكى «qiuci» دەپ، چەر-

چەننىڭ خەنزۇچە نامى «且末»نى ھازىرقى زامان فونېمىسىغا ئاساسەن «qiemo» دەپ ئوقۇماستىن «jumo» دەپ[15] ئوقۇساق، ئاندىن شۇ يەر نامى ۋە شۇ تىل ھەققىدە مەلۇم كۆز قاراشقا ئىگە بولالايمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا يەر ناملىرىنى قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىش ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىمىزنى تۈزىتىشىمىزدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، بۇ قەدىمكى يەر ناملىرىنىڭ ئورنىنى بېكىتىشتىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: ھازىر بىزدە «ياركەند» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتقان قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «莎车» دېگەن بۇ يەر نامىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن ئوقۇلۇشى «saku ياكى saka» بولۇپ[16]، سىن جۇڭمىيەن ئەپەندىنىڭ ئىزاھلىشىچە، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «莎车» ھازىرقى «يەركەند» بولماستىن، بەلكى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى ساركۆل (sarikol)دۇر[17]. يەنە بىرى قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان «婼羌» دېگەن يەر نامىنى بىز ھازىرغىچە رۇچياڭ دەپ ئوقۇپ «چاقىلىق» دەپ تەرجىمە قىلىۋاتىمىز. ئەمما، بۇ ئىككى خەتنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى «yerkand»كە يېقىن كېلىدۇ. شۇڭا، سىن جۇڭمىيەن ئەپەندى يەنە بۇ يەر نامىنى ھازىرقى «يەركەن»نىڭ دەل ئۆزى دەپ قارايدۇ[18]. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلغاندا چوقۇم قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىش، سېلىشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق شۇ يەر نامىنىڭ تىل تەركىبىنى ئېنىقلاش كېرەك. مەسىلەن: بىز «بارىكۆل» دەپ ئاتاۋاتقان بۇ يەر نامى قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە «پۇلېي» «蒲类» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بەزى تەتقىقاتچىلار مۇشۇ نامنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشىنى كۆزەتمەيلا خىلمۇخىل مەنىلەرنى چىقاردى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ يەر نامىنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى بىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. يەنى «پۇلېي» دېگەن بۇ ئىككى خەت قەدىمكى خەنزۇ تىلى فونېمىسىدا «buoluai» دەپ

ئوقۇلىدۇ[19].

**تۆتىنچى، يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا بەزى يەر ناملىرىغا ئائىت رىۋايەت-لەر نوقۇل ھالدا شۇ يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ مەنبەسى قىلىۋېلىندى.**

يەر ناملىرى بىلەن رىۋايەتنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. شىنجاڭدىكى ھەر بىر يەر نامىنىڭ ئۆزىگە خاس كېلىپ چىقىش تارىخى بار، شۇنىڭدەك كۆپلىگەن يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقى-شىغا مۇناسىۋەتلىك ياكى شۇ يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىش تارى-خىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رىۋايەتلەرمۇ خېلى كۆپ. ئەمما، ھەم-مىلا رىۋايەت شۇ بىر يەرنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئا-ساسى بولىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇر-نىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ياقۇپ ئەمەتنىڭ «يەكەن دېگەن نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا «يەكەن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى 950 ـ ۋە 1110 ـ يىللار ئەتراپىدا يەكەن دەرياسىغا زور كەلكۈن كېلىپ، يەكەن شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكى، بىر كىچىك كەنتنىڭ يار لېۋىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى، كېيىنچە بۇ جاينىڭ «يار لېۋى-دىكى كەنت» مەنىسىدە «ياركەند» دەپ ئاتالغانلىقىغا ئائىت رىۋا-يەت بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئەمما، «ياركەند» دېگەن نام قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىز-دەك «莎车» «yerkand» دەپ تىلغا ئېلىنغان، بۇ ھال بۇ يەر نا-مىنىڭ مەيدانغا كېلىش دەۋرىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋر-لەرگە سۈرىدۇ.

**بەشىنچى، يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا يەر ناملىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزى-لەر ناھايىتى چولتا، قىلچە ئىلمىيلىكى بولمىسىمۇ، مەتبۇئات ئورۇنلىرى بۇ-نىڭغا يول قويۇۋاتىدۇ.**

يەر ناملىرى تەتقىقاتى بىرزە تېخى ئەمدىلا قولغا ئېلىنىۋاتى-قان پەن، شۇڭا بۇ تەتقىقاتتا خىلمۇخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قو-يۇلىدۇ ۋە ئاخىرىدا تولۇقلىنىدۇ. لېكىن، يەر ناملىرى تەتقىقا-تىدا ئىلمىيلىك مەسىلىسى ھامان مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى كې-

ـرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلىنىۋاتقان يەر نامىلىرى‐
نىڭ مەنبەسى، تىل تەركىبى ۋە دەۋر قاتلىمى ھەققىدىكى تەتقى‐
قاتلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قىلچە ئىلمىيلىكى يوق تۇرۇقلۇق مەتبۇ‐
ئات ئورۇنلىرى چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيلا ئۇنى ئېلان قىلىپ
كەلدى، ئۇنداق بولغاندا شۇ يەر نامىنىڭ ئىلمىي ياكى ئىلمىي
ئىزاھلانغانلىقى، توغرا ياكى خاتا بولغانلىقى بىر چەتكە قايرىلىپ
قېلىپ، مۇتلەقلىشىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە مەنا بۇرمىلىنىپ
كېتىدۇ.

**ئالتىنچى، يەر نامىلىرى تەتقىقاتىدا يەر نامىلىرى ئىلمى ھەققىدە ئۇلگە‐
لىك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى ياكى بۇ ھەقتە ھېچقانداق نەتىجە قول‐
غا كەلتۈرۈلمىدى.**

يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال چوقۇم يەر
نامىلىرى ئىلمىنى چۈشىنىش كېرەك. يەر نامىلىرى ئىلمى بىر
خىل مۇستەقىل ئىجتىمائىي پەن كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بول‐
غان ئىلىم. يەر نامىلىرى ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، ۋەزىپى‐
سى، دائىرىسى، شۇنىڭدەك ئۆز دائىرىسىگە چېتىلىدىغان پەنلەر
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى قاراشلار بىزدە
تېخى ئومۇملاشمىدى. ئىلگىرى بىر نەچچەيلەن بۇ ھەقتە ئىزدى‐
نىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمىدۇق.
يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، دەۋر قاتلىمى، تىل ئالاھىدىلىكى،
تۈرلىنىشى، مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتىنىڭ تا‐
رىخى ۋە تەرەققىياتىغا ئائىت قاراشلار سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا
قويۇلمىدى. يەر نامىلىرى ۋە يەر نامىلىرى ئىلمىغا ئائىت نەزەر‐
ىيىۋى قاراشلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ياكى پرىنسىپ‐
لىرى، قائىدىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزمەيلا ئۆزىمىز
«قىزىقىپ» قالغان يەر نامىلىرىنى ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن يۇلۇپ
ئېلىپ «تەتقىق» قىلىۋەرسەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى نا‐
ھايىتى ئېغىر.

ئىزاھلار:

① ② «بوگۇر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 146 ـ بەت.

③ «ئارا تۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 63 ـ بەت.

④ ⑭ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 65 ـ، 66 ـ، 67 ـ بەتلەر.

⑤ ⑥ يۈ ۋېيچېڭ: «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 23 ـ بەت.

⑦ ⑪ ⑮ نيۇ رۇجېن: «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە، 124 ـ بەت، 156 ـ بەت، 70 ـ بەتلەر.

⑧ ⑨ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 49 ـ، 50 ـ بەتلەر.

⑩ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 67 ـ بەت.

⑫ ⑬ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 243 ـ، 184 ـ بەتلەر.

⑯ شۈەنزاڭ: ««بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى›گە شەرھى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى، 991 ـ بەت.

⑰ ⑱ سېن جۇڭمىيەن: ««خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى›نىڭ جۇغراپىيە قىسمىغا ئىزاھ»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ قىسىم 328 ـ بەت، 1 ـ قىسىم 2 ـ بەت.

⑲ قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى: ««باركۆل› سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان.

# كەلپىندىكى بەزى يەرناملىرىغا ئىزاھات

## ماموت قۇربان

كەلپىندىكى يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىش كەلپىن خەلقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. كەلپىندىكى بەزى يەر ناملىرى قەدىمكى خوتەن ساك تىلى (توخار تىلى)غا تەۋە، ئەمما بۇ ھەقتە يازما ماتېرىيال يوق دېيەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەر ناملىرىنى تەلەپپۇز قىلىشتا ئۆزگىرىش، ھەتتا بۇزۇلۇش بولدى، شۇڭا بىرمۇنچە يەر ناملىرىنى ئىزاھلاش قىيىن بولماقتا. مەن بۇ ماقالىدە ئۆز ئىزدىنىشلىرىمگە ئاساسەن، بەزى يەر ناملىرىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمەن. مەن، بىرىنچىدىن، بۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، كېرەكلىك قىممەتكە ئىگە ماتېرىيال كەم بولغانلىقتىن، بەرگەن ئىزاھلىرىم يۈزەلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى، تەتقىقاتچىلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر ۋە تولۇقلىما بېرىشىنى سورايمەن.

**جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئاساسەن بېرىلگەن يەر ناملىرى**

1. قاراكۆت: كەلپىن ناھىيىسى يۇرچى يېزىسىنىڭ قارىمىقىدىكى بىر مەمۇرىي كەنتنىڭ نامى، ئۇ ئىككى ئېقىن ئوتتۇرىسىدىكى سېرىق توپىلىق تۆزلەڭلىككە جايلاشقان.

كەلپىن ناھىيە تەۋەسى ئاقسۇ قۇمباش بەگلىكىگە قارىغان مەزگىللەردە، قاراكۆتكە سۇ باشلاپ دېھقانچىلىق قىلىش قىيىن بولغاچقا، ئاقسۇ ئايكۆلنىڭ يۇقىرىلىرىغا داۋاملىق ھاشار چۈشۈپ تۇرىدىكەن، ھاشارنىڭ يولى ئۇزۇن، نامى يامان، ئىشى مۇشكۈل

بولغاچقا، بۇ ھاشار «قايغۇلۇق (قايىدىغان يەر)نىڭ ھاشىرى» دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىنكى چاغلاردا ھاشارغا كەلگەن ئايكۆل پۇقرا-لىرى يۇرتىغا كېتەلمەي بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، شۇنداق قىلىپ بۇ ھاشار «قالغۇلۇق ھاشىرى» دەپ ئاتالغان. كې-يىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز بارا ـ بارا «قېلىپ كۆت»، «قاراپ كۆت» دېگەنگە، ئاخىرىدا «قاراكۆت» دېگەنگە ئۆز-گەرگەن. شۇنداق قىلىپ قاراكۆت بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ قال-غان. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا 110 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن قاراكۆتلۈك مۇھەممەت يۈز بېگى (مەممەت خۇكى) ئۆزلىرىنىڭ دەل قايغۇلۇق ھاشىرى ئۈچۈن ئايكۆلدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلاتتى. قاراكۆتلۈك توختى سامساق ئاكا قاراكۆتتە ئەينى زاماندا «قايغۇ-لۇق ھاشىرى» دېيىلىدىغان بىر مۇشكۇل ھاشارنىڭ ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقىنى بوۋىسى ئەيساھاجى رىۋايەت قىلىدىغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

2. قارىغۇي: قاراكۆت كەنتى تەۋەسىدە قاراكۆت بىلەن توما-ئېرىق كەنتىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توغرايار ئېقىنلىقىنىڭ غەر-بىي قىرغىقىدا «قارىغۇي» دېيىلىدىغان بىر قەدىمىي خارابە ئىزى بار. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 555 ـ بەتتە «قارغۇ» قارا-ۋۇل، تۇر، ئېگىز تۆپىلىك ئۈستىگە مۇنار شەكلىدە ياسالغان تۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىلىپ، دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان. قارىغۇي ئاستىدا قارىغۇي جىلغىسى دېگەن كىچىككىنە بىر تېرىلغۇ مەيدانى بار. ئاپام ئاي-سىخان (2008 ـ يىلى 88 ياش)نىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئاپام-نىڭ بوۋىسى قارىغۇي جىلغىسىدىن يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان. يار ئۈستىدە بىر قورغان بولغان، ئاپامنىڭ بوۋىسى ئۇ يەردىن مىس يارماق، ھېجىر سۇنۇقلىرى، ھەر خىل چىرايلىق مارجان تاشلارنى ئۇچراتقان. قاراكۆتلۈك يۈسۈپ باينىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ خارابە ئەتراپىدا يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق

قىلىنغان. قارىتىپ، قېزىۋېلىش بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەكېتىلگەن ئالتۇن بۇقۇسا بىلەن ئالتۇن سۆرەم مودېلىنى تې-پىۋېلىپ بېيىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا بىر رىۋايەت بار.

3. گەزلىك: كەلپىن ناھىيىسى گەزلىك كەنتىنىڭ نامى، كېيىن پۈتۈن گەزلىك يېزىسىنىڭ نامى قىلىنغان. «گەز» دېگەن سۆز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 955 ـ بەتتە مۇنداق ئىزاھلانغان: 1) سۇتكە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قازان تېگى ۋە گىرۋىكىگە يېپىشىپ قالغان قىسىرمىقى؛ 2) ئىسسىق تۇتۇپ قېلىش تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ لېۋىدە پەيدا بولىدىغان قاسراقسى-مان قېتىشما؛ 3) «گەز» ئۇزۇنلۇقى 33 ـ 40 سانتىمېتىر كې-لىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ «قېرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسى-لەن: «بىر قېرى ماتا» (بىر گەز ماتا) دېگەندەك. «گەز» دېگەننىڭ «شور» دېگەن مەنىسى بار، شۇڭا «گەز باغلاش» دېگەننى «شور باغلاش»مۇ دەيمىز. دېمەك، «گەزلىك» دېگەن سۆز «شورلۇق» دې-گەن بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ «گەزلىك» «يۇلغۇنلۇق» دېگەن مەنىدە بولىدۇ، دېيىشىنىڭمۇ بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسى بار، ئەلۋەتتە.

4. سايات قەدىمىي شەھىرى خارابىسى: باغلىق كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېقىنلىقنىڭ غەربىي قىرغىقىدا سايات دېگەن قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار. سايات دېگەن سۆز «سايىدا يات» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن. بۇ خارابىدىن تېپىلغان مىس يارماق، ھېجىر سۇنۇقلىرى، كۈل ۋە داشقاللارنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى بۇ شەھەرنىڭ مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بەرپا قى-لىنغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىر بۇ قەدىمىي شەھەر ئورنىنىڭ بىر قىسمى باغلىق كەنتىنىڭ قەبرىستانلىقى قىلىندى. قەدىمىي شەھەر ئىزناسىنى ئاساسەن بايقىغىلى بولمايدۇ.

5. تومئېرىق: بۇ يۇرچى يېزىسىنىڭ تومئېرىق كەنتىنىڭ نامى بولۇپ، «تومائېرىق» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەل-گەن. تومئېرىق كەنتىنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ.

6. ئەسكەنت قەدىمىي شەھىرى خارابىسى: ئەسكەنت «ئەسكى كەنت» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن، «تاشلىۋېتىلگەن كەنت»، «كونا كەنت»، «قەدىمىي مەھەللە» دېگەن مەنىدە، بۇ شەھەر خارابىسى قاراكۆت كەنتى بىلەن تومئېرىق كەنتىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توغرا يانىڭ شەرقىي شىمال قىرغىقىغا، يەنى تومئېرىقنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كەلكۈننىڭ يارنى يالاپ كېتىشى ۋە كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق قىلىشى ئۇچۇن بۇ يەردىن يەر ئېچىشى، بايلىق ئىزدىشى نەتىجىسىدە، شەھەر كۆلىمى كىچىكلەپ ۋە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، روشەن ئىزناسى قالمىغان.

7. گەمە: بۇ قاراكۆت كەنتىنىڭ ئۈستۈن بېشىغا جايلاشقان، غەربىي شىمال تەرەپكە سوزۇلغان ئۆستەڭبويى مەھەللىسىنىڭ نامى بولۇپ، «ئويمان مەھەللە» دېگەن مەنىدە. گەمە مەھەللىسىدە گەمە تۈگمىنى بولۇپ، تۈگمەن كولىسى ئەتراپىدىن قەدىمكى ھېجىر سۇنۇقلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

8. دۆڭئېرىم: بۇ يەر كەلپىن بازىرىنىڭ غەربىدىكى ئېقىنلىق (ئۇلۇغيار) بىلەن قىسماق سېيىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئېگىز تۈزلەڭلىكنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى بىر بۆلەك يەرنى كۆرسىتىدۇ. دۆڭئېرىم ئەسلىدە «دۆڭ ئېرىم»، «دۆڭلۈكتىكى ئېرىم» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن.

9. ئاچال: ئاچال يېزىسىنىڭ نامى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 131 ـ بەتتە «ئاچال» ئايرىلىش، ئىككىگە ئايرىلغان يولنىڭ بېشى دەپ ئىزاھلانغان. ئاچال ئاچال جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە كەلپىن بازىرى بىلەن مارالبېشىغا ئايرىلىدىغان جايغا جايلاشقان بولغاچقا، «ئاچال» دەپ ئاتالغان.

10. لوپ: تومئېرىقنىڭ ئايغىدىكى قۇملۇققا تۇتىشىدىغان بىر كىچىك تۈزلەڭلىكنىڭ نامى، «سۇ يىغىلىپ قالغان يەر»، «جاڭگاللىق» دېگەن مەنىدە. بۇ يەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە جەنۇبقا سوزۇلغان ئېقىنلىق بولۇپ، ئاللىقاچان تېرىلغۇ مەيدا-

نىغا ئۆزگەرگەن. بۇ تېرىلغۇ يارداڭلىق «يۇرچى يېرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

11. ساغان: بۇ يەر ساغان تېغى ئېتىكىدىكى كۆلىمى 5000 مودىن ئاشىدىغان چارۋىچىلىق نۇقتىسى ــ ساغان جىلغىسىنىڭ نامى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 598 ـ بەتتە «ساغان» قاپقان، يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ، كەلپىن ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى دەپ ئىزاھلانغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 571 ـ بەتتە «سارغان» شورتاڭ يەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت (قومۇش)، بۇ خىل ئوت ئۈنگەن يەر «سارغان» دېيىلىدۇ. قومۇشلىرى قۇرۇپ كەتكەن يەرمۇ «سارغان» دېيىلىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان.

12. سۇمبۇلا: قىسىلتاغ ئېغىزىدىن كىرىپ غەربىي جەنۇبنى بويلاپ تەخمىنەن 1.5 ~ 2 كىلومېتىر ماڭغاندا قارا تاشلىق تاغقا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 ~ 500 مېتىر كېلىدىغان بۇ تاغ قاپتىلى «سۇمبۇلا» دەپ ئاتالغان. سۇمبۇلا ئەسلىدە «سۇنبۇل» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 645 ـ بەتتە سۇنبۇل: 1) بىر خىل خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكنىڭ نامىنى؛ 2) ئۆرۈمە چاچنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى تاشلار خۇددى ئۆرۈمە چاچقا ئوخشاش قارا رەڭلىك قىچىلما تاش بولغاچقا، «قارا تاشلىق» دېگەن مەنىدە سۇمبۇلا دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك.

13. ئىنگەن: چىلان يېزىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان تاغلىقتىكى بىر جاينىڭ نامى، بۇ جايدا ئون نەچچە ئائىلە دېھقانچىلىق قىلىدۇ. ئىنگەننىڭ ئىندىگەن، ئىنگەك دېگەن ۋارىيانتلىرى بار. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1362 ـ بەتتە «ئىنمەك» يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشمەك، دەپ ئىزاھلانغان. شۇڭا ئىنگەن دېگەن سۆز «چۈشكەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

14. كۆكۈل: كونا يول بىلەن توقاينى بويلاپ ئاچالغا ياكى

ئاچالدىن كەلپىن بازىرىغا قاراپ ماڭغاندا، ئاچال كىچىكىنىڭ بىرىسىدىكى توقايلىقتىكى كۆكۆل دېيىلىدىغان يەردە بىر نەچچە تاتلىق سۇ چىقىدىغان بۇلاق بار. كۆكۆل «تۈركىي تىللار دىۋا-نى»دا «تاتلىق سۇ بۇلىقى» دەپ ئىزاھلانغان. ئاقسۇ قاراتال بىلەن بەش تۈگمەن ئارىسىدىمۇ «كۆكۆل» (تاتلىق سۇ بۇلىقى) دېيىلىدىغان يەر بار.

15. قىيامەت يېرى: بۇ يەر ھازىرقى ناھىيە بازىرىدا بولۇپ، ھازىرقى بانكا، نېفىت ئىدارىسى، خورما زاۋۇتى، پارتىيە مەكتىپى جايلاشقان يەر «قىيامەت يېرى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ تېرىلغۇ مەيداننىڭ ئەسلىدىكى تۇزلۇشى يانتۇلۇق ئىدى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى بۇ تېرىلغۇ مەيدانى تامامەن ئۆلچەملەشتۈرۈلدى. بۇ يەرنى كىشىلەر «قىيامەتلىك يەر» (ئۆمۈرلۈك يەر، قۇتلۇق يەر) دەپ ئاتىغانلىقتىن، «قىيامەت يېرى» دەپ نام بېرىلگەن.

16. قەششەر: ئارائايماق كەنتىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئېقىنلىقنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر خارابىلىكنىڭ نامى بولۇپ، «قاشتىكى شەھەر»، «لەپتىكى شەھەر» دېگەن مەنىدە.

17. كالۋاتاغ: كەلپىننىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى گىياھ ئۆسمەيدىغان، ئۈستى شېغىللىق، تاقىر، كۆيۈك تاغ «كالۋاتاغ» دېيىلىدۇ، يەنە «ساراڭ تاغ»مۇ دېيىلىدۇ.

18. سېسىق: تۇغبېشىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۇمشۇق-تاغنىڭ قاپتىلىدا 4 ~ 6 مو كۆلەمدە سازلىق بار، بۇ سازلىقنىڭ سۈيى ناھايىتى تۇزلۇق بولۇپ، يۇلغۇن كۆكلەپ، ياۋا ئۆردەكلەر تۇخۇم سېلىپ، چىرىندىلار سېسىق پۇراق چىقىرىپ تۇراتتى. شۇڭا، «سېسىق» دەپ ئاتالغان. 1968 ـ يىللىرى تۇغ سېلىپ زەيلىك چېپىلىپ، سېسىقنىڭ سۈيى تارتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى يۇلغۇنلار قۇرۇپ كەتتى.

19. توقاي: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 308 ـ بەتتە «توقاي» دېگەن سۆزنى مۇنداق ئىزاھلىغان: 1) قويۇق ئۆس-

كەن ئورمان ۋە چاتقاللىق؛ 2) يەر ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: ئاقسۇ قاراتال غالدىر ماتاننىڭ جەنۇبىدا توقاي دېيىلىدىغان يەر بار؛ 3) رەۋىش.

**مەلۇم شەيئى نامىدا ئاتالغان يەرناملىرى**

1. باغلىق: كەلپىن بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېقىنلىق بويىغا جايلاشقان بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ كەنتتە ئەسلىدە باغ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن «باغلىق» دەپ ئاتالغان.

2. چىلان: ئاچال يېزىسىغا قاراشلىق قەدىمكى يېزا نامى. چىلاندا نامى تونۇلغان «چىلانتۇر» بار. چىلان دېگەن سۆز «تاجىك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 2 ـ توم 537 ـ بەتتە مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: 1) چىلان دەرىخىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ مېۋىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ؛ 2) «چىلان» دېگەن سۆز پارس تىلىدا تۆمۈردىن ياسالغان پىچاق، ئۈزەڭگە، ھالقا، تېمىنە يىڭنە، جۇۋالدۇز، يوگەن شۇساك، قايچا، ئورغاق قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بىلدۈرىدۇ؛ 3) 6 ـ بۇرۇچنى بىلدۈرىدۇ؛ 4) قىزىل دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

چىلان توغرىسىدا كەلپىن خەلقى ئىچىدە مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ تارقالغان: چىلان يىپەك يولى بويىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئۆتەڭ بولۇپ، بىر چىلان سودىگىرىنىڭ بىر تاغار چىلىنى چىلانتۇردا تۆكۈلۈپ كېتىپ يامغۇردا قېلىپ چىلان دەرىخى ئۈنۈپ چىققانىكەن. شۇڭا «چىلان» دەپ ئاتالغان.

3. قاراتاش يېرى: كەلپىن ناھىيە بازىرىدىكى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن كۆلۈب سېپىلىغان، دوختۇرخانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان يەر ئەسلىدە «قاراتاش يېرى» دېيىلەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى بۇ يەردە ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغان مۇشتەك چوڭلۇقتىكى قاراتاشلار بار ئىدى. ئاتام قۇربان ئەھمەتنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئەجدادلىرىمىز بۇ تاشلارنى موڭغۇللارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇلارغا رەگەتكە ئېتىش ئۈچۈن تەييارلىغانىكەن، شۇڭا بۇ يەر «قاراتاش يېرى» دەپ ئاتىد-

لىپ قالغان. بۇ رىۋايەتنى ئاتامغا ئۇلۇغ بوۋىمىز سۆزلەپ بەرگە-نىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەجدادلىرىمىز ئىگىز، قاتاڭغۇر ئا-دەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ لەقىمى «قاتلاش» ئىكەن. شۇڭا بۇ يەر «قاراتاش يېرى» ئەمەس، «قاتلاش يېرى» دەپ ئاتالغان دېگەن گەپمۇ بار.

4. يىكچى يېرى: كەلپىن ناھىيىلىك پوچتىخانا بىلەن دوختۇرخانىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى كىچىك تېرىلغۇ مەيدانى «يىكچى يېرى» دەپ ئاتىلاتتى. «يىك» شىلۋىدىن قىرىپ ياسىلىدىغان، چاقتا يىپ ئىگىرىشتە ئىشلىتىلىدىغان، بىر تەرد-پى ئۇچلۇق، بىر تەرىپى توم، خانىلىق ياغاچ ئۇرچۇق. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەردە بىر يىك ساتقۇچى كىشى ئولتۇرغانىكەن، شۇڭا «يىكچى يېرى» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

5. كۆنچى مەھەللىسى: بۇ قۇمئېرىق كەنتىدىكى كۆن - خۇرۇم ئىشلەشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان مە-ھەللىنىڭ نامى.

6. مۇنچاقچى: كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تې-رىلغۇ مەيدانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى، ئاتاشورنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ نامى. بۇ يەر ئوجۇن - مۇنچاق (بىر خىل ئۆسۈملۈك) كۆپ چىققاچقا، «مونچاقچى» دەپ ئاتالغان.

7. بەلچىت: كەلپىنگە ئاقسۇدىن بىر بەگ تەيىنلىنىپ، ھا-زىرقى يۇقىرىس كەنتى ئەتراپىغا كېلىسپلا شۇ يەردىن كېتىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «بەگ چۈشتى» دەپ ئاتىلىپ قال-غان، كېيىن بۇ سۆز ئاستا - ئاستا بۇزۇلۇپ، «بەلچىت» دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

8. قىسىل قالماق تېمى: قىسىلتاغنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى كىچىك دۆڭلۈككە جايلاشقان تامنىڭ نامى. تاغنىڭ سەل ئۈستىگە ئويۇلغان ئۆيلەرنىڭ شەكلى ۋە رەسىم نۇسخىلىد-رىدىن قارىغاندا، بۇ ئۆيلەر ئەسلىدە موڭغۇللار بىنا قىلغان ئۆي-لەر بولماستىن، بەلكى كۇچا مىڭئۆيلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىش تا-

رىخى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ يەردە موڭغۇللار ئەسكەر توختىتىپ، قىسىل ئىبـ ـغىزىنى كونترول قىلغان ھەمدە كېيىن بىر قىسىم موڭغۇللار ئولتۇراقلىشىپ قالغان، شۇڭا بۇ يەر «قالغۇچىلار تېمى» دېيىـ ـلىپ قالغان، كېيىن «قالماق تېمى» دېگەنگە ئۆزگەرگەن.

9. قاغىناق جىلغىسى: ئاچال تۇغىيېشىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى (ئاچال ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى) قىيان كۆپ كېلىدىغان بىر جىلغىنىڭ نامى. بۇ جىلغىدا قاغىناق (غولى ساغۇچ رەڭلىك بىر خىل چاتقال، ئوت تەپتى كۈچلۈك) كۆپ ئۆسىدۇ، شۇڭا «قاغىناق جىلغىسى» دەپ ئاتالغان.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


1. «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

2. نىياز كېرىمى: «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىـ ـدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

3. «تاجىك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، تاجىكىستان پەنلەر ئاكاـ ـدېمىيىسى تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى تۈزگەن، (موسكۋا)، 2 ـ توم.

4. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياـ ـتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

5. مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

6. ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

# «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى توغرىسىدا

ئىسرائىل مۇتىللا

تەڭرىتاغنىڭ غەربىي ئېتىكىدىكى تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى نۇرغۇن يەر ناملىرى ئۇيغۇر ۋە قىرغىز تىللىرىدا ئوخشاش ئاتىلىدۇ. بۇنداق يەر ناملىرى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك. ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى قەشقەر بوستانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە بوستانلىقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كارۋان يوللىرى مەركەزلەشكەن جاي. بۇ جايدىكى ئۆتەڭ ۋە كارۋان يوللىرى بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار بۇ جايدىكى يەر ناملىرىنىڭ تىل تەۋەلىكى بىلەن كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى بىر قاتار تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە يەر نامى بولۇپ، ھازىر «ئوقسۇلۇ»، «ئوقسالۇر» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. «ئوقسالۇر» قەشقەردىن پەرغانىگە تۇتىشىدىغان ئاساسلىق يولدىكى كاتتا ئۆتەڭ، خېلى بۇرۇنلا ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان جاي. بۇ جاي خەنزۇچە ۋە پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرايدۇ. چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 29 ـ يىلى، يەنى 1762 ـ يىلى يېزىلغان «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىگە ئىزاھ» (西或地理图说) (يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1991 ـ يىلى نەشرى) دېگەن ئەسەردە: «... ئۇستۇن ئاتۇشتىن چىققان كارۋان يولى ئىككىنچى ئۆتەڭ قاراگغۇ ئارقىلىق قوشجوققا كېلىدۇ،

قۇشجوقتىن تۆتىنچى ئۆتەڭ ئوقسالۇرغا تۇتىشىدۇ، ئوقسالۇر يو-
لى تاشلىق ھەم تار، بۇ جايدا ئوت، سۇ ناھايىتى مول؛ ياغاچ
ئازراق، ئوقسالۇردىن چىققان يول بەشىنچى ئۆتەڭ ساراڭىيازغا
تۇتىشىدۇ...» دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەردە ئوقسالۇر نامى
خەنزۇچە «乌奇斯鲁尔» دەپ يېزىلىش بىلەن تەڭ يەنە خەنزۇچە
خەتنىڭ ئاستىغا مانجۇچە «ukislur» دەپ ئەسلىي يەر نامىنىڭ
ئاھاڭ تەرجىمىسى بېرىلگەن.

ئەمما، يۇقىرىقى ئەسەر «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى خاتىرد-
لەنگەن ئەڭ بۇرۇنقى ئەسەر ئەمەس. تارىخچى شاھ مەھمۇد
جۇراسىنىڭ «سەئىدىيە خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئە-
سىرىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەردە دېيىلىشىچە، 1594 ـ
يىلى، يەنى ئابدۇكېرىم خانىنىڭ ۋاپاتىدىن ئۈچ يىل كېيىن، ئاب-
دۇللاخان (ئۆزبېك) يۈز مىڭ كىشىلىك لەشكەر تويلاپ، ئۆزبېك
سۇلتان، غوجامقۇلى قوش بېگىلەر بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىل-
غان، قەشقەر ۋە يەكەنلەردە مۇھەممەتخان بىلەن بىر قانچە قېتىم
ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. يەكەن
قوشۇنلىرى ئۆزبېك قوشۇنلىرىنى تاكى ئالاي چۆلگىچە قوغلاپ
ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان. مەغلۇپ بولغان ئابدۇللاخان، ئۆزبېك
سۇلتان، غوجامقۇلى قوش بېگىلەر قېچىش داۋامىدا ئوقسالۇرغا
كەلگەندە، ئۆزبېك كاتتىباشلىرى مۇنداق دېيىشكەن: «ئەگەر بۇ
يەردە (ئوقسالۇردا) بىر ئوق ئۈچى مىقدارى تۇرۇپ قالساق، قاز-
چىلىك ئادىمىمىز نابۇت بولۇر؟ ئۆزبېك قوشۇنلىرى (ئوقسا-
لۇردا) ھەر پاي ئوقنى 40 مىڭ دەپ مۆلچەر قىلىشىدىكەن».

يۇقىرىقى بايانلاردىن يەكەن قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنىڭ تولىد-
مۇ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلىپلا قالماستىن يەنە ئوقسالۇرنىڭ
تولىمۇ خەتەرلىك، يامان يەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.
قىسقىغىنە توختىسا 40 مىڭ ئەسكەرنىڭ نابۇت بولۇش مۇم-
كىنچىلىكىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى بىلەن بۇ يەر نامىنىڭ بىۋاسىتە
كېلىپ چىقىش مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى، «ئوقسالۇر» دېگەن يەر

نامى ئۆزبېك قوشۇنلىرى بېسىپ كىلىشتىن ئاۋۋاللا مەۋجۇتتۇر. بۇ يەر نامى يۇقىرىقى ئەسەردە يەنە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ھەزرىتى ئەزىزان مۇھەممەت يەھيا قەشقەر تەرەپكە قايتىپ شارت داۋىنىدىن ئۆتكەندە شۇتۇر خەلپە بىلەن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى، ھەزرىتى ئەزىزان ئۇرۇق سالۇرغا يېتىپ كەلگەندە قەشقەرنىڭ ئادەملىرى قارشى ئېلىشقا ئالدىغا چىقتى...» مەزكۇر ئەسەردە «ئوقسالۇر» يەنە «ئۇرۇق سالۇر» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

يۇقىرىقى باياندا بۇ جاينىڭ «ئۇرۇق سالۇر» دەپ تىلغا ئېلىننىشى بۇ جايدا تېرىقچىلىق، ئېكىنزارلىق مەۋجۇت دېگەن ئۇقۇمنى، قەشقەر خەلقىنىڭ ھەزرىتى ئەزىزانىنىڭ ئالدىغا مۇشۇ يەرگىچە چىقىشىدىن بۇ جاينىڭ ئاۋات بىر ئۆتەڭ مەھەللە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پەرەزلەرنىمۇ بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەمما، «ئۇرۇق سالۇر»غا كەلگەندە قەشقەرلىكلەر ئالدىغا چىققان ھەزرىتى ئەزىزان مۇھەممەت يەھيانىڭ قەشقەرگە قايتا كەلگەن ۋاقتى 1619 ـ يىلى ئابدۇلەتىپخان تەختكە چىققان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بىر ئەسەردە بۇ نام ئىككى خىل ئاتىلىپ قالغان، بەلكىم ئەسەرنى كۆچۈرۈش ياكى ئىزاھلاش داۋامىدا خاتالىق كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ جاينىڭ يۇقىرىقى ئەسەر «ئۇرۇق سالۇر» دەپ ئاتالغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى نامى ئوخشاشلا «ئوقسالۇر»، «ئوقسۇلۇ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتىدۇ. ئەمما، «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامىنىڭ مىلتىققا ئوق سېلىشتىن كېلىپ چىققانلىق مەسىلىسى گۇمانلىق بولۇپ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە مىلتىق تېخى ئىشلىتىلمىگەن. ئەگەر ئوقياغا ئوق سالغان بولسا، بۇنىڭدىن «ئوقسالۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى چوڭ ئەمەس، چۈنكى «ئوقياغا ئوق سالدى» دېگەن سۆز مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇ «بەتلەش»، «ئوقلاش» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنداقتا «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامىنى قانداق قىلغاندا

توغرا ئىزاھلىغىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە يەنىلا بۇ قەدىمكى
كارۋان يولىنىڭ تارىختىكى ئۆتەڭلىك رولىنى چىقىش قىلىپ
چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. قەدىمدە قەشقەردىن چىققان
كارۋان يولى ئۇستۇن ئاتۇشقا كەلگەندە ئۈچ لىنىيىگە ئايرىلىپ،
ئالاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا تۇتاشقان يوللاردىن
تەركىب تاپقان. بۇ يوللار يازلىق، يىللىق، ھارۋىلىق، ئات ـ
ئۇلاغلىق يوللارغا ئايرىلغان. بۇلار ئىچىدە قەشقەردىن ئوشقا با ـ
رىدىغان سودا يولى ئۇستۇن ئاتۇشتىن چىقىپ قاراڭغۇ، قاراڭغۇ ـ
دىن قۇشجوقتا ۋە ئوقسالۇرغا، ئوقسالۇردىن ساراڭياز ئارقىلىق
يىغىنغا، يىغىندىن قارابەل ئارقىلىق تىرەك داۋانغا تۇتىشىدۇ، بۇ
يول قەدىمدە بىر قەدەر ئاۋات بولغان يىپەك يولىنىڭ بىر بۆلىكى
ھېسابلىنىدۇ. بەزى چاغلاردا يىل بويى قاتنىغىلى بولغان. قاتناش
جەھەتتە تۆگە، قېچىرلاردىن باشقا، مەلۇم ئۆتەڭلەر ئارىلىقىدا
ئاز ساندا ھارۋا قاتنىغان. يوللار ناچار بولغاچقا، مەلۇم ئۆتەڭلەر ـ
دە ھارۋىلارنى رېمونت قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ،
ئوقسالۇردىن ئەركەشتامغىچە بولغان لىنىيە ئېقىن ۋە تاغ باغرى ـ
نى بويلاپ ماڭىدىغان يول بولغاچقا سەل جاپالىق. دېمەك، سودا
كارۋانلىرى ۋە پەرغانە ئويمانلىقىدىن سەپەر قىلغۇچىلار ئوقسا ـ
لۇرغا كەلگەندە ھارۋىلىرىنى رېمونت قىلغان ۋە بۇزۇلغان يەرلى ـ
رىنى يەڭگۈشلىگەن. تاغ يولىدا ئاساسلىقى ھارۋىلارنىڭ ياغاچ
ئوقلىرى بۇزۇلىدىغان بولغاچقا، ئوقسالۇردىن باشلىنىدىغان جا ـ
پالىق تاغ يولىدا تەييارلىق قىلىپ ھارۋىلىرىنى پۇختىلىغان.
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆتەڭ كارۋانلارنىڭ ھارۋا رېمونت قىلىدىغان،
جۈملىدىن، ھارۋا ئوقىنى پۇختىلايدىغان ياكى ئالماشتۇرۇپ سا ـ
لىدىغان جايى بولۇپ قالغان. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئوق ـ
سالۇر تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسىنىڭ بويى
كەڭرى كەتكەن ئورمانلىق بولۇپ، جىغان، شىلۋى، يۇلغۇنلار بەك
كۆپ. بۇ، قاقاس ھېسابلىنىدىغان ئۇلۇغچات تەۋەسىگە نىسبەتەن
خېلىلا كەڭرى بىر جاڭگاللىق. بۇ جاي قەدىمدە قىشلىق ئىسسى ـ

نىش غېمىنى يىراق تاغ ئارىسىدىكى جاڭگاللىق ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئادەتلەنگەن قەشقەر خەلقىگە نىسبەتەن ئىسسىنىش مەن-بەلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئوتۇنچىلار ھارۋىلىرىغا ئوتۇن بېسىش-تىن ئاۋۋال مۇشۇ جايدا توختاپ، ھارۋىسىنى بىر قۇر تۈزەشتۈ-رۈۋېلىشى مۇمكىن، شۇڭا «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى ئاتىدىغان ئوق بىلەن ئەمەس، بەلكى ھارۋا ئوقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بو-لۇشى مۇمكىن.

# يوپۇرغا ياغاچ ئايۋان قەدىمي شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىكى يەرناملىرى

## ئوبۇل مەخمۇت

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — ياغاچ ئايۋان قەدىمي شەھىرى خارابىسى يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇراقۇم قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىگە، دۆلەت AAA دەرىجىلىك ساياھەت رايونى — داۋاكۆل قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، مەزكۇر ساياھەت رايونى بىلەن تۈز لىنىيە بويىچە ھېسابلانغان ئارىلىقى توققۇز كىلومېتىر، تېرىم يېزىسىنىڭ ئورگىنىغا 20 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە ئەينى چاغدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىزناسى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئەسلىدە ئايۋان ـ سارايلىرى پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغان ئۆتەڭ ئىكەن، شۇڭا كىشىلەر بۇ جاينى «ياغاچ ئايۋان» دەپ ئاتىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جاي قەدىمكى زامانلاردا تازا گۈللەنگەن شەھەر ئىكەن. دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ شەھەر مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ۋەيران بولغان. بۇ خارابىلىك 2003 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلىندى.

ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، بۇ جاي قەدىمكى زامانلاردا كاتتا شەھەر بولۇپ، يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىكەن. كېيىن قۇم ئاستىدا قېلىپ ۋەيران بولغان. بۇ يەردە ھازىر قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىزناسى ۋە خۇمدانلارنى

ئىنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

بۇ يەردىن ئىقتىسادىي ئۇنۇمى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان مىقا (چۆل گۈرۈچى)، توشقان زەدىكى، يۇلغۇن يىلىمى قاتار-لىقلار چىقىدۇ. بۇ يەردىكى داڭلىق ئىزلارنى بۇ يەرنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي شارائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، بۇ يەر گوياكى ئۈستى ئوچۇق مۇزېيغا ئوخشايدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ خارابە ئەتراپىدىكى بەزى يەر ناملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

**بۇغرا قۇمى**

بۇغرا قۇمى ـــ يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر يېڭىشەھەر، يوپۇر-غا ناھىيىلىرى تۇتىشىدىغان جايغا جايلاشقان پايانسىز قۇملۇق-نىڭ نامى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 ـ توم 631 ـ بېتىدە بۇ قۇملۇقنىڭ نامى «باغرام قۇم» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئىلگىرى قەشقەر ـ يەكەن يولى مۇشۇ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەچكە، بۇ يولنىڭ نامى مۇشۇ قۇملۇقنىڭ نامى بىلەن «بۇغراقۇم يولى» دەپ ئاتىلاتتى.

**قىز قۇمى**

قىز قۇمى ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ شىما-لىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىككى قۇم دۆۋىسىدىن تەركىب تاپقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا ياغاچ ئايۋان شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، مۇشۇ يەردە مال باقىدىغان پادىچى يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. كېيىنچە ئۇلار مۇھەببەتلىشىپ توي قىلماقچى بوپتۇ. پا-دىشاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ يىگىتنى تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى لەخمە كولاپ يىگىتنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپتۇ. پادىشاھ لەشكەرلىرىگە قىز بىلەن يىگىت-نى قوغلاپ تۇتۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، لەشكەرلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئۇلارنى تېپىۋاپتۇ ۋە قوغلاپ يېتىشىۋالاي دېگەندە قىز بىلەن يىگىت ئالدىدىكى قۇم

دۆۋسىگە قاراپ: «ئەي قوم، بىزنى قويىنىڭغا ئالساڭچۇ؟» دەپ نىدا قىپتۇ، شۇ ئەسنادا قوم ئىككىگە بۆلۈنۈپ قىز بىلەن يىگىتنى قويىنىغا ئاپتۇ. شۇ چاغدا قاتتىق بوران چىقىپ لەشكەرلەرنى قوم ئاستىغا كۆمۈۋېتىپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى شۇ قېتىملىق بوراندا قوم ئاستىدا قالغانمىش. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ قومنى «قىز قومى» دەپ ئاتاپتۇ.

**تەڭگىلىك**

تەڭگىلىك ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، كۆلىمى 1000 موچە كېلىدۇ. بۇ يەر يايما قوملۇق بولۇپ، ئەتراپىغا قارىسىڭىز ھەممە يەر تەڭگە، يارماق تۆكۈپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر سىز بۇ تەڭگە ۋە يارماقلارنى تۇتسىڭىز شۇ ھامان ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جاي ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرىنىڭ خەزىنىسى بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈن نۇرىدا تەڭگە، يارماقلارنىڭ نۇر سۈپىتى ئۆزگىرىپ ھازىرقى ھالەتكە كېلىپ قالغان. كىشىلەر بۇ جايدىن نۇرغۇن تىللا ۋە تەڭگىلەرنى تېپىۋالغان. شۇڭا، كىشىلەر بۇ جاينى تەڭگىلىك دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

**ئامۇتلۇق**

ئامۇتلۇق ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ جايدا پايانسىز قوم بارخانلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەچچە يۈز تۈپ ئامۇت دەرىخىنىڭ كۆتىكى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەينى يىللاردا بۇ يەردە قويۇق ئامۇت دەرىخى ئۆسكەنىكەن. بۇ يەردە ھازىر بۆرە ئۈزۈمى، مىقا قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. مىقا سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، دېنى تېرىق دېنىنىڭ چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ياخشى ئۆسكەن بىر تۈپ مىقىدىن بىر جىڭ مىقا دېنى ئالغىلى بولىدۇ. مىقىنى يارغۇنچاقتا ئۇن تارتىپ نان ياققىلى، ئۇماچ ئەتكىلى بولىدۇ. كىشىلەر مىقا بىلەن نۇرغۇن كېسەللىكنى، يەنى سوغۇقتىن، يەلدىن بولغان كېسەل-

لىكلەرنى داۋالاپ كەلمەكتە.

**سوكلۇق**

ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپىدە نەچچە مىڭ مو كېلىدىغان سوكلۇق بار. سوكلۇق ئەتراپىنى پايانسىز قۇم بارخانلىرى قورشاپ تۇرغاچقا، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ كېلىپ ئوتۇن قىلىش ئۇچۇن كېسىشىدىن ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردىكى سوكىلارنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ. پايانسىز قۇملۇق ئارىسىدا بىر پارچە يېشىل سوكلۇقنىڭ بولۇشى بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەر تەبىئىي باغچا بولۇپ، توشقان، كىيىكلەر ماڭدامىدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. دېمەك، بۇ يەر تەبىئىي ھايۋانات باغچىسىدۇر.

**شامالكۆل**

شامالكۆل ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، كۆلىمى نەچچە مىڭ مو كېلىدۇ. شامالكۆل ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: ياغاچ ئايۋان شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى 40 كېنىزەك بىلەن بۇ كۆلگە يۇيۇنغىلى كەپتۇ، شۇ ئەسنادا شامال چىقىپ ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كېتىپتۇ. قىزلار يۇيۇنۇپ قىرغاققا چىقسا كىيىم ـ كېچەكلىرى يوق تۇرغىدەك، ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغاندا يەنە شامال چىقىپ قىزلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئەسلىي جايىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ نامى شامالكۆل بولۇپ قاپتۇ. بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئۆزگىچە، بۇ يەرگە بارسىڭىز دائىم شامال چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز.

**نىيازنىڭ توغراقلىقى**

نىيازنىڭ توغراقلىقى ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، نىيازنىڭ قىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يېڭىسار دەرياسى يار ئېلىپ كېتىپ،

ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرىنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ، خەلق غەم ـ قايغۇغا چۆمۈپتۇ، شۇ چاغدا نىياز ئىسىملىك بىر يىگىت كۆك-رەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ 10 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان توغان سوقۇپ سۇنى توسۇپتۇ. كېيىن سۇ بېسىپ كەتكەن جايلارغا توغراق ئۈنۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ توغراقلىقنى نىيازنىڭ توغراقلىقى دەپ ئاتاپتۇ.

ياغاچ ئايۋان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ ئەتراپىدا يەنە ئاتخانا، بۆرە ئۇزۇملۇكى، بەلقۇم، داۋازاقۇم، ئايدىڭكۆل دېگەندەك يەر ناملىرى بار، بۇ جايلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ئاتالغانلىقى توغرىسىدا داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

داۋاكۆل

«داۋاكۆل» مەملىكەتلىك AA دەرىجىلىك قۇملۇقتىكى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى، ئۇ ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇملۇقتىكى «يېشىل مەرۋايىت» يوپۇرغا ناھىيىسىمۇ «داۋاكۆل»گە ياندىشىپ يىراق ـ يېقىنغا تونۇلۇشقا باشلىدى.

مەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا قەدىمىي ئىزلار، داڭلىق ئاسارئەتىقىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە يەنە «داۋاكۆل» ۋە بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە ئۇزۇن يىل ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، بۇ ھەقتە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. تۆۋەندە مەن «داۋاكۆل» ھەققىدىكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

«داۋاكۆل» دېگەن بۇ نام كېسەل داۋالايدىغان كۆل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سۇ كىرىش مەنبەسى بولمىسىمۇ كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقتا تاكى بۈگۈنگىچە قۇرۇپ قالماي بىر خىل ھالەتتە تۇرۇشى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك كۆل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «داۋاكۆل»نى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان بولساممۇ، ئەمما بۇ كۆل توغرىسىدا بىرەر يازما ماتېرىيال ئۇچراتمىدىم، لېكىن

كىشىلەر ئارىسىدا ئىغىزدىن ـ ئىغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن بۇ كۆلگە دائىر رىۋايەتلەردىن بەزىبىر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم.

«داۋاكۆل» يوپۇرغا ناھىيىسى ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر، ئاخۇنلۇقۇم يېزىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئالتە كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە مارالبېشى ئۆستىڭى بىلەن، جەنۇبتا بايئاۋات يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، كۆلنىڭ ئەتراپى دولقۇنسىمان كەتكەن قۇملۇقتىن ئىبارەت. بۇ يەردە توغراق، يۇلغۇن، كۆك يانتاق، چاكاندا، توقا چىگە، قومۇشلار ئۆسىدۇ، ياز كۈنلىرى بۇ يەردىكى دەرەخلەر باراقسانلىشىپ ۋە يۇلغۇنلار چېچەكلەپ، گۈل ـ گىياھلار ئېچىلىپ گۈزەل مەنزىرە شەكىللىنىدۇ.

بۇ يەردە ئەسلىدە يەتتە كۆل بولۇپ، سۇ كىرىش ئىغىزى يوق، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە سۈيى بىر خىل تۇرىدۇ. بۇ كۆللەرنىڭ سۈيى دەملەنگەن چاينىڭ رەڭگىدە، ئادەم سۇغا كىرسە لەيلەيدۇ، سۇغا كىرگەن ئادەم ئۆزىنى ناھايىتى راھەت ھېس قىلىدۇ. داۋاكۆل توغرىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 يىللار ئىلگىرى يەكەن دەرياسىغا چوڭ كەلكۈن كېلىپ، بۇ يەرلەرنى سۇ بېسىپ كەتكەن، كەلكۈن توختىغاندىن كېيىن قۇملۇقتىكى ئويمان يەرلەرگە سۇ يىغىلىپ قالغان. بۇنىڭدىن 400 نەچچە يىل ئىلگىرى مەكىتلىك بوۋىخان تۆرەم دېگەن كىشى بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئاقساپ قالغان ئات ـ قېچىرلىرى بۇ توختام سۇلارنى كېچىپ ئۆتكەندىن كېيىن پۇتلىرى ساقىيىپ كەتكەن. بۇ ئىشتىن بوۋىخان تۆرەم باشقىلارغا «بۇ كۆلنىڭ سۈيى داۋا ئىكەن، بۇ راستىنىلا داۋاكۆل ئىكەن» دېگەن. كېيىنچە بۇ ئىش قۇلاقتىن ـ قۇلاققا تارقالغان، رېماتىزم خاراكتېرلىك پۇت، بەل، بوغۇم ئاغرىقى بارلار بۇ كۆلگە چۈمۈلۈپ ساقايغان. شۇنىڭدىن باشلاپ «داۋاكۆل» دېگەن بۇ نام ئومۇملاشقان. ئەمما، يىللارنىڭ ئۆتۈشى، يوللارنىڭ

ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ كۆللەر بىر سىرلىق كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان. 50 ـ يىللاردا كەلگەندە تېرىم يېزا يېڭى ئۆستەڭ 11 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىدىكى ئاتەك مۆمىن دېگەن كىشى دادىسىنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە ئىزدەش ئارقىلىق بۇ كۆللەرنى قايتىدىن تاپقان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۆللەر كىشىلەر تەرىپىدىن «خاسىيەتلىك كۆل»، «شىپالىق كۆل»، «داۋاكۆل» دەپ تەرىپلىنىپ، كىشىلەرنىڭ سەيلىگاھىغا ۋە بىمارلارنىڭ داۋالىنىدىغان جايىغا ئايلاندى. ھەر يىلى 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا بۇ كۆلنىڭ نامىنى ئاڭلىغان، يىراق ـ يېقىندىكى رېماتىزىم خاراكتېرلىك بەل، پۇت، بوغۇم ئاغرىقى بار بىمارلار بۇ كۆلگە كېلىپ داۋالىنىپ كېتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ كۆلنىڭ سۈيىدە ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغانلىقىمۇ بايقالدى. ئەتراپى قۇم بىلەن قاپلانغان مەنبەسى بولمىغان بۇ كۆللەرنىڭ شۇنچە ئۇزاق يىللارغىچە قۇرۇپ كەتمەي سۈيىنىڭ بىر خىل ھالەتتە تۇرۇشى، قۇم بوراندا كۆمۈلۈپ كەتمىگەنلىكى، كۆل سۈيىنىڭ بىر قىسىم كېسەللەرگە داۋا بولۇشى كارامەت بىر مۆجىزە دەپ قارالماقتا.

# قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلاردىكى يەرناملىرى

**پائۇل پېللىئوت** (فرانسىيە)

ياپونىيىلىك ئالىم خانېدا تورۇ «توخرىلار ۋە كۇشان» دېگەن ماقالىسىدە («تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى»نىڭ 40 ـ جىلد، 1025 ـ بەتتىن 1054 ـ بەتكىچە) ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا تىلغا ئېلىنغان توخرىلارنىڭ پايتەختى ھەققىدىكى كۆز قاراشلارنى نەقىل كەلتۈرگەن. كۇشان توغرىسىدا ف. ۋ. مۇللېر ۋە ستېن كونوۋلارنىڭ پەرەزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن. تەپسىلىيرەك توختىلىدىغان بولساق، ۋاڭ شۇدەن شىنجاڭدىن مانى دىنىغا ئائىت ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما ئېلىپ كەتكەن، بۇ ئىككى يازمىدا تۆت ئادەمنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن. بۇ تۆت ئادەمنىڭ بىرى «Qamilligh ـ قامىللىغ»، بىرى «Kusanlig ـ كۇسەنلىگ»، قالغان ئىككىسى «Solmiligh، Sulmiligh ـ سۇلمىلىغ». بۇ ئىككى پارچە ھۆججەت ئوخشاش بىر ھۆججەتنىڭ پارچىسى بولسا كېرەك. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «قامىل» نەق ھازىرقى قۇمۇلنىڭ ئۆزى. مۇللېرمۇ بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە بېغىشلىمىنى ئېلان قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە «تۆرت كۇسەن» دۆلىتى، «ئۈچ سۇلمىدا» دېگەن سۆزلەر بار. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، كېيىنكى ھۆججەت كەمتۈك بولغاچقا، مۇللېر «سۇلمى» ياكى «سۇلمى»نى «چالمادانا» بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان. چالمادانا ھازىرقى چەرچەننىڭ ئۆزى («توخار تىلى ۋە كۇشان» دېگەن ماقالىنىڭ 581 ـ بېتىدىن 583 ـ بەتكىچە بولغان جايلىرىغا قاراڭ.) دەرۋەقە خانېدا تورۇ يۇرت نامى بولغان بۇ سۇلمى ياكى سولمى بىلەن ئۈچ سۇلمىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. بۇ-

نىڭدىن باشقا ئۇ يەنە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 124 ـ جىلـ ـ دىدىكى «قارايىغاچ بۇيرۇق تەزكىرىسى»دىكى 唆里迷 سۇلمى دۆ ـ لىتىنى بۇنىڭغا ئىسپات قىلغان. خانېدا تورۇنىڭ يۇقىرىقى سۇلمىنى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 唆里迷 نىڭ ئۆزى دەپ ھۆكۈم قىلىشى ناھايىتى توغرا. بىراق، سۇلمىنىڭ ئورنى ئېنىق ئە ـ مەس، بەلكىم بەشبالىقنىڭ شەرقىدە بولۇشى مۇمكىن. سۇلمى بىلەن قامىل نامى 13 ـ ئەسىردە مەۋجۇت ئىدى، بۇنى ئەلۋەتتە بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سۈرۈشكە بولىدۇ. خانېدا تورۇ ئوخشاش بىر قولىيازمىدىكى «كۇسەنلىگ»نى كۇچالىق دەپ ئې ـ نىقلىغان، مېنىڭ كۆز قارىشىممۇ بۇنىڭغا ئوخشاش. چۈنكى تۈرك، موڭغۇل رايونلىرىدا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كۇچالىقلارنى «كۇسەنلىك» دەپ ئاتاش ئادەت ئىدى («ئاسىيا ژۇرنىلى»نىڭ 1920 ـ يىللىق 1 ـ سان، 181 ـ بەتكە، «تۇڭباۋ»نىڭ 1923 ـ يىللىق سانى 127 ـ بېتىگە قاراڭ؛ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتا ـ بىدا «كۇسەن» بىلەن «كۇچا» ئاتالغۇسى تەڭ ئىشلىتىلگەن). بىراق، ئۇيغۇرچە بېغىشلىمىدىكى ئۈچ سۇلمى بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان تۆت كۇسەنلىكنى كۇچالىق دەپ قاراشقا ئاساس قالماي ـ دۇ. 苦先 دېگىنى كۇچا تۇرسا يەنە نېمىشقا مۇللىر ئېلان قىلغان باشقا بېغىشلىمىلاردا بۇ خىل قاراشتا ئىزچىللىق يوق. شۇڭا خانېدا ئەپەندى بۇ خىل قارىشىدا ئىزچىل چىڭ تۇرغان. مەن خەنزۇچىدىكى 苦先نى كۇچانىڭ ئۆزى دەپ بىلسەممۇ، لېكىن بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇڭا، مۇللىر ئېلان قىلغان بېغىشلىمىلاردىن پەقەت بىر بېغىشلىمىدىلا بۇ سۆز كۇسەن تىلىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، يەنە بىر بېغىشلىمىدا كۇسەن تىلىدىن بارچۇق تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دېيىلگەن، كېيىن يەنە بىر ماقالىسىدە بۇ سۆز بىۋاسىتە ئەنەت ـ كەك تىلىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، كۇسەن تىلى بىلەن توخرى تىلىنىڭ پەرقى بار. مېنىڭ كۇچا رايونىدا تارقال ـ

غان ئىلگىرىكى تىللاردىن، يەنى توخار تىلى (B)دىن خەۋىرىم بار. بارچۇق تىلى، ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا كەنجى تىل دەپ ئىس-پاتلانغان ئۇيغۇر تىلى دېگەندەك قاراشلار مۇللېر تەرىپىدىن ئوت-تۇرىغا قويۇلغان. ئىشقىلىپ، بارچۇق چىڭگىزخان دەۋرىدە ھۆ-كۈمرانلىق قىلغان ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى بارچۇق ئارت تېې-كىنىنىڭ ئىسمى بىلەن تاسادىپىي ئوخشىشىپ قالغان بولسا كېر-ەك. شۇڭا، توخرى تىلىنىڭ دەل قاراشەھەر، تۇرپان تەرەپلەردە ئىشلىتىلگەن توخار تىلى (A)، ھەتتا توخار تىلى (B)لارنىڭ نەق ئۆزى دېگەن كۆز قاراشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك؛ بۇ تىل «كۇسەن تىلى» دەپ ئاتىلىشى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا لېۋى ئەپەندى بېكىتكىنىدەك «كۇچا تىلى» دەپ ئاتىلىشى كېرەك. مەسئۇدىنىڭ كىتابىدىكى «كۇشەن» (كۇسەن دەپ ئوقۇلۇشى كې-رەك) تەلەپپۇز جەھەتتە خەنزۇچىدىكى 苦先گە يېقىن كېلىدۇ. 高昌غا يېقىن كەلمەيدۇ، 高昌غا توغرا كېلىدىغىنى قوچو بو-لۇشى كېرەك. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىمۇ مۇشۇنداق يې-زىلغان. مەسئۇدىنىڭ كىتابىدا كۇچا نامىنىڭ خاتىرىلىنىشى توققۇز ئوغۇزلار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. خانېدا تورۇ ئەپەندىنىڭ مەن بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بار دېيىل-سە، ئۇ سەۋەب ئۇنىڭمۇ ئۇيغۇرچە يازمىلاردىكى كۇسەن نامىنى كۆرگەنلىكىدىن ئىبارەت. كۇشان مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ قاراشنى ئىسپاتلىغىدەك ھېچقانداق بىۋاسىتە ماتېرىيال يوق. كۇشان دەپ قارىغۇچىلار ئالدى بىلەن مەزكۇر كۇچا نامىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولغان كۇسەن بىلەن كۇشاننىڭ قانداق مۇنا-سىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك.

**ساك تىلىدىكى بىر قىسىم غەربىي-يۇرت يەر ناملىرى**

ستائېل خولستەيىن ساقلىغان دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئىككى پارچە ھۆججەت ف. ۋ. توماس ۋە ستېن كونوۋلار تەرىپىدىن 1929 ـ يىلى نورۋېگىيىنىڭ پايتەختىدىكى ھىندىشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنىڭ مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنىدى (121 ـ بەتتىن

160 ـ بەتكىچە). بۇلتۇر مەن «تۇڭباۋ»نىڭ 230 ـ بېتىدە بۇ ماقالىنى تىلغا ئالغىنىمدا Icu (ئىچۇ)نىڭ خەنزۇچە مەنبەلىردىكى يىجۇ (ھازىرقى قۇمۇل)نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى، phucamni (پۇچامنى)نىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى تاڭ دەۋرىدىكى 蒲昌 (ھازىرقى پىچان)نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدىم. گ. ل. م. كلاۋسون بۇ يىل ئەنگلىيە ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى (297 ـ بەتتىن 309 ـ بەتكىچە)غا يازغان ماقالىسىدە يۇقىرىقى ئىككى ھۆججەتنىكى يەر ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن. بۇلتۇر مەن بۇ ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى پارىژدىكى ئاسىيا جەمئىيىتىگە دوكلات قىلغىنىمدا مەنمۇ ھۆججەتتىكى Yirrumcimniنى تاڭ دەۋرىدىكى 轮台 يەنى ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزى شۇ دېگەنىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا مەن بۇ دوكلاتىمدا ھەمدە ئېلان قىلىنمىغان يەنە بىر تەپسىلىي تەتقىقات ماقالەمدە كلاۋسون تىلغا ئالغان ئىران تىلىدىكى پەنجىكەنتنىڭ بەشبالىقنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدىم. بۇ شەھەر تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جىمىسار ئەتراپىدا. كلاۋسون خاتالىشىپ بەشبالىق بىلەن قاراقوچونى بىر دەپ قارىغان (306 ـ بەت). يەنە بىرى، مەن Bihiraki بىلەن Sapari (306 ـ بەت)نى تاڭ دەۋرىدىكى 冯落 بىلەن 笨沙لارنىڭ ئۆزى دەپ قارايمەن. بۇ ئىككى شەھەر بەشبالىق بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا. قالغان ناملار، مەسىلەن: گۇاجۇ، گەنجۇ، لياڭجۇ ۋە تۇرپان (ساكچە Tturpamni) ناملىرىدىن بىر قىسمى ھۆججەتنى تۈنجى قېتىم ئېلان قىلغۇچى تەرىپىدىن دەلىللەنگەندىن سىرت، قالغانلىرى دەلىللەش ناھايىتى قىيىن ناملار بولۇپ تۇرماقتا. كلاۋسوننىڭ يەكۈننى تەتقىقاتتا كۆرسەتمىلىك رولى بار ھەمدە مۇھاكىمە قىلىشقا ئاساس بولالايدۇ دەپ قارايمەن. ئەمما، ئۇنىڭ تەتقىقاتىدا نۇرغۇن گۇمانلىق نۇقتىلار بار. بولۇپمۇ، kau yaki بىلەن ttiyaki دېگەن ئىككى خەتنىڭ ئالدىنقى يېرىمى خەنزۇچىدىكى 高، 低 دېگەن ئىككى خەتنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. كېيىنكى يېرىمى

بـولغان yaki بولـسا قاراشـەھـەرنىڭ ئـىـسمـىـدۇر (306 ـ بـەت، ئۇنداقتا نىمىشقا phalayaki نىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پارچىلاپ ئىزاھلاشقا بولمايدىكەن.) تەتقىقاتچى (306 ـ بەت) kautunaiنـى ساكچە سۆز بولۇپ، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 高昌نىڭ نەق ئۆزى دەپ قارايدۇ. مۇنداق چۈشەندۈرۈشنـى مەنمۇ تـوغرا دەپ قارىمـاي ـ مەن. قوچو راستىنلا يەرلىك ئىسىمنىڭ ئاھاڭ تەرجىمـىسىمـۇ، بۇمۇ ناتايىن (گەرچە شۇنداق ئېھتىماللىق بولسىمۇ.) بۇ يەردىكى قوچو نامى قەدىمكى سوغدى تىلىدا بەلكىم كۇچان دەپ يېزىلغان بـولـۇشـىـمـۇ مـۇمـكـىـن. بـۇ ھـەقـتـە ھ. رېـيـچـېـلـىـتـنـىـڭ (Die soghd Handschr, d . Brit . Mus . II . 5) ئەسىرىگە قاراڭ.

**قوچو ۋە قاراقوچو ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات**

مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بوغدا تېغىنىڭ جەنۇ ـ بى، شىمالى ئالدى قوش دۆلىتى جايلاشقان جاي ئىدى. ئارقا قوش دۆلىتىنىڭ پايتەختى تەڭرىتاغىنىڭ شىمالىدا بـولۇپ، ھازىرقـى گۇچۇڭ ئەتراپىدا ئىدى. ئالدى قوش دۆلىتىنىـڭ مەركىزى تـەڭ ـ رىتاغىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئورنى ھازىرقى يارغول قەدىمكى شە ـ ھىرى ئىدى. ئالدى قوش دۆلىتىدە يەنە قوچو قەلئەسى بار ئىدى، بۇ كېيىنكى مەزگىللەردىكى قاراقوچو بولۇشى كېرەك. مىلادىيە 46 ـ يىلى گـۇەن بوجۇ قوچـو بېگى دەپ ئـاتالغـان («شـىـمالـىـي سۇلالىلەر تارىخى»). مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا بۇ بەگلىكنىڭ پاي ـ تەختىنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو قەلئەسى ئىكەنلىـ ـ كىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يېقىندا گرۈنۋېدېل قاراقوچو شەھـ ـ رىنىڭ يېنىدىكى ئىدىقۇت شەھىرىدىن 5 ـ ئەسىرگـە تەئەللـۇق مەڭگۈ تاشنى بايقىدى. فرانكې بۇ مەڭگۈتاشنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئالدىنقى پەرىزىمىزنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ ـ دىن كېيىن قوچو شەھىرىنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش بـولمىغان. 640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىشغال قىلغان جاي قوچو شەھىرى، يەنى قاراقوچو ئىدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرد ـ لىرىدا ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇ جاي تـاڭ

سۇلالىسىگە قارىمايدىغان بولغان. ئۇيغۇرلار بۇ جايدا باشقا بىر قوچو خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان، ئۇنىڭ پايتەختى يەنىلا قاراقو-چو بولغان. 981 - يىلى ۋاڭ يەندې ئەلچىلىككە كەلگەندىمۇ دەل مۇشۇ قاراقوچو شەھىرىگە كەلگەنىدى. شۇ چاغدىكى سۇڭ سۇلا-لىسى بۇ دۆلەتنىڭ نامىنى قوچو دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، شىمال-دىكى قىتان خانلىقى 913 - يىلىدىن باشلاپلا قاراقوچو ئۇيغۇر-لىرىنى قوچو ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتاشقا باشلىغان («قىتان تارى-خى»نىڭ 1 - جىلد، 36 - بېتىگە قاراڭ). «جىن سۇلالىسى تارى-خى»دا 1130 - يىللاردا بۇ يەر قوچو دەپ ئاتالغان. «يۈەن سۇلا-لىسى تارىخى»دا يات ئەللەرنىڭ ئىسىملىرى بىردەك يېزىلمىغان. يەنى قوچو سۆزى خەنزۇچە 哈剌火州، 哈喇霍州 دېگەندەك ھەر خىل يېزىلغان. بىراق، كۆپرەك قوچو دەپ يېزىش ئادەتكە ئايلانغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى ئىدى-قۇت دېيىلىدۇ. موڭغۇللار دەۋرىدىكى پارس تارىخچىلىرى قارا-قوچو دېگەن يۇرتنىڭ بارلىقىنى بىلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ سىياسىي مەركەز تۇرپانغا يۆتكەلگەن. مىڭ سۇلالىسى تارى-خىدا «قوچو يەنە قاراقوچو دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تۇرپاننىڭ 30 چاقى-رىم شەرقىدە. ئۇنىڭ شەرقىدە بىر تاشلاندۇق شەھەر بار، بۇ قە-دىمكى قوچو دۆلىتىنىڭ پايتەختىدۇر» دېيىلگەن. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوچونىڭ پايتەختى يەنە يېقىن ئەتراپتىكى جايغا، يەنى قاراقوچوغا يۆتكەلگەن. تاشلاندۇق شەھەر يەنىلا ئىدىقۇت دەپ ئاتىلىۋەرگەن.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى 火州، 高昌لار يەرلىك تىلدىكى قاراقوچو، يەنى قاراغوجىنىڭ ئۆزىدۇر. مېنىڭ يۇقىرىقىلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك. ئۇر-خۇن مەڭگۈ تاشلىرى ۋە تۈركچە تارىخىي ماتېرىياللار بايقالغاندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كۆپەيدى، شۇڭا بۇ ھەقتە قايتا ئىزدىنىش زۆرۈرىيىتى بار.

بەزىلەر قوچونى تۈركچە نام بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە تۈرك

مەڭگۈ تاشلىرىدىن «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دا ئۇچرايدۇ، بۇ
مەڭگۈ تاشتا يۇقىرىقى ئاتالغۇ (كۆلتېكىن قوسۇ تۇتۇق بىلەن
ئۇرۇشتى) بار دەپ قارايدۇ. پاركېر ئەپەندى تومسون ئەپەندىگە
مۇنداق دېگەن: قوسۇ ياكى قوسۇ جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرى-
دىكى 和州 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. بارتولد ئەپەندى دەسلە-
پىدە بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن تارىخىي
پاكىتلار بۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن بۇ قاراشتىن
يېنىۋالغان. ئۇ قوچو نامىنىڭ كۆرۈلۈشى 10 ـ ئەسىرنىڭ نې-
رىسىغا بارمايدۇ، ئۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرىكى كۆلتېكىن دەۋ-
رىدە قوچو نامىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، دېگەن.
مۇللېر ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۇتۇق دېگەن
تاڭ دەۋرىدىكى 都督 دېگەن ئەمەلنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. تاڭ
دەۋرىدە تۇتۇق دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە ئاھاڭ تەرجىمىسى
بولغانىكەن ئۇ ھالدا قوچو نامىنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلىش تەس
ئەمەس. «تاڭنامە»نىڭ «جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە 孤舒 تۇتۇق
مەھكىمىسى دېگەن بىر جاي بار. فونېتىكا نۇقتىسىدىن قارى-
غاندا، ئۇنىڭ ئاھاڭى ئۇيغۇن كەلسىمۇ، لېكىن جۇغراپىيىلىك
نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ مەھكىمىنىڭ ئورنى تەڭرىتاغنىڭ شىما-
لىدا. شۇڭا كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشىدىكى نام قوچو ئەمەس بەلكى
孤舒 بولۇشى كېرەك. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «قوسۇ»نىڭ
火州، 高昌، 哈喇和卓 ناملىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى
يوق. شىنجاڭدىن تۈركچە يازمىلار تېپىلغاندىن كېيىن مۇنداق
بولۇشىنى كىم بىلسۇن. 1908 ـ يىلى تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى
تاغدىن قەدىمكى تۈركچە كەمتۈك يازما تېپىلدى. بۇ يازمىدىكى
قوچو نامىنى مۇللېر ئەپەندى بىز دەپ كېلىۋاتقان قوچونىڭ ئۆ-
زى دەپ يەشتى. 1911 ـ يىلى يەنە بىر پارچە قوليازمىدا قوچو
دېگەن يەر نامى ئۇچرىدى. لېكوك ئەپەندى تۇرپاندىن تېپىلغان
مانى دىنىغا ئائىت نومنى ئېلان قىلدى. تومسون ئەپەندىمۇ ئۆزى
تەرجىمە قىلغان قەدىمكى تۈركچە قوليازمىنى ئېلان قىلدى. بۇ

قولىيازمىنىڭ ئىككى يېرىدە خوچو، قوچو دېگەن يەرناملىرى ئۇچرايدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىككى يەر نامىنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى تۈركچىدىن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان 高昌 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. شۇنىڭغا قارىغاندا قوچو نامى خەنزۇچىدىكى 和州دىن كېلىپ چىققان ئەمەس، بەلكى خەنزۇچىدىكى 和州، 火州لار قوچونىڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىش جەريانىدا بۇزۇلغان شەكلىدۇر.

مەزكۇر تۈركچە يازمىدىكى قوچو نامى تاڭ دەۋرىدىكى قوچو شەھىرىنىڭ نامىدۇر. مەن قوچونى ساپ تۈركچە نام دەپ ئېيتىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. ئالدىنقى تەتقىقاتىمدا تېخى ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. بۇ سۆزنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگەندە پەرەزگە تايانماي مۇمكىن ئەمەس. خەنزۇچىدىكى 和州 قوچودىن كەلگەن. قاراقوچونىڭ كەينىدىكى ھازىرقى «غوجا» كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئاھاڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى، بۇنى تەھلىل قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. تاڭ دەۋرىدىكى گاۋچاڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى قوچو ھەر ئىككىسى ئوخشاش بىر شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار. بىرسىنىڭ بىرسىدىن كېلىپ چىققانلىقى چوقۇم. ئۇنداقتا، بۇ ئىككى نامنىڭ قايسىسى ئاۋۋال ئوتتۇرىغا چىققان؟ قوچو نامىنىڭ تۈرك تىلىدا مەنىسى يوق، ئەمما خەنزۇچە گاۋچاڭ نامىنىڭ خەنزۇ تىلىدا مەنىسى بار. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دا «ئېگىز (高)گە جايلاشقانلىقى، ئادەملىرى باياشات (昌盛) بولغانلىقى ئۈچۈن 高昌 دېيىلگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە قوچو قەلئەسى (高昌垒) بار ئىدى، شۇڭا دۆلەت نامىمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن دېيىلگەن. خەنزۇچە يەر ناملىرى خەتنىڭ مەنىسىگە بەك بېقىنىپ كەتمەيدۇ. بىراق، ماڭا شۇ نەرسە ئايانكى، خەنزۇچە قوچو نامىغا بېرىلگەن تەبىر 5 ـ ئەسىردىلا خاتىرىلەنگەن، بىراق تۈركىي تىلدىكى قوچونىڭ مەنىسى يوق دەپ ئىشىنىشى بولدى قىلغىلى بولمايدۇ. مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا

خەنزۇچە گاۋچاڭ نامى بار ئىدى، بىراق ئەينى دەۋردىكى تۇرپان رايونىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر يوق ئىدى. لېكىن Qoco نامى 高昌 دىن كەلگەن ئەمەس. ئۇ خەنزۇچە ۋە تۈركچىدىن باشقا ئۇ-چىنچى بىر خىل تىلدىن كەلگەن بولسا كېرەك. مەن قوچونى يەرلىك قوش ئاھالىسى ياشىغان شەھەرنىڭ نامى دېمەكچىمۇ ئە-مەس، ھەتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى خەن سۇلالىسى چېرىكلىرى تۇرغان شەھەرنىڭ نامىمۇ ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇچە نامدىن بىرنى تاللاپ تەتقىق قىلىش كۆڭۈلۈمگە پۈكۈپ قويغان ئىش ئىدى. قىسقىسى، خەنزۇچىدىكى 高昌نىڭ قوچودىن ياكى قوچوغا يېقىنراق بىرەر نامدىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغىدەك بىرەر پاكىت بولمىسىمۇ، لېكىن تاڭ دەۋرىدىكى 高昌 قوچونىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن.

مەن تاڭ دەۋرىگە ئائىت خەنزۇ تىلىدىن باشقا تىلدىكى ھۆججەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئويلىمىغان بىر نەتىجىگە ئې-رىشىپ قالدىم. ھازىرقى خەنزۇ تىلىدا تىل ئارقا دىماق تاۋۇش-لىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا باش ھەرپ تەلەپپۇزى يېزىلمايدۇ. ھا-زىرقى فۇجيەن شېۋىسىدە ھەمدە ياپون تىلىدا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: 兵 خېتى خېي ياكى خيو دەپ ئوقۇلى-دۇ. 赃 خېتى زور دەپ ئوقۇلۇپ كەينىدىكى دىماق تاۋۇشى تەلەپ-پۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. بىراق، شىمالىي جۇڭگودا مۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان قولىيازمىلار ئىچىدە I تاۋۇشىدىن كېيىن N تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسى-لەن: س، د ھەرپلىرى piy دەپ ئوقۇلىدۇ. تۈركچىدە Getsi دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تىبەتچە قولىيازمىلار-دىكى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەردىمۇ ئوخشاشلا I تاۋۇشىدىن باشقا تاۋۇشلار دىماقتا ئوقۇلۇپ بەزىدە تەرجىمىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: 唐 خېتى كېي دەپ، 升 خېتى sing دەپ ئوقۇلغىنىدەك. خەنزۇچە 龙 خېتى تۈركچىدە lui ياكى lu دەپ، تىبەتچىدە بولسا (klu بۇ يەردىكى k تاۋۇشى ئوقۇلمايدۇ) دېيىلى-

دۇ. A تاۋۇشى تىل ئارقا تاۋۇشى بولۇپ، 仓 خېتى tsang دەپ ئوقۇلىدۇ، 三脏 دېگەن ئىككى خەت samtso دەپ ئوقۇلىدۇ. مانا مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا qoco نامى خەنزۇچە گاۋچاڭنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. بۇنىڭدىكى تىل ئارقا دىماق تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. a تاۋۇشى o غا نۆۋەتلەشكەن. بۇ ياپونىيىدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشاش ئىش. مىلادىيىنىڭ دەس- لەپكى مەزگىللىرىدىكى گاۋچاڭنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان قوچونى چۈشەندۈرۈش تەس. ئەمما، تاڭ دەۋرىدىكى گاۋچاڭنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان قوچونىڭ تەلەپپۇزى بۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ. بۇ ئىككى خىل نام ئوخشاش بىر شەھەرنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى بولۇپ، بىرى خەنزۇچە، يەنە بىرى تۈركچە ئاتىلىشىدىن ئىبارەت خالاس. مەن بۇ خىل قاراشنى ئىنكار قىلىۋېتەلەيدىغان كىشىنى تېخى ئۇچراتمىدىم.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن ما- لىمانچىلىق تۈپەيلىدىن جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاتنى- شى ئۈزۈلۈپ قالغان. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، قاتناش ئەسلىگە كەلگەن. قوچوغا يېڭىدىن بارغانلار ئۇ يەرنى داۋاملىق گاۋچاڭ دەپ ئاتىمايدىغان بولغان، ئەمما تۈركچە ئاتىلىشى ئەس- لىدىكى پېتى قېلىۋەرگەن. خەنزۇلار تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا تۈرك- چىدىن ئېلىپ قايتا 和州، 火州 دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىل- غان. خەنزۇ تىلىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن ناملار قەدىمكى ئوقۇلۇشى بويىچە ئېلىنىدۇ. خەنزۇچىنىڭ تەلەپپۇزىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئاھاڭ تەرجىمىسى قى- لىنغان ئاتالغۇدا ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. بۇنىڭغا مىساللار ناھا- يىتى كۆپ. ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان قولىيازمىلاردا بۇ نۇقتى- نى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن پاكىتلار بار. لېكوك تەتقىق قىلغان قەدىمكى تۈركچە بىر كەمتۈك يازمىدا سۇكچۇ دېگەن شەھەر نامى ئۇچرايدۇ. تومسون ئەپەندىمۇ قەدىمكى تۈركچە يازمىلار ئارىسى- دىن سۇكچۇ دېگەن شەھەر نامىنى بايقىغان. بۇ ئىككىيلەن بۇنى

سۇجۇ دەپ قارىغان. 肃 خېتىنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئوقۇلۇشى سۇك بولۇپ، بۇ جاي ئەينى دەۋردە شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. شۇڭا، بۇ جاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى. كېيىن خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇزىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا ـ دىكى تۈركلەر، پارسلار بۇ جاينى يەنىلا تاڭ دەۋرىدىكى ئوقۇلۇشى بويىچە سۇكچۇ دەپ ئاتاۋەرگەن. 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى موڭغۇللار دەۋرىدە باسپا ئىجاد قىلغان يېڭى موڭغۇل يېزىقىدا موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە ناملار بۇ نۇقتىنى ئىس ـ پاتلايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ئىشلىتىلىدىغان تىللاردا ن، م، ڭ دەپ ئۈچ دىماق تاۋۇشى مەۋجۇت بولغان. مار ـ كوپولو سۇجۇنى Succiu دەپ خاتىرىلىگەن. 17 ـ ئەسىرنىڭ كې ـ يىنكى يېرىمىدا چىڭ سۇلالىسى يەنە شىنجاڭغا كىردى، شۇنىڭ بىلەن سۇجۇنىڭ قەدىمكى نامى يەنە كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار خەنزۇلارنىڭ ئۆزگەرگەن تەلەپپۇزى بويىچە سۇجۇنى Scutcheou دەپ ئاتىدى.

بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىسپاتلاشقا قوچو بىلەن سۇكچۇدىن باشقا مىسال يوق. موڭغۇللار دەۋرىدە پارسلار 西安府 نى Kendjanfu دەپ ئاتىغان، بۇ 京兆府نىڭ پارسچە بۇزۇلغان شەكلىدۇر. بىراق، جۇڭگولۇقلار بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا بۇنى پارسچىدىن ئايلاندۇرۇپ كېلىپ 金张府 دەپ ئالغان. 18 ـ ئەـ سىردە تۇرپان رايونىدا مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاتا تەرجىمە قىلىش ئەھۋاللىرى بولغان. تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدا بىر شەھەر خارابىسى بولۇپ، بۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالدى قوش بەگلىكىنىڭ پايتەختى ئىدى. بۇ جاي خەن سۇلالىسى دەۋ ـ رىدىن تاكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە 交河 (يارغول) دەپ ئاتىـ لىپ كەلگەن. بىراق، 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە جۇڭگو جۇغراپىـ يىشۇناسلىرى بۇ يەرنى 招哈和屯 («غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىـ

لىك تەزكىرىسى»نىڭ 14 ـ جىلدىغا قاراڭ) دەپ ئالغان. بۇ يەر ـ دىكى 招哈 قورغان دېگەن مەنىدە، (Khoto) 和屯 خەن دەۋرى ـ دىكى 交河نىڭ موڭغۇلچە ئاتىلىشى. بۇ خۇددى قوچونىڭ ئايلى ـ نىپ كېلىپ يەنە 和州، 火州 دەپ قايتا ئاھاڭ تەرجىمىسى قى ـ لىنغىنىغا ئوخشاش ئىش.

ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شى ـ مالىدا Thendue دېگەن بىر يۇرتنىڭ بارلىقى يېزىلغان. بەزىلەر بۇنى 天德نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، تيەندې تاڭ دەۋرىدىكى خېي ـ شىدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان. يەنە بەزىلەر ماركوپولو دەۋرىدە تاڭ دەۋرىدىكى تيەندې قوشۇنى مەۋجۇت بولمىسا قانداقسىگە بۇ نام ئىشلىتىلىدۇ؟ دېگەن سوئالنى قويىدۇ. مېنىڭچە بۇنى دەتالاش قىلغاننىڭ ئەھمىيىتى يوق. 德 خېتى تاڭ دەۋرىدە تاڭ ياكى تىڭ دەپ ئوقۇلاتتى. بۇ خەنزۇ تىلى تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگىرىش تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. قوچو بىلەن سۇكچۇنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش. تاڭ سۇلالىسى دەۋ ـ رىدە تيەندې قوشۇننىڭ تۈركلەر بىلەن زىچ ئالاقىسى بار ئىدى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 490 ـ جىلدىدا «ئۇيغۇرلار ھۇنلار ـ نىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى بولۇپ، تيەندېنىڭ غەربىي شىمالى، سې ـ لىنگا دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئىدى» دېيىلگەن. شۇڭا، تيەندې قوشۇننىڭ موڭغۇلىيە بىلەن ئالاقىسى بار. بۇ خۇددى سۇجۇنىڭ شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنىغا ئوخشاش ئىش. مۇشۇ تيەندېنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئوقۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە تارقى ـ لىپ بارغان. ماركوپولونىڭ ئەسىرىدىكى Thendueنى تيەندېنىڭ ئۆزى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمىسىمۇ لېكىن مۇشۇنداق بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ كۆپ.

ئالدىنقى كۆز قاراشلىرىمدا پەرەزلەر كۆپرەك بولسىمۇ، كەلگۈسىدە داۋاملىق تەتقىق قىلىنسا، قەدىمكى خەنزۇچەناملار ـ نىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆپلەپ تارقالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بو ـ

لىدۇ. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگىنىمدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ
ناملار جۇڭگودىكى خەنزۇ تىلى تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگىرىش تەسى-
رىگە ئۇچرىمايدۇ.

خەنزۇچە «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ ـ
جۇغراپىيىسىگە ئائىت تەتقىقاتلار» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە
قىلىندى .

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابلىز ئورخۇن**

# ئۈرۈمچىدىكى «دۆڭكۆۋرۈك» ۋە «ئەرداۋچىياۋ» ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

## ئابدۇراۋۇپ ئابدۇللا

ئۈرۈمچىدىكى «دۆڭكۆۋرۈك» دېگەن نام ھەممەيلەنگە — ئۈ-رۈمچى شەھەر ئاھالىسىگە، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە، ھەتتا مەم-لىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ قالدى.

مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ 50 نەچچە يىل ياشاپ، دۆڭكۆۋ-رۈكنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگەن شاھىت بولۇش سۈپىتىم بىلەن «دۆڭكۆۋرۈك» ھەققىدىكى خاتى-رىلەر ھەمىشە كۆز ئالدىمدا كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

ئەينى يىللاردا ھازىرقى دۆڭكۆۋرۈكتە لىم-چەنزە ئۈستى-گە شاخ-شۇمبا، سامان-توپا، شېغىل بېسىپ ياسالغان، يول-دىن خېلىلا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى. «دۆڭكۆۋرۈك» دېگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ نام-نىڭ قاچاندىن باشلاپ دۇنياغا كەلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇ-ماتقا ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، ئەڭ قىسقا بولغاندا 100 يىلدىن كەم ئەمەس، دەپ قىياس قىلىمەن. شۇنىسى مۇقەررەركى، بۇ نامنىڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار دەپ ئويلايمەن.

20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ يەنئەن يولى، داۋان مەھەللىسى، سودا مەكتىپىنىڭ شەرقىي تېمىنى بويلاپ «ئىتتىپاق» يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سابىق چايدان زاۋۇتىنىڭ شەرقىي تام پاسىلىنى بويلاپ

غەربكە بۇرۇلۇپ مەھەللە ئارىلاپ ئېقىپ، ئۇدۇل دۆڭكۆۋرۈكتىكى
تۇرپان مەسچىتىنىڭ شىمالىي تېمىنى بويلاپ 1 ـ يول (ئازادلىق
يولى)نى كېسىپ ئۆتۈپ، دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدىكى گىلەم دۇكان-
لىرىنىڭ ئورنىدىكى ئۆستەڭ ئارقىلىق ئېقىپ «بوغدا يولى»دىن
ئۆتۈپ، «خەلق مۇنچىسى»نى ئايلىنىپ، ساي يولىدىكى ئۈرۈمچى
دەرياسىغا (هازىرقى «تىنچلىق ئۆستىڭى»نىڭ ئورنىدا) قۇيۇلىدى-
غان، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى ئىككى ـ ئۈچ مې-
تىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ بار ئىدى. ئەينى يىللاردا
ئۈرۈمچىدە قىشتا قار كۆپ ھەم قېلىن ياغاتتى. ھەر يىلى ئەتى-
يازدا ئېرىگەن قار ـ مۇز سۇلىرى ۋە ياز كۈنلىرى ياغقان يامغۇر
سۇلىرى مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، مۇشۇ ئۆستەڭ ئارقىلىق ئۈرۈم-
چى دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. دېمەك، بۇ ئۆستەڭ ئەسلىدە شەھەر ئى-
چىدە يىغىلىپ قالغان سۇلارنى چىقىرىۋېتىش رولىغا ئىگە ئى-
دى. ئەنە شۇ ئۆستەڭنىڭ ھازىرقى «ئازادلىق يولى» بىلەن كې-
سىشكەن جايىدا (تۇرپان مەسچىتىنىڭ غەربى ۋە دۆڭكۆۋرۈك
سودا بازىرىنىڭ شەرقىدىكى چوڭ يولنىڭ ئۈستىدە) لىم ـ چەن-
زە ئۈستىگە شاخ ـ شۇمبا، پاخال ـ توپا بېسىپ ياسالغان، كەڭ-
لىكى ئىككى ـ ئۈچ مېتىر كېلىدىغان بىر كۆۋرۈك بار ئىدى.
شىمالدىن جەنۇبقا بارىدىغان ياكى جەنۇبتىن شىمالغا بارىدىغان
ھەمدە شەھەر ئىچىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ماشىنا ـ ھارۋىلار چو-
قۇم مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى. كېيىن «ئازادلىق يولى»غا ئاس-
فالىت ياتقۇزۇلغاندا، بۇ كۆۋرۈك بىتونىدىن ياسىلىپ يول تۈزلەن-
گەن بولسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا ئەسلىدىكى «دۆڭكۆۋرۈك» دېگەن
نامنى قوللىنىپ كەلدى. 70 ـ يىللاردىن كېيىن، ئۈرۈمچى شە-
ھىرىدە يەر ئاستى ئەۋرەز يوللىرىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن بۇ
ئۆستەڭ ۋە كۆۋرۈكلەرنىڭ رولى قالمىدى. ئۆستەڭمۇ تىنىپ يو-
قالدى. كۆۋرۈكنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدى. پەقەت بۇ ئۆستەڭنىڭ
شاھىدى سۈپىتىدە «بوغدا كۆلى يولى»دىكى شەھەرلىك ھۆكۈمەت
ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن يولنى توغرا كې-

سىپ «خەلق مۇنچىسى» تەرەپكە ئۆتىدىغان ئۆستەڭ كۆۋرۈكىنىڭ يالدامىسى — كىچىككىنە بىر دۆڭ ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا.

ئەمدى «ئەرداۋچىياۋ» دېگەن نامغا كەلسەك، ئۇ «دۆڭكۆۋ-رۈك»نىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىدىنلا ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىك-كى نام بىر يەرنىڭ ئىككى خىل تىلدا ئاتىلىشىدۇر، خالاس.

20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى جە-نۇبىي قوۋۇق (شەھەر سېپىلى دەرۋازىسى — نەنمېن)تىن باشلاپ ئۇچتاشقىچە بولغان كونا شەھەر رايونىدا ئاساسەن دېگۈدەك ئۇي-غۇرلار ئولتۇراقلاشقانىدى. قوۋۇققا يېقىن بولغان سەنشىلىكلەر مەھەللىسى (سەنشىخاڭزا) ئەتراپىدا بىر قىسىم خۇيزۇلار بار ئى-دى. شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلار جەنۇبىي قوۋۇقتىن چىقىپ چوڭ تاش يولنى (ھازىرقى 1 - يول ئازادلىق يولى) بويلاپ مېڭىپ كونا شەھەرگە كىرىشتە، ئالدى بىلەن ھازىرقى سەنشى-خاڭزا سودا سارىيى ئالدىدىكى چوڭ تۆت كوچا ئېغىزى (道口) دىن ئۆتۈپ داۋاملىق جەنۇبقا ماڭسا، 2 - چوڭ تۆت كوچا ئېغىزى (二道口)غا كېلەتتى. نەق مۇشۇ تۆت كوچا ئوتتۇرىسىدا دۆڭ-كۆۋرۈك بولغاچقا، ئۇلار بۇ يەرنى خەنزۇچە «2 - چوڭ تۆت كو-چىدىكى كۆۋرۈك مەھەللىسى» دېگەن مەنىدە قىسقارتىپ «二道桥» (ئەرداۋچىياۋ) دەپ ئاتاشقان.

دېمەك، ئۇيغۇرلار بۇ يەرنى يەر شەكلىنى ئاساس قىلىپ «دۆڭكۆۋرۈك» دەپ ئاتاشسا، خەنزۇ، خۇيزۇلار جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ئاساس قىلىپ «ئەرداۋچىياۋ» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. بۇ ئاتاش ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە .

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بالىقچەلەر

ئىسمائىل تۆمۈرى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (866 ـــ 1334 ـ يىللار) ئۇيغۇرلار قۇرغان بەگلىك، خانلىقلار ئىچىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن خانلىقلارنىڭ بىرى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ 500 يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تارىخىدا سىياسىي جەھەتتىن كۆچەيگەن ـ چۇشكۈنلەشكەن؛ ئىقتىسادتا روناق تاپقان ـ ئاجىزلاشقان؛ مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللەنگەن ـ خارابلاشقان؛ زېمىنى كېڭەيگەن ـ تارايغان دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ خانلىقنىڭ بىرقەدەر ئەمىنلىكتە ئۆتكەن دەۋرلىرىدىكى تېررىتورىيىسىنى مۇقىملاشتۇرغان تېررىتورىيە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. تېررىتورىيە مەسىلىسى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. ۋاھالەنكى، بۇ تېما ھازىرغىچە چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىنغىنى يوق. بۇ ماقالىدە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان ھالدا مەزكۇر تېما ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىلىدۇ.

9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار دۆلەتلىرى ماۋەرائۇننەھىر ئارىلىقىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ زېمىندىكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇددا دىنى مۇھىتىدا، قاراخانىيلار ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى ئۆتكۈزدى. قىتانلار غەربكە سىلجىغاندا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى، كېيىنچە قاراخانىيلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى پەقەت ئۆزلىـ

ـرىگە باج ـ ئالۋان تۆلەتكۈزۈپلا ھەم سىمۋول خاراكتېرلىك نازا ـ رەتچى قويۇپلا ئۇلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلـ ـمىدى. بۇ ئەھۋال چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىمۇ تەكرارلىنىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زېمىن ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى خېلى بىر مەزگىلگىچە مۇستەقىل ساقلاپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تازا كۈچەيگەن مەزگىللەردە ئۇنىڭ چېگرىسى شەرقتە جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭلارغىچە، جەنۇبتا خوتەن چېگرىسىغىچە، غەربتە ئۈچ (ئۇچتۇرپان)غىچە، شىمالدا ئىلا (ئىـ ـلى ۋادىسى) ـــ مىڭلاقىچە كېڭەيگەنىدى. مۇشۇنداق كەڭ زېمىنـ ـغا ئىگە بولغان «ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى» پات ـ پاتلا تۇ ـ بۇت، قاراخانىيلار بىلەن زېمىن تالىشىش غەۋغالىرى بىلەن جېـ ـدەل قىلىشىپ تۇرغان. قاراخانىيلار ئىسلام دىنى تارقىتىش باھا ـ نىسى بىلەن شەرققە، يەنى ئىدىقۇت زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ، بىر مەزگىل ئىلا ـ مىڭلاقنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغاندىن سىرت، غەربىي پاسىلنىمۇ قاراشەھەر بوسۇغىسىغىچە سۈرۈپ كەلگەنىدى. بىراق، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى چىڭگىزخان ئىمپېراتورلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، بۇ زېمىنلار چاـ ـغاتاي خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىگە بۆلۈنگەندە بولسا، ئىدىقۇت خانلىـ ـقى مىلادىيە 1275 ـ يىللىرى ئەتراپىدا موڭغۇل خانزادىلىرىدىن دۇۋا بىلەن قايدۇنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىنى ھەم ئالتە ئاي جەريانىـ ـدىكى قورشاۋىنى ياندۇرۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت بولغان يۈەن سۇلالىسىگە بېقىنغانىدى. مانا شۇ چاغدا يۈەن سۇلالىسى تەرىپىـ ـدىن ئىدىقۇت خانلىقىغا يوللانغان ھۆكۈمەت پەرمانىدا ئىدىقۇت خانلىقىغا 24 شەھەر ـ بالىقچىنىڭ قارايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ[①].

مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇر ئەللىرىدىن بىرى بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدە ئۇلارنىڭ «ئەشەددىي كاپىرلار» ئىكەنلىـ ـكى سەۋەبلىك تەپسىلىي مەلۇمات بەرمىگەن .

مىلادىيە 1276 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى موڭغۇل ئىـ ـ

پېراتورلۇقىدىن (يۈەن سۇلالىسى) ئىدىقۇت خانلىقىغا چۈشۈرۈل-
گەن «ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق مەلۇمات بار: «ئىدىقۇتقا، تەخەيبۇقا ۋە
ئېسبۇقا دېگەن ئىككىيلەنگە، قاراقوچۇ، لۈكچۈن، تۇرپاندىن
باشلاپ 24 بالىقچىدىكى قۇتلۇق راھىبلارغا، ئېركىئۇنلارغا،
(مەزكۇر ئاتالما ياپونچىدە «خىرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىئان
مۇخلىسلىرىغا» دەپ ئىزاھلانغان - ئا) يۇقىرالارغا مۇقەددەس
مەقسەت مەلۇم بولغايكى: ...»[2].

بۇ مەلۇماتقا ھەم مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئا-
ساسلانغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى 24 بالىقچە
(شەھەر - قەلئە) بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ شەھەرلەرنى شەرقتىن
غەربكە قاراپ سانىغاندا تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن.

شاجۇ[3]، توبىيەن شەھىرى (كېيىنچە پۈيى شەھىرى دەپ تو-
نۇلغان، ھازىرقى قومۇل شەھىرى ئەتراپىدا - ئا)، ناجى (纳职)
شەھىرى (ھازىرقى لاپچۇق)، ئېۋىرغول (قومۇل)، بارسكۆل (بار-
كۆل)، لۈكچۈن، قوچو، تۇرپان، يارغول، بېشبالىق (ھازىرقى
جىمسار تەۋەسىدە)، قانتۆگەربالىق (جىمسار - گۈچۈڭ تەۋە-
سىدە)، 1 - پۇلۇي (ھازىرقى گۈچۈڭ)، 2 - پۇلۇي (ھازىرقى
مورى ناھىيىسى تەۋەسىدە)، ئامىبالىق (俺鼻城) (ئورنى نامە-
لۇم)، ئۇرۇمچىنا (تاللىق، يەنى ئۇرۇمچى، ھازىرقى ئۈرۈمچى
شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىدىكى ئېدىرلىق يانباغىرلىقتا خارا-
بىسى بار)، چانبالىق (ھازىرقى سانجى ئەتراپىدا)، قۇتابا (ھازىر-
قى قۇتۇبى دائىرىسى)[4]، ئىككى ئۆكۈز (بورتالانىڭ ئەينى زاماذ-
دىكى ئاتىلىشى، يەنى ئىككى دەريا)، ئىلا - مىڭلاق (ئىلى ۋادىسى،
يەنى غۇلجا)، ۋېيشۈيگۇ (ھازىرقى خوشۇت ئەتراپىدا)، سۇلمى
(قاراشەھەر)، بۈگۈر، كۇسەن (كۇچا)[5]، ئۈچ (ئۈچتۇرپان).

يۇقىرىقى شەھەر - بالىقچىلەر (بەزىلىرى قەلئە شەكلىد-
دە)نىڭ كۆپ قىسمى تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئېلىنىدى، شۇنداق-
تىمۇ بۇ تېما يېتەرلىك تارىخىي دەلىل - ئىسپاتلار، ئەڭ مۇھىد-
مى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بىلەن تارىخنىڭ تېخىمۇ مۇ-

ئەيىەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشىشى كېرەك. بۇ نېما بىر بوشلۇق سۇپىتى بىلەن تارىخچىلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ قەلىمى بىلەن تېخىمۇ يورۇق يورۇتۇلۇشى زۆرۈر.

ئىزاھلار:

① يۈەن سۇلالىسىدىن چۈشۈرۈلگەن بۇ ھۆججەت ـ پەرمان ياپونچە «تويو ئىلمي ژۇرنىلى»نىڭ 1977 ـ يىل 10 ـ ئايلىق سانى — ئومۇمىي 59 ـ جىلد، 1 ـ، 2 ـ قوشما ساندا ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» ناملىق كىتابتا بېرىلگەن. بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

② ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 3 ـ بەتكە قارالسۇن.

③ شاجۇ دەسلەپ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەركىبىدە ئىدى، بۇ خانلىق قىتانلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن بىر بۆلۈك ئاھالە ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ئىدىقۇتلۇقلار يېنىغا پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەن. بۇ شەھەرمۇ بىر مەزگىل ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدا بولغان (بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا، دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ).

④ قۇتابا توغرىسىدا مۇھەممەترېھىم سايىت، ئىسراپىل يۇسۇپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 237 ـ بېتىدە «ئات يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ماڭا سىراڭۇچقا يىراققا بېرىش ئۈچۈن ئېشەك ئۇلاغ لازىم بولۇپ، قىبىرىدۇنىڭ ئېشىكىنىڭ ھەر 10 كۈنلۈكىنى 29 لۇق بۆزگە ئىجارىگە ئالدىم، قۇتابادىن قايتىپ كەلگەندە بۇ ئېشەكنىڭ ئىجارىسى بىلەن بىللە ساق قايتۇرۇپ بېرىمەن...» دېگەن مەلۇمات بار. بۇ ۋەسىقە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە مىسالغا ئالدىم ـ ئا.

⑤ كۇسەن ئىدىقۇت خانلىقى تەركىبىدە بولغان، ئەمما ئۇنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا يېرىم مۇستەقىللىق ئىگىدارچىلىقى ساقلىنىپ قالغانىدى ـ ئا.

# كەلپىنلىكلەر ۋە كەلپىندىكى بىر قىسىم يەرناملىرى

مامۇت قۇربان

مەن 1989 ـ يىلىدىن باشلاپ كەلپىن ۋە كەلپىنلىكلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، بۇ يەردىكى يەر ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ بەزى ماتېرىياللارنى توپلىغان بولساممۇ، رەسمىي ماقالە يېزىپ، كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. كېيىن ئابدۇللا تالىپ ئاكىنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ ماقالەمنى يېزىپ پۈتتۈردۈم.

**1. كەلپىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى**

كەلپىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال ئېتىكىگە جايلاشقان، ئورنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 151 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 110 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغلىق جايلار يەر كۆلىمىنىڭ 72.4%نى، تۈزلەڭلىك 27.6%نى ئىگىلەيدۇ.

كەلپىننىڭ تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان، بۇ يۇرت غول قاتناش يولىدىن يىراقتا بولغاچقا، ئاھالىسى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۆزىگە خاس ناتۇرال ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ھاياتلىق تارىخىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. كىلىماتى قۇرغاق، سۇ قىس، ئەتىيازدا بوران كۆپ چىقىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ يۇرتنىڭ ئاھالىسى تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئۈچ خىل ئىگىلىكنى بىر گەۋدە قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سۈيى قىسىل تاغ ئېغىزىدىن ئالتە ـــ

يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سۇ بېشى بۇلاقلىرىدىن كېلىدۇ. كەلپىننىڭ شىمال تەرىپى ئېگىز، تاغقا يېقىن، جەنۇب تەرىپى ئالاھىدە پەس بولغاچقا، يامغۇر ياغسىلا تۇپراق ۋە شېغىللارنى ئېقىتىپ كەلگەن سۇ ئەينى ۋاقىتتا «ئۇلۇغ يار»، «توغرا يار»، «قىسماق سېيى»، «مازار ئېقىن جىلغىسى»نى، ئاچال تەرەپتە «قاغىناق جىلغىسى» قاتارلىق قىيانلىقلارنى ھاسىل قىلغان. بولۇپمۇ مازار ئېقىن قىيانلىقى بىلەن قاغىناق جىلغىسى، «قىسىل تاغ ئېغىزى»دىن كەلگەن سۇ ھەر يىلى كەلپىن يۇرتىغا بەزى ئاپەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. «ئۇلۇغ يار» بىلەن «توغرا يار» 250 يىلدىن بېرى تېرىلغۇ يەرگە ئايلانغان. كەلپىن ئاچالنىڭ سۈيى كەلپىن ناھىيە بازىرىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى توقاي ـ مازار ئېقىن (كەلپىن گۈڭگۈرت كان تېغى ئاستىدىن)دىن باشلىنىپ، 30 كىلومېتىر ئارىلىقتا نۇرغۇنلىغان «كۆكۈل»*لاردىكى سۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن زور ئېقىن ھاسىل قىلغان. كەلپىن ئاچالنىڭ سۈيىنىڭ ئاچچىقراق بولۇشى تەركىبىدە ماگنىي سۇلفات، ناترىي سۇلفاتقا ئوخشاش ئانئورگانىك تۇز مىقدارىنىڭ يۇقىرىراق بولغانلىقىدا.

كەلپىن ھازىرقى مەزگىلدە گەزلىك يېزىسى (گەزلىك، پاسۇن، قاشىرىق، باغلىق، قۇملۇق، قالما ئايماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يۇرچى يېزىسى (قاراكۆت، يۇرچى، تومئېرىق، ئارايماق، قۇمئېرىق، يۇقىرىس ئايماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاچال يېزىسى (ئاچال، كۆل، چىلان، تۇرا قاتارلىق ئايماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەك كىچىك تۇزلەڭلىكتىن تەركىب تاپقان. يايدى دېيىلىدىغان يۇلغۇنلۇق يايلىقى، قارا كۆل دېيىلىدىغان تەبىئىي توغراقلىقى، قىزىلتام، ئاقتام، ئۆتەڭ دېيىلىدىغان قونالغۇلىرى بولغان.

**2 كەلپىنلىكلەر**

كەلپىن ئاھالىسىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، ئەتراپتىكى

* «كۆكۈل» ـــ تاتلىق سۇ بۇلىقى دېگەن مەنىدە.

قوشنا ناھىيىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدىكى سەۋەبنى بىلىش ئۈچۈن، خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان تۆۋەندىكىدەك قىزىق رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

«ئەيسا پەيغەمبەر دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن تۇران شاھى ئافراسىياپ (ئالپ ئەرتۇڭا)نىڭ چېرىكلىرى ئۈچ، سەپەرۋاي ۋە تاغبۇلاق يۇرتلىرىدا چۈشكۈن بولغانىكەن. تاغبۇلاقتا چۈشكۈن بولغان چېرىكلەرنىڭ دۇلدۇللىرى باغلىق ئايمىقنىڭ جەنۇبى ۋە ساقاۋ، ساغان تاغلىرىنىڭ يامزىلىدىكى چۈژگۈن يايلىقىدا ئوتلاي-دىكەن. بىر كۈنى ئىككى دۇلدۇل يوقاپ كېتىپتۇ ـ دە، بىر ئاي-غىچە ھېچ يەردىن تېپىلماپتۇ. شۇڭا، بۇ يۇرتتىكى قەدىمكى «تاغ-بۇلاق» نامى، ساغان تېغىدىكى «دۇلدۇل ئوقۇر» نامى ۋە «ئېزىت-قۇ» لەقىمى ئاشۇ زاماندىن قالغانىكەن، ...». ۋاھالەنكى، بۇ يۇرت-نىڭ قەدىمكى نامى «تاغبۇلاق»نىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە يېقىن مەز-گىللەردە «كەلفىن»** گە ئۆزگىرىپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن يەنە بىر رىۋايەتمۇ بىزنىڭ دىققەت ئې-تىبارىمىزنى قوزغايدۇ: «تەخمىنەن مۇندىن 10 ئەسىرلەر بۇرۇن ئىسلام غازاتچىلىرى بىلەن ئۇدۇن بۇددىستلىرى ئارىسىدا ئۇزۇن-غا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئەسىرگە ئېلىنغان، لېكىن ئەقىدىسىدىن يانمىغان بۇددىستلار چاقىلىقتىن يېڭى ئەسىر لاگىرى ـــ كەلپىنگە ئېلىپ كېلىنىپ ماكانلاشتۇرۇلغانىكەن».

بۇ قارىماققا رىۋايەت تۈسىنى ئالغاندەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە بىر جەھەتتىن تارىخىي چىنلىقتىنمۇ ھەرگىز مۇستەسنا ئەمەس. چاقىلىق بىلەن كەلپىن ئاھالىسىنىڭ تىل ـ شېۋە، ئۆرپ ـ ئادەت، ئوزۇقلىنىش جەھەتتىكى ئاجايىپ ئوخشاشلىقى، ھەر ئىككىلا جايدا تۆگىدىن پايدىلىنىشنى تولۇق بىلىشى، بىز-نىڭ ئەشۇ كۆز قاراشلىرىمىزغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. مەسىلەن:

** ئەسلىدىكى توغرا نامى «كەلفىن» بولۇپ، كېيىنرەك «كەلپىن» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

(1) كەلپىنلىكلەرنىڭ ئىستېمالىدا ئومۇملاشقان ناننىڭ بىر خىلى بولغان «چاپتى» چاقىلىقتىمۇ بار، چاقىلىقلىقلار بۇ ناننى «چاپتى» دەيدۇ. (2) ھەر ئىككىلا جايدا «سىز»نىڭ ئورنىغا «سەن» كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. (3) ھەر ئىككى جايدا «d» ھەربىي ئورنىدا «t» ھەربىي كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، تىل لېكسىكىسىدا سىپايە ـ ھۆرمەت سۆزلىرى كەمدىنكەم ئىشلىتىلىپ، «سىلى»، «ئۆزلىرى» قاتارلىق تەكەللۇپ سۆزلىرى ئورنىغا «سەن» تەلەپپۇزىنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى ۋە دىئالوگ تەلەپپۇزىنىڭ تېز ۋە چۇس بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. كەلپىنلىكلەر قوشنا ناھىيە ئۇچتۇرپان، مارالبېشى ئاھالىلىرىدىن 1.5 ھەسسە، ئاقسۇ ئاھالىسىدىن تەخمىنەن ئىككى ھەسسە تېز سۆزلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت كەلپىنلىكلەرنىڭ ئېتنىك يوغۇرۇلمىسىدا يەنە ئىپتىدائىي شامان دىنىنىڭ ساقىندىلىرىمۇ ساقلانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، بىمارلار پېرىخون، باخشىلارنى تەكلىپ قىلىپ پېرە ئوينىتىش ئادىتى كەلپىندە ئەڭ ئەۋج ئالغانىدى. «ئايماق» (كەلپىندە «كەنت»نى كۆرسىتىدۇ) «كەنت» ئاتالغۇسى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تىل مىراسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھازىر كەلپىنلىكلەر ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە. كەلپىنلىكلەر لەقەمنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان خەلق. كەلپىن خەلقى ئىچىدىكى لەقەملەرنىڭ يىلتىزىنى ئۈچ مەنبەدىن ئىزدەشكە بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇ قەدىمكى توتېم ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: ھاپىز تورغاي، ھەسەن تورپاق، ئەمەت قارچۇغا، ھوشۇر ماياق؛ ئىككىنچى، مىللىي نەسەبكە مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: مەسۇم چاڭچى، خۇدابەردى ئوغان، توختى خىتاي، ھەسەن قالماق، مەپىز قالماق؛ ئۈچىنچى، ئايرىم شەخسنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: قاسىم كاشال، قادىر دارازا، قېيۇم كاسكى،

سايىت چەنپەن *، ئاللا قۇش **.

بىز بىرەر جايدىكى ئاھالىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلارنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. قۇرغاق ئىقلىم — زېرەك ۋە چۇسلۇقنى؛ بىر - بىرىگە زىچ ئۇلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە تۇرمۇشى — ئۇملۇكنى؛ بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئىگىلىك مۇ ـ ھىتى — تەڭلىكنى بەخش ئەتكەن. بۇ جاينىڭ ئاھالىسى جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، مەنىۋى جەھەتتىن ئۇمىدۋار، تىرىشچان كېلىدۇ. بۇ جايدا گۇمۇش - دېۋەڭ، تۇغما مېيىپ، قەلەندەر - سائىللار ئۇچرىمايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى - نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئوبيېكتى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا دەۋر قىلىپ كەلدى: (1) ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت؛ (2) ئادەملەر بىلەن ئىلاھىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت؛ (3) ئادەملەر بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ئەمما، كەلپىن ئاھالىسىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى يۇقىرىدىكى ئۈچ نۇقتىنىڭ بىرىنچىسى بىلەن ئۈچىنچىسى ئېتىبارسىز ئورۇندا تۇراتتى. چۈنكى چەكلىك بولاق سۈيى ھەمدە باي بىلەن گاداي ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئانچە زور بولماسلىقى، ئۆتمۈشتىكى مەنسەپ ئىگىلىرى بىلەن پۇقرالارنىڭ ھېچقانداق پايدا - زىيان ئورتاقچىلىقى يوق، دەپ قاراش تۇيغۇسى قاتارلىق ئامىللار «ئۆزگىچە كەلپىن پسىخىكىسى»نى ياراتقان. قەدىمكى زامان ئامباللىرىنىڭ كەلپىنگە بېرىشنى رەت قىلىشتەك ۋەقەلەر ئاشۇ پاكىتنىڭ دەلىلى، چۈنكى كەلپىندە قىممەت سالمىقى كۆپ، پۇللۇق ھەق - تەلەپ ماجىرالىرى سادىر بولمايتتى. سودىسى پەقەت ئېلىم - بېرىم، يەنى ماددىي بۇيۇملارنىلا ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلاتتى.

---

* «چەنپەن» دېگەن سۆز ئەسلىدە خەنزۇچە «جەنفەن»دىن كەلگەن بولۇپ، گۇناھكار دېگەن مەنىدە.

** «ئاللا قۇش» — قۇش بىلەن ئوۋ ئوۋلىغۇچىلار دېگەن مەنىدە.

بۇ خىل ھالەت ھازىرمۇ بار. ئەسلىدىلا تاۋار سودا باج كىرىمى يوق دېيەرلىك بولغاچقا، ئادەتتە ئامباللارغا كەلپىندە نەپ يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مەنسەپ سېتىۋېلىشقا قىزىقىشى باشقا يۇرتلارنىڭكىدەك زوْرۇر ئەمەس ئىدى. كەلپىن خەلقى ماددىي تۇرمۇشتا كېيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش كويىدا بولغاندىن باشقا، مەنىۋى تۇرمۇشتا ئۆزى بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى. شۇڭا كەلپىندە ھەر بىر بالا سۈننەت يېشىغا توشقاندىن باشلاپ دىنىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پەرھىز ۋە قەرز ئىدى.

مەھەللە ئۆيلىرى قويۇق، ئازغىنە ئەمگەكتىن سىرت بوش چاغلىرى كۆپ بولغان كەلپىندە ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتى 50% ـ تىن ئېشىپ كەتكەنىدى، ئەينى چاغدىلا بۇ نىسبەتنى قوشنا نا ـ ھىيىلەردە تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەشۇ چاغلاردا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان كەلپىن ياشلىرى يېزىق (پۈتۈك) ئۈستىدە دەتالاش ـ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، «يې ـ زىقنى تەڭرىمىز دىن تەشۋىقاتى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەت ـ كەن» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. لېكىن، كونكرېت مۇنازىرە نۇق ـ تىسى ساناق رەقىمى «1» بىلەن «0» ئۈستىگە مەركەزلىشىپ، دە ـ تالاش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى. ئۇلار ھە دېگەندە «1»نى تەڭرىنىڭ تەنھالىقىغا، «0»نى بولسا، بۇلاق كۆزىگە مىسال قىلىشسا، ھەتتا بەزىلىرى «0»نى كەلپىننىڭ يۇمىلاق يەر شەكلىگە تەقلىد قى ـ لىپ، كاج تالىشاتتى. «كاج تالىشىش» پاسسىپ پىسخىك ھالەت بولۇپ، ئۇ جاھىللىق بىلەن نادانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل كاج تالىشىش پىسخىكىسى، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىش ھالىتى، ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىدىغان مىجەزلەر كەلپىن روھىدا تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**3. كەلپىندىكى يەر ناملىرى ۋە بەزى ئۇرۇقلار**

كەلپىن خەلقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم بولغان بەزى يەر ناملىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتى ـ

مىز.

(1) «قاراكۇت» بۇ كەلپىن ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقان بىر ئايماق (كەنت)نىڭ نامى بولۇپ، 10 ـ ئەسىرلەردە ئىسلام غازاتچىلىرى چەرچەن، چاقىلىقتىن ئېلىپ كەلگەن «جەنفەن» (گۇناھكار)لەرنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاراكۇتتە ئادەم قويۇپ كۆزەتكەنىكەن. شۇڭا، «قاراكۇت»نىڭ ئەسلىي نامى «قاراپ كۇت» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى كىشىلەر «قاراكۇت»نى «قايغۇلۇق»* دېگەن مەنىدە بولىدۇ، دەپ مۇلاھىزە قىلىشىدۇ.

(2) «يۇرچى» بۇ يۇرچى يېزىسىنىڭ نامى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابىدا «يۇرچى» دېگەن سۆزنى «ياۋچىلار» دەپ چۈشەندۈرگەن .

(3) «ئەسكەنت» بۇ يەر تومئېرىق ئايمىقىدىكى قەدىمكى خارابىنىڭ نامى، ئەسلىي «ئەسكى كەنت»، «ئەسلىي كەنت» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. بۇ قەدىمكى خارابە ئىزى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 2500 ـــ 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

(4) «لوپ» بۇ «جاڭگال» دېگەن مەنىدە، ئورنى تومئېرىق ئايمىقىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئاخىرىسى قۇم بارخانلىرىغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. «لوپ» بىلەن قاراكۇتنى «توغرا يار» ئايرىپ تۇرىدۇ. مەرھۇم ئاتام قۇربان ئەھمەت (1985 ـ يىلى 87 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) ماڭا داۋاملىق «لوپ» توغرىسىدا مۇنداق ھېكايە قىلىپ بېرەتتى: «مۇندىن 250 ـــ 300 يىللار بۇرۇن لوپ ئەسلىدە جاڭگاللىق بولۇپ، ئايىغى توقايغا، دەڭگە (ئاچالغا) تۇتىشىپ كەتكەنىكەن. بۇ جاڭگاللىقتا توغراق، يۇلغۇن، كۆرۈك (يۇلغۇن تىپىدىكى بىر خىل چاتقال)، سۆكسۆك، كۆك يانتاق، پىچان، ئاق يانتاق ۋە ھەر

* قاراخانىيلار دەۋرىدە كەلپىن ئۈچ رايونى يەنى ھازىرقى ئۈچتۇرپان بەگلىكىگە قاراشلىق يۇرت بولۇپ، ئۇ يەرگە سۇ چىقىرىش، ئۆستەڭ چېپىش، ئاقسۇ ئايكۆل خەلقىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنلىكتىن، كىشىلەر ئۇ يەرنى «قايغۇلۇقنىڭ ھاشىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان.

خىل چاتقال، يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۆك ـ باراقسان ئۆسكەن تە-
بىئىي ئورمانلىق ئىكەن. ئۇ ئورمانلىقتا جەرەن، بۆرە، توشقان،
تۈلكە، كىرپە، قىرغاۋۇل، توڭگۇز، بۈركۈت، قارچۇغا، لاچىن ۋە
بەزىدە تۆگە قۇشلارمۇ ئۇچراپ تۇرار ئىكەن. بۇ ئورمانلىقتا يال-
غۇز كىرىپ قالغان كىشىنىڭ تېنى شۈرقىرار ئىكەن. كىشىلەر
ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە ئوتۇنغا بېرىپ، چۈشتە ياكى پېشىندە
ئوتۇن ئېلىپ، ئېشەك ـ تۆگىلىرىگە ئارتىپ كېلەر ئىكەن. ئۇ
ۋاقىتتا ئادەملەر دەرەخ تىكىشنى بىلمىگەنمۇ ياكى ئېھتىياجى
بولمىغانمۇ، ئۆيلىرىگە «لوپ»تىن ئېلىپ كەلگەن توغراق ياغى-
چىنى جەگە، يۇلغۇن (قوشام)نى ۋاسا قىلىپ، ئۆي بوكەپ ئولتۇ-
رۇشىدىكەن. بۇنداق ئۆي سېلىش 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ
ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقانىكەن.

(5) «ئۇلۇغ يار» بۇ قەدىمىي قىيانلىقنىڭ نامى بولۇپ، ئور-
نى قۇمئېرىقنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن باشلىنىپ قاراكۆت-
نىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە سوزۇلغان، كەڭلىكى 400 ـــ
500 مېتىر كېلىدىغان قەدىمكى قىيانلىق، ھازىر بولسا مۇتلەق
كۆپ قىسمى تېرىلغۇ مەيدان قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن. مۇشۇ 30
يىلدىن بېرى كەڭ سايلىق (باش قىسمى)قا كەلگەن قىيان توش-
قۇزۇلۇپ تېرىلغۇ مەيدانى قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

(6) «توغىچى» بۇ قۇمئېرىقتىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى بو-
لۇپ، ئەسلىي نامى «تۇرغوجا» (غوجىلار تۇرغان جاي) ئىدى.

(7) «تۇر» بۇ جاي گەزلىك يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرد-
پىدىكى مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، «تۇر»، «تىم» دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ.

(8) «ئارقا شەھەر» چوڭ تاشيولدىن ئۆتۈپ شەرقىي جەنۇب
تەرەپكە قاراپ ماڭسا بىر تېتىرلىق ئۇچرايدۇ، مانا بۇ جاي «ئارقا
شەھەر» دەپ ئاتىلىدۇ. خارابە ئىزىنى پەرق ئېتىش قىيىن، كى-
شىلەر بۇ جاينى «شەھرى قەيبەر» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. بۇنىڭدىن قا-
رىغاندا بۇ جاي ئىسلام غازاتچىلىرى مەزگىلىدە بار بولغان بولۇ-

شى مۇمكىن.

كەلپىندە ئەسلىدە بار يەرلىك خەلقلەردىن باشقا يەنە ئارايـ ماقتا «دەيۋىت» (دارائۇتلار)، قارا كۇتتە ئايكۆللۇك كىشىلەر، ئۆزبېكلەر، قەشقەرلىكلەر، چاڭلار، ئوغانلار، ئافغان تاجىكلىرى ئۇرۇقىدىكىلەر، ئاتۇشلۇقلارمۇ بار. بۇ ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ مۇـ ھىملىرىغا ئىزاھات بەرگەندىلا، كەلپىن خەلقىنىڭ ئېتنىك مەنـ بەسى مەلۇم دەرىجىدە ئايدىڭلىشىدۇ:

(1) «دەيۋىت» بۇلار ھىندىستاننىڭ جەنۇبى، پاكىستانغا جايلاشقان «دارائۇتلار»نى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئارىئان نەسلى، مەـ سىلەن: ياقۇپ ئەلەمنىڭ ئەجدادلىرى (ئارايىماقتىكى بىر قەۋم.)

(2) «ئوغانلار» ئەسلىي شەرقىي غۇز (توغغۇس) قەۋملىرىدىن بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، قالغان قىسمى «ئوغان تېغى»* غا چېكىنىپ بېكىندى ۋە «ئوغان تېغى» نامىنى قەۋم نامى قىلدى، «ئوغانلار ئاتقا مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماـ ھىر بولۇپ، دائىم ئوۋ ئوۋلاش، قۇش تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىـ دۇ. كۆچمە چارۋىچىلىق قىلىدۇ... چېدىرلاردا ياشايدۇ. ئىشىكـ لىرى كۈن چىقىشقا ئېچىلىدۇ، گۆش يەپ سۈت ئىچىدۇ»[1]. يەنە بەزى كىشىلەر بۇ ئۇرۇقنى ئورخۇن دەرياسى بويىدىن كەلگەن بوـ لۇشى مۇمكىن دەپمۇ قارىشىدۇ.

(3) «چاڭچىلار» بۇ ئۇرۇقنىڭ ئاساسلىق قىسمى قاراكۇتتە. بىر قىسمى قۇملۇق چوڭتېرەك ئەتراپىدا، يەنە بىر قىسمى ئۇـ رۇمچى شىمگو ئەتراپىدا تىرىكچىلىك قىلىدۇ. تارىخىي مەنبەـ لەردە بۇ قەۋم مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ:

چاڭلار «ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق نەتىجە قازىـ نىدۇ. جەڭدە ئۆلۈشنى خەيرلىك ھېسابلايدۇ، تۇغما باتۇر، قەيسەر بولۇپ، غەربلىكلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى بار»[2]. «توخرىلار خانى ھۇن

---

* «ئوغان تېغى» — ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئاروكورچىن خوشۇنىـ نىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، «ئولان تېغى» (ئوغان تېغى)نى كۆرسىتىدۇ.

تەڭرىنقۇتى باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەل-قى تارقىلىپ، بەزىلىرى غەربكە يۈرۈپ، پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاجىزلىرى جەنۇبقا يۈرۈپ، تەڭرىتاغدا چاڭلارغا بېقىن-نىپ، ئولتۇراقلاشتى ۋە بارا - بارا چاڭلار بىلەن تويلىشىدىغان بولدى»③. بۇ ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ غەۋغا ۋە ماجىرادىن قورقمايدىغان مىجەزىگە ئاساسلاندىمۇ، يۇرتىمىزدىكى چاڭچىلار ئاشۇ چاڭلارنىڭ ئۇرۇقى بولۇشى مۇمكىن.

**4. كەلپىندىن تېپىۋېلىنغان بىر كوزا**

1976 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە كەلپىندە ئېلىپ بې-رىلغان ئەسكەنت قەدىمكى شەھىرى، قىسىل تاغ بۇددا خارابى-سى، ئارقار شەھىرى خارابىسى، چىلان خارابىسى، كونا چىلان خارابىسى، سىپتا تاش قورالار ئىزلىرى، سېرىق توغراقتىكى قەدىمكى قەبرىلەر، يايدى خارابىسى، مازار ئېقىنىدىكى قەدىمكى تاش قەبرىلەر قاتارلىق قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇ يەردىن تېپىۋېلىنغان قىزىل مىس، ساپال قاچىلار، تاش ئەي-نەك، يېشىل ياقۇت قاتارلىق 60 نەچچە خىل تۇرمۇش بۇيۇمىنىڭ مۇندىن 1600 — 2500 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتقا تەۋە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاپ چىقىلدى.

1968 - يىلى 8 - ئايدا مەرھۇم ئاكام مۇھەممەت قۇربان هازىرقى خەلق كۆلۈبىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان «قاراتاش يېرى»گە تەۋە قەدىمكى زەرەتگاھلىق ئەتراپىدا كېسەك (كىرپىش) قۇيۇۋېتىپ بىر دانە چېدىر شەكىللىك كوزا (كوم-زەك) تېپىۋېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىدۇ. كوزىنىڭ ئېغىزىنىڭ بىر تەرىپى پۈچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا « △» ۋە «x»قا ئوخشاش شەكىللەر چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ توپىسى يىرىك بولۇپ، سەل ئۇركۇپ تۇرىدۇ. بۇ كوزىدىن سىرلانغان ئالامەتلەرنى كۆر-گىلى بولمايدۇ. ئاكامنىڭ دېيىشىچە، كوزىنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا كەلگىچە كۈل بولۇپ، كوزىنى كولاپ ئالغۇچە ئېھتىياتسىزلىقتىن كۈلنىڭ خېلى بىر قىسمى تۆكۈلۈپ كې-

تىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يىپەك قولياغلىقتا ئورالغان بىر تۈگۈنچەك بار بولۇپ، تۈگۈنچەكنى ئېچىپ كۆرسەك ئۇزۇن يۆگەلمە چاچ چىقتى.

ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە چاچ تارىغاندا چۈشۈپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈگۈپ، كومزەككە سېلىپ قويىدىغان ئادىتىنى يوقاتماي كەلدى. بۇ كوزا 1975 ـ يىلى تاسادىپىي ئۆي كۆچۈش مەجبۇرىيىتى بىلەن ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇنۇپ كەتكەن. بۇ كوزا ۋە ئىچىدىكى كۈل، چاچلار ھازىرمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ «كومزەكلەر 6 — 8 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن تۈركلەرنىڭ قەبرە شەكىللىرىنىڭ بىر خىلى ئىدى»④. «بۇ دەۋرلەردە ئاقسۇ رايونى غەربىي تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، ئەينى زاماندا، تۈركلەر جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلاتتى ۋە بىر قىسىم جەسەت كۈلىنى چېدىر شەكىللىك كومزەكتە ساقلايتتى⑤. بۇ تارىخىي پاكىت كەلپىندە ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

ئىزاھلار:

① «كېيىنكى خەننامە»، 637 ـ بەت (ئۇيغۇرچە)

② «كېيىنكى خەننامە»، 434 ـ بەت (ئۇيغۇرچە)

③ «كېيىنكى خەننامە»، 486 ـ بەت (ئۇيغۇرچە)

④ ⑤ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل، 245 ـ بەت.

# «توقسۇ» نامى ۋە توقسۇ ناھىيىسىدىكى بەزى يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

ئەخمەت روزى توغرۇل

توقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىدىكى كۇچا بوستانلىقىغا تەۋە يۇرت بولۇپ، ئەل ئارىسىدا «توقسۇ كۇچانىڭ باغچىسى» دېگەن تەرىپى بار. ئاھالىسىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، ئۆرپ ـ ئادىتى، شېۋىسى، مەدەنىيىتى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى كۇچا، شايار، باي ناھىيىلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

توقسۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن. كۇچا ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا توقسۇ كۇچانىڭ غەربىدىكى بىر مەھەللە ئىدى. 1922 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى يېزىدىن 12 مەھەللە ئايرىپ چىقىلىپ، توقسۇ ياردەمچى ئامباللىقى (رەسمىي ناھىيە دەرىجىسىگە توشمايدىغان كىچىك ناھىيە) قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ پەرمانى ئارقىلىق، توقسۇ ياردەمچى ئامباللىقى توقسۇ ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى[1].

«توقسۇ» نامى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. «توقسۇ» نامى «توق» دېگەن سۈپەت بىلەن «سۇ» دېگەن ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان بولۇپ، «سۇغا توق»، «سۇ كۆپ» دېگەن مەنىدە دېگەن قاراش.

2. تۇڭ ـ خۇز (شەرقىي غۇز) تىللىرىدىن مانجۇ تىلىدا «توقسۇ» — «باغ، گۈلىستان» دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەن قاراش[2].

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشاۋاتقان رايونلاردا «سۇ» دېگەن ئىسىمغا سۈپەت سۆزلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان يەر ناملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئاقسۇ» (ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ نامى)، «چوڭسۇ» (ئاتۇشتا)، «كەڭسۇ» (موڭغۇلكۈرەدە) قاتارلىقلار. «توقسۇ» نامىنىڭ ياسىلىشى يۇقىرىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ياسىلىشى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن ئەسلىي مەنىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنى مانجۇ تىلىدىكى «باغ»، «گۈلىستان» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېگەن قاراشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، بۇ سۆز بىرىنچىدىن، ساپ ئۇيغۇرچە سۆز، ئىككىنچىدىن، مانجۇلارنىڭ بۇ يۇرت بىلەن ئۇچرىشىشى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىنكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ يۇرت ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا بار ئىدى.

پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يۇرتتا ئىلگىرى توققۇز ئۆستەڭ بولغان، كىشىلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا بۇ يۇرتنى «توققۇز سۇ» دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلاردا دەريا ــ ئېقىن، ئېرىق ــ ئۆستەڭلەرنى «سۇ» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار. بۇ سۈپەت بىلەن ياسالغان ئىسىم بولماستىن، سان بىلەن ياسالغان ئىسىمدىن ئىبارەت. بۇنداق يەر ناملىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئىككىسۇ» (ئىككى ئېرىق دېگەن مەنىدە، پوسكامدا)، «يەتتە سۇ» (يەتتە ئۆستەڭ دېگەن مەنىدە، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا)، «سەككىز ئېرىق» (ئاۋاتتا) قاتارلىقلار. «توققۇز سۇ» دېگەن سۆزنىڭ «توقسۇ» بولۇپ ئۆزگىرىشى ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىكىلىق هادىسە هېسابلىنىدۇ.

بۇ نام ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا هازىرغىچە «توقسۇ» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. خەنزۇچە نامى 1941 ــ يىلىدىن بۇرۇن «托克苏» دەپ يېزىلغان. شۇ چاغلاردا بۇ نام توقسۇن ناھىيىسى بىلەن تەلەپپۇزدا ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئىككى جاينىڭ خەت ــ چەكلىرى دائىم خاتا يوللىنىپ قالغان. مىنگونىڭ 30 ــ يىلى (1941 ــ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ دوكلات

يوللىشى، دۆبەن شېڭ شىسەينىڭ تەستىقلىشى بىلەن، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى «新和» (شىنخې) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، ئۇ خەنزۇچە «新疆和平» (شىنجاڭ تىنچ) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان[3]. مەتبۇئاتتا ھازىرغىچە شۇنداق ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. ھازىر ئۇيغۇرچە نامى جانلىق تىلدا يەنىلا «شىڭخا» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ، خەنزۇچە ئاتىلىشىنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزغا ماسلاشتۇرۇلۇپ بۇزۇپ ئاتىلىشىدىنلا ئىبارەت.

توقسۇ ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى تارىختا شەكىللەنگەن، بۇ ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگىنىمىزدە، بۇ يەر ناملىرىنىڭ بۇ يەردە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان باشقا يۇرتلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

1. ئېرىق ـ ئۆستەڭ، دەريا ـ ئېقىن، كۆل، بۇلاق نامى بىلەن ئاتالغان جايلار. بۇ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان يەر نامى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار مۇنۇلار: ئىچئېرىق، تاشئېرىق، ئاقئۆستەڭ، غولئېرىق، يېڭىئېرىق، ئويئېرىق، قالجاقئېرىق، قوشئېرىق، قۇدۇقئېرىق، قۇمۇشلۇقئېرىق، قۇمكۆل، قۇملۇقئېرىق، تاغئېرىق، ئۇجمەئېرىق، ئېگىزئېرىق، توغرائېرىق، توپاقئېرىق، تۇرئېرىق، دۆڭئېرىق، پىلىكئېرىق، تاتلىقبۇلاق، كەڭرىداش، سوقاكۆل، شوريارداش.

2. يەر شەكلى، شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە تەقلىد قىلىنغان ۋە چىقىدىغان مەھسۇلاتىغا ئاساسەن قويۇلغان ناملار. مەسىلەن: ئاتبېشىدۆڭ، ئاچادۆڭ، ئاچال، توغراقۇم، ئويمەھەللە، قارادۆڭ، توپادۆڭ، سۇپادۆڭ، بوستان، قاتارقۇم، پاختىلىق، تۇزلۇق، مانانلىق (تۇمانلىق دېگەن مەنىدە)، شامالسىرتى (ئوتتۇرىسى ئېگىز، ئىككى تەرىپى پەس بېلىق سىرتى جاي بولۇپ، شامال سىرتىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتال-

غان)، بوغماق مەسچىت، ئۈزۈنپىچىن، توڭگۈزباش، بۆرەسۇلاق.
3. ئادەم، قەبىلە ـ مىللەت ئىسمى، ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. ئۇلار مۇنۇلار: قالماق مەھەللىسى، تىگىن (قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا كۆپرەك پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 500 يىل ئىلگىرى بىر ئەرەب دىن تارقاتقۇچى بۇ يەرگە كەلگەندە يەرلىك كىشىلەر چىرايلىق كىيىنىپ، ئۇنى شاھزادە قاتارىدا قىزغىن كۈتۈۋالغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جاينىڭ نامى تىگىن بولغان)، بەگلىكئېرىق، خەلپە ئېرىق، خوجاتوروس.
4. قەدىمىي شەھەر ـ قەلئە، تۇر ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. بۇنداق يەر ناملىرىمۇ نىسبەتەن كۆپ، ئۇلاردىن ئۈچقات شەھىرىلا يېزا نامىنى ئالغان، قالغانلىرى كەنت ـ مەھەللە ناملىرىدىنلا ئىبارەت. مەسىلەن: توپاشەھەر، قىزىلشەھەر، چولاقشەھەر، چولاقتۇر، رۆجەكشەھەر، يۇلغۇنشەھەر، لەڭگەر، قۇمتۇر، موللاتۇر، چارەكشەھەر، يۇلغۇنشەھەر، تۇزتۇر. بۇلاردىن باشقا قەدىمىي خارابە ـ ئىزلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرىمۇ بار.
5. سان بىلەن ئىپادىلەنگەن يەر ناملىرى. ئۇلار مۇنۇلار: تۆتتاش، ئۈچقات، بەشتوما، ئىككى بۇلاق.
6. ھەرخىل رەڭ ۋە سۈپەت سۆزلىرىدىن ياسالغان يەر ناملىرى. مەسىلەن: قاراتاش، قىزىلتام، ئاقئۆستەڭ، سېرىقتوغراق، چوڭتوغراق، كالتاقېچىچى، كۆكتوغراق، چوڭ قېچىچى، پاكارتام، كونابوز.
7. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ھايۋانات ناملىرىنى يەر نامى قىلىپ قوللىنىش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، توقسۇ ناھىيىسىدە بۇنداق يەر ناملىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: قارىياغاچ، تامتوغراق، تېرەكلىك، سۇپاتوغراق، سۆگەتكۆزلەك، سۆگەتقوتان، چىلان، غازمە-

ھەللە، بۇقاتېمى، توپاق مەھەللە، بۆرەتكەن، قۇشقاچتام، توشقانبۇلاق.
8. قۇرۇلۇش نامى ياكى قۇرۇلۇشنىڭ ئورنىغا قاراپ قويۇلغان يەرناملىرى. مەسىلەن: مۇنار، قىزىلتام، توما، پاكارتام، خانىقاتام، نورباشلام، تۈگمەنبېشى، لەمپە، ئاراتۈگمەن، چوڭكۆۋرۈك، موماتوغراق، كۆتەرمە، گۇمباز (گۈمبەز)، ياتاساتما، كارىز، قومساتما، يانتاققۇدۇق، قومۇشقۇدۇق.
9 بازار نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا بازار قوغلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان ياكى بازار ئايلىنىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بولغاچقا، توقسۇ ناھىيىسىدىمۇ باشقا يۇرتلاردىكىگە ئوخشاش بىر ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرىدە بازار بولىدۇ. بۇ بازارلار كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن يىغىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. بازار بولغان جاي شۇ كۈننىڭ بازار نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: دۈشەنبە بازار (ناھىيە بازىرى)، يەكشەنبە بازار (يۇلتۇزباغ يېزىسى)، ئازنا بازار (ئۇچقات يېزىسى)، شەنبە بازار (كەنت نامى)، پەيشەنبە بازار (يېزا نامى)، چارشەنبە بازار (كەنت نامى).
10. خەنزۇچە ئاتالغان يەر ناملىرى. ناھىيە بازىرىدىكى بىر قىسىم كوچىلارغا خەنزۇچە ئات قويۇلغان. خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندا بىر قىسىم گۇڭشېلارنىڭ نامى خەنزۇچە ئىنقىلابىي سۆزلەر بىلەن ئاتالغاندى، كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسلىي نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئادەتلەنگىنى بويىچە ئاتاپ كەلمەكتە. مەسىلەن: دايۇلتۇز (يۇلتۇزباغ)، شويۇلتۇز (ئۆگەن)، دۇڭپېڭ («شەرق شامىلى» دېگەن سۆز، ئەسلىي نامى لەڭگەر). ئەمما، خېلى بۇرۇنلا خەنزۇچە ئاتىلىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن يەر ناملىرىمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن: رۇڭپۇڭجاڭ (ئەسلىسى يۇڭفېڭجۇاڭ)، پوتەي، سەيپۇڭتېرەك.
11. كەسپكارلار نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. مەسىلەن: ئاراچى، پاقلانچى، قېچىچى.

12. ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدىغان يەرناملىرى. مەسىـ
لەن: سۇباستى، خورازئۆلدى، بەلكەستى[④].

پايدىلانغان ماتېرىياللار

① ③ «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
1999 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 58 ـ بەت.
② ئىمىن تۇرسۇن: «توپونىمغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، «شىنجاڭ
تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان، 62 ـ بەت.
④ «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»،
توقسۇ ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1992 ـ يىلى 12 ـ
ئاي.

# قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

**قارا قوزۇق**

كۇيا يىپز بىسىدا قارا قوزۇق دېيىلىدىغان بىر كەنت بار. ئابدۇللاخۇن مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ: شاھ مەشرەپ يۇرت كېزىپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە، ھېرىپ قېلىپ ھاردۇق ئالماقچى بوپتۇ، لېكىن بۇ يەر يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر بولغاچقا، ئاندا - ساندا ئادەم ئولتۇراقلاشقانىكەن. شاھ مەشرەپ ھاردۇق ئالىدىغان نە سايە، نە ئېشەكنى باغلاشقا قوزۇق تاپالماي تۇرغاندا، بىر ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپتۇ. شاھ مەشرەپ ئايال بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

— ئېشىكىمنى باغلايدىغان بىرەر قوزۇقتەك نەرسە بەرگەن بولسىلا، مەن بىردەم ھاردۇق ئېلىۋالسام، — دەپتۇ.

ئايال تونۇر بېشىدا تۇرغان بىر دانە كۆسەينى ئېلىپ چىقىپ بېرىپتۇ. شاھ مەشرەپ بۇ چالا كۆيگەن كۆسەيگە بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يەرگە قېقىپ ئېشىكىنى باغلاپتۇ ۋە:

— بۇ بىر قارا قوزۇق ئىكەن، بۇ يۇرتنىڭ نامى «قارا قوزۇق» بولسۇن، — دەپ دۇئا قىپتۇ. شاھ مەشرەپ كەتكەندىن كېيىن ئايال بۇ گەپنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھ مەشرەپنى ئەۋلىيا دەپ قارىغان خەلق «قارا قوزۇق» دېگەن نامنى ئۇلۇغلىشىپ يۇرت نامى قىلىپ قوللىنىپتۇ.

**تەلۋىلەر**

كۇيا يىپز بىسىدا تەلۋىلەر دەيدىغان بىر كەنت بار. تەخمىنەن

200 يىل ئىلگىرى بۇ جايدا توختى غوجىكام ئىسىملىك مىسكەر ياشىغانىكەن. جامائەت ئىچىدە يۈز - ئابرۇيلۇق بۇ كىشىنىڭ بىر قىزى چىرايلىق چوڭ بوپتۇ. بۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلغان يىگىتلەردىن بىرسى توختى غوجىكامنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، قىزنىڭ سىرتقا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ يولدا ناخشا ئېيتىپ مېڭىپتۇ. توختى غوجىكام بۇ يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ:

— مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناخشا ئېيتىشىڭدىكى غەرىزىڭ نېمە؟ — دەپ سوراق قىلىپ بالداق بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرۇپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر توختى غوجىكامنىڭ يولسىزلىقىدىن نارازى بولۇپ:

— ئۆتۈپ كەتكەن تەلۋە ئادەمكەن بۇ، — دېيىشىپتۇ. توختى غوجىكامغا سىڭىپ قالغان بۇ لەقەم ئەينى يىللاردىن باشلاپ بۇ مەھەللىنىڭ، كېيىنچە كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

تەلۋىلەر دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا يەنە مۇنداق پاراڭلارمۇ بار. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە بىر جەمەتلىك بەش - ئالتە ئائىلىلىك كىشى ياشىغان ئىكەن. بۇلار ئۆزئارا ئىناق ئۆتمەي كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ جېدەللىشىدىكەن، قوشنا مەھەللىدىكىلەر بىلەنمۇ سۇ ياكى پاسىل تالىشىپ دائىم ئۇرۇش - ماجىرا قىلىدىكەن. يولسىزلىق قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىپ يۇرت چوڭلىرىدىن تەنقىد - تەنبىھ ئاڭلىسا قايىل بولماي زاكونلىشىدىكەن ھەم ماجىرادىن باش تارتمايدىكەن. بىر كۈنى قوشنا مەھەللىدىكىلەر بۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. يۇرت چوڭلىرى:

— ئەسكىگە بىر قوشۇق قويۇپ بەرگۈلۈك، ئۇ تەلۋىلەر بىلەن تەڭ بولماڭلار، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جېدەلخورلارغا قويۇلغان «تەلۋىلەر» دېگەن لەقەم يۇرت - مەھەللىنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

شېكەر قومۇش

ئازادلىقتىن بۇرۇن هازىرقى كۈيا يېزىسىنىڭ ئاچچىغ ۆي دېگەن يېرىدە مەنسۇر ئاخۇن ۋە غوجاخۇن ئىسىملىك ئىككى ئا ـ ئىلىلىك كاتتا باي ياشايتتى. بۇلارنىڭ نەچچە مىڭلاپ قوي ـ ئۆچكىلىرى، ئات ـ كالىلىرى بار ئىدى. چارۋىلىرىغا قىشلىق يەم ـ خەشەك توپلىۋېلىش ئۈچۈنلا بۇ بايلا ھەر يىلى ئۆزىنىڭ يىللىقچىلىرىنى قومۇش ـ يانتاق چېپىشقا ئەۋەتەتتى. 1941 ـ يىلى كۈزدە مەنسۇر ئاخۇن باينىڭ يىللىقچىلىرى مەغرىپ تەرەپ ـ تىن، غوجاخۇن ھاجىمنىڭ يىللىقچىلىرى مەشرىق تەرەپتىن قومۇش ئورۇپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

ـــ سىلەر كىمدىن سوراپ بىزنىڭ قومۇشلۇقىمىزغا كەل ـ دىڭلەر؟

ـــ بۇ قومۇشلۇق قاچاندىن باشلاپ سىلەرنىڭ بولۇپ قال ـ غان؟ ـــ دېگەندەك سوراق ـ سوئاللارغا ئۇلىنىپ ئىككى تەرەپ سوقۇشۇپ قالىدۇ. بارا ـ بارا جېدەل ئۇلغىيىپ ئىككىلا تەرەپ ـ تىن بىر نەچچە كىشىنىڭ كاللا ـ قاپاقلىرى يېرىلىپ، پۇت ـ قوللىرى سۇنۇپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جامائەت:

ـــ ئەخمەقلەر، قومۇش تالىشىپمۇ سوقۇشقان بارمۇ؟

ـــ بۇ يەرنىڭ قومۇشى تاتلىقمىكەن؟

ـــ شېكەر قومۇشى ئىكەن، ـــ دېيىشىپ بۇلارنى ئەيىبلە ـ شىپتۇ.

1958 ـ يىلى «نۇرلۇق» گۇڭشېسى رەھبەرلىكى 2000 دېھ ـ قاننى يۆتكەپ كىرىپ، بۇ ئېگىز ـ پەس قومۇشلۇقنى تۈزلەپ زىرائەت تېرىشقا تەشكىللىدى. 1964 ـ يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئولتۇراقلاشقان ئائىلە 1200گە، نوپۇس 5000دىن كۆپرەككە يەتتى. 19 مىڭ مو يەر باغۇ بوستانلىققا ئايلاندى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى 1975 ـ يىلى «شەرق شامىلى» گۇڭشېسىغا تەۋە قىلىندى. قومۇش جېدىلى بولغان ھېلىقى يەر 6 ـ باشقۇ ـ رۇش رايونىنىڭ 4 ـ دادۈيى بولدى. 1984 ـ يىلى گۇڭشې يېزى ـ غا ئۆزگەرتىلگەندە پېشقەدەملەرنىڭ ئەينى چاغدىكى جېدەلنى

سۆزلەپ، تەكلىپ بېرىشىگە ئاساسەن بۇ يەرنىڭ نامى «شېكەر قومۇش» دەپ مۇقىمدالدى.

**مىللەت ئېرىقى**

ئۇرچى يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە «مىللەت ئېرىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. بۇ غەلىتە ئاتالغۇ قانداق كېلىپ چىققان؟

1947 ـ يىلى زاۋا يېزىسىنىڭ خۇمدان كەنتىدىكى دېھقانلار ئېرىق چېپىۋېتىپ كۆمۈلۈپ قالغان ياغاچ قوغاچنى ئۇچرىتىپتۇ. بىر نەچچەيلەن قوغاچنى كۆتۈرگەنىكەن، قوغاچنىڭ ئۇستۇنكى يېرىمى ئاجرىلىپ چىقىپتۇ، ئاستىنقى يېرىمىدا بىر جەسەتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەر چۆچۈپ كېتىپتۇ. جەسەت كىگىز قالپاق، يۇڭ توقۇلمىدىن تون كىيگەن بىر ئەر كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا قىلىچ، ئوقيا، كومۇش جام بار ئىكەن (ياشانغانلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ يەردە قانلىق جەڭ بولغانىكەن). كىشىلەر بۇ جەسەتكە قاراپ:

— بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن ئەمەسكەن.

— باشقا بىر مىللەتنىڭ ئادىمى ئىكەن، قايسى مىللەتتىن بولغىيدى؟ — دېيىشىپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى:

— بىزنىڭ ئېتىزىمىزغا مىللەت ئېرىقىدىن سۇ كېلىدۇ.

— مىللەت ئېرىقىنىڭ قېشىنى ئېگىزلەيدىغان بولدۇق.

— مىللەت ئېرىقىنىڭ بويىغا جىرىم سالىمىز، — دېگەندەك گەپلەر بىلەن «مىللەت ئېرىقى» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەرنىڭ تىلىغا ئۆزلىشىپ قاپتۇ. خۇمدان كەنتىنىڭ ئايىغى يانتاق ـ قومۇشلار ئۆسكەن بىپايان قومۇشلۇق ئىدى. 1959 ـ يىلى «جىددىي ئىلگىرىلەش» گۇڭشېسى (ھازىرقى زاۋا يېزىسى) دېھقانلارنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىپ، ئالتە كەنتتىن تەركىب تاپقان دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى. خۇمدان كەنتىدىكى «مىللەت ئېرىقى»نىڭ داۋامىنى چېپىپ، سۇ باشلاپ كېلىپ، بۇ ئېرىقنى يەنىلا «مىللەت ئېرىقى» دەپ ئاتىدى. 1975 ـ يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى

«شەرق شامىلى» گۈڭشىيىسىغا تەۋە قىلىنىدى. 1984 ـ يىلى بۇ كەنت ئاشۇ ئېرىقنىڭ نامى بىلەن «مىللەت ئېرىق كەنتى» دەپ ئاتالدى.

قوقان

زاۋا يېزىسىدا قوقان دېيىلىدىغان بىر كەنت بار. 69 ياشلىق سۇلايمان ئاخۇن 1949 ـ يىلى بوۋىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلەپ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1860 ـ يىللىرى خوتەننىڭ ئەلمى ھەببۇللا مۇپتى ھاجىم ياقۇپ بەگنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن بۇ جايغا ناھايىتى چوڭ قورغان سالدۇرغانلىقتىن بۇ جاينىڭ «سېرىق سۇ» دېگەن نامى «قورغان»غا ئۆزگەرگەنىكەن. «قوغان» سۆزى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قوقان»غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. بۇ جاينىڭ ئىسمىنى «قورغان ئەمەس، قوقان» دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەرمۇ بار.

1880 ـ يىللىرى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەندىكى باش ئەمەلدارى بۇ قورغاننى مۇستەھكەملەپ، دەرۋازىسىنى يېڭىلاپ باج ۋە تاموژنا ئىشخانىلىرىنى تەسىس قىپتۇ. سودىگەر ـ كارۋانلارنى باشقا يولدىن مېڭىشتىن چەكلەپ، بۇ دەرۋازىدىن ئۆتكۈزۈپ رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىدىكەن. قورغان دەرۋازىسىدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرى چېرىكلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، بۇ دەرۋازىدىن ئۆتۈش كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرىگە:

ــــ قورغاندىن قورقاڭ، ــــ دەپ تەۋسىيە قىلىدىكەن، «ئېھتىيات قىلىڭ» دېگەن مەنىدىكى «قورقاڭ» سۆزى كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىنى ئۇدۇل ئىپادە قىلغانلىقتىن، دەرۋازا ئەتراپى قورقاڭ دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ ئاتالغۇ «قوقان»غا ئۆزگىرىپ، كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

# ئىلى ۋىلايىتىدىكى يەرناملىرى ھەققىدە

ئابلىمىت مۇھەممىدى

ئىسھاق باستى

يەر ناملىرى تەتقىقاتى ــ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىلىم، ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قاتناش ـ ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگراف، كارتوگرافىيە، سەيلى ـ ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى رولى ئىنتايىن زور.

يەر ناملىرى ناھايىتى ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە خىزمەت. ھەر بىر يەر نامىنىڭ مۇئەييەن كېلىش مەنبەسى، بەلگىلىك تارىخىي ئالاھىدىلىكى بار. شۇڭا، يەر ناملىرىنىڭ توغرا، مۇكەممەل، ئۆلچەملىك ئاتىلىشى ۋە يېزىلىشى شۇ يەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى بېجىرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدا قىلچە بىخەستىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بەزىدە بىر ھەرپ، بىرەر چېكىت، بىرەر بوغۇمنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ياكى چۈشۈپ قېلىشى ئىپادىلىمەكچى بولغان يەر ناملىرىنىڭ ئەسلىي ئورنىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن:

**ئامۇ دەرياسى ــ ئامور دەرياسى**

«ئامۇ دەرياسى» (阿姆河) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئافغانىستان بىلەن ئۆزبېكىستان ئارىلىقىغا جايلاشقان مەشھۇر دەريا.

«ئامۇر دەرياسى» (黑龙江) خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ رۇسچە ئاتىلىشى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگرىسىغا جايلاشقان، رۇسىيىنىڭ يىراق

شەرق رايوندا ئامۇر ئوبلاستى، ئامۇر قولتۇقى ۋە كوسومولسكى ئامۇر دېگەن شەھەر بار. خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ نامى 60 ـ يىللارغىچە ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا «ئامۇر دەرياسى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەندى.

دېمەك، دىققەت قىلىنمىسا، «ر» ھەرپىنىڭ قوشۇلۇشى ياكى چۈشۈپ قېلىشى بىلەن ئارىلىقى 10 مىڭلاپ كىلومېتىر كېلىدىغان ئىككى چوڭ دەريا ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

يەنە مەسىلەن:

ئاۋستىرىيە ـــ ئاۋستىرالىيە

شۋېتسىيە ـــ شۋېتسارىيە

ياركەنت (قازاقىستاندىكى ياركەنت شەھىرى) ـــ يەكەن (قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيىسى) قاتارلىقلار.

ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيگۈزۈپ قويىدىغان مۇنداق ھادىسىلەر يەرناملىرىنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئىلى دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان نىلقا ناھىيىسىدىكى قاش دەرياسى خەنزۇچە «哈什河» دەپ يېزىلىدۇ. بىراق، جۇغراپىيىدىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق بىر تەرجىمان بۇ دەريانى «قەشقەر دەرياسى» دەپ تەرجىمە قىلغان، دەرۋەقە خەنزۇچە خەت شەكلى ئوخشاپ قالسىمۇ، «قەشقەر دەرياسى» ئىلى رايوندا نېمە ئىش قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ باقمىغان. مەسىلەن: ئىلى رايوندا توققۇزتارا ناھىيىسىگە يېقىن، ئۈزۈندىن بۇيان «گۆر جىلغا» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر جاي بار. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ يەرگە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى جايلىشىپ دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. «گۆر جىلغا دېھقانچىلىق مەيدانى» دېگەننى خەنزۇچە «گاۋئېرجى نۇڭچاڭ» (高尔基农场) دەپ ئاتىۋالغان. بەزى تەرجىمانلار ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغاندا «گوركى دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. دېمەك، يۇقىرىقى ئاددىي مىساللاردىن شۇنى چۈشىنىپ يېتىش تەس ئەمەسكى ـــ يەر ناملىرى ئىنتايىن پۇختا ئىشلەشنى

تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي خىزمەت.

يەرناملىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە ئالاھىدىلىكلەرنى ئاساس قىلىپ بەلگىلەنگەن ۋە تۇراقلاشقان.

1. تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك بويىچە قويۇلغان ناملار. بۇنى ئۆز نۆۋىتىدە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى

شىنجاڭنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئىقلىمى قۇرغاق چۆل-لۈك ئىقلىمغا مەنسۇپ بولغاچقا، تا ئەلمىساقتىن تارتىپ كىشىلەر سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە پارچە - پارچە بوستانلىق يۇرتلارنى بەرپا قىلغان. شۇڭا، يەر ناملىرىنىڭ كۆپچىلىكى سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: دەريا، كۆل، بۇلاق، سازلىق، ساي، جىرا، جىلغا، ئارال قاتارلىقلار.

2) يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىمۇ يەر ناملىرىدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: تاغ، ئېدىر، يوتا، دۆڭ، تۆپە، يەر، يار، چوققا، تاش، توقاي، تۇمشۇق، داۋان، ئاچال قاتارلىقلار.

2. ئىجتىمائىي، مەمۇرىي ئالاھىدىلىك بويىچە قويۇلغان ناملار. مەسىلەن: يېزا، كەنت، مەھەللە، كوچا، يۈزى، ئون، قىشلاق، بازار.

3. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە ئەمگەك ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئىنشائاتلىرى نامىغا قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن: قۇدۇق، كۆۋرۈك، ئۆستەڭ، ئېرىق، مەسچىت، باغ، قوتان، قورۇ، تام، ساراي، دەرۋازا، مازار، دەڭ، تۈگمەن قاتارلىقلار.

4. شۇ جايدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، شۇ جايدا سادىر بولغان مەشھۇر ۋەقەلەر، تەبىئەت ھادىسىلىرى قاتارلىقلار نامىغا قويۇلغان يەر ناملىرى.

5. باشقىلار. بۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەر كىرىدۇ.

1) ھۈنەر - كەسىپ نامىغا قويۇلغان يەر ناملىرى؛

2) سان - ساناقلار بويىچە قويۇلغان يەر ناملىرى؛

3) ھەر خىل رەڭلەر نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى؛
4) باشقا يۇرتلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان جايلار؛
5) مىللەت ئايرىمىسى بويىچە قويۇلغان نامىلار؛
6) باشقا مىللەت تىلىدىكى يەر نامىلىرى؛
7) دەل ـ دەرەخ نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى؛
8) ھەر خىل ھايۋانات نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى؛
9) رودا، مەدەن، كان مەھسۇلاتلىرى نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى
10) خاس ئىسىملار

تۆۋەندە ئىلى رايونىدىكى يەر نامىلىرىنى يۇقىرىقى تۈرلەر بويىچە ئۇششاقلاپ تىزىپ باقايلى:

1. «بۇلاق» نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي نامىلىرى:
سارى بۇلاق، قىزىل بۇلاق، پاتقاق بۇلاق، تامچى بۇلاق، تاشبۇلاق قاتارلىق 65 يەر نامى.

2. «ساي» نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي نامىلىرى:
ئازات ساي، پاتقاق ساي، بورقان ساي، بۆركۈت ساي، پولاتباي ساي قاتارلىق 57 يەر نامى.

3. «سۇ» نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي نامىلىرى:
قاراسۇ، بايقاراسۇ، يارسۇ، جىيەكسۇ، قاراغايلىق سۇ قاتارلىق 17 يەر نامى.

4. «كۆل» نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي نامىلىرى:
قوشكۆل، بايكۆل، ئۇچكۆل، سېسىق كۆل.

5. ئېرىق ـ ئۆستەڭ، تۈگمەن نامىغا قويۇلغان يەر نامىلىرى:
ئاق ئۆستەڭ، ئارائۆستەڭ، قوشئېرىق، تۈگمەنبېشى، باش تۈگمەن، ساي بويى، يار بويى، نو بېشى.

6. تەبىئىي ئالاھىدىلىك ياكى يەر شەكلى بويىچە قويۇلغان نامىلار:
توقاي، بايتوقاي، تۇمشۇق بايتوقاي

7. «تاش» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي نامىلىرى:

بوغاتاش، بالاتاش، قويتاش، ئاقتاش.
8. «دۆڭ» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى:
بوزدۆڭ، تاشدۆڭ، قوڭۇردۆڭ، چىغلىق دۆڭ.
9. «تۆپە» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى:
بۆلگەن تۆپە، مايتۆپە، قاراتۆپە، كەتمەنتۆپە.
10. «چوققا» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى:
خانتەڭرى چوققا، ئەۋلىيا چوققا، تىكىلخان چوققا، قانباي چوققا.
11. «داۋان» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى:
بوغاداۋان، تەلكە داۋان، ئۆچكىلىك داۋان، توپاداۋان، تاش داۋان.
12. «كۆۋرۈك» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى:
باشكۆۋرۈك، تاشكۆۋرۈك، چوڭكۆۋرۈك، كۆككۆۋرۈك، قىزىلكۆۋرۈك، تۆتكۆۋرۈك، توغرا كۆۋرۈك، قوشكۆۋرۈك، سايكۆۋرۈك، ئىشەك كۆۋرۈك، پايتىما كۆۋرۈك.
13. «دەرۋازا» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى:
دولان دەرۋازا، دەڭ دەرۋازا، كۆرە دەرۋازا، ئۈچ دەرۋازا، سۇ دەرۋازا.
14. «قۇدۇق» نامى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار:
قۇدۇق مەھەللە، قۇدۇق كەنتى.
15. «دەڭ» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى:
تۆپىدەڭ، كۆرەدەڭ، شىۋەدەڭ، دەڭ دەرۋازا، چوكاندەڭ.
16. «تام» نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى:
ئويتام، قاراتام، كالىچتام، قىلىنتام، كىچىكتام، قىشلاقتام، ئاراتام، يېڭىتام، شاغىلىقتام، كوناتام، قوتانتام، ھېزبەكتام (ئېزىزبەگ تام)، چوڭتام، تۆۋەنتام، ئەيساتام، يامانتام، يۇقىرىقى تام، ئاقتام.
17. شەخسلەر نامىغا قويۇلغان كوچا، كەنت، مەھەللە ناملىرى:
ھەمرا مەھەللىسى، باقىباي مەھەللىسى، مەمەتيار كەنتى،

روزى تەمبۇر كوچىسى...

18. ھۈنەر ـ كەسىپ نامىغا قويۇلغان يەر ـ جايناملىرى:

خاڭ مەھەللە، كىمىچى مەھەللە، خۇمدان مەھەللە، كۆنچى مەھەللە، كۆكچىلىك مەھەللە، ناغرىچى مەھەللە، شەيخ مەھەللە، ناماتمان مەھەللە...

19. يېمەك ـ ئىچمەك نامىغا قويۇلغان يەر ناملىرى:

جىگدىلىك مەھەللە، ئالما بازار، قوغۇنچى يېزا، پىياز كەنت، گىر بازار (ئۇن ساتىدىغان)، قايماق بازار، ياڭاق ساي، قاتار ئۈزۈم.

20. باشقا يۇرتلاردىكى يەر ناملىرىنىڭ خاتىرىسىگە قويغان يەر ناملىرى:

قەشقەر كوچىسى، خوتەن مەھەللە، تۇرپانيۈزى، دولانيۈزى، قومۇللۇق مەھەللە، ئاغۇ مەھەللە، بەشكېرەم مەھەللە، تاختىيون مەھەللە، چېلەكخاڭزا، چىنىباغ، لەڭگەر، ئازاغ كوچا، قاغىلىق مەھەللە، سايرام كوچا، ئالتاي مەسچىت، ئاقسۇ مەسچىت، كاتتايلاق مەھەللىسى، مەشھەت مەھەللىسى.

21. مىللەتلەر نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي ناملىرى:

ئۇيغۇر ئۇچىئون، خەنزۇ بازار، شىۋە كوچا، ئۆزبېك مەسچىت، نوغاي مەسچىت، موڭغۇلكۈرە، تۇڭگان مەھەللە، رۇس كۆلۈب، قىرغىز مەھەللە، تۇڭگان ئۇچىئون، قازاق مەكتەپ، بۆلۈنكەي، تۇرك مەھەللە.

22. باشقا مىللەتلەر تىلىدا ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى:

لەڭگەر، دودىشاڭ، بايانداي، چىلپەڭزە، داشىگور، چىڭسىخوزا، چېلەكخاڭزا، لوسىگۇڭ، ئەرتەي، سەنتەي، ئۇگۇڭ، سەندەن، سەنگۇڭ، ساندىخوزا، خونۇقاي، دولات، گاڭگول، خۇاگوشەن، سۇلاگۇڭ، خەنبىڭ، زېكتى، تاي، موخور، زايىمكا، مويكا، ماگالكا، نوۋىگورود، بۆلۈنكەي، جاغىستاي، خېيسەنتو، سۇمبۇرشاڭ، تارجى.

23. دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي ناملىرى:

باشتېرەك، قارىغاي، قاراياغاچ، كۆكئاغاچ، كۆكتېرەك، قول-تۇق چىغ، چىنار...

24. ھەر خىل ھايۋانلار نامىغا قويۇلغان يەر ـ جايناملىرى:

بۇغاتاش، مىڭ مارال، بۇغاداۋان، ئۆچكىلىك داۋان، قويتاش، قارا ئايغىر ساي، ئېشەك كۆۋرۈك، ئات بازار.

25. ھەر خىل كان مەھسۇلاتى، مەدەنلەر نامىغا قويۇلغان يەر ـ جاي ناملىرى:

كان يېزىسى، تاشتۆمۈر، تاشكۆمۈر، ئالتۇنلۇق، مىس، ئورتا مىس، تۆمۈرلۈك، مىس كان، كۈمۈشساي.

ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدە يەنە تەبىئىي ھادىسىلەر ياكى ئىج-تىمائىي ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن قويۇلۇپ قالغان تۈۋەندىكىدەك يەر ناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

بويىنى كېسىك ــ مانجۇ خانلىقى دەۋرىدە قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى، ئاتاقلىق خەلق قوشاقچىسى مايىمخان قەتلە قىلىنغان جاي (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ).

يېرىلغان يار ــ 1940 ـ يىللاردىكى يەر تەۋرەشتە يېرىلىپ ھاسىل بولغان يارلىق (بۇنى بەزىلەر بۇزۇپ، يېرىلغان يەر دەۋال-غان، ھازىرقى ئىلى ۋىلايەتلىك 1 ـ نېفىت ئىسكىلاتىنىڭ ئەترا-پىدىكى جايلار).

ئوت كەتكەن مەسچىت ــ 1950 ـ يىللاردا ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كەتكەن مەسچىت (ھازىرقى شىنخۇا دوختۇرخانىسىدىن قازانچىغا ماڭغان يول ئۈستىدىكى ئۆستەڭ بويىدا).

ساي قۇيۇلۇش ــ غۇلجا شەھىرىدىكى ساي سۈيىنىڭ دەرياغا قۇيۇلۇش ئېغىزى (ھازىرقى ياماچاڭنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدۇ).

ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدە يەنە مەلۇم بىر خىل تارىخىي ـ ئىجتىمائىي شارائىت باسقۇچىدا شۇ مەزگىلدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەلۇم بىر ئىشنى ياكى مەلۇم شەخسنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن قويۇلۇپ ئېلان قىلىنغان يەر ناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىستېمالدىن قېپقالغان بولسىمۇ،

بەزىلىرى كونىلارنىڭ ئاغزىدا يەنىلا داۋاملاشماقتا. مەسىلەن:
شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىر مەھەل يولغا قويغان ئاتالمىش «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نامىغا ماسلاشتۇرۇپ 1936 ـ، 1937 ـ يىللىرى پىلانلاپ ئېلىنغان «ئالتە شوئار مەھەللىسى»، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نام بېرىلگەن «ستالىن كوچىسى» (ھازىرقى ستالىن كوچىسى)، «ستالىن مەكتەپ» (ھازىرقى 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)، «ئەخمەتجان كوچىسى» (ھازىرقى ئەخمەتجان كوچىسى)، ل . مۇتەللىپ نامىدىكى باغچا (ھازىرقى خەلق باغچىسى)، «ئىسھاقبېك كۇلۇبى» (ھازىرقى ھەربىيلەر كۇلۇبى)، ئابدۇكېرىم ئابباسوف نامىدىكى گېزىتخانا (ھازىرقى ئىلى گېزىتخانىسى)، «لېسكىن كوچىسى» (ھازىرقى ئازادىيول 4 ـ كوچا)، «سادىر پالۋان كوچىسى» (ھازىرقى تۆپىدەڭ كوچىسى)، «ناۋايى كوچىسى» (ھازىرقى ئىلى مېھمانخانىسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ)، «بەدىر كامال كوچىسى» (بۇرۇنقى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىلى مېھمانخانىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تار كوچا)، «روزى تەمبۇر كوچىسى (ھازىرقى ياشلار كوچىسى بازىرىنىڭ كەينىدە)، «ئابدۇللا توقاي كوچىسى» (ھازىرقى ھەرەمباغ 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ كوچىسى).
ئۇنىڭدىن باشقا كوچىدىكى ئاۋام خەلقنىڭ تىلى بىلەن بەزى جايلارنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىگە سىمۋول قىلىنىپ ياكى مۇبالىغىلەشتۇرۇپ قويۇلۇپ تارقالغان يەر ناملىرىمۇ مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن: 60 ـ يىللاردا ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 4 ـ دىۋىزىيىسى شەھەر مەركىزىگە بىر ماگىزىن سالغانىدى. بۇ ماگىزىننىڭ ئىشىكى پىرقىرايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنىڭدىن باشلاپ «پىرقىراتما ماگىزىن» دەپ ئاتالدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بازارلار خەلق تىلىدا «شياڭگاڭ بازىرى»، «شاڭخەي بازىرى» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭدا ئاساسەن تاۋار تۈرلىرىنىڭ كۆپ، مۇكەممەل، رەڭگارەڭ، خىلمۇ-خىل بولغانلىقى گەۋدىلەندۇرۇلگەن. بۇرۇن ئىلىدا ئۇزاق يىللار

ھۆكۇم سۈرگەن فېئودال، خۇراپاتلىق ۋە بېكىنمىچىلىك تەسە-
رىدە يەرلىك ئۇيغۇر ئائىللىرى ئاساسىي جەھەتتىن كوچا تىجارى-
تىگە قاتناشمايتتى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، كىشىلەرنىڭ
دۇنيا قارىشىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان
ئائىلە ئائىللىرى ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ئائىل ئىشچى - خىز-
مەتچىلەر بازارغا كىرىپ، خەنزۇ بازىرىدىن تاشلەپكىگىچە كوچى-
نىڭ ئىككى قاسنىقىدا يايمىچىلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈرىۋە-
دى، ئاۋام خەلق بۇنىڭغا «چوكانلار بازىرى» دەپ نام بەردى. 80 -
يىللاردا بۇرۇنقى ياشلار مەيدانى ئورنىغا بىر باغچا بىنا قىلىنى-
ۋىدى، نۇرغۇنلىغان بىكارتەلەپلەر ئەتىگەندىن كەچكىچىلا شۇ
يەردە بولغاچقا «ھورۇنباغ» دەپ ئاتالدى. 70 - ، 80 - يىللار
ئەتراپىدا مەلۇم بىر كوچا دائىم قولۇم - قوشنىلار ئارا ئۇرۇش -
جېدەل قوزغايدىغانلىقى بىلەن داڭ چىقىرىۋىدى، ئۇنىڭغا «ۋىت-
نام كوچىسى» دەپ نام قويۇلدى. مەلۇم بىر كوچىدا ئاق تاماكا
چېكىش، سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ چىقىۋىدى، ئۇ-
نىڭغا «يۈننەن كوچىسى» دەپ نام بېرىلدى. بۇلار گەرچە رەسمىي
قانۇنلۇق يەر ئىسىملىرىگە كىرمىسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى تەركىبىدىكى ئاممىباب بولغان مىراس سۈپىتىدە ئە-
مەلىيەتتە خەلق تىلىدا ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇمۇ شۇ
يەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش، چۈشىنىش ۋە تەتقىق قى-
لىشتا بىزنى ئەڭ دەسلەپكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تە-
مىنلەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئىخچام، ئوبرازلىق،
ئاممىباپ، قىزىقارلىق بولغان بۇ يەر ناملىرى بىر تەرەپتىن
ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل پاراسەتلىرىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر
تەرەپتىن، بىزنى نۇرغۇن تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي
بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىدۇ. شۇڭا يەر ناملىرىنى قېزىش، رەت-
لەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى توغرا ئىشلىتىش خىزمىتىگە سەل
قارىماسلىقىمىز لازىم.

# پىچان ناھىيىسىدىكى مەھەللە ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بەزى يەر - جاي ناملىرى توغرىسىدا

ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر

پىچاندىكى مەھەللە ناملىرى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

1. كارىزغا مۇناسىۋەتلىك مەھەللە ناملىرى:

كارىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجادىيىتى. ئەجدادلىرىمىز كارىز قېزىپ، كارىز ئەتراپىدا بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ نۇرغۇن مەھەللىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا، كارىز بىر قەدەر كۆپرەك تارقالغان پىچانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا كارىز نامى مەھەللە نامى بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەن.

جامال كارىزى، زېرىپ كارىزى، ئامىر كارىزى، ئاخۇنبەگ كارىزى، مىلىك ھاجى كارىزى، سېتىنىياز كارىزى، زىياۋۇدۇن كارىزى، مەرھان كارىزى قاتارلىقلار.

قۇمسى (گېپى تولا) كارىزى، ساڭقار (شۇڭقار) كارىزى، تورغاي كارىزى، ساقال كارىزى، ئوۋكى كارىزى، قۇلاق كارىزى، چەنپەن (جاھىل) كارىزى، جەندەن (ھىيلىگەر) كارىزى، چىلان كارىزى، سېمىز كارىزى، تۇلكە كارىزى، پاكار كارىزى، چايخانىسى كارىزى، پۆپەك كارىزى قاتارلىقلار.

ما ۋەنشياڭ كارىزى (بۇ كارىزنى ئەسلى روزى كۆچلۈك دېگەن كىشى قېزىپ، ما ۋەنشياڭ دېگەن خۇيزۇ كىشىگە سېتىپ بەرگەن)، كى لىزى كارىزى (بۇ كارىزنى ئەسلى مەتنىياز خەلپەت

دىگەن كىشى قېزىپ، كې لىنزى دېگەن خوُيزۇ كىشىگە سېتىپ بەرگەن).

ئاخۇن كارىزى، مايزىن (مەزىن) كارىزى، پىرلىق كارىزى، تەيجى كارىزى، جىسا كارىزى، دوغا كارىزى، مىراب كارىزى، كادوغا كارىزى، قورۇلچى كارىزى قاتارلىقلار.

سەيپۇڭ كارىزى، ناۋاي كارىزى، جوخى (ئېشەك بىلەن يۇك توشۇغۇچى) كارىزى، مۇجاڭ (ياغاچچى) كارىزى قاتارلىقلار.

ساي كارىز، قۇم كارىز، شور كارىز، نەمجىلغا كارىز، بوستان كارىز، شىلەن (سۇيى سىرغىپ چىقىدىغان جاي) كارىز، چۇيا (چۆليار) كارىز قاتارلىقلار.

تۇر كارىز، دالان كارىز، گۇمبەز كارىز، سوقما كارىز، ئاقئۆي كارىز، جىگدە كارىز، توغراق كارىز قاتارلىقلار.

ئىلانلىق كارىز، بويۇنچاق (مۇشۇ كارىز ئەتراپىدىكى سۆگەتتىن بويۇنچاق كۆپ ياسالغان) كارىز، ئاچچىق كارىز، تۆت كارىز، چوڭ كارىز، كىچىك كارىز قاتارلىقلار.

2. مەلۇم ئورۇننىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

سايدۆڭ، ئاقدۆڭ، ياداڭ (ياداڭ)، لەمجىن (نەم، چىملىق)، كۇيا (كۆكيار)، بۇلۇڭ مەھەللە، يۇقىرى مەھەللە، تۆۋەن مەھەللە، ئارا مەھەللە، تېتىر، ئېغىز، تۇيۇق (تار جىلغا)، قىزىل سىڭىر، شورخانا قاتارلىقلار.

3. سۇ ئىنشائاتلىرى ۋە تۇگمەن نامى بىلەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

كېچىك، سۇ بېشى، ئاقبۇلاق، يانبۇلاق، شەنبە كۆل، ئۇزۇنكۆل، دېھقانسۇ (سۇينى دېھقانلار ئىشلىتىدىغان ئۆستەڭنىڭ نامى)، سىپاھسۇ (سۇينى سىپاھ بەگلەر ئىشلىتىدىغان ئۆستەڭنىڭ نامى)، سايتۇگمەن، تۇگمەنبويى، ئۇچتۇگمەن، قوشتۇگمەن، قوشبېشى (سۇ ئايرىلىدىغان جاي) قاتارلىقلار.

4. قەدىمىي قەلئە، ئىمارەت، تۇر قاتارلىقلارنىڭ نامى بىلەن

ئاتالغان مەھەللەناملىرى:

سوقۇشە (سوقۇچاق شەھەر)، شا (شەھەر)، كۆنىشا (كونىـ شەھەر)، يېڭىشا (يېڭىشەھەر)، ئامانشا (تىنچ شەھەر)، ئۆلۈغتۇر، قاغىتۇر، چوقىتام، بەشتام، تاشئۆي، قورغان، كۇرە (ھويلا)، ئۇچكۆۋرۈك، تاختىكۆۋرۈك، قوتان، بەشئېغىز ئۆي، مەيدان، مازارئالدى، غوجامئالدى قاتارلىقلار.

5. «باغ» ۋە «قىر» سۆزلىرى قوشۇلغان مەھەللە ناملىرى:

دۆلەتباغ، چىنارباغ، يوغانقىر، سايقىر قاتارلىقلار.

6. نام ـ ئەمەل ۋە باشقا ناملار بىلەن ئاتالغان مەھەللە ناملىرى:

ھەزرەت مەھەللىسى، خاتىپ مەھەللىسى، خەلپەت مەھەللىسى، ئاسقال (غوجىدار) مەھەللىسى، مىراب مەھەللىسى، مۆڭ (ئەقىلسىز) مەھەللىسى، ئىرلىڭ (ھاڭۋاقتى) مەھەللىسى، گالۋاڭ مەھەللىسى، باتۇر مەھەللىسى، قونچاق مەھەللىسى، داراز (دارازا، ئېگىز بوي) مەھەللىسى، قاغا مەھەللىسى، ئۆردەك مەھەللىسى، ھوڭ مەھەللىسى، قازاق مەھەللىسى، تۇڭگان مەھەللىسى قاتارلىقلار.

تۆۋەندە «پىچاننىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا نامۇۋاپىق ئىزاھلانغان بىر نەچچە يەر ـ جاي نامى ھەققىدە قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. دۇڭبازار (东巴扎) ـــ بۇ پىچان ناھىيىسىدىكى دۇڭبازار خۇيزۇ مىللىي يېزىسىنىڭ نامى. بۇ يەر پىچان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئورنى ناھىيە بازىرىدىن ئېگىز بولغاچقا، يەرلىك شېۋە بويىچە «دۆڭبازار» دەپ ئاتالغان. بىراق، بۇ جايدا خۇيزۇلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، دۆڭبازارنى «دۇڭبازار» دەپ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلغان ھەمدە خەنزۇچە 东巴扎 دەپ يازغان. شۇنىڭ بىلەن «پىچان ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىمۇ بۇ يەرنىڭ نامى خەنزۇچە ئاتىلىشى بويىچە «دۇڭبازار» يەنى «شەرقىي بازار»

دەپ خاتا ئىزاھلانغان[1].

2. خاندۇ — بۇ پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن بازىرىغا قاراشلىق بىر نەچچە مەھەللىنىڭ ئورتاق نامى. بۇ يەر لەمجىن بازىرىنىڭ قىيپاش شەرقىي شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ نامى «پىچان ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»[2]، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، سىبىن جۇڭمىيەن ئەپەندى يازغان «جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ - دەلىللەش» ناملىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە «بۇ جاينىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان ئىككى دۆڭ (تۇر) بولغاچقا، خەندۆڭ دەپ ئاتال-غان، كېيىنچە تەلەپپۇزدا بارا - بارا ئۆزگىرىپ خاندۇ بولۇپ قالغان» دېيىلگەن[3]. يۇقىرىقى كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان ئىككى تۇرنىڭ بارلىقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، بىراق بۇ ئىككى يادىكار-لىقنىڭ نامى قانداقتۇ «خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان دۆڭ (تۇر)» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قاغان، خاقان سۆزلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان «خان» سۆزى بىلەن «دۆڭ» (تۇر) سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان «خاندۆڭ» سۆزى-نىڭ ئۇزۇن يىللىق تىل تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ئىبارەت.

3. ئاستانە — بۇ لەمجىن بازىرىنىڭ غەربىدىكى بىر مەھەل-لىنىڭ نامى. بۇ يەرنىڭ نامى «پىچان ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا 1533 - يىلى تۇرپان قاراغوجىدىن سۇلتان سوپى دانىشمەن دېگەن بۇ يەردە قو-نۇپ ئۆتكەنىكەن، كېيىن بۇ كىشى تۇرغان جايلارنىڭ ھەممىسى ئاستانە دەپ ئاتالغان» دەپ ئىزاھلانغان[4]. «شىنجاڭ يەر ناملىرى-نىڭ ئېتىمولوگىيىسى»دە «ئاستانە — پارسچە سۆز بولۇپ، مە-نىسى بوسۇغا، ساراي، ھوزۇر دېگەنلىك بولىدۇ. ئاستانە سۆزىنىڭ مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ سۆز ئەزەلدىن بىرەر جاينىڭ نا-مى بولغان ئەمەس»[5] دەپ ئىزاھلانغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئاستىن» سۆزى «ئاستىن، تۆۋەن تەرەپ» دەپ ئىزاھلانغان[6]. بۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ ئەسلىي نامىنىڭ ئاستانە ئەمەس بەلكى ئاستىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى ھازىرمۇ ئاستىن دەپ ئاتايدۇ.

**ئىزاھلار:**

① ② ④ «پىچان ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، پىچان ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى، 57 ـ، 86 ـ، 98 ـ بەتلەر.

③ ⑤ قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن: «شىنجاڭ يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى، 8 ـ ، 86 ـ بەتلەر.

⑥ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم 147 ـ بەت.

# ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىكى قىسمەن تارىخىي يەر ـ جاي ناملىرى

ئىسمائىل تۆمۈرى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى يېرىنىڭ مۇنبەتلىكى، ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، شۇنداقلا غايەت زور ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلگۈچى «يىپەك يو-لى»غا جايلاشقانلىقى سەۋەبلىك، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بۇ زېمىن كۆچەيگەن خەلققە گوياكى بىر «تارىخ سەھنىسى» بولغان-دى. بۇ زېمىندا ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئۇيغۇرلار، ھۇنلار، خەنزۇلار، تۈركلەر، تۈبۈتلەر، موڭغۇللار... ياشاپ ئۆتكەن ۋە پائا-لىيەت ئېلىپ بارغان.

جەمئىيەت تەرەققىياتىدا جۇملىدىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر، مۇئەييەنكى، يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ سەۋەبچى بولغان. تەزكى-رىچىلىكتە يەر ـ جاي ناملىرى تەتقىقاتى ئىنتايىن مۇھىم بىر ساھە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يۈز بەرگەن يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتا، يەر ـ جاي ناملىرى تەبىئىي پاكىت، بىرىنچى قول ماتېرىياللىق رولىنى ئۆتەلەيدۇ.

مەلۇمكى، شىنجاڭنىڭ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى يەر ـ جاي ناملىرى ھازىرقىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. مەسىلەن، ئۇدۇن (خوتەن)، سۇلى (قەشقەر)، كۇسەن (كۇچا)، ئاگنى (قارا-شەھەر)، قوچو (تۇرپان، تۇرپان تارىخىي ماتېرىياللاردا مىلادىيە 1276 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆرۈلىدۇ ـ ئا)، ئىشۋىرغول (قومۇل)، ئىلى (غۇلجا) دېگەندەك ئاتىلاتتى. بۇلار، چوڭ ـ چوڭ بوستان-

لىقلارنىڭ ساقلىنىپ قالغانناملىرى، خالاس. ۋەھالەنكى، بىزدە ئەينى تارىختا ئۆز ھەقدارلىرى تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان تەزكىرىگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ ئىنتايىن ئاز بولۇشى سەۋەب-لىك، چوڭ ـ چوڭ بوستانلىقلار دائىرىسىدىكى ئايرىم ـ ئايرىم يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ، كىچىك شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ تارىخىي ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرماقتىمىز. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا زور شۆھرەت بىلەن سەلتەنەت سۈرگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغان بىر قىس-سىم قىممەتلىك يازما ۋەسىقىلەر، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن شۇ خانلىققا تەۋە زېمىنلارنىڭ يەر ـ جاي نامل-رىدىن قىسمەن مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇق. بۇ ھال يەر ـ جاي ناملىرى توغرىسىدا يازما ماتېرىيالنىڭ كەمچىل بولۇشىنى بەل-گىلىك دەرىجىدە تولدۇرغان بولدى.

تۆۋەندە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىكى بىر قىس-سىم يەر ـ جاي ناملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

ئۇلۇغ كۆل — تۇرپان شەھىرىگە قاراشلىق سىڭگىم يېزى-سىنىڭ بىر كەنتى، ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

مۇرۇتلۇق — سىڭگىم يېزىسىنىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدىكى كەنت، ھازىر «مۇرتۇق» نامىدا ئاتىلىدۇ.

يالتۇرغان، سىقاپ، سىقاپ دەرياسى، چاڭگىن، قوچو (ئىدى-قۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى، ھازىر «ئاستانە» دەپ ئاتىل-دىغان يېزا تەۋەلىكىدىكى خارابە شەھەرنىڭ نامى)، لۇكچۇن (ھا-زىر پىچان شەھىرىنىڭ بىر بازىرى، قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بى-رى)، ئەركەنت، يۇسۇمۇت، قىزىل، يار (يارغول)، چۆكەي، تى-گۈي، تىيۇق (ھازىر «تويۇق» دەپ ئاتىلىدۇ، پىچانغا قاراشلىق بىر يېزا، بۇ يەردە بىر جىلغا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يارداڭلىقلاردا ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان نۇرغۇن بۇددا غارلىرى بار، جىلغا ئېغىزىدىكى يانباغىرلىقتا «ئەسھا بۇلكەف» غارى بار)،

چەڭگۈر ئېغىز، يۇلتۇز، قاننوّگەربالىق (قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما ۋەسىقىگە ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر جىمسار ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مەلۇم، بەلكىم بەشبالىق شەھىرىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا، دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ ـ ئا)، قازى كىترىن، يازى كىچىك، تايساڭ (بۇ نام ھازىر «تەيزاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ، تۇرپان شەھىرىگە قاراشلىق ئاستانە يېزىسىدا)، شاچۇ (دۇنخۇاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاتىلىشى)، يول توغان، تۇرتكىل چوق، بويۇقىرا، قوچىڭ، باغرا ـ ئوّگەن (بۇيلۇقنىڭ باغرى دېگەن جايى بولۇشى مۇمكىن ـ ئا)، توّكۇز، چاڭقىق، چىكەز، بەرك توغان، سامدۇكۇ (خەنزۇچە ئاتال ـ غان يەر نامى، يەنى 三道沟 جوڭگونىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بۇ جاينى يارغولدا ئىدى، دەپ كوّرسىتىدۇ ـ ئا)، ئۇسۇن، سىرقوي، قۇتابا، سانتۇل، تۇرپا، تاياقى، ئۇزا، چىر ـ تىن، نەپچىك، چاناق، كىتىر، ئىچقىرا، شۇكۇ (بۇ سوّز خەنزۇچە ... ئوّستەڭدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى قاراخانىيلار ئاھالىسىنىڭ تىلىدا ئەرەب ـ پارس سوّزلۇكلىرى ئىستېمال قىلـ ـىنغىنىدەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا خەنزۇچە، سانسكـ ـرىتچە، سوغدىچە سوّزلەر ساقلانغانىدى ـ ئا)، چاقچاق، ئادىرى سىن، بۇقاپاچى قىرائا، سارغۇ، ئامبالىق (俺鼻城) سىڭگىك...

ھازىرچە قولىمىزدا بار يازما ھوّججەتلەر ئاساسىدا مۇشۇنـ ـچىلىك يەر ـ جايناملىرىنى كوّرسەتتۇق. بۇ يەر ـ جاي ئىسىمـ ـلىرى ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىن (ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، ئاستا ـ نە قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك قاتارلىق ئورۇنلاردىن) قېزىۋېلىنـ ـغان يازما ۋەسىقىلەر ئاساسىدا رەتلەپ چىقىلغان. مېنىڭ كوّز قارىشىمچە، بۇ يەر ـ جاي ناملىرىنى ئەينى دەۋردە ئىدىقۇتقا قاراشلىق لۈكچۈن، قوچو، يارغول، بەشبالىق قاتارلىق شەھەر، يېزا ـ قىشلاق يەر ـ جاي ناملىرىدىن ئىبارەت. بۇنى ئارخېئو ـ لوگلار، تەزكىرىشۇناسلار تەرىپىدىن يەنىمۇ دەلىللەپ كوّرۇشكە بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، مەھمۇد كاش-غەري ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە ئىدى-قۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوچو، ياڭى بالىق، چاڭبالىق، بەشبالىق قاتارلىق مەشھۇر بەش چوڭ شەھىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان. 1276 - يىلى يۈەن سۇلالىسى مەھكىمىسىدىن — بېيجىڭدىن (بۇ چاغدا ئىدىقۇت خانلىقى يۈەن سۇلالىسىگە قارام ئىدى - ئا) ئىدىقۇت خانلىقىغا چۈشۈرگەن يارلىقتا «... قاراقوچو، لۈكچۈن، تۇرپاندىن باشلاپ 24 بالىقچىدىكى قۇتلۇق بەگلەرگە، قۇتلۇق راھىبلارغا...» دېگەن جۈملە بار[①]، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، 13 - ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا 24 شەھەر-چىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. دېمەك، بۇ ماقالىدە كۆرسى-تىلگەن قەدىمكى ئىدىقۇت يەر - جاي ناملىرىنىڭ بەزىلىرى شۇ شەھەرچىلەرگە ھەم باغلىق بولۇشى مۇمكىن، بۇنى يەنىمۇ چوڭ-قۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىزاھات:

① بۇ يارلىق «تويو ئىلمىي ژۇرنىلى» (ياپونچە)نىڭ 1977 - يىللىق 10 - ئايلىق سانى، ئومۇمىي 59 - جىلد، 1 - ، 2 - قوشما سانىدا ئېلان قىلىنغان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مۇھەممەترېھىم سايىت، ئىسرايىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يې-زىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى.

2. ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى .

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: يۈنۈس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن
مەسئۇل كوررېكتور: جەمىلە ئابلا

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# ئۆتمۈشنىڭ تامغىسى ـــ يەرناملىرى

بەشىنچى توم

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010 |
| سانتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ خۇاجۇڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2014 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2014 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 16 |
| باھاسى | : | 40.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-12714-6/ K • 2208 （维 102）



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خېتىنى يازغۇچى: ساتتارجان ئەركىن روھلانى

ISBN 978-7-105-12714-6

定价：40.00 元